






شېرىپ خۇشتار

# شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى




شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ISBN 7-228-05880-1
9 787228 058808
ISBN 7-228-05880-1
K·834(民文) 定价:28.00元

# شنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر

شرىپ خۇشتار

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

新疆历史人物志:维吾尔文/西利甫.呼西塔尔编著.—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2000.7
ISBN7—228—05880—1
1.新... Ⅱ.西... Ⅲ.历史人物—生平事迹—新疆—近代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.K820.845
中国版本图书馆CIP数据核字(2000)第64384号

# 新疆历史人物志

西利甫.呼西塔尔 著

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
850×1168毫米 1/32开本 13.375印张 17插页
2000年9月第1版 2000年9月第1次印刷
印数:1—3,000

ISBN7—228—05880—1/K.834 定价:28.00元





زوزۇڭتاڭ (1885 ـ 1812)




ياقۇپبەگ (بەدۆلەت)
(1821 ـ 1877)



ياڭ زېڭشىن (1863 ـ 1928)



جىڭ شۇرىن (1879 ـ 1941)



شېڭ شىسەي (1897 ـ 1970)




خوجانىياز ھاجى (1889 ـ 1938)




جاڭ جىجۇڭ (1890 ـ 1969)



جاڭ جىجۇڭ ئىلىدا مىللىي ئارمىيە ۋە ئەخمەتجان قاسىمىي بىلەن بىللە



بۇرھان شەھىدى (1989 ـ 1894 )



مەسئۇد سەبرى (1952 ـ 1888 )



مۇھەممەتئىمىن بۇغرا
( 1901 ـ 1965)



ئەمىر ئابدۇرۇسۇل بەگ سەبداشلىرى بىلەن بىللە



سۇلتان ئوبۇلئەلا (1880 ـ 1818 )




سادىر پالۋان (1871 ـ 1798 )




ئېلىخان تۆرە (1970 ـ 1885 )



ئەخمەتجان قاسىمى
(1949 ـ 1914 )



گېنېرال لېيىتېنانت ئىسھاق بەگ
(1900 _ 1949)



ئابدۇكېرەم ئاببasوف
( 1921 _ 1949)



گېنېرال مايۆر دەللقان
سۆگۆر بايوۋ
(1906 ـ 1949)



لوجى (1949 ـ 1915 )



هاکمبەگ خوجا (1958 ـ 1871 )



سەیپدن ئەزىزى



سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ



غېنى باتۇر



ئىلقاپارتىزانى
پاتىخ باتۇر (تاتار )



ئىلقاپارتىزانى
قۇربان بۇرھانىدىنوف




ئىلقاپارتىزانى
خەمىت مۇسلىموف (تاتار )



ئىلقاپارتىزانى
رەفىق بايچۇرىن (تاتار )




گېنېرال مايور مۇھەممەتئىمىن
ئىمىنوف
( 1915 _ 1970)



ئەسئەت ئىسھاقوۋ (1976 _ 1912 )



مولla ئىسلام (شاگىرۇك)
( 1890 _ 1960)




ئابلىمىت ھاجىيوف
( 1917 _ 1993)



باشباي (قازاق ، 1953 ـ 1889 )



قاسىم ئەپەندى (قازاق )
( 1899 ـ 1948)



ئابدىراخمان مۆھىتى
( 1910 _ 1957)




گېنېرال ئەزىزوف قاسىم
( 1924 _ 1994)



ئابدۇكېرىم مەخمۇتوف
( 1921 _ 1996)



ئابلىز مۇھەممەدى
( 1921 _ 1980 )




ئابدۇللا داموللا (1898 ـ 1940)




ئوڭدىن ئۈچىنچى كىشى سابىت داموللا



مەھمۇت مۇھىتى (1944 ـ 1887 )



تۆمۈر (ئېلى) سىجاڭ (1933 ـ 1886 )



تۆمۈر خەلپە ( 1913 ـ 1891 )



مەخسۇت مۇھىتى (1931 ـ 1885 )



هەمدەم بەگ هاجى (1938 ـ 1880 )




ئەمەت تۆەنجاڭ
(ئەمەت مەخسۇم )
( 1903 ـ 1940)




ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاپچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزى كومىتېت ئورگان كادىرلىرى



شەرىپخان تۆرە (قازاق ، 1942 ـ 1900 )



يىجاڭ روزى هاجىم (1860 ـ 1962)




ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم
(1870 ـ 1955)



ناسىر بەگ (1891 _ 1979)



نىياز (شىرىپى ) دوتەي
(1894 _ 1938)



تاھىر بەگ (لۈكچۈنلۈك )



يۇنۇس بەگ (تۇرپانلىق ) ۋالى




جوڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرغان بەش شىۋە كونسۇلى



موساھاجى(موسابايوف ، 1895 ـ 1809 )



ئۆمەر باي هاجى ـ ئاخۇنبايوۋ
( 1870 _ 1938)




مۇھەممەت ئېلى
هاجىم شاگخەي
( 1870 _ 1952)



مەتنىياز مەخسۇم (1890 ـ 1953)



يېتىملار غەمگۇزارى ئەبراباي
(1860 ـ 1938)



ئەيسا بەگ (ئالپتېكىن )
( 1909 ـ 1995)



يولۋاس بەگ (1971 ـ 1889 )



مافۇشىڭ (ماتىتەي )
( 1866 ـ 1924)



ماشاۋۋ (مادوتەي )




ماجۇڭيىڭ (گاسىلىڭ )




ماخۇسەن



ئوسمان ئىسلام (قازاق )
( 1889 ـ 1951)



جانىمقان (قازاق )
( 1880 ـ 1951)



مۇقام شۇناس تۇردى ئاخۇن
(1881 _ 1954)




ئابدۇغېنى ھەسەن (1918 _ 1983)



پېشقەدەم زىيالى مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم



ئوسمان (ئېلى) سىجاڭ ئادىنقى رەت ئوڭدىن ئىككىنچى كىشى



ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى باش كاتىپى ئابدوروپ مەخسۇم



تۇرپان پارتىزانلىرى

# شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر

شىرىپ خۇشتار

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

新疆历史人物志:维吾尔文/西利甫.呼西塔尔编著.—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2000.7

ISBN7—228—05880—1

Ⅰ.新… Ⅱ.西… Ⅲ.历史人物—生平事迹—新疆—近代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.K820.845

中国版本图书馆CIP数据核字(2000)第64384号

# 新疆历史人物志

西利甫.呼西塔尔　著

新疆人民出版社出版

(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)

新疆新华书店发行

新疆新华印刷厂印刷

850×1168毫米 1/32开本　13.375印张　17插页

2000年9月第1版　2000年9月第1次印刷

印数:1—3,000

ISBN7—228—05880—1/K.834　定价:28.00元

## ئاپتور ھەققىدە

شېرىپ خۇشتار 1922 - يىلى قەشقەر شەھرىدە تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى . 1942 - يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا ئوقىدى . كېيىن قولغا ئېلىنىپ شېڭ شىسەي تۈرمىسىگە قامالدى . ئۇ ، تۈرمىدە كۆپلىگەن ئوقۇمۇشلۇق زاتلار ، ئىلغار كىشىلەر ۋە ئىنقىلابچىلار بىلەن بىللە بولۇپ ، ئۇلاردىن تۈرمۇش يولىنى قانداق تاللاش قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەردە تەلىم ئالدى . بۇ ئۇنىڭ كېيىنكى ھاياتىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەنىدى . نەتىجىدە ، شېرىپ خۇشتار 1945 - يىلى 2 - ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىگە قارشى قوراللىق كۆرىشىگە قاتنىشىپ ، « ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى » دا پولك ، بىرىگادا ۋە قوماندانلىق باش شتابىنىڭ ئالاقىچىسى بولدى .

ئۇ 1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىكى چوڭ تۇتقۇندا يەنە قولغا ئېلىنىپ ، 1949 - يىلى 3 - ئايدا تۈرمىدىن چىقتى . 6 - ئايدا غۇلجىغا چىقىپ كەتتى ۋە غۇلجىدا ئىشلىدى .

ئازادلىقتىن كېيىن ، ئۇ ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ، يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىگە قاتناشتى ۋە سابىق ئۆلكىلىك ۋە شەھەرلىك بانكىدا ، كىنو فىلىم شىركىتىدە ئىشلىدى . 1958 - يىلى ئوڭچى بولۇپ قولغا ئېلىندى . 1981 - يىلى ئاقلىنىپ ، پېنسىيىگە چىقتى .

شېرىپ خۇشتار 1940 - يىلىدىن باشلاپ قەلەم تۇتۇپ ، 1958 - يىلىغىچە ھەر خىل ژانىرلاردا يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى .

ئۇ 1983 - يىلىدىن 1993 - يىلىغىچە ئۆز خىراجىتى بىلەن شىنجاڭدىكى يەتتە ۋىلايەت ، 64 ناھىيە ۋە 200 دىن ئارتۇق يېزا — كەنتلەرنى ئارىلاپ ئىزدىنىش ئارقىلىق كۆپلىگەن خام ماتېرىيال ، تارىخىي رەسىملەرنى توپلىدى .

شېرىپ خۇشتار توپلىغان مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ياكى قەدىمىي

جايلارنىڭ سۈرەتلىرىنىڭ تارتىلغان ۋاقتى 1870 - يىللاردىن باشلانغان بولۇپ ، سۈرەتتە كۆرسىتىلگەن بەزى ئورۇنلار ئاللىقاچان ئىزىنى يوقاتقان . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ سۈرەتلەر تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ . شىرىپ خۇشتار قېتىقىنىپ ئىزدىنىش جەريانىدا ئىگە بولغان ماتېرىياللارنى ئاساس قىلىپ ، بىر قانچە يىلدىن بۇيان 300 پارچىدەك ماقالە ، 250 پارچىدەك تارىخىي سۈرەت ۋە ئۆزى تارتقان سۈرەتلەرنى ئېلان قىلدى . يەنە ئۇ 1984 - يىلدىن 1986 - يىلغىچە « ئۈرۈمچى شەھىرى دىنى ئىشلار تەزكىرىسى » ، 1986 - يىلدىن 1992 - يىلغىچە « شىنجاڭ مەدەنىيەت تەزكىرىسى » ۋە « غۇلجا شەھىرى تەزكىرىسى » نى يېزىشقا تەكلىپ قىلىندى .

شىرىپ خۇشتار يۇقىرقى پارچە ، خاس ماقالىلىرىدىن باشقا يەنە ئىلمىي ئەمگەكلىرىنىمۇ قولغا ئالدى . ئۇ باشقىلار بىلەن بىرلىكتە « ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى » ، « مۇقام پېشۋالىرى » ، « تاشاخۇنۇم ۋە ئۇنىڭ تۆھپىكار ئەۋلادلىرى » قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى .

ئۇ « مۇسابايوۋ ۋە ئۇنىڭ سودا كارخانىسى » ، « شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان سودىسى » دېگەن كىتابىنى نەشرگە تاپشۇردى . ئۇ ھازىر يەنە « ئۇيغۇر ھۈنەر كەسپلىرى » ، « ئۇيغۇر يېڭى زامان مائارىپ تارىخىي » دېگەن كىتابىنى نەشرگە تەييارلىماقتا .

شىرىپ خۇشتار ھازىر شىنجاڭ تاتار مەدەنىيەت جەمئىيىتى ، شىنجاڭ ئۆزبېك مەدەنىيەت جەمئىيىتى ، 12 مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتى ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى قاتارلىق ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزاسى ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى ، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسىدۇر .

# ئاپتوردىن

مەن ياللىق چاغلىرىمدا كونا جەمئىيەتتىكى مىلتارىستلار قوز-
غىغان تۈرلۈك ئۇرۇشلارنى ۋە خىلمۇ خىل ۋەقەلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن
كۆرگەنىدىم . بۇ قانلىق پاجىئەلەر مېنى ئۆتمۈشنى چۈشىنىشكە قىزىق-
تۇردى . شۇڭا ، چارەك كەم بىر ئەسىر ياشىغان ئۆمرۈمنىڭ مەنىلىك
ئۆتكەن ئاشۇ قىسمى ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە ماتېرىيال توپلاشقا كىرىش-
تىم . بىراق ، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30 ـ 40 ـ يىللىرى توپلىغان بىھساب
ماتېرىياللىرىم زامانەگۈلخانلىرىدا كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى ! بىراق ، مەن
ھاياتىنىڭ بۇ رەھىمسىزلىكى ئالدىدا ھەرگىز تىز پۈكمىدىم ! تەن بەرمە-
دىم !! تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ يېڭىباشتىن ماتېرىيال توپلاشقا كىرىش-
تىم !!! ئېغىر تۇرمۇش ئاسارىتىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئۆتكۈزگەن كېيىنكى
24 يىللىق ھاياتىمنىڭ بىر كۈن ، ھەتتا بىر سائىتىنىمۇ بوش ئۆتكۈز-
مەي ، ئۇقۇغان ، ئاڭلىغان ، كۆرگەن ، بىلگەنلىرىمنى تەكرار ـ تەكرار
ئەسلەپ ، بىر ـ بىرلەپ خاتىرە يېزىپ ، رەتلەپ ماڭدىم . ئالتايدىن خو-
تەنگىچە ، قۇمۇلدىن تاشقورغانغىچە ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيەت ئىزى قال-
غان ۋۇۋى ، جاڭيې ، لەنجۇ ، نەنجىن ، شاڭخەي ، بېيجىڭ ، تيەنجىن ،
خاربىنلارغىچە بېرىپ ، سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، سودا ، مەدەنى ـ مائا-
رىپ ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ، ھۈنەر ـ سەنئەت ، ساقلىقنى ساقلاش ،
ھۈنەر ـ كەسىپ ، ئۆز دەۋرىگە خاس بولغان مەشھۇر شەخسلەر تەرجىمە-
ھالى ، ئاسارە ـ ئەتىقە ، ۋەسىقە ـ تەۋلى ، ھۈنەر ـ كەسىپ ئەندىزى
( قېلىپ ) ، تارىخىي سۈرەت ، جايلاردا بارلىققا كەلگەن تۈرلۈك مەدەنى-
يەت ھەرىكەتلىرى ۋە ھۆكۈم سۈرگەن ئەۋھامىي خۇراپاتلىق ، خەلقى-
مىزنىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيەتكە ۋە چەت ئەل موداخىلىسىگە قارشى ئې-
لىپ بارغان كۈرەشلىرى ، ئۇيغۇر كۆچمەنلىرىنىڭ ئەھۋالى قاتارلىقلار
ئۈستىدە يازما ـ ئاغزاكى ماتېرىيال توپلىدىم . شارائىت يار بەرگەن

ئەھۋال ئاستىدا بىر قىسىم ماتېرىياللارنى ئىپلان قىلدىم . قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب مانا شۇلارنىڭ سەمەرىلىرىدىن بىرىدۇر !

بىراق ، بۇ كىتاب ماتېرىيال سۈپىتىدە ئەمەس ، پەقەتلا ئۇچۇر شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىقتى . مەسىلەن ، ماجۇڭيىڭ توغرىسىدا جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە 40 پارچىغا يېقىن ماقالە ئېلان قىلىندى . مەن ئۇلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلاندىم ياكى ئوخشاش بولغان مەسىلە ئۈستىدە ، ئابزاس بەزىدە بەت بويىچە ئەينەن ئالدىم . بۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللار كىتابتا مۇستەسنا ئەمەس ؛ يەنە بوش ئورۇننى تولدۇرۇش مەقسىتىدە ، مېنىڭدىن تولۇقراق يېزىلغان « باي سىجاڭ » ، « ھەمدەم بەگ ھاجى » قاتار-لىقلارنىڭ تەرجىمىھالىنى ئاپتورنىڭ رۇخسىتىسىز ئارىيەت ئېلىپ بۇ كى-تابقا كىرگۈزدۈم .

كىتابتا يورۇتۇلمىغان تەرەپلەر ۋە مەسىلىلەر كۆپ ، شۇڭا كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ سەۋەنلىكىمنى ئەپۇ قىلىش بىلەن بىللە ، داۋامىنى يېزىشىمغا ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن پايدىلىق بولغان تەنقىدى پىكىرلىرىنى بېرىشىنى ئۈمۈت قىلىمەن . مېنى مول ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتكەن بار-لىق ئاقكۆڭۈل كىشىلەرگە سەمىمى رەھمەت ئېيتىمەن .

## مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ............................................ 1
بىرىنچى باب ............................................ 1
زوزۇڭتاڭ ............................................ 1
لىۇجىڭتاڭ ............................................ 1
شىنجاڭنىڭ ئاخىرقى سەييارە سىلاۋچىسى — يۈەن داخۇا ...... 1
ياڭ زىڭشىن ............................................ 3
جىڭ شۇرېن ............................................ 6
شىڭ شىسەي ............................................ 9
ۋۇ جۇڭشىن ............................................ 14
جاڭ جىجۇڭ ............................................ 15
بۆرھان شەھىدى ............................................ 15
ئىككىنچى باب ............................................ 17
ئەمىر ئابدۇرۇسۇل بەگ ............................................ 17
سۇلتان ئۇبۇل ئەلا ئىبراھىم ............................................ 22
سادىر پالۋان ............................................ 23
ئۈچىنچى باب ............................................ 29
ئەخمەتجان قاسىمى ............................................ 29
ئابدۇكېرىم ئاباسوف ............................................ 31
گېنېرال لېيىتانت ئىسھاق بەگ ............................................ 32
گېنېرال مايور دەلىلقان سۇگۇربايوف ............................................ 36
لوجى ............................................ 38
ھاكىمبەگ خوجا ............................................ 38
سەيپىدىن ئەزىزى ............................................ 41
رەئىس ماۋ زېدۇڭ بىلەن بىللە بولغان كۈنلەردە ............ 45
سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ ............................................ 66

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر ئىككى مەسىلە ............ 68
گېنېرال مايور ــ مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ ................81
پېشقەددەم زىيالى رەھبەر ــ ئەسئەت ئىسھاقوۋ .............. 85
ئابدۇللا زاكىروۋ ........................................ 87
پاتىقان سۇگۇربايوف ......................................88
ئىمىنوۋ هامۇت .......................................... 89
قاسىمجان قەمبىرى ....................................... 93
ئابدۇرېھىمجان ھەسىنوف .................................. 95
باشباي .................................................. 98
قاسىم ئەپەندى ........................................101
ئابدۇرىشىت تۇردىيوف ..................................108
يۇسۇپجان ياسىنوۋ ...................................... 110
موللا ئىسلام ( شاگىرزۇك ) ......................... 133
ئابدۇراخمان مۇھىتى ................................ 136
ئابلىمىت هاجىيوۋ .................................... 138
گېنېرال ئېزىزوف قاسىم ............................... 139
ئابدۇكېرىم مەخمۇتوف ..................................140
ئابلىز مۇھەممىدى .................................... 142
قاسىم تاش هاجىم .................................... 143
**تۆتىنچى باب** ............................................ 147
تۆمۈر خەلىپە .......................................... 147
خوجىنىياز ھاجىمنىڭ پائالىيەتلىرى ........................ 155
مەخسۇت مۇھىتى ........................................190
مەھمۇت مۇھىتى ........................................ 191
تۆمۈر سىجاڭ ( تۆمۈر ئېلى ) ........................ 192
ئوسمان ( سىجاڭ ) ئېلى ............................. 200
ئابدۇللا داموللا ..................................... 202
ھەمدەم بېگى ھاجىم ................................. 203

ئەمەت تۇەنجاڭ ( ئەمەت مەخسۇم ) ........................ 209
شەرىپقان تۆرە ........................................ 211
باي سىجاڭ ........................................ 212

**بەشىنچى باب** ........................................ 217

يىجاڭ روزى هاجىم ........................................ 217
ناسىر بەگ ........................................ 237
نىياز دوتەي ........................................ 244
تاهىر بەگ ........................................ 245
يۇنۇس بەگ ........................................ 245
جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق بەش شۆە
كونسۇلى ........................................ 246
ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ........................................ 250
تاش ئاخۇنۇم ........................................ 265
مۇسابايوۋ ........................................ 269
ئۆمەر باي هاجى ئاخۇنبايوۋ ........................................ 270
مۇھەممەت ئېلى هاجىم شاڭخەي ........................................ 274
مەرىپەتپەرۋەر ئاكا ـ ئۇكا كارخانىچى ـــ هۇسەنباي ـ
باۋۇدۇنباي ........................................ 276
ئوبۇلھەسەن هاجى ........................................ 277
كارخانىچى ـــ قادىر بەگ هاجىم ........................................ 279
تەرەققىپەرۋەر مەتنىياز مەخسۇم ........................................ 285
تەلئەت مۇسابايوۋ ........................................ 293

**ئالتىنچى باب** ........................................ 295

يولۋاس ........................................ 295
مافۇشىڭ ( ماتىتەي ) ........................................ 301
ماشاۋۋۇ ( مادوتەي ) ........................................ 307
ماجۇڭيىڭ ........................................ 312
ماخۇسەن ........................................ 329

ماجەنساڭ ........................................ 338
ماجۇڭيلڭ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى تەپرىقچى ما
فامىلىلىكلەر ........................................ 342
ئوسمان ........................................ 345
جانىمقان ........................................ 345
**يەتتىنچى باب** ........................................ 347
زوھورىدىن ھېكىم بەگ ........................................ 347
شائىر سېيىت مۇھەممەت ۋە « شەرھى شىكەستە » ........... 349
مۇقامشۇناس ھۆسەيىنخان پەيزى ۋە ئۇنىڭ مۇقام
ۋارىسلىرى ........................................ 350
ئابدۇقادىر داموللا ........................................ 353
تاش ئاخۇن ( تاشۋاي ) ........................................ 353
قۇتلۇق ھاجى شەۋقى ........................................ 357
مەمتىلى تەۋپىق ........................................ 359
تەجەللى ........................................ 360
نەمەت خەلپەت ........................................ 361
مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ........................................ 365
خەنزۇ كلاسسىك تىياتىرىدىكى ماھىر ئۇيغۇر
سەنئەتكارلىرى ........................................ 366
خەمىت ھەكىمى ........................................ 373
ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايوفلار ۋە ئۇيغۇر يېڭى زامان مائارىپى ...... 377
ئۇيغۇر يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر تىۋىپلار ............ 391
تۇنجى ئۇيغۇر ئۇچقۇچىسى ـ ئەخمەت ........................ 406
قاراقۇرۇم تۇمانلىرىنى يېرىپ ئۆتكەن بۈركۈت ................ 408
ئابدۇغېنى ھەسەن ........................................ 410
پېشقەدەم زىيالى مەھەممەت ئوسمان ھاجىم .................. 411
يېتىملارنىڭ غەمگۇزارى ـــ ئەبرا باي ........................ 413

# كىرىش سۆز

مىلادى 1878 - يىلى ياقۇپبەگ ( بەدۆلەت ) نىڭ « يەتتە شەھەر » ھاكىمىيىتى تارمار كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ، زوزۇڭ-تاڭنىڭ تەكلىپى بويىچە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 1884 - يىلى ( گۇاڭشۈينىڭ 10 - يىلى ) شىنجاڭنى رەسمىي يوسۇندا « شىن-جاڭ ئۆلكىسى » قىلىپ قۇرۇپ چىقتى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن 1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغانغا قەدەر 65 يىل ئارىلىقتا شىنجاڭ ئۆلكىسىگە سەييارە سىلاۋچى ۋە رەئىس بولغانلارنىڭ ئىسىملىكى ۋە يىللىرى تۆۋەندىكىچە :

1884 - يىلى ( گۇاڭشۈينىڭ 10 - يىلى ) شىنجاڭ رەسمىي ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندا ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ليۇجىڭ-تاڭنى شىنجاڭ ئۆلكىسىگە تۇنجى سەييارە سىلاۋچىلىققا تەيىن-لىدى .

1889 - يىلى ( گۇاڭشۈينىڭ 14 - يىلى ) ليۇجىڭتاڭ رۇخسەت سوراپ ئىچكىرىگە قايتقاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئورنىغا ۋېي گۇاڭتاۋ مۇۋەققەت سەييارە سىلاۋچىلىققا تەيىنلەندى .

1891 - يىلى ( گۇاڭشۈينىڭ 17 - يىلى ) چىڭ ھۆكۈمىتى شەنشى ۋالىسى تاۋمۇنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ سەييارە سىلاۋ-چىلىقىغا تەيىنلەپ ئەۋەتتى .

1895 - يىلى ( گۇاڭشۈينىڭ 21 - يىلى ) شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي ۋالىسى روينجى ئۆستۈرۈلۈپ تاۋمۇنىڭ ئورنىغا سەييارە سىلاۋچى بولدى .

1902 - يىلى ( گۇاڭشۈينىڭ 28 - يىلى ) شىنجاڭنىڭ

پەرمانچىسى فەن شاۋسۇ ئۆستۈرۈلۈپ روينجىنىڭ ئورنىغا شىنجاڭنىڭ سەييارە سىلاۋچىسى بولۇپ تەيىنلەندى .

1905 - يىلى ( گۇاڭشۈينىڭ 31 - يىلى ) چىڭ ھۆكۈمىتى ئەنخۈينىڭ سەييارە سىلاۋچىسى لەنكۈينى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ سەييارە سىلاۋچىلىقىغا تەيىنلىدى .

1910 - يىلى ( شۈەنتۇڭنىڭ 2 - يىلى ) سەندوڭ ئۆلكىسىنىڭ سەييارە سىلاۋچىسى يۈەن داخۇانى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ سەييارە سىلاۋچىلىقىغا تەيىنلىدى .

1912 - يىلى ( مىنگونىڭ 1 - يىلى ) يۈەن داخۇا رۇخسەت سوراپ ئىچكىرىگە قايتقاندىن كېيىن ، بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى ۋالىسى ، قوشۇمچە مۇپەتتىش ياڭ زېڭشىننى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تۇتۇقى قىلىپ تەيىنلىدى .

1928 - يىلى ( مىنگونىڭ 17 - يىلى ) ياڭ زېڭشىن فەن ياۋنەن تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ، ئىچكى ئىشلار نازىرى جىن شۇرېن فەن ياۋنەننى يوقىتىپ ، ياڭ زېڭشىننىڭ ئورنىغا ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولدى .

1933 - يىلى ( مىنگونىڭ 22 - يىلى ) « 12 - ئاپرېل سىياسى ئۆزگىرىشى » دە جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ « دۇبەن » نامى بىلەن ئىش يۈرگۈزدى . بۇ چاغدا ئۆلكە رەئىسى لى روڭ ، مۇئاۋىن رەئىس خوجىنىياز ھاجى بولدى . 1938 - يىلىغا كەلگەندە شېڭ شىسەي رەئىس ، مۇئاۋىن رەئىسلەرنى بىراقلا قولىغا ئېلىپ يوقىتىپ ، ئۆزى ھەم دۇبەن ھەم رەئىس بولۇپ ، پۈتۈن ھوقۇقنى قولىغا ئېلىۋالدى .

1944 - يىلى ( مىنگونىڭ 33 - يىلى ) 9 - ئايدا شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ ، ۋەزىپىسىنى ۋاقىتلىق جۇشياۋلياڭغا تاپشۇرغاندىن كېيىن ، قورچاق نەنجىڭ

ھۆكۈمىتى ۋۇجۇڭشىننى ئۆلكە رەئىسى قىلىپ ئەۋەتتى .

1946 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرەپ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن ، دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى . ئۆلكە رەئىسلىكىگە جاڭ جىجۇڭ ( قوشۇمچە ) ، مۇئاۋىن رەئىسلىككە ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بۇرھان شەھىدى سايلاندى .

1947 - يىلى 5 - ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى « 11 بىتىم » گە خىلاپ ھالدا بىر تەرەپلىمىلىك قارار ماقۇللاپ ، ئۆلكە رەئىسلىكىگە مەسئۇت سەبرىنى تەيىنلىدى . شۇنىڭ بىلەن « 11 بىتىم » بۇزۇلۇپ ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلاندى .

1949 - يىلى 1 - ئايدا مەسئۇت سەبرى رەئىسلىكتىن قالدۇرۇلۇپ ، بۇرھان شەھىدى ئۆلكە رەئىسى ، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ تەيىنلەندى . شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى گۇاڭجۇ قورچاق گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ ، شەرەپلىك ھالدا تىنچ ھەقىقەتكە ئۆتۈپ ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلدى .

بۇ يەردە شىنجاڭ ئازاد بولۇشتىن ئىلگىرى شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا تەسىرى بىرقەدەر زور بولغان بىر قانچە ئادەم ھەققىدىلا قىسقىچە مەلۇمات بېرىلدى . باشقىلار ئۈستىدە توختالمىدى .

# بىرىنچى باب

## زوزوڭتاڭ

زوزوڭتاڭ ( 1812 ـ 1885 ) خۇنەن قوشۇنلىرىنىڭ سەردارى، ئۇلۇغ تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىنى ھەمدە سەندۇڭ، خېنەن، خېبېيدىكى نيەنداڭ تەشكىلاتىنىڭ قوزغىلىڭىنى، غەربىي شىمالدىكى خۇيزۇ خەلقىنىڭ قوزغىلىڭىنى قانلىق باستۇرغان مىلىتارىست، ئەجنەبىي پەرەستلەرنىڭ كاتتىباشلىرىدىن بىرى. ئۇ 1875 - يىلى شىنجاڭغا 70 مىڭ كىشىلىك قوشۇن چىقىرىپ ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىگە زەربە بەرگەن ۋە 1878 - يىلى شىنجاڭنى مەمۇرىي ئۆلكە قىلىپ قۇرۇشقا ئاساس سالغان.

## لىيۇ جىڭتاڭ

لىيۇ جىڭتاڭ ( 1812 ـ 1844 ) زوزوڭتاڭنىڭ گېنېراللىرىدىن بىرى. «يەتتە شەھەر خانلىقى»نىڭ ئەمىرى ياقۇپبەگ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى بەگقۇلى بەگ قاتارلىقلارنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى يوقاتقان. داۋانچىڭ، توخسۇن، كۇچا، باي، ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى جەڭلەرگە قوماندانلىق قىلغۇچى. ئۇ 1884 - يىلى 10 - ئايدا شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندا، تۇنجى قېتىم شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ سەييارە سىلاۋچىسى بولغان.

## شىنجاڭنىڭ ئاخىرقى سەييارە سىلاۋچىسى ـ يۈەن داخۇا

يۈەن داخۇانىڭ تەخەللۇسى شىڭتەن، ئەنخۇينىڭ ( ھا-

زىرقى مىڭچىلىك ) دېگەن يېزىدىن . 1911 - يىلى ( چىڭ سۇلا-لىسى شۈەنتۇڭ 3 - يىلى ) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ سەييارە سىلاۋچىسى يۈەن داخۇانى شىنجاڭنىڭ سەييارە سىلاۋچىلىقىغا تەيىنلىدى . شۇ يىلى 6 - ئايدا ، يۈەن داخۇا ئۈرۈمچىگە كېلىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالدى .

1911 - يىلى ( شۈەنتۇڭ 3 - يىلى ) 10 - ئايدا ، ئىنقىلابىي پارتىيە ئەزالىرى ۋۇچاڭدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ، جوڭگو ۋە چەت ئەللەرنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن شىنخەي ئىنقىلابىنى قوز-غىدى . پۈتۈن مەملىكەت بۇ ئىنقىلابقا ئاۋاز قوشتى . شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردە مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى توغ-رىسىدىكى خەۋەر شىنجاڭغا تارالغاندىن كېيىن ، ئۈرۈمچىدىكى ئىنقىلابىي پارتىيە ئەزالىرىدىن لىيۇ شيەنجۈن قاتارلىقلار 12 - ئاي-نىڭ 28 - كۈنى قوزغىلاڭ كۆتۈردى . يۈەن داخۇا بۇ قوز-غىلاڭنى باستۇردى . 1912 - يىلى 1 - ئايدا ئىلىدا ياڭ زەنشىن ، فىڭ تېمىن قاتارلىقلار يەرلىك خەلقلەرنىڭ ماسلىششى بىلەن قوزغىلاڭ كۆتۈردى . يۈەن داخۇا قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئۆلكە مەركىزىگە ئەسكەر يۆتكىگەنلىكىنى ئاڭلاپ ، جىڭ ئەتراپىدا قوزغىلاڭچى قوشۇننى توسۇپ جەڭ قىلدى . ئاخىرقى جەڭ شىخۇ ئەتراپىدا بولدى . بۇ چاغدا چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى تەختتىن چۈشۈپ ، پۈتۈن مەملىكەتتە جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغانلىقى جاكارلانغانلىقتىن ، ئىككى تەرەپ قوراللىق ھەرىكەتنى توختاتتى .

دەل ئاشۇ چاغدا ، قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىدىن تۆمۈر خەلىپە باشچىلىقىدىكى قوشۇن ئۆلكىدىن كەلگەن يۈەن داخۇا قوشۇنىغا قارشى توسۇپ زەربە بەردى . شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ بارغانسىرى يامانلىشىۋاتقانلىقىدىن ئەندىشە قىلغان يۈەن داخۇا ، جۇڭخۇا مىنگو ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بەلگىلىگەن مەنسەپكە ئول-تۇرماي ئۆلكە قوشۇنىنىڭ ھېمايىسىدە قۇمۇلدىن ئۆتۈپ ئىچكى-

رىسىگە قېچىپ بېرىۋالدى . 1912 ـ يىلى 3 ـ ئايدا خىزمىتىدىن ئىستىپا بەرگەن نام بىلەن ئىچكىرىگە قايتتى . 1917 ـ يىلى جاڭ شۈن پادىشاھلىق تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندە يۈەن داخۋا ئىچكى كابىنېت ۋەزىرى بولدى . پادىشاھلىق تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇ بېيجىڭغا قېچىپ بېرىۋالدى . كېيىن تيەنجىندە كېسەل بىلەن ئۆلدى .

## ياڭ زېڭشىن

ياڭ زېڭشىن ( 1928 ـــ 1863 ) ، تەخەللۇسى دىڭ چىڭ ، ئەسلى يۇرتى جياڭسۇ شاڭيۈەن ( جياڭنىڭ ناھىيىسى ) بولۇپ ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا يۈننەنگە كۆچۈپ بارغان . يـاڭ زېڭشىن 1863 ـ يىلى يۈننەننىڭ مىڭزى ناھىيە مۇبىيە كەنتىدە پومېشچىك ئەمەلدار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . ئۇنىڭ ئاتا ـ بـوۋىلىرى يەرلىك ئەمەلدار ۋە چوڭ يەر ئىگىسى ئىدى . ياڭ زېڭشىن كىچىكىدىن خېلى زېرەك ، بىلىمگە قىزىقىدىغان بولۇپ ، بالا ۋاقتىدىلا « چاھار كىتاب »، « بەشنامە » لارنى ئوقۇغان . چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي دەۋرىدە ( 1888 ـ يىلى ) ، ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ تەشرىپدار بولغان . كېيىن ئۇ ئوردا ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ ، فېئودال خانلارنـى مەدھىيىلەيدىغـان « باگو » ماقالىسىنى يېزىپ (1889 ـ يىلى ) ، « تەشرىپدار »لىققا ئۆتكەن ۋە ئوردا ئەمەلدارى ( كىچىك ئەمەلدار ) بولغان .

كېيىنكى ۋاقىتتا ئۇ ، بۇيرۇق بىلەن گەنسۇغا ئەۋەتىلىپ ، تيەنشۈي ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولغان . كېيىن خېجۇ ( نىڭشا ) دا ئەمـەلدار بولغان . ئۇ خېجۇدا يەتتە يىل خىزمەت ئۆتىگەندىن كـېيىن ، گۇاڭشۈينىڭ ئاخىرقى يىللىرى گەنسۇدىكى مەكتەپلەرنىڭ باش مۇپەتتىشى بولغان ، كېيىن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ نازارەتچىلىكىگە ئۆسكەن .

1908 ـ يىلى ( گۇاڭشۈينىڭ 34 ـ يىلى ) خان ئۇردىسىغا بېرىپ سىشتەيخۇ بىلەن كۆرۈشكەن ، ئۇ خان ئالدىدا ــ چېگرا رايوننى قوغداشقا ــ قەسەم بەرگەندىن كېيىن ، چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنى شىنجاڭ ئاقسۇنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىگەن . ئۇ 1911 ـ يىلى ( چىڭ خاندانلىقى شۈەنتۇڭنىڭ 3 ـ يىلى ) سىبىرىيە ئارقىلىق شىنجاڭغا كەلگەن . بۇ ۋۇچاڭ قوزغىلىڭى بولۇۋاتقان ۋاقىت ئىدى .

ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ ئۆلكە باشلىقى يۈەن داخۇا شىنخەي ئىنقىلابىي ۋە شىنجاڭدىكى ئىنقىلابىي كۈچلارنىڭ بې‑سىمى ۋە سىياسىي ــ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىن ئۆتكەللەر تۈپەيلىدىن ئىنتايىن قىيىن ۋە خەتەرلىك ئەھۋالدا ئىدى . يۈەن داخۇا قول چوماق قىلىش مەقسىتىدە ياڭ زېڭشىننى دىخۇا ( ئۈ‑رۈمچىگە ) چاقىرتىپ ، ئۆلكىلىك قانۇن باشقۇرۇش ئەمەلدارى ھەم بارىكۆل باسقاقبېگىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ۋەكىلىكىگە ئۆستۈردى . ئۇزۇن ئۆتمەي شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ بوران ــ چاپقۇنلىرى شىنجاڭنى قاپلىغاندا ، يۈەن داخۇا شىنخەي ئىنقىلا‑بىغا تاقابىل تۇردى . يۈەن داخۇا فېئودال خانلىق تۈزۈمىنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە ياڭ زېڭشىنغا ئۆلكە مەركىزىدىن بەش قوش تۇڭگان ئەسكىرى ئېلىشنى تاپشۇردى . ياڭ زېڭشىن دەر‑ھال ئىشقا كىرىشىپ ، مافۇشىڭ ( ماتىتەي ) ، مافۇمىڭ ، ما‑جىخى ، لى فۇشۇ ، لى خۇشىڭ قاتارلىق بەش كىشىنى قۇربېشى قىلىپ ئەسكەر ئالدى . شۇنىڭ بىلەن 1911 ـ يىلى 10 ـ ئاي‑نىڭ 27 ـ كۈنى يۈەن داخۇانىڭ ئىنقىلابنى باستۇرۇش ھەرى‑كىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ ، ئۈرۈمچىدە كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭنى باستۇردى . 1912 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئىلىدا ئىنقىلاب پارتلاپ ، ئىنقىلابچىلار 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى رەسمى قۇردى .

ئۆلكە باشلىقى يۈەن داخۇا ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ ئەھۋالىنى

ئاگلىغاندىن كېيىن، 1912 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى خىزمىتىدىن ئىستىپا بەردى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىقتى، ھەم ئۇ تەختكە چىقىشى بىلەن جايلارغا تېلېگرامما يوللاپ، ئۆزىنىڭ «مىنگونىڭ ھەربىي باشلىقى» ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانلىقىنى ئېلان قىلىدى ۋە بىر تەرەپتىن ئۆزىنى قوغداش، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقنى كونترول قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. قارشى چىققانلارنى ھەر خىل ۋاستىلار ئارقىلىق تازىلىدى. مەسىلەن: غۇلجىدا قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرىدىن فېڭتېيمىڭنى ئۆلتۈردى. جۇمھۇرىيەت قوزغىلىڭىغا قاتناشقان «جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى» نىڭ 200 دىن ئارتۇق ئادىمىنى ئۆلتۈردى. 1913 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى مافۇشىڭ (ماتىتەي) ئارقىلىق قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ قۇمۇل ۋاڭىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى كۆرىشىنىڭ رەھبىرى تۆمۈر خەلىپە ۋە تۆمۈر خەلىپىنىڭ قوللىغۇچىسى ۋە تۇرپان ئاستانە خەلقىنىڭ قوراللىق كۆرىشىنىڭ رەھبىرى مۆيدۈن ئاخۇنۇمنى ئۆلتۈردى.

1915 ـ يىلى يۈەن شىكەي بېيجىڭدا پادىشاھلىق تۈزۈمىنى تىرىلدۈرگەندە، ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ پادىشاھقا سادىقلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن يۈەنشىكەيگە 15 بولاق ئالتۇن تەقدىم قىلدى. شۇنىڭ بەدىلىگە يۈەنشىكەيدىن «خۇڭشەن پادىشاھلىقى» نىڭ «كېنەز» لىك مەرتىۋىسىگە ئىگە بولدى.

يۈەننەندە سەي ئۇ يۈەنشىكەيگە قارشى قوزغىلاڭ قىلغاندا پۈتۈن مەملىكەت بۇنىڭغا ئاۋاز قوشقان ئىدى. ياڭ زېڭشىن ئۆزىنى جىنايەتتىن قاچۇرۇش ئۈچۈن پېچكىنى قۇربان بېرىپ شاھىنى قۇتۇلدۇرۇشتەك زەھەرلىك ئۇسۇل قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ ساقچى ئەترەت باشلىقى شادىڭ، ئالاھىدە ۋەزىپە ئۆتەش باتاليۇن باشلىقى لى يەنلەرنى ئۆلتۈرۈپ، دەرھال بەش رەڭلىك دۆلەت بايرىقىنى ئاستى. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى ئاقلاپ باشقىلارنى

قارىلىدى .

ئۆزىنىڭ مۇستەقىل پادىشاھلىق قارا نىيىتى تېخىمۇ زو-رۇيىۇپ ، 1919 - يىلى 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى مەركىزىي ھۆكۈ-مەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئالتاي پەۋقۇلئاددە رايونىنى ئەسكىرى كۈچ ئارقىلىق چاڭگىلىغا كىرگۈزۋالدى .

فەن ياۋنەن شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشىغا ئاۋاز قو-شۇپ ، ياڭ زېڭشىننى ئاغدۇرۇش غەرىزىدە بولغاندا ياڭ زېڭشىن 1928 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بەش رەڭلىك دۆلەت بايرىقىنى دەرھال ئۈچ رەڭلىك دۆلەت بايرىقىغا ئۆزگەرتتى ، ھەم ئۆزىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قايىل بولدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ، ئۆلكى-لىك ھۆكۈمەت ھەيئىتىنى قۇرۇشقا ھازىرلىق قىلدى ، ھەمدە شۇنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ سولچىلارنى باستۇردى .

ياڭ زېڭشىن 1928 -يىلى 7-ئاينىڭ 7-كۈنى ئۆلكىلىك رۇسچە قانۇن مەكتىپىنىڭ بىرىنچى قارار مەكتەپ پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا فەن ياۋنەن ئەۋەتكەن سولچىلار تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى .

## جىن شۇرېن

جىن شۇرېن ( 1941 ــ 1879 ) ، تەخەللۇسى دى ئەن ، گەنسۇ خېجۇ يۇنجىڭلىق .

جىن شۇرېن بىلەن ياڭ زېڭشىن كونا تونۇش ، ياڭ زېڭشىن خېجۇدا ئەمەلدار بولۇپ مەكتەپ باشقۇرغان مەزگىلىدىن باشلاپ بۇلار ئوتتۇرىسىدا ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلىق مۇناسى-ۋىتى ئورنىتىلغان ، جۈملىدىن ياڭ زېڭشىن خىزمەت كۆرسىتىپ يۇقىرى مەكتەپنىڭ باش مۇپەتتىشلىكىگە ئۆسكەندە ، جىن شۇ-رېننى مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىقىغا ئۆستۈرگەن . جىن شۇ-رېن 1909 - يىلى ( مىڭ سۇلالىسى شەنتۇڭ 1 - يىلى ) يەرلىك

ئىمتىھانغا قاتنىشىپ ئەلا نەتىجىگە ئېرىشكەن . شىنخەي ئىنقىلا-
بىدىن كېيىن ( 1913 - يىلى ) داۋخى ناھىيىسىدىكى يۇقىرى
باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇدىر ۋە پېداگوگىكا مەكتىپىگە مۇدىر بول-
غان . 1914 - يىلى ياڭ زېڭشىڭنىڭ تەكلىپى بىلەن شىنجاڭغا
كېلىپ ، شىنجاڭ ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ كاتىپى ھەم بى-
رىنچى دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى بولۇپ ، ياڭ زېڭشىن ئۈچۈن
مەخسۇس ھەربىي ئاخبارات توپلىغۇچى بولغان . 1915 - يىلى
شىنجاڭدىكى ھاكىملار ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ ، ياڭ زېڭشىنىڭ
ئېتىبار بېرىشى نەتىجىسىدە ئىمتىھاندىن بىرىنچى بولۇپ ئۆتۈپ
ئاقسۇنىڭ ھاكىمى بولغان . 1921 - يىلى ئۆلكە مەركىزى ( دى-
خۇا ) گە يۆتكىلىپ كېلىپ ، ھۆكۈمەت ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نا-
زىرى بولغان . 1928 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇل-
غاندا ، ھۆكۈمەت ئىشلار نازارىتى خەلق ئىشلار نازارىتىگە ئۆز-
گەرتىلگەندە ، جىن شۇرېن خەلق ئىشلار نازارىتىگە نازىر بول-
غان .

1928 - يىلى 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى سىياسىي ئۆزگىرىش
بولۇپ ، ياڭ زېڭشىن فەن ياۋنەن تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈل-
گەندە ، جىن شۇرېن ئەسكىرى كۈچلەرنى ئىشقا سېلىپ فەن
ياۋنەننى ئۆلتۈرۈپ ، قارشى تەرەپنى باستۇردى . ئەتىسى ( 8 -
چىسلا ) جىن شۇرېن ھەربىي ۋە ھۆكۈمەت خادىملىرى يىغىنىنى
چاقىرىپ كېيىنكى ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلغاندا ، دىخۇا ناھىيە-
سىنىڭ ھاكىمى ، قۇشۇمچە تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باش-
لىقى چىڭ جىشەننىڭ تەۋسىيە قىلىشى بىلەن ئۆلكە باشلىقى
بولدى . 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى جىن شۇرېن ئۆلكىدىكى سىياسىي
ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى نەنجىن ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلدى .

1928 - يىلى 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۆلكىدىكى ھەر قايسى
ئەمەلدارلار ۋە ئۆلكىلىك پارلامېنت باشلىقى روزى ھاجىم بىلەن
كۆرۈشۈپ ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ھەر مىللەت ـ ھەر ساھە كىشلە-

رىنىڭ پىكرى قىلىپ ، جىن شۇرېننى ئۆلكە رەئىسى قىلىپ تەستىقلاپ بېرىش ئۈچۈن نەنجىن ھۆكۈمىتىگە تەلەپ قويىدى ، لېكىن نەنجىن ھۆكۈمىتى بۇ تەلەپكە جاۋاب بەرمىدى .

1930 - يىلى يەن شىسەن ، فىڭ يۈشاڭلار جياڭ جېيى-شىغا قارشى تۇرغاندا ، نەنجىن ھۆكۈمىتى جىن شۇرېننى 13 - يۆلۈنۈش ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى قىلىپ بەلگىلىدى . شۇ يىلى ئۇ ، ئەنگلىيىدىن 2000 دانە مىلتىق ، 4 مىليون تال ئوق ( يۇ-لىنى مىنگونىڭ 31 - يىلىغىچە بولغان غەللە - پاراقىنى بېرىش شەرتى بىلەن ) سېتىۋېلىپ ، ئۇنى ھىندىستاندىن قەشقەر ئارقى-لىق ئېلىپ كەلدى .

1931 - يىلى ئۆكتەبىردە شىنجاڭ - سوۋېت ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى ئىمزالاندى . شۇ يىلى ئۈچقۇچىلار يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىپ ، ئوغلى جىن زۇدۇڭ ، ئاكىسىنىڭ ئوغلى جىن زۇجىڭ قاتارلىق بىر قانچە كىشىنى گېرمانىيىگە ئوقۇشقا چى-قاردى .

1932- يىلى كۈزدە نەنجىن ھۆكۈمىتى جىن شۇرېننى شىنجاڭ ئۆلكە رەئىسى ۋە قوشۇمچە چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى قى-لىپ بۇيرۇق چۈشۈردى .

1933 - يىلى 3 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 100 دانە ئاپ-تومobil سېتىۋېلىش ئۈچۈن سوۋېت ھۆكۈمىتىگە 1274 سەر ئالتە يېرىم مىسقال ئالتۇن تاپشۇردى . 1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى يۈز بەرگەن « 12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى » دە جىن شۇرېن سىياسىي سەھنىدىن قوغلاندى . 1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى جىن شۇرېن دىخۇادىن سانجى ، تارباغاتاي قاتارلىق جايلاردىكى بانكىنىڭ زاپاس ئالتۇنلىرىنى ئېلىپ چېگ-رىدىن ئۆتۈپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ، ماشىنا سېتىۋېلىش ئۈچۈن تاپشۇرغان 1274 سەر ئالتە يېرىم مىسقال ئالتۇنىنى قايتۇ-رۇۋېلىپ ، سىبىرىيە ئارقىلىق تيەنجىنگە بېرىۋالدى ۋە شۇ يىلى

10 ـ ئايدا جاڭ جېيشىنىڭ يېنىغا باردى . ئۇ چاغدا ئۆزۈندىن بۇيان نەنجىندە تۇرۇۋاتقان ئەيسا ئالىپتېكىن قاتارلىقلار جىن شۇرېننىڭ شىنجاڭدا قىلغان قانلىق قىرغىن ، بۇلاڭ ـ تالاڭ ۋە باشقا جىنايەتلىرى ئۈستىدىن نەنجىن هۆكۈمىتىگە ئەرز قىلدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە 1933 ـ يىلى 12 ـ ئايدا شېڭ شىسەيمۇ جىن شۇـ رېننىڭ شىنجاڭ خەلقىغە قىلغان ئېغىر زۇلمى ، ئۇنىڭ ياڭ زېڭـ شىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ يۈرگۈزگەن مۇستەبىت سىياسىتى ۋە خىزمەت ئۇسۇلى ئۈستىدە ماتېرىيال يېزىپ تاپشۇردى . 1935 ـ يىلى 5 ـ ئايدا جىياڭنىڭ يەرلىك مەهكىمىسى جىن شۇرېننى سوتلاپ ، ئۇنىڭغا جىنايى قىلمىشى ئۈچۈن ئۈچ يېرىم يىللىق قاـ ماق جازاسى ۋە بەش يىللىق سىياسىي هوقۇقىدىن مەهرۇم قىـ لىش جازاسىنى بەردى . لېكىن ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي غەربىي شىمالدىكى هەربىي مەمۇرىي ئەمەلدارلاردىن ، بولۇپمۇ دىڭ باۋـ شەن ، لوداجاڭ ، ماگوفاڭ ، ماخۇيىڭ قاتارلىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن تېلېگراممىا يوللاپ جىن شۇرېننى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى . نەتىجىدە ئۇ 1935 ـ يىلى 10 ـ ئۆكتەبىر بايرىمىدا جىنايىتى كەـ چۈرۈم قىلىندى دېگەن نام بىلەن قويۇپ بېرىلدى . ئاندىن جىن شۇرېن لەنجۇغا قايتىپ كېلىپ 1941 ـ يىلى 8 ـ ئايدا كېسەل بىـ لەن 62 يېشىدا ئۆلدى .

## شېڭ شىسەي

شېڭ شىسەي ( 1896 — 1961 ) ، تەخەللۇسى جىڭ يۇڭ . لياۋنىڭ ئۆلكىسى كەييۈەن ناهىيىسىنىڭ شىنجىيا كەنـ تىدىكى چوڭ پومېشچىك شېڭ جىڭجىيا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . شېڭ جىڭجىيانىڭ يەتتە بالىسى بولۇپ بەشى ئوغۇل ، ئىككىسى قىز ئىدى . شېڭ شىسەي ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلى ئىدى . شېڭ شىسەي مەكتەپ يېشىدىن ( 7 ياشتىن ) باشلاپ

«چاھار كىتاب» نى ئۆگەنگەن. 12 يېشىدا «ئۈچ سۆزلۈك
دەستۇر» نى ئوقۇپ بولغان. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ ئۇرۇش
ھېكايىلىرىنى ئاڭلاشنى، سۇنزىنىڭ ئەسكەر ئىشلىتىش ئۇسۇل-
لىرىنى (كىتابىنى) ياخشى ئوقۇغان.

شېڭ شىسەي ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەندىن كېـ-
يىن شاڭخەيگە بېرىپ بىلىم ئاشۇرغان. 1915 - يىلى ۋۇ شىڭ
جۇڭگو سىياسىي ئىقتىساد كۇرسىنى پۈتتۈرگەن ھەم يۈننەن-
دىكى جىڭ ۋۇتاڭ، شاۋجۇ شۆبىسىنىڭ ئىككىنچى قارار پىيادە
ئەسكەرلەر كۇرسىدا ئوقۇغان. مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن
دۇڭبى جياۋتاڭ قارمىقىدىكى تەلىم - تەربىيە ئەترىتىنىڭ ئو-
فىتسېرلەر سىنىپى بىرىنچى كۇرسىدا بىلىم ئاشۇرغان. ئوقۇش
پۈتتۈرگەندىن كېيىن 8 - بىرلەشمە بىرىگادىنىڭ بىرىگادىرى
گوسۇڭلىڭنىڭ قارمىقىدا جۇڭۋې مۇئاۋىن لەنجاڭ بولغان. كېـ-
يىن شەرقىي شىمال ئۈچ ئۆلكىنىڭ «ئامانلىق ساقلاش» قىسىم-
لىرى ساقچى تۇەنىنىڭ شاڭۋې لەنجاڭى بولغان. كېيىن جىشى-
ياۋ ئوتتۇرا مەكتەپىنىڭ سەنمۇلىقىغا تەيىنلەنگەن. ئۇزۇن ئۆت-
مەي «شەرقىي شىمال يەرلىك ھۆكۈمىتى» تەرىپىدىن ياپونىيە
قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى جوڭگو ئوقۇغۇچىلىرى
ئەترىتىنىڭ تۆتىنچى قارارلىق كۇرسىدا داۋاملىق بىلىم ئاشۇ-
رۇشقا ئەۋەتىلگەن.

1925 - يىلى 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى گوسۇڭلىڭ ئاغدۇ-
رۇلغاندىن كېيىن، ئۇ شېڭ شىسەينى ياپونىيىدىن قايتۇرۇپ
كېلىپ جاڭ زۇلىنغا قارشى ھەرىكەتكە قاتناشتۇرغان. ئۇرۇش
ئاياغلاشقاندىن كېيىن شىڭ شىسەي يەنە بىلىم ئاشۇرۇش ئۈ-
چۈن ياپونىيەگە بارغان. كېيىنكى ۋاقىتتا ھۆكۈمەت خىراجىتى
بىلەن ئوقۇش توختىتىلغاندا، شېڭ شىسەي سۈن چۈەنفاڭ،
فېڭ يۈيشاڭ قاتارلىقلارنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن ئوقۇشنى
پۈتتۈرگەن.

شېڭ شىسەيىنىڭ ياپونىيىدە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ۋاقتى شىمالغا يۈرۈش ئۇرۇشىغا توغرا كەلگەن، ئەينى ۋاقىتتىكى مىللىي ئىنقىلابىي ئارمىيە باش سىلىگبۇسى ئۇنى شاگشاۋ مەسلىھەتچى قىلىپ تەيىنلىگەن. كېيىن باش سىلىگبۇنىڭ مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسىنىڭ شاگشاۋ بۆلۈم باشلىقى ۋەزىپىسىگە كۆتۈرۈلگەن، شىمالغا يۈرۈش ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن شېڭ شىسەي مەسلىھەتچىلەر پىرقىسىنىڭ بىرىنچى ئىشخانا ئۈچىنچى بۆلۈم باشلىقلىقىغا تەيىنلىگەن. خىزمەت جەريانىدا باش مەسلىھەتچى جۇپېيلى ئۇنى شياۋجاڭلىققا ئۆستۈرۈشنى پىلانلىغان بولسىمۇ، لېكىن شېڭ شىسەيىنىڭ قارانىيىتى پاش بولۇپ قالغانلىقتىن ئۆستۈرۈلمىگەن. شېڭ شىسەي بۇنىڭغا ئاداۋەت ساقلاپ، ھەربىيلىكتىن ۋاز كېچىپ يۇرتىغا قايتىپ كەتمەكچى بولغان.

قۇمۇل دېھقانلىرى جىن شۇرېننىڭ مۇستەبىت سىياسىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ گەنسۇدىن شىنجاڭغا يۈرۈش قىلدى. جىن شۇرېن لىڭشىپ قالغان چېرىك ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش، قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىغا تاقابىل تۇرۇش غەرىزىدە شىنجاڭنىڭ نەنجىڭدە تۇرۇشلۇق باشقارمىسىنىڭ ۋەكىلى لۇشياۋزۇغا ئۆزىنىڭ شىنجاڭدا ئەسكەر تەربىيىلىشىگە ياردەملىشەلەيدىغان بىرەر تالانتلىق ھەربىي خادىم تېپىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا. لۇشياۋزۇ، پەن جاۋشەنلەر نەنجىڭدە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن شېڭ شىسەينى جىن شۇرېنگە تونۇشتۇرىدۇ. 1929 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شېڭ شىسەي نەنجىڭدىن ئايرىلىپ، 1930 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. جىن شۇرېن ئۇنى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ شاگشياۋ مەسلىھەتچى مۇدىرلىقىغا بەلگىلەيدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي شياۋجاڭ مەسلىھەتچىلىكىگە ئۆستۈرىدۇ. جىن شۇرېن بىلەن قۇمۇل دېھقانلىرى ۋە ماجۇڭيىڭ ئوتتۇرى-

سىدىكى ئۇرۇش كەسكىنلىشىپ كەتكەنلىكتىن ، 1933 - يىلى شىڭ شىسەي قۇمۇل قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش باش قوماندانلىق شتابىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە يۆتكىلىدۇ . شىڭ شىسەي لياۋ-دۇندا بولغان بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا ماجۇڭيىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن جىن شۇرېن شىڭ شىسەينى « دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ جۇڭجياڭ مەسلىھەتچىسى » ، قوشۇمچە قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش باش قوماندانلىقىغا ئۆستۈرىدۇ . شىڭ شىسەينىڭ قوشۇنى قۇمۇل ۋە تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش جەريانىدا كۆپلىگەن بىگۇنا خەلق ۋە قوزغىلاڭچى قوشۇننى قىرىپ تاشلايدۇ .

1933 - يىلى يۈز بەرگەن « 12 - ئاپرىل سىياسىي ئۆزگىرىشى » دە جىن شۇرېن تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولىدۇ ، سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغۇچىلار قىسىملىرى بىلەن ئۇلانبايدا تۇرغان شىڭ شىسەيگە سىياسىي ئۆزگىرىشكە قوشۇلۇش توغرىسىدا كىشى ئەۋەتىدۇ . شىڭ شىسەي پوزىتسىيە بىلدۈرمەيدۇ . بەلكى قىسىملىرىنى ليۇداۋاندىن « تۆپ ئاتار خوجام » ئەتراپىغا يۆتكەپ ۋەزىيەتنى كۈزىتىدۇ . ئۇ چاغدا جىن شۇرېن شەھەردىن قېچىپ چىقىپ ، خۇگىسەندىكى يۆخۇاڭ مياۋ بۇتخانىسىغا كىرىۋالغان ئىدى . جىن شۇرېن شىڭ شىسەيگە ئارقا - ئارقىدىن سىياسىي ئۆزگىرىش تەرەپدارلىرىنى باستۇرۇش ئۈچۈن بۇيرۇق قىلغان بولسىمۇ ، شىڭ شىسەي ئىجرا قىلمايدۇ . . . . . سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن ئېچىلغان يىغىندا چېگرا قوغداش دۇبەن مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ، ھەربىي ئىشلار كومىتېتى قۇرۇلىدۇ . ھەربىي ئىشلار كومىتېتى مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ليۇۋېنلۇڭنى ئۆلكىنىڭ ۋاقىتلىق رەئىسلىكىگە ، شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ بىر كادىرى چىڭ يۈەنجىڭنى ۋاقىتلىق ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ۋېييۈەنجاڭلىقىغا كۆرسىتىدۇ .

شىڭ شىسەي ھەربىي ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ چىڭ

يۈەنجىڭنى ئىستىپا بېرىشكە زورلاپ، شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقوقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالدۇ. قارشى كۈچلارنى بېسىقتۇردۇ.

شېڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن ئالتە بۈيۈك سىياسەت يۈرگۈزۈپ، بىر مەزگىل ماركسىزم بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان بولسىمۇ، ئاخىر ياۋۇز ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ كوممۇنىزىمغا ئاسيلىق قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى ۋە ھەر مىللەت كوممۇنىزىمچى ئىلغار كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلدى. ھەرمىللەت خەلقىدىن 100 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى ياۋۇزلارچە ئۆلتۈردى.

1940 ـ يىلى شېڭ شىسەي ئۆلكە رەئىسلىكىنى قوشۇمچە ئۆتىگەندىن باشلاپ، ھوقوق ئۇنىڭ قولىغا مەركەزلەشتى. 1942 ـ يىلدىن باشلاپ ئۇ، ئوچۇق ـ ئاشكارە ھالدا گېزىت ـ مەتبۇئاتلاردا كوممۇنىزىمدىن يۈز ئۆرىگەنلىكىنى جاكارلىدى، ھەم گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ مەركىزىي يېتىشتۈرۈش ئۈەنى شىنجاڭ شۆبە ئۈەنى ئۈەنجاڭلىقىغا، قوشۇمچە سەككىزىنچى ئۇرۇش رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا، مەركىزىي ھەربىي مەكتەپ توققۇزىنچى شۆبە مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقى، جۇڭگو گومىنداڭ مەركىزىي بىر قىسىمنىڭ تەپتىش ھەيئەتلىكى، شىنجاڭ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ پارتىيە ئىشلىرى ئالاھىدە ۋەكىلى ۋە شىنجاڭ ئامانلىق ساقلاش سىلىڭى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەيدۇ.

1944 ـ يىلى كۈزدە گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئۇنى مەركىزىي ھۆكۈمەت دېھقانچىلىق ـ ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرلىقىغا بەلگىلەپ يۆتكەپ ئېلىپ كەتتى.

شېڭ شىسەي كېتىش ۋاقتىدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ قان ـ تەر بەدىلىگە كەلگەن ئالتۇنلارنى بۇلاپ، 30 ئاپتوموبىلغا قا-

چىلاپ ئېلىپ ماڭدى. 100 مىڭ بىگۇنا خەلقنىڭ قېنىغا زامىن بولغان شىڭ شىسەي كېتىش ئالدىدا ئۈرۈمچى ئىككىنچى تۈرمىسىگە ئوت قويۇپ بارلىق مەھبۇسلارنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرمەكچى ۋە ئارخىپلارنى يوقىتىشقا ئۇرۇندى. لېكىن شۇ ئوتتا ئۆزىنىڭ كۆيىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن قويرۇقىنى خادا قىلدى. 1949 - يىلى ئۇ ئائىلىسى بىلەن تەيۋەنگە قېچىپ كەتتى. تەيۋەن ھۆكۈمىتى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىدە شياڭجياڭ مەسلىھەتچى، مەمۇرى مەھكىمە لايىھىلەش كومىتېتىنىڭ (چوڭ قورۇقلۇقتا ھۇجۇم قىلىش تەشكىلاتى) ئەزالىقىغا تەيىنلەندى.

شىڭ شىسەي 1970 - يىلى 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى 75 يېشىدا مېڭىسىگە قان چۈشۈپ تەيبېيدا ئۆلدى.

## ۋۇ جۇڭشىن

ۋۇجۇڭشىن (1884 — 1959)، ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ خېفېي ناھىيىسىدىن بولۇپ، ياپونىيەدە ئوقۇغان. تۇڭمىڭخۇيغا قاتناشقان. 1911 - يىلى سۈن جۇڭشەن ئەپەندى نەنجىڭدە ۋاقىتلىق زۇڭتۇڭ بولغان چاغدا، مەركىزىي ساقچىلار مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ جياڭ جېيشى بىلەن كۆپ يىل بىللە ئىشلىگەن بولۇپ، ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن يېقىن ئىدى. ۋۇ جۇڭشىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئەنخۇي ئۆلكىسى ۋە گۇيجۇ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى، مۇڭغۇل — شىزاڭ ھەيئىتىنىڭ باشلىقى بولغان.

1944 - يىلى 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا، جياڭ جېيشى ۋۇجۇڭشىننى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. ئۇ شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ باشلىرىدا چۇڭچىڭدىن ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالدى. 1946 - يىلى 3 - ئايدا خىزمەتتىن ئايرىلىپ شىنجاڭدىن كەتتى. دېمەك

ئۇ شىنجاڭغا 18 ئايدەك ھۆكۈمرانلىق قىلدى .

## جاڭ جىجۇڭ

جاڭ جىجۇڭ ( 1890 — 1969 ) ، يەنە بىر ئىسمى ۋىن بەي ، ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ زىشەن ناھىيىسىدىن . گو- مىنداڭنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك گېنېرالى ، دىپلومات ، سىياسى- ئون . ئۇ 1945 - يىلى بۇيرۇققا بىنائەن شىنجاڭغا كېلىپ ، شىن- جاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ۋەقەسىنى تىنچ يول بىلەن بىر تە- رەپ قىلىشتا ، شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا ، شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قامالغان كوممۇنىستلارنى قۇتۇلدۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنىدى . 1946 - يىلى شىنجاڭدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا ئۆلكە رەئىسى بولدى .

1949 - يىلى 9 - ئايدا ، بېيجىڭدىن گېنېرال تاۋ سىيۆ ۋە رەئىس بۇرھان شەھىدىلەرگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە مۇھىم تۆھپە قوشتى . ئازادلىقتىن كېيىن جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ، دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمى ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋەييۈەنجاڭى قا- تارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى .

## بۇرھان شەھىدى

بۇرھان شەھىدى 1894 - يىلى روسىيەدە تۇغۇلغ- ان ، 1912 - يىلى شىنجاڭغا كەلگەن . ئۇ ، ئۈرۈمچىدە پىركاز- چىكلىق قىلغان ، تامۇژنا ئىدارىسىدا باج تەكشۈرگۈچى ، ئۈ- رۈمچى تۇنجى ماشىنا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان . 30 -

يىللاردا شىنجاڭ ئۆلكىلىك تەمىرات ھەيئىتى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى زەيساندا تۇرۇشلۇق كونسۇلى بولغان. 1945 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مۇئاۋىن رەئىسى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيئىتى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى بولغان. 1949 - يىلى 9 - ئايدا گېنېرال تاۋسىيۇ بىلەن بىرلىكتە تېلېگراممىا يوللاپ ھەقىقەتكە ئۆتكەن. ھەقىقەتكە ئۆتكەندىن كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى داۋاملاشتۇرغان ۋە ئۆلكىلىك خەلق فايىۋەنىنىڭ يۈەنجاڭى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، غەربىي شىمال ھەربىي مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ ھەيئىتى، 1953 - يىلدىن كېيىن مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 2 -، 3 -، 5 -، 6 - يىغىنى مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى، پەخرى مۇدىرى، 1 -، 2 -، 3 - قېتىملىق مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللى ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى.

ئۇ 1929 - يىلى گېرمانىيىگە ئوقۇشقا چىققان مەزگىلىدە، ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى ئۆگەنگەن ۋە ئوقۇش مەزگىلىدە كۆپ قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىدىن ئىلھام ئېلىپ، ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە بولغان. 1933 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، ئىنقىلابىي تەشكىلاتقا قاتناشقان ۋە شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ يەر ئاستى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغانىدى.

ئۇ 1989 - يىلى 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى 95 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

## ئىككىنچى باب

### ئەمىر ئابدۇرۇسۇل بەگ

تـەيپىن ـ تيەنگو ئىنقىلابىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ مانجۇ ئىستىبداتىغا قارشى ئېلىپ بارغان قوزغىلاڭلىرى ئۈچۈن بىر ئەينەك بولدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا شەنشى، گەنسۇ، نىڭشا ئۆلكىلىرىدە تۇڭگانلارنىڭ مانجۇ ئىستىبداتلىرىغا قارشى قوزغىلىڭى باشلاندى. 1862 ـ يىلى ئۇيغۇر خەلقى ياشاش ئۈچۈن تەيپىن ـ تيەنگو دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ يولىدا مېڭىپ، قولىغا قورال ئېلىپ قانلىق جەڭ باشلىدى. 1864 ـ يىلى ئىلى ۋىلايىتىدە ئۇيغۇر، خۇيزۇ خەلقى قوزغىلاڭ قىلىپ، دۈشمەنلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۆز ئازادلىقىنى قولىغا ئالدى، ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتىنى قوردى.

1864 ـ يىلى ئىلى ۋىلايىتىدە پارتلىغان ئازادلىق قوزغىلاڭنىڭ يول باشلامچىلىرىدىن بىرى ئابدۇرۇسۇل بەگ ئىدى.

خالىزات ھاكىمبەگدىن كېيىن ئىلى دىيارىغا ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ ئاتىسى چورۇق ھاكىم بەگ بولدى. چورۇقتىن كېيىن ھاكىملىك خالىزاتنىڭ ئوغلى مەزەمزاتنىڭ قولىغا ئۆتتى. مەزەمزات ھاكىمبەگ بولغان مەزگىلدە ئابدۇرۇسۇل بەگ ئىشىكئاغا يەنى مەزەمزاتنىڭ مۇئاۋىنى بولۇپ ئىشلىدى.

قوزغىلاڭنىڭ ئالدىدا ئىلى جاڭجۈنى چاڭلىڭ مەزەمزات تـەيجىنى ئۇستىلىمە سىلىقلارنى ۋاقتىدا يىغمىدىڭ، دەپ ئەيىپلەپ، ئۇنى ھاكىملىقتىن قالدۇرۇپ، زىندانغا تاشلىدى ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا ئابدۇرۇسۇل بەگنى ھاكىم بەگلىككە تەيىنلىدى. بۇ

هەقتە موللا بىلال نازىمى ئۆزىنىڭ « غازات دەرمۇلكى چىن » دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان ئىدى :

« مەزەمخان ئىلى شەھىرىگە ھاكىم ئىدى . ئەمىر ئابدۇرۇسۇل بەگ ئىشىكئاغىسى ئىدى . چاڭ جاڭجۇن مەزەمخاننى ھوسۇل بېجىنى ۋاقتىدا تاپشۇرمىدىڭ دەپ نەزەر بەنت قىلىپ ئابدۇرۇسۇل بەگنى ھاكىم قىلغان » ( شۇ ئەسەرنىڭ 24 - بېتىگە قارالسۇن ) .

شۇ ئارىدا ئىلىدا ئۇيغۇر ۋە خۇيزۇلارنىڭ قوزغىلىڭى باشلىنىپ كېتىدۇ . بۇ قوزغىلاڭغا ئۇيغۇر ۋە خۇيزۇ خەلقلىرى تۇشمۇ تۇشتىن ئاۋاز قوشقان ئىدى .

ئابدۇرۇسۇل بەگ ئىلى جاڭجۇننىڭ بەرگەن بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىشتىن باش تارتىپ ، ئىلى خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىق قوزغىلىڭىغا قاتنىشىدۇ ۋە ئۇيغۇر ۋە خۇيزۇلاردىن قوراللىق كۈچ تەشكىل قىلىپ ، ئۆزى باش قوماندان بولىدۇ .

قوزغىلاڭ كېڭىيىپ كەتكەنلىكتىن ، ئىلى جاڭجۇنى چاڭلىڭ مەزەمزات تەيجىنى زىنداندىن چىقىرىپ ، ئۇنىڭغا قوزغىلاڭنى قانداق چارىلەر بىلەن بولمىسۇن بېسىقتۇرۇش كېرەكلىكىنى ، ئەگەر بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالىسا ئۇنىڭغا چوڭ مەنسەپ ۋە مال ـ دۇنيا بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ .

بىراق ، بۇ چاغدا قوزغىلاڭچىلار غۇلجا شەھىرىنى ۋە چىلپەگزە قورغىنىنى ئىگىللەپ بولغان ، قوزغىلاڭ يالقۇنى پۈتۈن ئىلى دىيارىنى قاپلاپ كەتكەنىدى . مەزەمزات تەيجى قوزغىلاڭچىلار تەرىپىگە ئۆتۈشكە مەجبۇر بولىدۇ . قوزغىلاڭچىلار مانجۇ ئىستىبداتىنىڭ كۈچلۈك قورغىنى بولغان بايانداينى ئېلىشقا كىرىشىدۇ ۋە قوزغىلاڭچىلار ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ يولباشچىلىقىدا تارانچىلار ھۆكۈمىتى تەشكىل قىلىنىدۇ . بۇ ھۆكۈمەتكە مەزەمزات ـ سۇلتان ، ئابدۇرۇسۇل بەگ ـ ئەمىر ، ناسىر ئەلەم ئاخۇنۇم ـــ قازى كالان ، شاۋكەت ئاخۇن ـــ قازى ئەسكەر ۋە

موللا روزى ئاخۇن — مۇپتى بولۇپ بەلگىلىنىدۇ .

قورشاۋدا قالغان بايانداىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ، ئىلى جاڭجۈنى كۇرەدىن ئەسكەر ئەۋەتىدۇ . ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ قوماندانلىقىدىكى تارانچىلار مانجۇلارنى تېزلا تارمار قىلىپ ، نۇرغۇن قورال — ياراغ ، ئوزۇق — تۈلۈكنى قولغا چۈشۈرىدۇ . بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئىلى جاڭجۈنى كۇرەدىن بايانداىغا ياردەمگە يەنە نۇرغۇن ئەسكەر ئەۋەتىدۇ . ئۇلار بۇ قېتىممۇ تارمار قىلىنىدۇ . مانا بۇ ئىككى غەلىبىدىن كېيىن ئابدۇرۇسۇل بەگ ئومۇمىي خەلق ئوتتۇرىسىدا چوڭ ھۆرمەتكە ئىگە بولىدۇ . خۇسۇسەن ئۇنىڭ ئابرويى ئەسكەرلەر ئالدىدا ناھايىتى كۆتۈرۈلىدۇ .

مانجۇلارنىڭ بۇ مەغلۇبىيەتلىرى نەتىجىسىدە ئىلى جاڭجۈنى جاڭلىڭ ئورنىدىن چۈشۈرۈلۈپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا مىڭچۇ دېگەن مانجۇ ئىلى جاڭجۈنى بولىدۇ . بۇ جاڭجۈن قانداقلا يوللار بىلەن بولمىسۇن ئۇيغۇرلار بىلەن خۇيزۇلار ئوتتۇرىسىدا نارازىلىق تۇغدۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقنى بۇزۇش ، ئۇلارنى ئۆز ئارا ئۇرۇشتۇرۇش چارىلىرىنى قوللىنىشقا كىرىشىدۇ . شۇ مەخسەت بىلەن ئۇ سۇلتان مەزەمزات بىلەن ئابدۇرۇسۇل بەگكە ئۇيغۇرلارغا مۇستەقىللىق بېرىشكە ۋەدە قىلىپ ، ئىلگىرىكى ئۈستىلىمە سېلىقلارنى قايتۇرۇشقا ماقۇل بولىدۇ ۋە بۇنىڭ ھېسابىغا تارانچىلاردىن خۇيزۇلار بىلەن ئالاقە قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ . خۇيزۇلارنى بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن ، ئۇيغۇرلارنىمۇ تارمار قىلىپ ، ئازادلىق قوزغىلىڭىنى رەھىمسىز باستۇرۇپ تاشلاش — مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ ئەسلى مەقسىتى ئىدى . ئەمما ئىلى جاڭجۈنىنىڭ بۇ مەقسىتى ئەمەلگە ئاشمىدى . چۈنكى ئۇيغۇرلار بىلەن خۇيزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق مەھكەم ئىدى .

ئىلى جاڭجۈنىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغان مۇراجىتى ھەققىدە

موللا بىلال نازىمى مۇنداق يازىدۇ :

كى تۇڭگانلەرنى بىرىلىك بىزلەرگە ،
بىغىشلاي تامام خويىزۇنى سىزلەرگە .
ئىشتىسە سۆزۈم شاھ ساھىب رەسۇل ،
كى ئالمايلى ئۈچ يىلغىچە ھىچ ھوسۇل .
كى ئالغان كۆمۈشلەرنى ھەم ياندۇراي ،
جانىمنى ئالايىن سىتىپ مەن گاداي .

بىراق ، ئۇيغۇرلار جاڭجۇنىڭ بۇ مۇراجىئىتىنى قوبۇل قىلمىدى . ئەكسىچە ئۇلار جاڭجۇندىن سۆزسىز تەسلىم بولۇشنى تەلەپ قىلدى .

ئەمىر ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ تارانچىلار ئارىسىدا چوڭ ئابىرويغا ئىگە بولغانلىقىنى كۆرگەن سۇلتان مەزەمزات ئۆزىنىڭ سۇلتانلىق ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ ، ئابدۇرۇسۇل بەگنى يوق قىلىشقا تۇتۇش قىلىدۇ . شۇ مەقسەت بىلەن ئۇ ئەخمەتخان سىڭا كۆز دېگەن قارا نىيەتچى بىلەن تىل بىرىكتۈرىدۇ ۋە بۇ قارانىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ قېيىنئاتىسى بولغان ئەخمەتخان خەزىنىچىنى ئۆلتۈرىدۇ . ئاندىن كېيىن ئەمىر ئابدۇرۇسۇل بەگنى ۋە ئۇنىڭ يېقىن دوستى ، قوزغىلاڭنىڭ يولباشچىلىرىدىن بىرى بولغان ئىسھاق بەگنى ئۆلتۈرۈش يوللىرىنى ئىزدەيدۇ . موللا بىلال نازىمى سۇلتان مەزەمزاتنىڭ بۇ ھەقتە ئەخمەتخان سىڭا كۆزگە قىلغان تەكلىپنى شۇنداق تەسۋىرلەيدۇ :

دېدىكىم ئەمىرنى ھىلاك ئەتسىڭىز ،
ئىسھاق بەگنى ھەم دەرناك ئەتسىڭىز .
چىرىك خوپ ئىتىپ لام دېمەس سىزگە ،
كى غەۋغاسىنىڭ ئەھدىنىسدۇرمەنگە .

ئەخمەتخان سىڭا كۆز : « ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ ئابرويى ناھايىتى چوڭ ، بىر باھانە تاپماي تۇرۇپ ئۇنى ئۆلتۈرگىلى بول-

مـاسمنكىن » دەيدۇ ۋە : « ئەمرنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى مانجۇلار بىلەن يوشۇرۇن ئالاقىدا بولۋاتىدۇ دەپ قارىلايدىغان مانجۇ تىلىدا بىر ھۆججەت تۈزۈشىمىز كېرەك ۋە بۇ ھۆججەتنى ئەمىر ئابدۇرۇسۇل بەگنى ئۆلتۈرۈش بىلەن ئۇنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويۇش كېرەك ، مانا بۇ چوڭ دەلىل بولىدۇ » دەپ ئەقىل كۆرسىتىدۇ . بۇ ھەقتە موللا بىلال نازىمى مۇنداق يازىدۇ :

ئەمرنى چاناپ ئۇشبۇ خەتنى ئېلىپ ،
كى ئېيلىبدىن ناھان يانچۇقىغا سېلىپ .
ئەمر ئۆلسە ئاندىن چېرىكنى يىغىلىڭ ،
ئەمر يانچۇقىدىن بۇ خەتنى ئېلىڭ .
تۇرۇپ دانىيال بەگ ئەمر باشىدە ،
بۇ خەتنى ئوقۇغاي چېرىك باشىدە .
ئىشىتكەن كىشىلەر بولۇپ بەدگۇمان ،
تامامى دېگەيلەر ئەمرنى يامەن .

شۇنىڭدىن كېيىن ئەخمەتخان سىڭاكۆز ئۆزىنىڭ شاي-كىلىرى بىلەن ئابدۇرۇسۇل بەگ بىلەن ئىسھاق بەگنى خا-ئىنلارچە ئۆلتۈرىدۇ . ھېلىقى تۆھمەت ھۆججەت ئارقىسىدا تارانچىلار ئوتتۇرىسىدا : « ئابدۇرۇسۇل بەگ مانجۇلارغا سېتىل-غانىكەن » دېگەن يالغان سۆزلەر تارىلىپ كېتىدۇ . دېمەك ، سۇلتان مەزەمزات ۋە ئەخمەتخان سىڭاكۆز ئۆزلىرىنىڭ خائىنانە پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ .

ئەمر ئابدۇرۇسۇل بەگ مانجۇ ئىستىبداتىغا قارشى ئىلىدا يۈز بەرگەن مىللىي ئازادلىق قوزغىلىڭىنىڭ يولباشچىلىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىللە ، ئۇ ئۇيغۇر خەلقى بىلەن خۇيزۇ خەلقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرلىك ، دوستلۇق بولمىغاندا قوزغىلاڭنىڭ يېڭىپ چىقىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەس ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتى .

ئەمىر ئابدۇرۇسۇل بەگ چىن دىلى بىلەن ئىلى تارانچىلىرىنىڭ قوزغىلىڭىغا يولباشچىلىق قىلىپ ، تارانچىلار ئارىسىدا زور ئابروي ۋە ھۆرمەتكە ئىگە بولغانلىقى ھەققىدە ۋەتەنپەرۋەر شائىر موللا بىلال نازىمى مۇنداق دەيدۇ :

دېدى بارچە ئادەم يۈرەكلىك ئەمىر ،
كى بىزلەرگە دائىم كېرەكلىك ئەمىر .
كى ئابدۇرۇسۇل بەگ دىلىدۇر دۇرۇست ،
دىلى دۇرۇست ئۈچۈن تۇتتى خەلق ئانى دوست .

ئەمىر ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ نامى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مانجۇ ئىستىبداتىغا قارشى پارتلىغان مىللىي ئازادلىق ھەركىتىنىڭ تارىخىدا مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ .

## سۇلتان ئوبۇل ئەلا ئىبراھىم

سۇلتان ئوبۇل ئەلا ئىبراھىم 1818 - يىللىرى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان . ئۇ بالىلىقىدىن كەم سۆز ، تەدبىرلىك ، زېرەك بولۇپ يېتىلگەن . ئۇنىڭ يىگىتلىك دەۋرى ئوۋچىلىق بىلەن ئۆتكەن . تەڭتۇشلىرى ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن باتۇر ئىدى . 1864 - يىلدىكى قوزغىلاڭغا ئۆز ئىختىيارىيلىقى بىلەن قاتناشقان . ئۇ ئاددىي ئەسكەرلىكتىن خىزمەت كۆرسىتىپ ، مەزمزات سۇلتاننىڭ لەشكەر بېشى بولغان . ئۇ، شۇ چاغدا 40 ياشتا ئىدى .

سۇلتان ئوبۇل ئەلاخان 1871 - يىلى ئىلىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن چارروسىيە قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنىپ ئالما — ئاتاغا ھەيدەپ كېتىلىدۇ ۋە سۇلتان قورغان دېگەن يەردە نەزەربەنت قىلىنىدۇ .

سۇلتان ئوبۇل ئەلاخان سۇلتان قورغاندا تاكى 1880 - يىلغىچە ھايات كەچۈرۈپ ، كېيىن غۇلجىغا قايتىپ قازانچى مە-

ھەللىسىگە ئورۇنلىشىدۇ ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاپات بولىدۇ . بۇ چاغدا ئۇ 62 ياشتا ئىدى .

## سادىر پالۋان

سادىر 1798 - يىلى ھازىرقى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ مولتوختى يۈزىدىكى يانچى ئەخمەت قارىقاش ئائىلىسىدە تۇغۇلىدۇ .

1762 - يىلى 10 - ئايدا چىڭ ئوردىسى ئىلىدا جاڭجۈن مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ ، پۈتۈن شىنجاڭغا بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى . ئىلى جاڭجۈنىگە قاراشلىق مانجۇ چېرىكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ھەمدە ھەر قايسى شەھەرلەردىكى مانجۇ مۇلكىي ، ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ تەمىناتىنى قامداش ، ئۇلارنى ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر ، يەركەن ، خوتەن ، ئاقسۇ ، كۇچا ، تۇرپان ، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىن ئۆزىگە خەۋپلىك دەپ قارالغان كىشىلەردىن بىرىنچى قېتىمدا 6000 ، ئىككىنچى قېتىمدا 2000 جەمئىي 8000 تۈتۈننى ئىلىغا يانچى قىلىپ پالايدۇ . سادىرنىڭ دادىسى ئەخمەت ئاشۇ بىرىنچى قېتىم كۆچۈرۈلگەن 6000 تۈتۈننىڭ بىرى ئىدى .

شۇ چاغدا جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىلىغا پالانغانلار ئەڭ يېقىن يول دەپ ھېسابلىنىدىغان مۇزداۋان يولى بىلەن ئىلىغا كۆچۈرۈلىدۇ . بۇ كۆك مۇز بىلەن قاپلانغان بۇ مۇز داۋاندا دەھشەتلىك ھاڭ ، يۇشۇرۇن مۇز ــ قار ئۆڭكۈرلىرى ، مۇز يېرىقلىرى بار ئىدى . ئالدىنقىلار ماڭغان يولغا مۇز ، تاش پارچىلىرىنى بەلگە قىلىپ قوياتتى . كېيىنكىلەر شۇ ئىز بىلەن ماڭاتتى . ئات ــ ئۇلاغلار ، ئالدىنقى ئۇلاغلارنىڭ ئىزىنى بويلاپ تەسلىكتە ماڭاتتى . بۇ ئېگىز مۇز تاغ ئۈستىگە ئەتىگەن سائەت تۆت بىلەن داۋان يولىغا ماڭغان ئادەملەر داۋانچىلار مۇزنى چو-

قۇپ ياسىغان پەلەمپەيلەرگە كىرگىنى، پالاس ۋە جۇۋا، چاپانلارنى سىلىپ ئات ـ ئىشەكلەرنى ( تۆگە ماڭالمايتتى ) ئۆتكۈزۈپ، ئۆزلىرى داۋانچىلارنىڭ ياردىمىدە مۇز داۋان ئۈستىگە چىقاتتى. داۋان ئۈستى بىردەم ـ بىردەم ئاق ـ قارا بۇلۇتلار ۋە قىلىن قارلار بىلەن قاپلىنىپ ئۈچ مېتىر ئالدىدىكى نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. بۇنداق چاغلاردا ئادەم ۋە ئۇلاغلار چوڭقۇر ھاڭلارغا چۈشۈپ كېتەتتى، گاھىدا تاغنى تۈتەك قاپلاپ، ئادەملەرنىڭ بىر قىسمى ئۆلۈپ كېتەتتى. ھاۋا ئوچۇق بولغان چاغلاردا، ھاڭدىن غۇلاپ كېتىپ ئۆلگەن ئات ـ ئۇلاغ، ئادەملەرنىڭ جەسەتلىرى، سودىگەرلەرنىڭ مال ـ مۈلكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

شۇ قېتىمقى كۆچە ـ كۆچتە نۇرغۇن كىشىلەر مۇز داۋانىدا ئىس ـ تۈتەك ئىلىپ كېتىپ مۇزلاپ، ھاڭغا چۈشۈپ كېتىپ ئۆلگەن ئىدى. شۇڭا مۇز داۋاندىن ساق ئۆتەلىگەن بىچارە كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ تارتقان چەكسىز دەرت ـ ئەلەملىرىنى مۇنداق قوشاق بىلەن ئىپادىلەشكەن ئىدى:

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار،
غېرىپنىڭ يولىنى باغلار.
غېرىپ ئۆلسە كىم يىغلار،
غېرىپقا غېرىپ يىغلار.

يانچىلار ئىلىغا چىققاندىن كېيىن دەسلەپ قوتان تام دېگەن جايغا ئورۇنلاشقان. كېيىن ئىلى دەرياسى بويىدىكى قاينۇق، قاش، بولغۇجىر، جىرغىلاڭ، تاش ئۆستەڭ، بالتۇ-قاي، خۇنۇخاي، دادامتۇ، ئارا ئۆستەڭ قاتارلىق ئۇيغۇر مەھەل-لىرىگە تارقاق ئورۇنلاشقان ئىدى. سادىرنىڭ دادىسى ئەخمەت دەسلەپ ئارا ئۆستەڭگە تەقسىم قىلىندۇ. كېيىن ئۇ خوتەن قا-رىقاشلىقلار ئورۇنلاشقان خوتەن مەھەللىسىگە كۆچۈپ كېلىدۇ. بۇ مەھەللە كېيىن « قاش مەھەللىسى » دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

يۇقۇرقى جايلارغا ئورۇنلاشقان ئۇيغۇرلار مانجۇ ئىستىبداتلىرى تەرىپىدىن ئۆستەڭ چېپىپ قاغجىرغان باياۋانلار، چۆل ـ جەزىرىلەرگە سۇ چىقىرىشقا مەجبۇر قىلىندۇ. ئۆي ـ ماكانسىز بۇجەزىرىدە ئېغىر ئەمگەك قىلۋاتقان ئۇيغۇرلار بالا ـ چاقىلىرى بىلەن ئوچۇق ـ يورۇق داللاردا هايات كەچۈرىدۇ. ئۆستەڭ چېپىش زۇلمىنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئۇلار تۆۋەندىكى قوشاقلار بىلەن بايان قىلىدۇ:

ئۆستەڭنىڭ تېگى قاتتىق،
چاپسا كەتمەن ئۆتمەيدۇ.
مانجۇ تۇڭچىسى بەگلەر،
بېشىمىزدىن كەتمەيدۇ.

مانجۇ ئىستىبداتى يانچىلارنى قورغان سوقۇش، ئۆي سېلىش قاتارلىق هەر خىل هاشار ـ سېلىقلارنى ئادا قىلىشقا مەجبۇرلاپلا قالماستىن، بەلكى، ئۇلارنى يەر تېرىپ، مانجۇ دائىرلىرىگە ئاشلىق سېلىقى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. دەسلەپتە مانجۇلار هەر بىر تۇتۇندىن 16 خو، كېيىنرەك 32 خودىن ئاشلىق سېلىق ئالىدۇ. پۈتۈن هوقوق مانجۇ هاكىمىيىتىدە بولۇپ، ئەمەلدارلار هەر خىل يول بىلەن پارە ئېلىپ قاقتى ـ سوقتى قىلىدۇ. مانجۇ ئەمەلدارلىرى شۇنچە قەبىھ ئىدىكى، كوچىلاردا مانجۇ ئەمەلدارلىرىنى كۆرگەن هەر قانداق كىشى تىزلىنىپ تازىم قىلاتتى. مانجۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ قىز ـ چوكانلىرىغا ئاپئاشكارە زورلۇق قىلاتتى. مانجۇلارنىڭ مۇشۇنداق زورلۇقى ئاستىدا بىر ئەسىردىن كۆپرەك ئازاپ چەككەن ئۇيغۇرلار مۇنۇ قوشاقلارنى ناخشىغا قېتىپ ئېغىر كۆڭلەرنى بايان قىلىدۇ:

جاننى چىرتىپ ئەتتى،
ئالۋانچىلارنى دەرەي.

جاندىن ئۆتۈپ كەتتى ،
تۈگچىلارنى زەرەي .

سادىر كىچىككىدىن شوخ ـ تېتىك ، خۇشخۇي ۋە جاسارەتلىك چوڭ بولغان . ئۇ كىچىككىدىن تارتىپ جاپا ـ مۇشەققەتتىمۇ ، راھەتتىمۇ ئائىلىسى ۋە خەلق بىلەن بىللە بولغانلىقى ئۈچۈن زالىمغا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتى ، ئېزىلگۈچى خەلقلەرگە بولغان سۆيۈنۈشى كىچىككىدىن پىشىپ يېتىلگەن . ئۇ ھەر قېتىم خەلقنىڭ دەرت ـ ئەلەم بىلەن تولغان مۇڭلۇق ناخشىلىرىنى ئاڭلىغاندا غەزەپكە تولسا ، ئەركىنلىككە تەلپۈنگەن باتۇر ھەرىكەتلىرىنى كۆرگەندە ئۆز غايىسىنى يېتىلدۈرۈشكە بەل باغلىغان . پېشقەدەملەرنىڭ بايانىغا قارىغاندا سادىر ئېگىز بويلۇق ، كەڭ كۆكسىلىك ، غەيرەت ـ جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ، ھېچنەرسىدىن قورقمايدىغان ، ناھەق ئىشلارغا چىداپ تۇرالمايدىغان ، ھەققانىيەتچى كىشى ۋە ئاتاقلىق ئۇستا قوشاقچى ئىدى . سادىر قاتمۇ قات زۇلۇمغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ، ئېغىر ئالۋان ـ ياساقنى تاپشۇرالمىغانلارنىڭ ئالدىغا يېتىپ ، مەزلۇملار تەرەپتە تۇراتتى . شۇ چاغلاردا ئالۋان ـ ياساقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن چۆل ـ جېزىرىلەرگە قېچىپ كەتكەنلەر ئاز ئەمەس ئىدى . زالىملار ئۇلارنى « قاچاقلار » دەپ ئاتايتتى . ئۇلارنى تۇتماقچى بولسا ، سادىر ئۇلارنى ھىمايە قىلاتتى . سادىر ئاخىر بۇ « قاچاقلار »نى قوزغاپ ئوقيا ، نەيزە ، ئايپالتا ، چوماق ۋە قىلىچ بىلەن قوراللاندۇرۇپ ، مانجۇ چېرىكلىرى بىلەن ئېلىشىدۇ . شۇ كۈنلەردىن باشلاپ « سادىر پالۋان » دەپ ئاتىلىدۇ .

ئىلى جاڭجۈنى كۆپ قېتىم سادىرنى تۇتۇش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرىدۇ . خەلق سادىر تەرەپتە تۇرىدۇ . سادىرنىڭ تۇتۇلۇپ قالغان ۋاقىتلىرىمۇ بولىدۇ . ئۇ زىندانغا قامالغان ۋاقىتلىرىدا ئۇستىلىق بىلەن قېچىپ چىقىپ كۈرەشنى داۋاملاشتۇ-

رىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مانجۇ ئىستىبداتى بىلەن قىلغان كۈرەشلە-
رىنى مۇنداق دەپ قوشاققا قاتقان ئىدى:

سادىر دەپ ئېتىم يامان،
ئونبەش ياشتا ئاتالغان.
دەسلەپتە تۇتۇلغاندا،
قومۇل ۋاڭغا پالانغان.
يامۇلنى تېشىپ قويۇپ،
ئىككى چىقتىم تالاغا.
مېنى باققان بەش يايى،
ئەمدى قالدى بالاغا.

مانجۇ ئىستىبداتىغا قارشى خەلق قوزغىلىڭى 19- ئەسىر-
نىڭ 60 - يىللىرىدىن باشلاپ ئالدى بىلەن خەنزۇ خەلقىدىن
باشلىنىدۇ. 1863 - يىلىنىڭ ئاخىردا گەنسۇ، شەنشى، نىڭشيا
ئۆلكىلىرىدىكى خۇيزۇلار ئارىسىدا ۋە 1864 - يىلى شىنجاڭنىڭ
شىمالى، جەنۇبىدىكى جايلاردا قوزغىلىدۇ. ئىلى ۋىلايىتىدە
ئۇيغۇرلارنىڭ قوزغىلىڭى دەل شۇ چاغدا باشلىنىدۇ. سادىر
پالۋان ئىلى ۋىلايىتىدە پارتلىغان قوزغىلاڭنىڭ قاتناشقۇچىلى-
رىدىن بىرى ئىدى.

1861 - يىلى 3000 دىن ئارتۇق قوزغىلاڭچى غۇلجا شەھە-
رىگە ئىككى داپقۇر ئومۇمىي يۈزلۈك ھۇجۇم قىلىدۇ، شەھەر
خەلقى ئىچىدىن ماسلىشىدۇ. نەتىجىدە ئون كۈنلۈك ئۇرۇشتىن
كېيىن غۇلجا شەھىرى ئازاد قىلىنىدۇ.

قارىغاندا سادىر پالۋان 1864 - يىلى چىلپەكزىگە ھۇجۇم
قىلغاندا 40 ئۆچكىنىڭ مۈڭگۈزىگە باغلانغان شامنى ياندۇرۇپ
قويۇپ، قۇيرۇقىغا پوجاڭزا باغلاپ ئوت تۇتاشتۇرۇپ چىلپەك-
زىگە قارىتىپ قويۇپ بەرگەن، شام يورۇقى ۋە پوچاڭزىنىڭ ئې-
تىلىشىدىن چۆچىگەن چىلپەكزە ئامبىلى تېزلا تەسلىم بولغان.

بـاياندايي ئۇرۇشىدا سادىر پالۋان ئۆزىنىڭ ئۈچ ئوغلى بىلەن سىپىلىنىڭ ئاستىغا لەغمە كولاپ بىرىپ دورا كۆمۈپ سىپىلنى پارتلىتىدۇ . بۇ چاغدا 5000 دىن ئارتۇق قوزغىلاڭچى سىپىلدىن پەيدا بولغان يۇچۇقتىن قەلئە ئىچىگە بىسىپ كىرىپ ، سىپىلنى مانجۇ چېرىكلىرىنىڭ قولىدىن تارتىۋالىدۇ .

1867 - يىلى ئىلى قوزغىلاڭچىلىرى ئىلى تارانچى سۇلتانلىقىنى قۇرىدۇ . بۇ چاغدا ياشىنىپ قالغان سادىر پالۋان ئۆز يېزىسى مولتوختى يۇزىگە قايتىپ كېلىدۇ ۋە تۆت يىل ئۆتۈپ 1871 - يىلى كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولىدۇ .

خەلق ئۆزىنىڭ بۇ سەمىمى باتۇر پەرزەنتى ئۈچۈن قاتتىق قايغۇرىدۇ . ئۇنى داۋاملىق ئەسلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ قوشاقلىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇپ بۈگۈنگىچە ياد ئېتىپ كەلمەكتە .

## ئۈچىنچى باب

### ئەخمەتجان قاسىمى

ئەخمەتجان قاسىمى 1914 - يىلى 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى شىنجاڭ غۇلجا شەھىرى دۆڭكۆۋرۈك مەھەللىسىدىكى قول - ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەگەن بولۇپ، ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىن 1922 - يىلى قورغاستىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپنە ئوقۇغان ئىدى. كېيىن تاغىسى ئۆمەر قاسىمنىڭ ھىمايىسىدە ئانىسى بىلەن بىللە يەركەتكە كۆچۈپ بارىدۇ ۋە يەركەتتىكى دارىلئىتام مەكتىپىدە 7 - سىنىپقىچە ئوقۇپ كېيىن ئالمۇتىدىكى بىر ئوتتۇرا تېخنىكومغا ئوقۇشقا كىرىپ، 1932 - يىلى تېخنىكومنى يۇقىرى نەتىجە بىلەن پۈتتۈردى. بىراق ئۇ ئالي مەكتەپكە كىرىش پۇرسىتىگە ئىگە بولمىغانلىقتىن ئىككى يىلدەك ئىشلەمچىلىك قىلدى.

1934 - يىلىنىڭ ئالدى - ئاخىردا ئۇ لېنىن ئۇنىۋېرسال ئىنستېتۇتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، دەسلەپ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتىتىدا، كېيىن ئىقتىسادىي فاكۇلتىتىدا ئوقۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولدى.

1936 - يىلى ئەخمەتجان قاسىمى موسكۋا شەرق سوتسىيالىستىك ئەمگەك ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، ئۇ يەردە ماركسىزم - لېنىنىزمدىن تەلىم ئالدى.

1942 - يىلى ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تارباغاتاي چېگرىسى ئارقىلىق ئۆتۈپ غۇلجىغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ، بىر مەزگىل ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللاندى. مۇشۇ جەرياندا،

خەلق ئاممىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ شىنجاڭ زېمىنىدا ، جۈملىدىن ئىلى رايونىدا بولۇۋاتقان زۇلۇم – زورلۇق ۋە خەلقنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنىڭ چىرىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى غەزەپ – نەپرەتلىرىنى چۈشەندى ، ھەم ئاكتىپ ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقى ھەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ ، مىللىي ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈشتەك ئىلغار پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى .

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تۈرلۈك ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى تېزلا ئەكسىيەتچى ساقچى دائىرىلىرى تەرىپىدىن تەقىپ قىلىندى ۋە 1943 - يىلى 12 - ئايدا غۇلجىدا قولغا ئېلىنىپ بىر مەزگىل غۇلجىدا تۈرمىدە ياتقاندىن كېيىن ، ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىنىپ ئۈرۈمچى ئىككىنچى تۈرمىگە قامالدى . كېيىن ئۇ ئىككىنچى تۈرمىدىن ئۈرۈمچى سوپۇن زاۋۇتى ( شىڭ شىسەينىڭ ھازىرقى بوۋغىدا يولى مۇنچا ئورنىغا سالغان تۈرمىسى ) غا يۆتكەپ كېلىنىپ ئەمگەككە سېلىندى . 1944 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئۇ تۈرمىدىن بوشىتىلىپ غۇلجىغا قايتىپ كەتتى .

1944 - يىلى 9 - ئايدا ئىلىنىڭ نىلقا ناھىيىسىدە گومىنداڭغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ پارتلىدى . بۇ كۈنلەردە غۇلجا شەھىرىدىكى « ئازادلىق تەشكىلاتى » نىڭ پائالىيىتى جانلىنىپ ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتى . ئەخمەتجان قاسىمى غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن پارتىزانلارغا قوشۇلۇپ ، ھەرەمباغ ئۇرۇشىغا قاتناشتى . كېيىن گېزىتخانىدا ئىشلىدى . شۇنىڭدىن كېيىن كۆزگە كۆرۈنۈپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى . ئىنقىلاب غەلىبىسىگە ئەگىشىپ ، ئۇ ئالدى – ئاخىر بولۇپ ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى ، بىتىم ۋەكىللەر ئەزاسى ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ، ئۈچ ۋىلايەت شىنجاڭ تىنچلىقنى قوغداش خەلقچىل ئىتتىپاقى مەركىزى كومىتېتىنىڭ رەئىسى قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆ-

تىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى 1949 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلق سىياسىي كېڭەشى يىغىنىغا كېتىۋېتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى بايقال كۆلى رايونىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا بارغاندا ئايروپىلان ۋەقەسى يىلەن بەختكە قارشى قازا تاپتى.

ئەخمەتجان قاسىمى بىر ئۆمۈر ھاياتىنى ئىنقىلابقا بېغىشلىغان، ۋەتەنگە، خەلققە، ئىنقىلابقا بولغان چەكسىز سادىقلىقى ۋە يۈكسەك پەزىلىتى بىلەن خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدىن ئۆچمەس ئورۇن ئالغان ئىستىبداتلىق خەلق رەھبىرى ئىدى.

## ئابدۇكېرىم ئابباسوف

ئابدۇكېرىم ئابباسوف، ئۇيغۇر، 1921 ـ يىلى تۇغۇلغان. 1944 ـ يىلى كۈزدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى، تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى، مىللىي ئارمىيە سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولغان. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا، بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئەزاسى ۋە مۇئاۋىن باش كاتىپ بولغان. ئۈچ ۋىلايەت «شىنجاڭ تىنچلىق خەلقچىلىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاخبارات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولغان.

1949 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار بىلەن بېيجىڭگە مەملىكەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 1 ـ سانلىق يىغىنىغا قاتنىششقا كېتىۋېتىپ

بەختىكە قارشى ئايروپىلان ۋەقەسىدە ۋاپات بولدى .

## گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاق بەگ

ئىسھاق بەگ شىنجاڭ ئۇلۇغچات ناھىيىسىدىكى سىمخانىنىڭ قوشئۆتۈك ( قوش ئۆتىدىغان جاي ) كەنتىدىن بولۇپ ، 1900 - يىلى 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ھاللىق چارۋىچى مۇنۇن ھاجى ( قىرغىز ) ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇنىڭ تۇنجى ئىسمى ساقمات ئىدى . ساقمات دادىسىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن دىنىي مەكتەپتە ( ئاتۇشلۇق ئابدۇكېرىم خەلپىتىمدە ) « خوجا ھاپىز » غىچە ئوقۇغان ، شۇنىڭدىن كېيىن خەلق ئۇنى « موللا ئىسھاق » دەپ ئاتىغان .

موللا ئىسھاق كىچىكىدىن شوخ ، تېتىك ھەم زېرەك ، كۆرگەن نەرسىگە قىزىقىدىغان ۋە ئۇنىڭ سىرىنى بىلىشكە قىزىقىدىغان ئەخلاقلىق ، مىجەزى ، سۆز - ھەركىتى يېقىملىق ، كۆپ ئاڭلاپ ئاز سۆزلەشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىپ ئۆسكەن . موللا ئىسھاقنىڭ دادىسى مۇنۇن ھاجى ئىلغار ، تەرەققىيپەرۋەر كىشى ئىدى . ئۇ ، موللا ئىسھاققا تىجارەت يوللىرىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ، ئۇنى سىمخانىدا ساراي ۋە دۇكان ئېچىپ تىجارەت قىلىۋاتقان ئىمىن خامچى ، نىياز ئاخۇن ، توختى ئاخۇن قاتارلىق ئۇيغۇر سودىگەرلەرگە قوشۇپ قويىدۇ . موللا ئىسھاق تىجارەت يولىنى ناھايىتى تېز ئۆگىنىۋېلىپ ، ئۇزاق ئۆتمەي پۈتۈن ئۇلۇغچات تاغلىرىدىكى خەلقنى تۇرمۇش بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ . مۇشۇ جەرياندا ئۇ كىشلەرنىڭ خەت - چەك ، سوۋغا - سالاملىرىنىمۇ خالىس يەتكۈزۈپ بېرىدۇ ۋە بارغانلا يەردە ئامىنىڭ ئالقىشى ، ھۆرمىتىگە ئىگە بولۇپ ، خەلق ئىچىدە نام چىقىرىشقا باشلايدۇ .

1928 - يىلى ياڭ زېڭشىن ئۆلۈپ ، جىن شۇرېن تەختكە چىقىپلا ھەربىي ، مەمۇرى ئورگانلارنى يېڭىلاپ ، ئۇلۇغچات نا-

ھېيىسىنى يېرىم ھاكىملىق ( شۇ چاغدا ئۇلۇغچاتتا 2000 ئائىلىلىك ئاھالە بار ئىدى ) قىلىپ بەلگىلەيدۇ . ئۇلۇغچات ناھىيىسى سىمخانىدىكى 40 تىن ئارتۇق قىرغىز ئائىلىسىنى بىر بەگلىك قىلىپ ، بۇ بەگلىككە موللا ئىسھاقنى بەگ قىلىپ سايلايدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن خەلق موللا ئىسھاقنى « ئىسھاق بەگ » دەپ ئاتىشىدۇ . 1933 - يىل 3 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئوسمان ئېلى قىسمى قەشقەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ، ئىسھاق بەگ پەيجاڭ بولىدۇ .

1933 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تۆمۈر ئېلى قوشۇنى قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئىسھاق بەگنىڭ ئادىمى 200 گە يېتىپ ، ئۇنىڭ قىسمى بىر پولك بولۇپ ، ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىدۇ ۋە « بىرىنچى پولك » دەپ ئاتىلىدۇ .

ئىسھاق بەگ شۇنىڭدىن كېيىن نام چىقىرىدۇ ، خەلق ئۇنى ھىمايە قىلىدۇ ، ئۇنىڭ ئابروييىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئۆسۈشى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنى بىئارام قىلىدۇ . بۇنىڭ بىلەن شېڭ شىسەي ئۇنىڭ قىسمىنى تارقىتىۋېتىپ ، ئۇنى ئۇلۇغچات ناھىيىسىگە ھاكىم قىلىپ بەلگىلەيدۇ .

ئىسھاق بەگ قىسمىدىن ئايرىلىپ ھاكىم بولغاندىن كېيىن ، بىرىنچىدىن ، خەلق ئۈستىدىكى ئېغىر ئالۋان - ياساقنى يەڭگىللىتىدۇ ، ئورۇنسىز ئالۋانلارنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ ، باج تۆلەملەرنى نوقتىلىق ئازايتىدۇ . ئىككىنچىدىن ، ئۇلۇغچات ناھىيىسىدىكى چارۋىچى - دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ، كەمبەغەللەرنى قۇتقۇزۇش ، ئۆي - ماكانلاشتۇرۇش ، تېرىقچىلىقنى ئۆگىتىش قاتارلىق ئىشلارنى پىلانلايدۇ . ناھىيە مالىيىسىدىن پۇل ئاجرىتىش بىلەن بىللە ، كەڭ كۆلەمدە ئىئانە توپلاپ ۋە ھۆكۈمەتتىن ياردەم سوراش ، ئۆشرە - زاكات يىغىش ئارقىلىق نۇرغۇن مەبلەغ توپلاپ خوتەن ، لوپ ، قاغىلىق ، تاشقورغان قاتارلىق جايلاردىن قوي - كالا سېتىۋالىدۇ ، خەلق ئام-

مىسنى بوز يەر ئېچىپ ، ئۆستەڭ چېپىشقا سەپەرۋەر قىلىدۇ ، كۆپلىگەن ئۆيلەرنى سېلىپ ، شىنجاڭدىكى قىرغىزلار تارىخىدا تۇنجى بولۇپ پەننىي مەكتەپ ئاچىدۇ . 1940 - يىلىنىڭ ئاخىردا شېڭ شىسەي ئىسھاق بەگنى قازاق - قىرغىز ئۇيۇشمىسىغا رەئىس قىلىش باھانىسى بىلەن ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ نەزەربەنت قىلىدۇ .

1942 - يىلى 1 - ئايدا سوۋېت مىلىك ۋە جۇشاۋلياڭلار شىنجاڭغا كېلىپ ، شېڭ شىسەي بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ، گومىنداڭ پىرقىسىنى قۇرغانلىقىنى رەسمىي ئېلان قىلىدۇ . بۇ چاغدا ھېيلىگەر شېڭ شىسەي ۋاقىتلىق يول قويۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەندەك قىلىپ ، ئىسھاق بەگنى ئىلى قىرغىز - قازاق ئۇيۇشمىسىغا رەئىس قىلىپ بەلگىلەيدۇ . ئىسھاق بەگ رەئىس بولغاندىن كېيىن ، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ ، ئۇيۇشما خىزمىتىنى كۆزۈنەرلىك ياخشىلايدۇ . كېيىن شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ھەقىقى ئەپتى - بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ ، جاللاتلىق قىلىچىنى قايتا قولغا ئالىدۇ . ئۇ ، ئىلى رايونىغا بولغان ھەربىي - سىياسىي نازارەتنى كۈچەيتىپ ، ئىلى - ئۈرۈمچى ئارلىقىغا كۆپلەپ ئەسكەر تۇرغۇزىدۇ .

ۋەزىيەتنى بايقىغان ئىسھاق بەگ 1943 - يىل 4 - ئايدا ئۆزىنىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن ئىككىنى ئېلىپ ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ . ئىسھاق بەگ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ ، ئۇ يەردە شىنجاڭلىق ئىلغارلاردىن ئەترەت تەشكىللەيدۇ ۋە بۇ ئەترەتكە ئۆزى بىۋاستە رەھبەرلىك قىلىدۇ .

ئىسھاق بەگ 200 دىن ئاتۇق قوراللىق ئەسكەر بىلەن سىنمخانا چېگرىسىغا يېقىن يەردە ھەربىي ھازىرلىق ۋە مەشىق ئېلىپ بارىدۇ . ھۇجۇم باشلاشتىن ئىككى كۈن ئىلگىرى ، خائىن تاغاي ئۇرۇش پىلانىنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ئاشكارىلاپ قويىدۇ . شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭنىڭ شىمالىي شىنجاڭدىكى بىر

قىسىم ھەربىي كۈچى جەنۇبىي شىنجاڭغا يۆتكىلىدۇ . بۇ چاغدا ئىسھاق بەگ ئىلىدىكى تەشكىلات بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ ، قوزغىلاڭنىڭ كۆتۈرۈلۈش ۋاقتىنى 1944 - يىل 11 - ئاي قىلىپ بېكىتىدۇ .

1944 - يىلى خەتەرلىك ئەھۋال ۋە ۋەزىيەت تەقەززاسى بىلەن نىلقا ناھىيىسىدىن غېنى ، پاتىخ ، ئەكبەر ، باتۇرلار باشچىلىقىدا قۇراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلىدۇ ، شەرقىي بەش ناھىيە ناھايىتى تېزلا قوزغىلاڭچىلار قولىغا ئۆتىدۇ . بۇ چاغدا گومىنداڭ غۇلجا شەھىرىدىكى بىر بۆلۈم قىسمىنى تاغقا يۆتكەپ ، قوزغىلاڭنى تىنجىتماقچى بولىدۇ . مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە ئىسھاق بەگ چوڭ قىسمنى باشلاپ ئىلىغا يېتىپ كېلىدۇ .

ئىسھاق بەگ قىسمى ئىلى سىلىكبۇسى ، لەڭشاڭ ، سۇيدۇڭ ، كەڭساي ، جىلڭ ، شىخو ، توغرا سۇ قاتارلىق جايلاردىكى ئۇرۇشلاردا ئۆز ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ ، گومىنداڭ قىسىملىرىنى ئۈست - ئۈستىلەپ مەغلۇپ قىلىدۇ . ئالاقزادە بولۇشقان گومىنداڭ ھەربىي - مەمۇرلىرى ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ قاخشاتقۇچ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ .

1945 - يىلى 1 - ئايدا ئىسھاق بەگ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىكى جەنۇبىي فرونتقا مەسئۇل بولىدۇ ، تېكەستە ئاتلىق بىرىگادا قۇرۇلۇپ ، بىرىگادىر بولىدۇ . 1945 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى قۇرۇلىدۇ . بۇ چاغدا ئىسھاق بەگ مىللىي ئارمىينىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىدۇ ، ئۇنىڭغا گېنېرال لېيتېنانتلىق ئۇنۋانى بېرىلىدۇ .

ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى ۋە گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاق بەگ 1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوزغىلىڭىغا يېتەكچىلىك قىلىپ ، فاشىزمغا قارشى كۈرەشنىڭ غەلىبىسىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىگە قارشى قوراللىق كۈرەش بىلەن

كۆتۈۋالدى. 1946 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئۆزى بىۋاسىتە تاشقورغانغا بېرىپ، تاغارما، چىل گۈمبەز، زەرەپشان دەرياسى بويىدا قوماندانلىق شتابى قۇرۇپ، ئىنقىلابقا بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىدۇ ۋە قىسىملارنى رەتلەپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا مىللىي ئارمىيە قۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ.

1946 ـ يىلى 7 ـ ئايدا گومىنداڭ تەرەپ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرغاندا ئۇ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئامانلىق ساقلاش قوماندانى بولىدۇ. 1947 ـ يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنى يىرتىپ تاشلايدۇ. گېنېرال ئىسھاق بەگ ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ۋە ئارمىيە خىزمىتىگە مەسئۇل بولغاندا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، مىللەتلەر مەدەنىيىتى، مەدەنىيەت ـ مائارىپ، خەلق تۇرمۇشى قاتارلىق ساھەلەردە كۆرۈنەرلىك نەتىجە يارىتىدۇ. ئىلى، قەشقەر، موڭغۇلكۈرەلەردە قۇرۇلغان ھەربىي مەكتەپلەرگە بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، ھۆكۈمەت ئۆزىگە تەقدىم قىلغان قورو ـ جايىنى مەكتەپكە تەقدىم قىلىدۇ.

باش قوماندان ئىسھاق بەگ 1949 ـ يىلى 8 ـ ئايدا مەملىكەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا كېتىۋاتقاندا، ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ باشقا رەھبەرلىرى بىلەن بىللە قازا قىلىدۇ.

## گېنېرال مايور دەلىلقان سۈگۈربايوف

دەلىلقان سۈگۈر بايوف 1906 ـ يىلى قۇبدۇدا چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1933 ـ يىلى ماجۇڭيىڭ قىسىمىدىكى ماخەيىيىڭ قوشۇنى ئالتايدا قىرغىنچىلىق قىلغاندا، ئۇ ماخەيىيىڭ

باندىتلىرىغا قارشى قوراللىق كۆرەشكە قاتناشقان.

1937 - يىلى جۇڭگو گوڭچەنداڭنىڭ تەسىرى بىلەن پۈتۈن شىنجاڭدا ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ قۇرۇلغاندا، دەلىلقان چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ياپونغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بارغان ۋە ئالتايدىكى جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىنىڭ غوللۇق ئەزالىرىدىن بىرى بولغان.

1940 - يىلى 9 - ئايدا دەلىلقان ئالتاي ناھىيىسىگە مۇئاۋىن ھاكىم بولغان. 1941 - يىلى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئىلغارلارغا زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلىغاندا ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كېتىپ، شۇ يەردە 1943 - يىلغىچە ئوقۇغان. 1944 - يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئالتايغا قايتىپ كېلىپ، تارقىلىپ كەتكەن (ئەسلىدىكى) قوراللىق قىسمنى يىغىپ چارۋىچىلاردىن قوراللىق قوشۇن تۈزۈپ، شۇ يىلى 10 - ئايدا، دەلىلقان «ئالتاي ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، پارتىزان ئەترىتىنىڭ باش قوماندانى بولغان ھەم گومىنداڭ بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا ئالتاينىڭ بىر قىسىم يېرىنى دۈشمەن قولىدىن تارتىۋېلىپ ئازاد قىلغان ۋە ئالتاينىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان.

1945 - يىلى ئالتاي ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئالتاي مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىسى، ئاتلىق پولك كاماندىرى، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە مۇئاۋىن قوماندانى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1947 - يىلى مىللىي ئارمىيىگە قوماندانلىق قىلىپ، ئوسمان باندىتىنىڭ ئالتايغا قىلغان ھۇجۇمىنى تارمار قىلغان. 1948 - يىلى 8 - ئايدا دەلىلقان «شىنجاڭدا تىنچلىق خەلقچىلىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» مەركىزي تەشكىلاتىنىڭ ھەيئىتى بولۇپ، ئالتاينىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىي — مائارىپ ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىشلىرىنىڭ ياخشىلىنىشىغا تۆھپە قوشتى.

دەلىلقان سۈگۈربايوف 1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى

مەملىكەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 1 - سانلىق يىغىنىغا قاتنىششقا كېتىۋېتىپ ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق كىشىلەر بىلەن بىللە ئايروپىلان ۋەقەسىدە قۇربان بولغان .

## لوجى

لوجى ، خەنزۇ ، 1915 - يىلى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى گاۋمىن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان . 1931 - يىلى جىلىن ياپونغا قارشى قوغدىنىش ئەترىتىگە قاتناشقان . 1938 - يىلى « شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىسى » غا قاتنىشىپ شۆبە ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشۋىقات ھەيئىتى بولغان . 1946 - يىلى « شىنجاڭ كوممۇنىزىمچىلار ئىتتىپاقى » ( كېيىن « دېموكراتىك ئىنقىلابى پارتىيىسى » گە ئۆزگەرتىلگەن ) گە قاتنىشىپ ( ئۈرۈمچى ) رايونىنىڭ سېكرېتارى بولغان . « كۈرەش » ھەپتىلىك ژۇرنىلىنى نەشر قىلىپ ، ئىنقىلابى ئىدىيەنى تەشەببۇس قىلغان . 1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى مەملىكەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 1 - سانلىق يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا كېتىۋېتىپ بەختىكە قارشى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار بىلەن بىللە ئايروپىلان ۋەقەسىدە قۇربان بولغان .

## ھاكىمبەگ خوجا

ھاكىمبەگ خوجا ( غىياسىدىن بەگ ) بەھرىمبەگ خوجا ئوغلى 1871 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان . 1892 - يىلى ئۇنىڭ 8 - ئەجدادى ئىلياسخان خوجا ( بوۋاق ھېكىم ) ۋاپات بولغاندا ، 21 يېشىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ يارلىقى بىلەن تەيجى ھەم ھاكىمبەگ بولغان .

ھاكىمبەگ خوجا تۆرلۈك ئالۋان - ياساق ۋە سېلىقلارنى

يىغىپ ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇش ، ئۇيغۇرلارنى باشقۇرۇش ، دىنىي ئىشلارنىڭ ئىجراسى ئۈچۈن بەگ ، مىڭ بېگى ، يۈز بېگى ، قازى ، ئەلەم ، مۇپتى قاتارلىقلارنى مەنسەپكە تەيىنلەش ۋە مەنسەپتىن قالدۇرۇش ، ئۇلارغا خەلق ئىچىدىكى تۈرلۈك ماجرالارنى ھەل قىلغۇزۇش ۋە شەھەر – يېزا قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىشكە ئوخشاش ئاساسىي ئىشلارنى قىلىشقا باشچىلىق قىلغان .

1911 - يىلى پارتلىغان شىڭخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە ئىلىدىمۇ ئىنقىلاپ پارتلاپ غەلىبە قىلدى . بۇنىڭ بىلەن بەش مىللەتنى ئاساس قىلغان مىنگو ھاكىمىيىتى قۇرۇلدى . ھاكىمبەگ خوجا بۇ چاغدا ئىلىنىڭ مەشھۇر مۆتىۋەر بايلىرىدىن ھۆسەن باي ھاجى ، مۇسابايوۋ ، ياقۇپ دوكا ھاجى باباشۇۋلارنى ھەمرا قىلىپ كۈرەگە بېرىپ بۇ ھاكىمىيەتنى تەبرىكلىدى ۋە قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى . ھۈسەن باي ۋە ياقۇپ بايلارنى ئىئانە قىلىشقا دەۋەت قىلدى ، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار نۇرغۇن ئىئانە تەقدىم قىلدى . ھاكىمبەگ خوجا ئەسكەرلەرنى ئوزۇق – تۈلۈك ، ئۇلارنىڭ ئات – ئۇلاقلىرىنى ، يەم – خەشەك بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى بولۇپ قالدۇ . بۇ ھاكىمىيەت ئۇنىڭغا ئىلگىركى ۋەزىپىسىنى خاتىرجەم ئىشلەشنى تاپشۇردۇ . ئۇ ، ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە ئابرويلۇق كىشى بولغاچقا ، يېڭى ھاكىمىيەت خىزمەتچىلىرى ئۇنى كەڭ يۇرتلارغا چىقىپ يېڭى ھاكىمىيەتنى تەشۋىق قىلىشقا دالالەت قىلىدۇ .

ھاكىمبەگ خوجا دەۋرىدىن باشلاپ ( ئەسلىدىكى ئىلىغا تەۋە بولغان 80 شاكىيولۇق يېزا ) غۇلجا شەھەر ئەتراپى كېڭەيتىلىدۇ . بۇ يىللاردا ھاكىمبەگ خوجا قارادۆڭ – ئاقسۇ مىچىتىدىن گۈلشەنباغقىچە بولغان يولنىڭ ئىككى تەرىپىنى مەھەللە قىلىپ سىرتتىن كەلگەنلەرگە ئولتۇراق جاي قىلىپ بېرىدۇ .

ھاكىمبەگ خوجا پاك ، جىن دەۋرىدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك

ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىلەر كېڭىشى ئەزاسى بولغان . ھاكىمبەگ خوجا « 12 - ئاپرېل سىياسى ئۆزگىرىشى » دىن كېيىن شىڭ شىسەي ئوتتۇرىغا قويغان « ئالتە بۈيۈك » سىياسىتىنى ھىمايە قىلىپ ، ئىلىدا بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ، سانايى نەفىسە ( سەنئەت ئۆمىكى ) قۇرۇش ، مەكتەپ سېلىش ، كۇلۇپ سېلىش ، ئېلېكتر ستانسىسى ۋە زامانىۋى ئۇن زاۋۇتى قۇرۇش ئىشلىرىنى قوللايدۇ ۋە ياردەم توپلاپ « ئىلى گىمنازىيىسى » ( ھازىرقى 8 - ئوتتۇرا مەكتەپ ) نى قۇرۇشتەك ئۇنۇملۇك ئىشلارنى قىلىدۇ .

1937 - يىلى شىڭ شىسەي بىر قىسىم بىگۇنا خەلقلەرنى تۇتقۇن قىلىدۇ ھەم ئۇلار ئىئانە قىلىپ سالغان كۇلۇپنى خائىنلارنىڭ مۈلكى دەپ مۇسادىرە قىلىپ ، ئۇزاق ئۆتمەي خەلققە 10 مىڭ خو ( 1 خو 64 كىلوگىرام ) بۇغداي ، 10 مىڭ تۇياق قوي ، بىر كۇلۇپنى سېتىۋېلىشنى تاڭغاندا ، ھاكىمبەگ خوجا باشلامچى بولۇپ ئىئانە قىلىدۇ ۋە ئىئانە يىغىپ ھۆكۈمەت تەلىپىنى ئورۇنداپ ، خەلقنىڭ مەدەنى پائالىيەت ئورنى بولغان كۇلۇپنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ ھەم سەھنە تىياتىرلىرىنى ئويدان ئورۇنداش ئۈچۈن نەچچە ئەۋلاتتىن بۇيان ئوردىدا ساقلىنىپ قالغان ئالاھىدە كىيىم - كېچەك ، زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنى سانايى نەفىسگە مەدىيە قىلىدۇ .

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش ۋاقتىدا ئىئانە توپلاش ھەيئىتىنىڭ رەئىسى بولۇپ ، باشلامچىلىق بىلەن ئىئانە قىلىدۇ ۋە خەلقنى رىغبەتلەندۈرىدۇ . ئىلىنىڭ سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرىنى تۈزۈشتە زور كۈچ چىقىرىدۇ . ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلاپ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا ، ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلاندى . ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى گومىنداڭ بىلەن « 11 ماددىلىق بىتىم » ئىمزالىغاندىن كېيىن ، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى بولۇپ ، 1949 -

يىلى 10 ـ ئايغىچە ۋەزىپە ئۆتىدى .

1950 ـ يىلى ياشىنىپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن ۋالىلىقنى 4 ـ ئوغلى قىيىمبەگكە ئۆتكۈزۈپ بىرىپ دەم ئېلىشقا چىقتى . شۇ كۈنلەردە شەخس مۈلكىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ھۆكۈمەتنىڭ ئىشلىتىشىگە تاپشۇردى .

1951 ـ يىلى ئۆز خىراجىتى بىلەن 400 كارۋاتلىق بىر دوختۇرخانا ياسىتىپ خەلققە تەقدىم قىلدى . شۇ كۈنلەردە ھاكىمبەگ خوجا ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولدى . ھاكىمبەگ خوجا 1957 ـ يىلى 8 ـ ماي غۇلجىدا 86 يېشىدا ۋاپات بولدى .

## سەيپىدىن ئەزىزى

سەيپىدىن ئەزىزى دۆلىتىمىزنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى ، ئالىم ، ئاتاقلىق يازغۇچى ، شائىر ، دراماتورگ . ئۇ 1915 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئاتۇشتا تۇغۇلغان . 1944 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان . ئالى مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە . ھازىر 8 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى .

ئۇ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا ، ئاتۇشتا دىنى مەكتەپتە ئوقۇغان . 1932 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى دېھقانلار قوراللىق قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ ، جەڭچى ، كاتىپ بولغان . 1934 ـ يىلى ئاتۇشتا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ۋە مۇدىر بولغان . 1935 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنت ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان . 1937 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ شىنجاڭغا قايتىپ ، شېڭ شىسەي ئاچقان ئۈرۈمچى سىياسىي تەلىم ـ تەربىيە سىنىپىدا ئوقۇغان . 1938 ـ يىلدىن 1943 ـ يىلغىچە تارباغاتاي گېزىتخانىسىدا ئىشلىگەن . كۆچۈرگۈچى ، كوررېكتور ، مۇھەررىر ، مەسئۇل مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن . جاھانگىرلىككە

قارشى ئۇيۇشمىغا قاتناشقان. تارباغاتاي ۋىلايەتلىك جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىلات سېكرېتارى بولغان. تارباغاتاي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ كاتىپى، مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1944 - يىلى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ۋە نازىرى، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ھەربىي سوتىنىڭ كاتىپى، تۆەنجاڭ بولغان. 1945 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ياشلار ئىتتىپاقىغا قاتنىشىپ، مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1946 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىگە قاتنىشىپ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 1946 - يىلى 7 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق بىتىمى ھاسىل قىلىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە كېلىپ بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان. 1947 - يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى تىنچلىق بىتىمىنى يىرتىپ تاشلىغاندىن كېيىن، غۇلجىغا قايتىپ داۋاملىق ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان. 1948 - يىلى ئۇ شىنجاڭ «دېموكراتىيە ئىتتىپاقى» غا قاتنىشىپ، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. «ئالغا» گېزىتىنىڭ باش تەھرىرى بولغان. كېيىن شىنجاڭ «دېموكراتىيە ئىتتىپاقى» نىڭ رەئىسى بولغان. 1949 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ ئالاھىدە رايوندىن ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولۇپ بېيجىڭغا بېرىپ 1 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتناشقان. 1 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قانۇن كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي

مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا سايلانغان. 1949 - يىلى 10 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان. 1949 - يىلى 12 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ھەربى رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولغان. 1951 - يىلى ج ك پ مەركىزىي كومىتېت شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، دائىمى كومىتېت ئەزاسى، مىللىي ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك كادىرلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، جۇڭگو — سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، جۇڭگو — پاكىستان دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى بولغان. 1952 - يىلى 7 - ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېت شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ 4 - شۇجىسى بولغان. 1953 - يىلى 1 - ئايدا غەربىي شىمال مەمۇرىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. 1953 - يىل 8 - ئايدا شىنجاڭ ھەربى رايونى پارتكومىنىڭ 3 - شۇجىسى، شىنجاڭ ھەربى رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولغان. 1954 - يىلى 12 - ئايدا شىنجاڭ ھەربى رايونى پارتكومىنىڭ 2 - شۇجىسى، شىنجاڭ ھەربى رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولغان. 1955 - يىلى 10 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندا، ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېت غەربىي شىمال بيۇروسىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1958 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ 2 - شۇجىسى بولغان. 1972 - يىلى 7 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇۋەققەت 1 - شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1973 - يىل 6 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىسى، شىنجاڭ ھەربى رايونىنىڭ 1 - سىياسىي كومىسسارى، پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىسى بولغان. 1 - ،

2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ، 6 ـ، 7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتېتلىرىنىڭ مۇئاۋىن ۋەبيىۇەنجاڭى بولغان. ج ك پ 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كاندىدات ئەزاسى، 9 ـ، 10 ـ، 11 ـ، 12 ـ، 13 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتلىرىنىڭ ئەزاسى، 10 ـ نۆۋەتلىك، 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيوروسىنىڭ كاندىدات ئەزاسى بولغان.

يازغۇچى، شائىر، دراماتورگ سەيپىدىن ئەزىزى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ تارىخىي رومان «سۇتۇق بۇغراخان»، تارىخىي ئوچېرك «تەگرىتاغ ئوغلى»، بىئوگرافىك ئەسەر «ئۆمۈر داستانى» ( 1 ـ، 2 ـ قىسىم )، تارىخىي ئوپېرا «ئامانىساخان»، ھېكايە، نەسىرلەر توپلىمى «ئەۋلىيا ئاتا»، «ئۇيغۇر مۇقاملىرى توغرىسىدا»، «شانلىق يىللار» قاتارلىق ئون نەچچە پارچە كىتاب نەشر قىلدۇرغان. 500 دىن ئارتۇق روبائىي، 300 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ئېلان قىلغان.

ئاتاقلىق يازغۇچى سەيپىدىن ئەزىزى «سۇتۇق بۇغراخان» دا ھەقىقى پىرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىپ، قۇدرەتلىك قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ نادىر نامايەندىسى سۇتۇق بۇغراخاننى ۋە ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائى، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ بەدىئى كارتىنىسىنى ئاممىباپ تىل بىلەن شۇنچە گۈزەل، شۇنچە رەڭدار قىلىپ سىزىپ چىققان.

ئۇنىڭ «ئامانىساخان» ناملىق سەھنە ئەسىرى درامالاشتۇرۇلغان. بۇ ئەسەر «خانىش ئامانىساخان» دېگەن ماۋزۇدا كىنولاشتۇرۇلدى، ھەم بەش قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى قىلىپ ئىشلىنىپ كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ ئىنتايىن زور تەسىر پەيدا قىلدى.

قوشۇمچە :

# رەئىس ماۋزېدۇڭ بىلەن بىللە بولغان كۈنلەردە

سەيپىدىن ئەزىزى

## چوڭقۇر ياد ئېتىش

1990 - يىلى 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، قارا رەڭلىك پىكاپ رەئىس ماۋزېدۇڭ خاتىرە سارىيىنىڭ ئالدىدا توختىدى. پىكاپتىن چاچلىرى كۈمۈشتەك ئاقارغان، بويى ئانچە ئېگىز بولمىغان بىر كىشى چۈشتى. ئۇ، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ خروستال ساندۇقىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، رەئىسنىڭ دىدارىغا سەپسېلىپ قارىدى - دە، چوڭقۇر تازىم قىلدى.

سەيپىدىن ئەزىزى مۇنداق دەيدۇ : مەن ھەر يىلى دېگۈدەك رەئىس ماۋ زېدۇڭنى يوقلاپ تۇرىمەن. ھەر قېتىم ماۋ زېدۇڭنىڭ مېھرىبان دىدارىنى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇزۇن سەپ بولۇپ، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ دىدارىنى كۆرۈشنى كۈتۈۋاتقىنىنى كۆرگىنىمدە، كۆز ياشلىرىمنى توختىتالمايتتىم. خەلق رەئىس ماۋ زېدۇڭنى ئۇنتۇمايدۇ. خەلق رەئىس ماۋ زېدۇڭنى سۆيىدۇ. سەيپىدىنىنىڭ قەلبىدە رەئىس ماۋ زېدۇڭ ۋاپات بولمىغان، بەلكى ئۇخلاۋاتقاندەك، ئاخىر بىر كۈنى ئويغىنىپ سىرتقا چىقىپ ئۆزىنىڭ ۋەتىنىنى، خەلقىنى كۆرۈپ باقىدىغاندەك، قويۇق خۇنەن تەلەپپۇزىدا ئۇنىڭدىن : سەيپىدىن شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ياخشىدۇ ! شىنجاڭ خەلقى ئۇلۇغ خەلق، كومپارتىيىنىڭ شىنجاڭنى كۈتىدىن - كۈنگە ياخشى گۈللەندۈرۈش مەسئۇلىيىتى بار، دەيدىغاندەك قىلاتتى.

## تارىخنىڭ ۋەزىپىسى

ئىلى دەرياسى شوخ ئۇيغۇر يىگىتىگە ئوخشاش دولقۇنلى-

رىنىڭ كۆيىنى ياگرىتىپ يىراقلارغا ئاقماقتا . ئەكسىچە ئالتە ئات قوشۇلغان هارۋىنىڭ قوڭغۇراق سادادسى ئىچىدە قۇللار قامچا دەستىدىن زارلانماقتا . باي ئائىلىنىڭ ئەتىۋارلىق ئوغۇل ـ قىز-لىرى ، ئوفىتسېرلار ، خېنىملار كۆچۈكلىرىنى يېتىلىشىپ شەھەر كوچىلىرىدا ئەركىن ، بىخارامان يۈرۈشمەكتە . پارچە نانغا زار بولغان كىيىم ـ كېچەكلىرى جۇل ـ جۇل قېرىلار ، ئاياللار كوچىلاردا تىلەمچىلىك قىلماقتا . ئىلى پۈتۈن جۇڭگوغا ئوخ-شاش قۇلدارلارنىڭ ئېزىشىگە ئۇچرىماقتا ئىدى .

1932 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدا داڭلىق قوراللىق قوز-غىلاڭ كۆتۈرۈلدى . 17 ياشلىق سەيپىدىن قىلچە ئىككىلەنمەي قولىغا قورال ئېلىپ ، پارتىزان ئەترىتىنىڭ ئەزاسى بولدى . ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۇ ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىقتى . ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ لېنىننىڭ كىتابلىرى ۋە ماكسىم گوركىنىڭ « ئانا » رومانىنى ئېلىپ ۋەتەنگە قايتتى .

1944 - يىلى ئۇ ، بەزى مۇنەۋۋەر ياشلار بىلەن بىرلىكتە ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشتى .

1949 - يىلى باش كۈزدە كەڭساي جىلغىسىدا قۇياش ئالتۇن نۇرىنى چېچىپ تۇراتتى . بۇ يەردە دەم ئېلىۋاتقان سەي-پىدىن غۇلجىغا قايتىش توغرىسىدا بىر پارچە خەت تاپشۇرۋال-دى . خەتنى ئېلىپ كەلگۈچى ئۇنىڭغا بېيجىڭدىن ئادەم كەلگەن-لىكىنى ئېيتتى .

غۇلجىغا قايتىش يولىدا سەيپىدىن شوپۇرنى ئالدىرىتىپ : « ماشىنىنى تېزرەك هەيدەڭ ، يەنىمۇ تېزرەك هەيدەڭ » دەيتتى .

بۇ ۋاقىتتا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭغا ئەۋەت-كەن ھەمدە ماۋزېدۇڭنىڭ شىنجاڭ ئىلى ئالاھىدە رايونلۇق ھۆ-كۈمىتى ( ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ) گە ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان خېتىنى ئېلىپ كەلگەن ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىلى

دېڭ لىچۈن غۇلجىدا ئىدى .

رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان خېتىدە ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنىڭ بېيجىڭغا بېرىپ جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىشى تەكلىپ قىلىنغان ئىدى .

بۇ خەۋەر ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرى ئارىسىدا تارقالغاندىن كېيىن ، ئۇلار ئىنتايىن ھاياجانلاندى . ئۇزۇن ئۆتمەي ، ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدا ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى تەشكىللەندى . ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۆتۈپ جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى كېچىك چېگرا بازىرى مانجۇرىيە لىنىيىسى ئارقىلىق بېيجىڭغا بارماقچى بولدى .

8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى يولغا چىقتى .

غۇلجىدا قېلىپ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان سەيپىدىن ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ خەۋىرىنى جىددىي كۈتۈۋاتقاندا ، قايغۇلۇق خەۋەر يېتىپ كەلدى . ئايروپىلان ئاۋارىيەگە ئۇچراپ ، ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئەزالىرى سوۋېت چېگرىسى ئىچىدە قازا تاپتى !

سەيپىدىننىڭ كۆز ياشلىرى دەريادەك ئاقتى . ئىنتايىن ئېغىر غەمگە پاتتى . ئۇ ، مەركەزنىڭ ۋەكىلى دېڭ لىچۈن ئارقىلىق بېيجىڭدىكى رەئىس ماۋ زېدۇڭ بىلەن ئالاقىلىشىپ ، ئۇلارنى قانداق قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق سورىدى .

رەئىس ماۋ زېدۇڭ قايتا يوليورۇق بېرىپ ، شىنجاڭ يەنىلا ۋەكىل ئەۋەتسۇن ، دېدى .

## رەئىس ماۋزېدۇڭنى تۇنجى قېتىم كۆرۈش

جۇڭنەنخەيدىكى خۇەيرېنتاڭ زالى ، سەيپىدىن شىنجاڭ

ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ بېيجىڭغا يېتىپ بارغانىنىڭ 2 - كۈنى 1 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا كەلگەن بارلىق ۋەكىللەر خۇەيرىنتاڭغا تىياتىر كۆرۈشكە تەكلىپ قىلىندى. سەيپىدىن ئەزىزى بىرىنچى رەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئورۇندا ئولتۇردى.

قىزغىن داقا — دۇمباق ساداسى ئىچىدە بىر ئايال ئارتىس سەھنىگە چىقتى.

ئايال ئارتىسنىڭ ھەر بىر ھەركىتى ئىنتايىن لەرزان بو- لۇپ، سەھنە تۆۋىنىدە ئولتۇرغانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئې- رىشتى.

سەيپىدىن ئەزىزگە ھەمراھ بولغۇچى تونۇشتۇرۇپ: «سەھنىدىكى بۇ ئارتىس ئاتاقلىق ئارتىس، ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى خېنىمنىڭ رولىنى ئالغانلىقىغا قاراپ ھەيران قالماڭ، ئۇ كىشى ئەر، ئىسمى مېي لەنفاڭ» دېدى.

«ئۇ شۇنداق زور ماھارەت بىلەن ئويناپدىكەن، قانداقمۇ ئەر كىشى بولسۇن؟» سەيپىدىن ھەيران بولدى. گەرچە ئۇ ئارتىسقا ئەڭ يېقىن ئولتۇرغان تاماشىبىن بولسىمۇ، ئورنىدا ئول- تۇرالماي، ئورنىدىن تۇرۇپ كۆرۈپ باقماقچى بولدى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا بويى ئېگىز، كەڭ گەۋدىلىك بىر كىشى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى. بۇ كىشى سەممىي كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. بۇ ۋاقىتتا جۇ ئېنلەي زۇڭلى كېلىپ «رەئىس ماۋ زېدۇڭ سىزنى كۆرگىلى كەلدى» دەپ تونۇشتۇردى.

«رەئىس ماۋ زېدۇڭ!»

سەيپىدىن ئالدىدا تۇرغان كىشىنىڭ «شەرقنىڭ لېنىن- نى» ماۋ زېدۇڭ ئىكەنلىكىنى ھەرگىزمۇ ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ قولىنى چىڭ تۇتتى.

رەئىس ماۋ زېدۇڭ: «سىلەر يىراقتىن كەلدىڭلار، يول-

بويى جاپا چەكتىڭلار ، بۇگۈن تىياتىر كۆرۈڭلار ، ئەتە كۆرۈ-
شەيلى » دېدى . باش قوماندان جۇ دې رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ
ئارقىسىدا تۇراتتى . ئۇ ئالدىغا ئۆتۈپ سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن
قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى . باش قوماندان جۇ دې : « سىلەرنى
قارشى ئالىمىز » دېدى .

جۇ ئېنلەي زوڭلى سەيپىدىن ئەزىزنىڭ قولىنى چىڭ
تۇتۇپ تۇرۇپ : « رەئىس ماۋ زېدۇڭ ئەتە سىلەرنى قوبۇل قىلى-
ماقچى ، ئەتە كۆرۈشەيلى » دېدى . ئۈچ رەھبەر رەت بويىچە
شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشقا ئەزالىرى بىلەن قول ئېلى-
شىپ كۆرۈشتى . ئالىمجان رەئىس ماۋ زېدۇڭ بىلەن قول ئېلى-
شىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ، ھاياجانلانغانلىقىدىن ھېچ نەرسە
دېيەلمىدى . بۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ ، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ شۇن-
چىلىك كەمتەر ، يېقىملىق كىشى ئىكەنلىكىنى ئويلىماپتىكەنمەن ،
دېدى . ئامېرىكىدا ئوقۇغان ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا بىر مەزگىل
خىزمەت قىلغاندىن كېيىن ، شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن تۇجى «
كۆپنى كۆرگەننىڭ بىلىمى ئەتراپلىق بولىدۇ » دېگەن ھېسسىيات
بىلەن : « بولشېۋىكلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق سەممىي ،
كۆكسى ــ قارنى كەڭ ، يېقىملىق بولىدىكەن ! » دېدى . بۇ ئىش-
تىن كېيىن ، سەيپىدىن ئەزىزى ھەمراھ بولغۇچىدىن مۇنۇلارنى
بىلدى : رەئىس ماۋ زېدۇڭ تىياتىرنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدى-
كەن ، شۇ كۈنى ئويۇن باشلانغاندىن كېيىن ، رەئىس ماۋ زېدۇڭ
جۇ ئېنلەيدىن « شىنجاڭلىق يولداشلار كەلدىمۇ ؟ » دەپ
سوراپتۇ . جۇ ئېنلەي « كەلدى » دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ . رەئىس
ماۋ زېدۇڭ « ئۇلارنى كۆرۈپ كېلەيلى » دەپتۇ . جۇ ئېنلەي
زوڭلى « ئۇلارنى ئەتە قوبۇل قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇق-
قۇ ؟ » دەپتۇ . رەئىس ماۋ زېدۇڭ : « بۇنىڭدىن مەن خەۋەردار ،
ئالدى بىلەن ئۇلارنى كۆرۈپ كېلەيلى ! » دەپتۇ ــ دە ، ئورنىدىن
تۇرۇپ ئالدىغا مېڭىپتۇ

## رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ ئائىلىسىدە مېھمان بولۇش

1950 - يىلى ياز، جۇڭنەنخەيدىكى بىنەپشە راۋاق.

مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ئەزالىرىنىڭ يىغىنى ئاياقلاشتى. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر ئارقا ـ ئارقىدىن رەئىس ماۋ زېدۇڭ بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلاشتى. رەئىس ماۋ زېدۇڭ سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ بىر ياندا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆرۈشتى. بىر تەرەپتىن ماڭغاچ يەنە بىر تەرەپتىن سۆزلەشكەچ قوروغا كىرگەندىن كېيىن جياڭ چىڭ ئالدىغا چىقىپ: «رەئىس قايتىپ كەلدىڭىزمۇ؟» دېدى. رەئىس ماۋ زېدۇڭ جياڭ چىڭغا سەيپىدىن ئەزىزىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن: «تاماق تەييار بولدىمۇ» دەپ سورىدى.

جياڭ چىڭ رەئىس ماۋ زېدۇڭغا: «تاماق تەييار بولدى، تاماق يەۋېلىڭ» دېدى.

رەئىس ماۋزېدۇڭ: «تەييارلاپ قويغان قورۇمىلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋېتىپ، مۇسۇلمانچە قورۇما تەييارلاڭ، يولداش سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن بىرلىكتە تاماق يەيلى» دېدى.

جياڭ چىڭنىڭ چىرايىدا ئوڭايسىزلىنىش پەيدا بولدى.

سەيپىدىن ئەزىزى رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ ئۆزىنى ئۆيىدە مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلىشىنى ئويلاپ باقمىغان، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە شۇنچە ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى، تەييارلاپ قويۇلغان تاماق، قورۇمىلارنى ئالدۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئويلاپ باقمىغانىدى. بۇنداق قىلىش رەئىس ماۋ زېدۇڭغا ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرەتتى.

سەيپىدىن ئەزىزى قايتا ـ قايتا رەھمەت ئېيتىپ، مېھمانخانىغا قايتىپ تاماق يەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

رەئىس ماۋ زېدۇڭ قول ئىشارىتى قىلىپ ئاستاغىنا:

« بۇنى قىلغىلى بولىدۇ ، سىز مېھمانخانىغا تېلېفون بېرىڭ ، ئۇلار بىر خۇيزۇ ئاشپەز ئەۋەتسۇن ، قوي ، كالا گۆشى ئالغاچ كېلىپ تاماق تەييارلىسۇن » دېدى . ئۇنىڭدىن كېيىن رەئىس ماۋ زېدۇڭ جياڭ چىڭغا : « سىزگە بىر يېرىم سائەت تەييارلىق ۋاقتى بېرەي ، بالىلارنى باشلاپ كېلىڭ ، بىرلىكتە تاماق يەيلى » دېدى .

سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن رەئىس ماۋ زېدۇڭ سەيپىدىننى مېھمانخانىسىغا باشلاپ كىرىپ ، كرېسلودا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى . سەيپىدىن ئەزىزى رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ چارچاپ كەتكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ ، رەئىسنىڭ ئۆزى بىلەن كارى بولماي ، ئازراق دەم ئېلىۋېلىشىنى ئۆتۈندى .

رەئىس ماۋ زېدۇڭ : « سۆزلىششمۇ بىر خىل دەم ئېلىش » دېدى . سۆزلىششىنىڭ تېمىسى ئۆزلىكىدىن شىنجاڭغا يۆتكەلدى . رەئىس ماۋ زېدۇڭ مۇنداق دېدى : « شىنجاڭ يېرى كەڭ ، بايلىقى كۆپ ، كان بايلىقلىرى مول گۆھەر زېمىن . ئۇيغۇر مىللىتى قەدىمكى ۋە ياش مىللەت ، ئۇيغۇرلار تارىختا ئۆزىنىڭ كۈچلۈك خاندانلىقىنى قۇرغان بولسىمۇ ، بىراق ئىچكى جايلار بىلەن سىياسى ، ئىقتىساد قاتارلىق جەھەتلەردە ئىزچىل ھالدا زىچ مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن . ئۇلار ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرىسىنى قوغداپ ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان . تارىختا ئۇيغۇر مىللىتى كۆپ قېتىم شەرققە قوشۇن ئەۋەتىپ ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خانلارنىڭ توپىلاڭنى تىنچىتىشقا ياردەم بەرگەن . ھازىر بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان جيەن بوزەنمۇ سىلەر ئۇيغۇرلاردىن بولۇپ ، ئۇ خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ تاۋيۈەن دېگەن يېرىدىن . ئەسلى يۇرتى شىنجاڭدىن بولۇپ ، مىڭ سۇلالىسى يىللىرى خان ئوردىسى ۋۇلىن توپىلىڭىنى تىنجىتقاندىن كېيىن ، خۇنەندە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ، گەرچە ئۇلارنىڭ تىلى ئۆزگەرگەن بولسىمۇ ، ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ، كىيىم ـ كېچىكى ، تىل

شىۋىسىدىن يەنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرلار ئاق كۆڭۈل، ئوچۇق - يورۇق، ئەمگەكچان، مېھماندوست، كۆكسى - قارنى كەڭ، ئەقىللىق خەلق، بۇلار-نىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەردىمۇ مۇشۇنداق گۈزەل ئەخلاق بار.»

رەئىس ماۋ زېدۇڭ مۇنداق دېدى: «ئۇيغۇر مىللىتى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققى قىلىشىغا زور تۆھپىلەرنى قوشقان. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭ ياخشى بىر ماكان، ھەر مىللەت خەلقى ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان خەلق. لېكىن تارىختىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلار، بولۇپمۇ چىڭ سۇلالىسى ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى-لىرى، يەنە شېڭ شىسەيمۇ بار، ئۇلار ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ ۋە ئېزىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.»

رەئىس ماۋ زېدۇڭ قەتئىي تەلەپپۇزدا: «ھەر مىللەت خەلقىنى ھازىرقى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلاش بىز كوممۇنىستلارنىڭ ۋەزىپىسى» دېدى. رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ دادىل، مەردانە سۆز-لىرى بىلەن بىر يېرىم سائەت ۋاقىت بىردەمدىلا ئۆتۈپ كەتتى. خىزمەتچى خادىم: «تاماق تەييار بولدى» دەپ دوكلات قىل-دى.

رەئىس ماۋ زېدۇڭ ئورنىدىن تۇرۇپ: «يۈرۈڭ، تاماق يەيلى» دېدى. بۇ قېتىمقى سۆھبەت رەئىس ماۋ زېدۇڭ بىلەن سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئەڭ ئۇزۇن سۆھبەتلىشىشى بولۇپ قالدى (نەق مەيداندا سەيپىدىن ئەزىزىدىن باشقا بىر تەرجىمان بار ئىدى). رەئىس ماۋ زېدۇڭ نۇرغۇن مەسىلىلەرنى سۆزلىدى. بۇنىڭ بەزىلىرىنى سەيپىدىن ئەزىزى ئاڭلاپمۇ باقمىغان ھەتتا

ئويلاپمۇ باقمىغانىدى . ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىئالغۇ يوق ئىدى . ئەگەر بولسا ئىدى ، ھازىر ئۇنىئالغۇ لىنتى-سىنى قويۇپ ئاڭلاپ باقساق نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ــ ھە !
رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ ھەر بىر مەسىلىنى ئاستا ، تەمكىن سۆز-لىگەنلىكىنى ئاڭلاپ سەيپىدىن ئەزىزى ھاياجانلاندى ، خۇ-شاللاندى . تېخىمۇ كۆپرەك خىجىل بولدى . ئۇيغۇر مىللىتى سۇپىتى بىلەن ئۇ ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى رەئىس ماۋ زېدۇڭ-دەك بىلمەيدىغانلىقىنى ھەمدە ماۋ زېدۇڭدەك كۆپ ، چوڭقۇر چۈشەنمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇ ، خۇنەندىمۇ ئۇيغۇرلار-نىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتى . جيەن بوزەننى تېخىمۇ بىلمەيتتى .
كېيىن سەيپىدىن ئەزىزى بېيجىڭغا كەلگەندە ، جيەن بوزەنگە تېلېفون بەردى . جيەن بوزەن سەيپىدىن ئەزىزى چۈشكەن بېيجىڭ مېھمانخانىسىغا بېرىپ ئۆزىنى يوقلىغاندا ، ئۇلار رەئىس ماۋ زېدۇڭ ، خۇنەن ، شىنجاڭ توغرىسىدا ئۇچۇق ــ يورۇق قىز-غىن سۆزلەشتى . سەيپىدىن ئەزىزى جيەن بوزەنگە ئۇيغۇرلار-نىڭ دوپپىسىنى تەقدىم قىلغاندا ، ئۇ ، خۇشال ــ خورام ھالدا دوپپىنى كىيىپ قىزغىن ئۇسسۇل ئويناپ كەتتى .
سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ خاتىرىسىدە شۇنداق ئېنىقكى ، رە-ئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولغاندا ، رەئىس ماۋ زېدۇڭ ئۆز ئۆيىدىكىلەرگە تونۇشتۇرۇپ : « بۇ كىشى يولداش سەيپى-دىن ئەزىزى بولىدۇ ، شىنجاڭلىق ئۇيغۇر » دېگەنىدى . ئاندىن ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرىنى بىرمۇ ــ بىر تونۇشتۇرغانىدى : « ماۋئەن-يىڭ ، ماۋئەنچىڭ ، ماۋيۈەنشىن » . ئۇ ماۋئەنيىڭنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ : « بۇ مېنىڭ چوڭ ئوغلۇم بولىدۇ ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ قايتىپ كەلدى » دېدى .
سەيپىدىن ئەزىزى رۇس تىلى بىلەن ماۋئەنيىڭنىڭ سو-ۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۆگىنىش ، تۇرمۇش ئەھۋالىنى ھەمدە سو-ۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان تەسىرىنى سورىدى . رەئىس ماۋ زېدۇڭ

ئىنتايىن دىققەت قىلىپ ئاڭلىدى. «ئۇ رۇس تىلىدا لاياقەتلىك-مىكەن؟» دەپ سورىدى ماۋ زېدۇڭ. «پۈتۈنلەي لاياقەتلىك ئىكەن» دەپ جاۋاپ بەردى سەيپىدىن ئەزىزى. رەئىس ماۋ زېدۇڭ باش لىڭشىتقاندىن كېيىن، ماۋئەنيىڭغا مۇنداق دېدى: «ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈردۇڭ، لېكىن سېنىڭ ئۆگەن-گەن كىتابىي بىلىملىرىڭ يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس، داۋاملىق ئۆگىنىشىڭ لازىم. تەبىئىي پەن، ئىجتىمائىي پەننى ئۆگىنىشىڭ لازىم. ئاساسىي قاتلامغا، ئامما ئارىسىغا بېرىپ، ئاممىدىن ئۆ-گىنىشىڭ، ئەمگەك جەريانىدا چېنىقىشىڭ لازىم». ماۋ زېدۇڭ سەيپىدىنگە بىر قارىۋالغاندىن كېيىن، ماۋئەنيىڭگە داۋاملىق مۇنداق دېدى: «مەن سېنى يولداش سەيپىدىنگە تاپشۇرىمەن. سەن ئۇنىڭ بىلەن شىنجاڭغا بارغىن. شىنجاڭ ياخشى جاي، ئۇ يەردىكى خەلق ئىنتايىن ياخشى، ئۇلار سېنى قىزغىن قارشى ئا-لىدۇ. سەن ھەر مىللەت خەلقنى ئۇستاز تۇت، ئۇلارغا ياخشى خىزمەت قىل، بۇنىڭ ئۈچۈن سەن ئالدى بىلەن ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىشىڭ لازىم».

ماۋئەنيىڭ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا سەيپىدىن ئەزىزىدىن: «سىز قاچان شىنجاڭغا قايتىسىز، مېنى ئېلىپ كې-تەمسىز؟» دەپ سورىدى. سەيپىدىن ئەزىزى: «سىزنىڭ شىنجاڭغا بېرىپ خىزمەت قىلىشىڭىزنى قارشى ئالىمىز، شىنجاڭ خەلقىنىڭ قەلبى خۇددى قۇمۇل قوغۇنىغا ئوخشاش تاتلىق، سىز تېزلا شىنجاڭ خەلقىنى ياخشى كۆرۈپ قالىسىز» دېدى. سەي-پىدىن ئەزىزى سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، رەئىس ماۋ زې-دۇڭدىن پىكىر ئالدى. ماۋ زېدۇڭنىڭ ئاللا بۇرۇنلا ئورۇنلاش-تۇرۇشى بار ئىدى. شىنجاڭغا چوقۇم بېرىش، ئالدى بىلەن ئەڭ جاپالىق مۇھىتتا چېنىقتۇرۇپ، كېيىنچە شىنجاڭغا ئەۋەتىش ئىدى.

رەئىس ماۋ زېدۇڭ ماۋيۈەنشىگە قاراپ: «داداڭ شىن-

جاڭدا شىلىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. سىنىڭ شىنجاڭغا بىرىشىڭ تېخىمۇ زۆرۈر. سەن شىنجاڭغا بىرىپ داداڭ ئورۇندىيالمىغان ئىشلارنى ئورۇنداپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلىشىڭ لازىم» دېدى.

تاماق شىرەسىدىكى كەيپىياتنى ئۆزگەرتمەكچى بولدىمۇ ـ قانداق، ماۋ زېدۇڭ ماۋ ئەنيىڭدىن: «ھازىر سەيپىدىن ئەزىزى شىنجاڭ خەلقىنىڭ قەلبى خۇددى قۇمۇل قوغۇنىغا ئوخشاش تاتلىق، دەپ ئىنتايىن توغرا ئېيتتى. قۇمۇل قوغۇنى نېمە ئۈچۈن شۇنچە تاتلىق؟ شىنجاڭنىڭ كىلىماتى، تۇپرىقىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن ئوخشاش بولماسلىقىدىنمۇ؟» دەپ سورىدى. ماۋ ئەنشىن كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ ئويلاپ بېقىپ، بېشىنى چايقاپ جاۋاپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. رەئىس ماۋ زېدۇڭ تۇپراق، كىلىمات يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسىدىن تارتىپ دېھقانلارنىڭ تېرىقچىلىق تەجرىبىلىرىگىچە توختىلىپ، مۇشۇنداق شارائىت بولغاندىلا، قۇمۇل قوغۇنىنىڭ قەنت دەرىجىسى 16 پىرسەنتتىن 26 پىرسەنتكىچە يۇقىرى بولىدۇ، دېدى. ماۋ زېدۇڭنىڭ مول، ئەتراپلىق بىلىمى سەيپىدىن ئەزىزىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

ئىنتايىن ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ماۋئەنيىڭ چاۋشيەن ئۇرۇشىدا قۇربان بولدى. سەيپىدىن ئەزىزى: ھازىرغىچە ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا، ماۋئەنيىڭ چوقۇم شىنجاڭغا كېلەتتى، دەپ قارايدۇ. سەيپىدىننىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، ماۋئەنيىڭ تېتىك ياش بولۇپ، بىردەم خەنزۇچە، بىردەم رۇسچە سۆزلەيتتى. رۇسچىنى ئىنتايىن ئۆلچەملىك سۆزلەيتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، مۇشۇنداق بىر ياش گۈل چېچەكتەك توزۇپ ۋاپات بولۇپ كەتتى. كېيىن سەيپىدىن ئەزىزى رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ پەرزەنتلىرىگە قاتتىق تەلەپ قويىدىغانلىقىنى، پەرزەنتلىرىدە ئەۋزەل شارائىتتىن پايدىلىنىش ھېسسىياتىنىڭ پەيدا بولۇپ،

ئامىدىن ئايرىلىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، پەرزەنت-لىرنى پىكاپ بىلەن مەكتەپكە ئاپىرىشقا، ئېلىپ كېلىشكە رۇخسەت قىلمايدىغانلىقىنى، ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا، پەر-زەنتلىرىنىڭ ئۆزى بىلەن بىر شىرەدە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشكە رۇخسەت قىلمايدىغانلىقىنى، ئەكسىچە ئۇلارنى ئاشخانىغا بېرىپ، خىزمەتچى خادىملار بىلەن بىرلىكتە تاماق يېيىشكە بۇيرۇيدىغان-لىقىنى بىلىۋالدى. ئۇ كۆنى پەرزەنتلىرى بىلەن بىرلىكتە تاماق يېيىش ئائىلە كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، شۇنداقلا سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن پەرزەنتلىرىنى ئۆزئارا تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. بۇ نۇقتىنى سەيپىدىن ئەزىزى شۇ ۋاقىتتا ئويلاپ يېتەلمىگەنىدى.

## رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىشەنچىسى

1949 - يىلى 9- ئاينىڭ 17 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سا-ئەت ئۈچ.

جۇڭنەنخەينىڭ قوبۇل قىلىش زالى.

رەئىس ماۋزېدۇڭ، جۇدې، ليۇشاۋچىلار سەيپىدىن قا-تارلىقلارنىڭ زالغا كىرگەنلىكىنى كۆرۈپلا، ئورۇنلىرىدىن تۇ-رۇشۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا قازاغا ئۇچرىغانلارغا ماتەم بىل-دۈردى. رەئىس ماۋزېدۇڭ: «ئۇلارنىڭ ۋاپاتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن يوقىتىش بولۇپلا قالماستىن، جۇڭگو خەلقى ئۈچۈنمۇ چوڭ يوقىتىش. ئۇلار خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن ۋاپات بولدى، ئۇلارنىڭ روھى مەڭگۈ ھايات» دېدى. رەئىس ماۋ زېدۇڭ يەنە: «ئۇلار شىنجاڭنىڭ قەھرىمانلىرى، شىنجاڭ خەلقى ئۇلارنى خاتىرلەيدۇ، ئۇلار ئۈچۈن مۇنار تىكلەيدۇ»، «شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى، سىلەر گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئۇنۇملۇك كۈرەش ئېلىپ بېرىپ،

گـومىنداڭنىڭ 100 مىڭغا يېقىن ئەسكىرىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، پۈتۈن مەملىكەتنى ئازاد قىلىشقا تۆھپە قوشتۇڭلار » دېدى .
رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ سۆزلىرى سەيپىدىن ئەزىزىنى كۈچلۈك ھاياجانغا سالدى . ئۇنىڭ كۆزى ياشقا تولدى .
يىغىن ئېچىلغان ئاشۇ كۈنى سەيپىدىن ئەزىزىگە سۆز قىلىش نۆۋىتى كەلگەندە ، ئۇنىڭ قەلبى ھاياجانغا چۆمدى . سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ، ئۇ شىنجاڭدىكى تۆت مىليون ھەر مىللەت خەلقىغە ۋاكالىتەن رەئىس ماۋ زېدۇڭغا ئۇيغۇر خەلـ-قىنىڭ تۇمىقى بىلەن تون تەقدىم قىلدى . بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك دوستلىرىغا تەقدىم قىلىدىغان قىممەتلىك سوۋغىسى ئىدى . رەئىس ماۋ زېدۇڭ شۇ يەردىلا تون بىلەن تۇ-ماقنى كىيگەندە يىغىن مەيدانىدا كۈلكە ساداسى كۆتۈرۈلدى . ئالقىش ساداسى قۇلاقنى ياراتتى .
رەئىس ماۋ زېدۇڭ 400 مىليون جۇڭگو خەلقىغە ۋاكالى-تەن پۈتۈن دۇنياغا : « جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى ! » « جۇڭگو خەلقى ھازىردىن باشلاپ ئورنىدىن دەس تۇردى ! » دەپ جاكارلىغاندا سەيپىدىن ئەزىزمۇ تيەنئەنمېن راۋىقىدا بىللە ئىدى .
ئونمىڭلىغان ئاما خۇشاللىققا چۆمگەن مەنزىرە ئالدىغا-چان باشلانغان ۋە ھازىر باشلىنىۋاتقان ئىشلار سەيپىدىن ئەزى-زىنى رەئىس ماۋ زېدۇڭ ، زۇڭلى جۇئېنلەيگە ئوخشاش جان - دىل بىلەن شىنجاڭ خەلقى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر خىزمەت قىلىش مەجبۇرىيىتىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدۇردى .
سىياسىي كېڭەش يىغىنى ئاياقلاشقاندىن كېيىن ، سەي-پىدىن ئەزىزى شىنجاڭغا قايتىپ كەلدى . ئەتراپلىق ئويلىغاندىن كېيىن ، سەيپىدىن ئەزىزى رەئىس ماۋ زېدۇڭغا پارتىيىگە كى-رىش ئىلتىماسى سۇندى . لېكىن ئۇ ئىنتايىن جىددىيلىشىپ

كەتتى. ئىلتىماسىنى كۆرگەندىن كېيىن، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ يۈزىدە خۇشاللىق جىلۋە قىلدى ۋە ئۆز قولى بىلەن سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسىنى تەستىقلىدى ھەمدە ۋاڭ جېن، دېڭ لىچۈەنلەرنىڭ سەيپىدىننىڭ پارتىيىگە كىرىشىدىكى تونۇشتۇرغۇچىلىرىدىن بولۇشىنى تەكلىپ قىلدى.

تەشكىل سەيپىدىننىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنغانلىقىنى ئۇقتۇرغاندا، ئۇ ئېيتىدخارلىق ۋە خۇشاللىق ھېس قىلدى.

1950 - يىلى رەئىس ماۋ زېدۇڭ بىر قېتىم ۋاڭ جېن بىلەن سەيپىدىن ئەزىزىنى قوبۇل قىلغاندا، ۋاڭ جېنغا: «سىزنىڭ شىنجاڭدا ئىككى تۈرلۈك ۋەزىپىڭىز بار: بىرى، پارتىيە سىزگە تاپشۇرغان تۈرلۈك خىزمەتلەر؛ يەنە بىرى، سىزنىڭ خۇنەنلىك يۇرتدىشىڭىز زوزوڭتاڭ ئۈچۈن قەرز قايتۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» دېدى. سەيپىدىن ئەزىزى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، بۇنىڭدىن رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ خىزمەت جەھەتتە ئۆزىدىن كۈتىدىغان ئۈمىدى ۋە قوللىشىنى ھەمدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە غەمخورلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

## رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ غەمخورلۇقى

1950 - يىلى 2 - ئايدا سەيپىدىن ئەزىزى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پارتىيە — ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە رەئىس ماۋ زېدۇڭ بىلەن بىرلىكتە سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيارەتتە بولۇش ئۈچۈن موسكۋاغا باردى. موسكۋادا رەئىس ماۋ زېدۇڭ سەممىي ھالدا سەيپىدىن ئەزىزىدىن شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «ئاڭلىشىمچە بەزى خەنزۇلار سىز بىلەن ھېسابلاشماقچى بوپتۇغۇ؟» دەپ سورىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنـ

قىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە خەنزۇلار ئاممىسى بىلەن خەنزۇ هۆكۈمرانلار پەرقلەندۈرۈلمىگەنلىكتىن، بەزى كىشىلەر خاتا هالدا ئۆلتۈرۈلگەنىدى، بەزى خەنزۇلار (ئاساسلىقى گومىنداڭنىڭ ئەمەلدارلىرى، باي سودىگەرلەر ۋە پومېشچىكلار) ئۈرۈمچىگە قېچىپ كېلىشۋالغانىدى. تەخمىنەن 1950 - يىل 1 - ئاي مەزگىلىدە ئۈرۈمچىگە قېچىپ كېلىشۋالغان بۇ كىشىلەر ئارقىمۇئارقا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيوروسى ئورگىنىغا باستۇرۇپ كىرىپ نامايىش قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا ئۆلتۈرۈلگەن خەنزۇلارنىڭ قان - قەرزىنى تۆلەپ بېرىشنى، مۇسادىرە قىلىنغان مال - مۈلۈكنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، سەيپىدىننىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ۋاڭ جېن بۇ ئىشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىنتايىن ئاچچىقلانغان ھەمدە سەيپىدىننى ئوتتۇرىغا چىقارماي، ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ نامايىش قىلغۇچىلارنى ھەيدىۋەتكەن.

سەيپىدىن ئەزىزى بۇ ئىشنى ۋاڭ جېن ھەل قىلىپ بولدى. رەئىس ماۋ زېدۇڭنى يەنە ئاۋارە قىلىپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ ئويلاپ بۇ ئىشنى رەئىس ماۋ زېدۇڭغا دوكلات قىلمىغانىدى.

رەئىس ماۋ زېدۇڭ ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «ۋاڭ جېن توغرا قىپتۇ، بىراق، مەسىلە بۇنداق ئوڭاي ھەل بولمايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن بەزىلەر يەنە ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن. ئەگەر بەزىلەر يەنە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي خەنزۇلارنى ئۆلتۈردى، دەپ سىز بىلەن ھېسابلاشماقچى بولسا، سىز باشقىنى دېمەڭ، پەقەت زوزۇڭتاڭنىڭ شىنجاڭدا ئۆلتۈرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنى ئۆزلىرى ھېسابلىشىۋالسۇن» دېدى. رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ بىر قانچە سۆزى بىر تارىخىي مەسىلىنى ھەل قىلدى. سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ قەلبىدە خۇشاللىق ۋە يېنىكلىك ھېسسىياتى

تولۇپ تاشتى.

## رەئىس ماۋ زېدۇڭغا ئەگىشىپ زىيارەتكە چىقىش

رەئىس ماۋ زېدۇڭ ئۆز ئۆمرىدە ئىككى قېتىم چەت ئەلگە چىققان. ئىككىلا قېتىمدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيارەتتە بولغان. ئىككىلا قېتىمقى زىيارەتتە، سەيپىدىن ئەزىزى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى بولغان.

1950 - يىلى 2 - ئايدا رەئىس ماۋ زېدۇڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيارەتتە بولدى. موسكۋادا، سەيپىدىن ئەزىزى ماۋ زېدۇڭ بىلەن ستالىندىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئۇلۇغ زاتنىڭ قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن مەنزىرىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ستالىننىڭ ماۋ زېدۇڭنىڭ ئالدىدا ئۆز ــ ئۆزىنى تەنقىد قىلغانلىقىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىدى. ستالىن مۇنداق دېگەن ئىدى: « يولداش ماۋ زېدۇڭ، ئەمەلىيەت سىزنىڭ توغرا قىلغانلىقىڭىزنى، مېنىڭ خاتا قىلغانلىقىمنى ئىسپاتلىدى » . ( ستالىن رەئىس ماۋ زېدۇڭغا تەكلىپ بېرىپ جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلىش ۋاقتىنى ئون يىل كېچىكتۈرۈشنى تەلەپ قىلغاندا ماۋ زېدۇڭ قوشۇلمىغان. ئەكسىچە جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت تەلىپى ۋە ئەھۋالىغا ئاساسەن، كۈچلۈك غەيرەت قىلىپ، چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، جياڭ جېيشى خاندانلىقىنى يوقىتىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغان ).

1957 - يىلى سەيپىدىن ئەزىزى رەئىس ماۋ زېدۇڭ يېتەكچىلىكىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن يەنە بىر قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىغا باردى. زىيارەت ئاخىرلاشقاندا، سەيپىدىن ئەزىزى رەئىس ماۋ زېدۇڭغا ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا قايتىدىغانلىقىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى بىر قانچە جۇمھۇرىيىتىگە بېرىپ كۆرۈپ باقماقچى بو-

لۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى . رەئىس ماۋ زېدۇڭ : « بولىدۇ ، سىز چاررۇسىيىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى قانداق ئەزگەنلىكىنى ، هازىر ئۇلارغا نىمىلەرنى قىلىپ بېرىلگەنلىكىنى كۆرۈپ بېقىڭ . بىز خەنزۇلار ئۆتكەندە شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئەزگەن ، هازىر نېمىلەرنى قىلىپ بېرىشىمىز كېرەك ؟ سىز مۇشۇ مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن هالدا كۆرۈپ بېقىڭ ، ۋەتەنگە قايتـ قاندىن كېيىن ماڭا ئېيتىڭ » دېدى .

رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ ئىشىنىشى سەيپىدىن ئەزىزىنى ئىلهامغا سالدى . ئۇ شىنجاڭغا قايتقاندىن كېيىن ، كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى يېزىپ ، رەئىس ماۋ زېدۇڭغا دەرهال دوكلات قىلدى .

شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى بىر قانچە ئىتتىپاقداش جۇمهۇرىيىتى بىلەن چېگرىداش بولۇپ ، تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشۈش ، دوستلىرىنى يوقلاش ، ئۆزئارا باردى ـ كەلدى قىلىش دائىم بولۇپ تۇراتتى . مۇناسىۋەت بىر قەدەر زىچ ئىدى . بىراق ، شۇ ۋاقىتلاردا ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى خېلىلا پەرقلىق ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭ يېڭىلا ئازاد بولغانلىقى ئۈچۈن تۇرمۇش بىر قەدەر جاپاـ لىق ئىدى . بۇ مەسىلىگە قارىتا رەئىس ماۋ زېدۇڭ بىر قانچە قېـ تىم سەيپىدىن ئەزىزگە : « شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي خىزمىتىنى چوقۇم يۈكسەلدۈرۈش لازىم . دېهقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ، ساـ نائەتنى يىلدىن ـ يىلغا ياخشىلاپ ، سوۋېت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈپلا قالماستىن ، بەلكى ئۇلارنىڭكىدىن ئاـ شۇرۇۋېتىش لازىم » دېگەنىدى .

60 ـ يىللارنىڭ باشلىرى ، دۆلىتىمىز ئۈچ يىللىق جاپالىق تەبىئىي ئاپەت مەزگىلىگە قەدەم قويدى . شىنجاڭنىڭ باي ناهىـ يىسىدە ئاچلىقتىن ئادەم ئۆلۈش ، چېگرىدىكى خەلقلەر چەتكە قېچىش ۋەقەسى يۈز بەردى . بۇنداق ئەهۋاللار رەئىس ماۋ زېـ

دۇڭنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، مەركەز
لورۇيىچىڭ، شيې فۇجۇلارنى شىنجاڭغا خىزمەتلەرنى تەكشۈ-
رۈشكە ئەۋەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، سەيپىدىن ئەزىزى خەلق قۇ-
رۇلتىيىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا باردى. خەلق سارىيىنىڭ
دەم ئېلىش ئۆيىدە ئۇ ماۋ زېدۇڭ بىلەن كۆرۈشتى. ماۋزېدۇڭ:
« لورۇيىچىڭ، شيې فۇجۇلار مەخسۇس شاڭخەيگە بېرىپ شىن-
جاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى ماڭا دوكلات قىلدى. سىلەرنىڭ خىز-
مەتلىرىڭلاردا نەتىجىمۇ، يەنە بىرمۇنچىلىغان كەمچىلىكلەرمۇ
بار » دېدى. سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ماۋ زېدۇڭ ئازراق
ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن يەنە: « خەنزۇ كادىرلار ئېھتىياتچان
بولۇشى، مىللىي كادىرلار ئوچۇق ـ يورۇق سۆزلىشى لازىم »
دېدى.

سەيپىدىن ئەزىزگە شۇ نەرسە ئايانكى، بەزى كادىرلاردا
مەغرۇرلۇق، ئۆز ـ ئۆزىدىن قانائەتلىنىش كەيپىياتى ئۆسۈپ
قېلىپ، بىر ئىزدىلا توختاپ قېلىپ، بيوروكراتلىق قىلىپ ئام-
مىدىن ئايرىلىپ، خىزمەتلەرنى زىيانغا ئۇچراتقان ئىدى. ئۇنىڭ
ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ بىرى ( ج ك پ
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ 2 ـ شۇجىسى،
ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ) بولۇش سۈپىتى بىلەن مەسئۇلىيىتى
بار ئىدى. بەزى يولداشلار ئېغىرراق خاتالىق ئۆتكۈزگەنىدى.
رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ تەنقىدىمۇ مۇشۇ نۇقتىنى چىقىش قىلىپ،
ئۇنىڭغا مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى تونۇتۇش ئىدى.

1959 ـ يىلى رەئىس ماۋزېدۇڭ سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن
ۋاڭ ئىنماۋنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن: « شىنجاڭ
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى چوقۇم ياخشىلاش لازىم، ئالدى بىلەن
خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاق-
لىقنى ياخشىلاش لازىم. بۇنىڭدىكى ئاچقۇچ ـ خەنزۇ كادىرلار

بىلەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئىنتىپاقلىقىنى ياخ-شىلاشتا ، سىز ( ۋاڭ ئىنماۋنى كۆرسىتىپ ) خەنزۇ كادىرلارنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەڭ ، سىز ( سەيپىدىننى كۆرسىتىپ ) مىللىي كادىرلارنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەڭ » دېدى . ئۇلار-نىڭ خىزمىتىدە كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى كونكرېت تەنقىد قىل-مىدى . سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ قارىشىچە بۇ رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ ئومۇمەن خاتالىق ئۆتكۈزگەن يولداشلارنىڭ خاتالىقىنى تونۇ-شىلا ، خاتالىقنى تۈزىتىپ ، ئۆزىنىڭ ياخشى يولداشلاردىن بو-لۇپ قالىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى .

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ دەسلەپكى مەزگىللى-رىدە شىنجاڭدا سەيپىدىن ئەزىزى تەنقىد قىلىندى . تارتىپ چىقىرىلدى . رەئىس ماۋ زېدۇڭ خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ، سەي-پىدىن ئەزىزنى بېيجىڭغا چاقىرتىپ كەتتى ھەمدە « سەيپىدىن ئەزىزى ياخشى يولداش ، مەن ئۇنى چۈشىنىمەن ، ئۇ پارتىيىگە قارشى تۇرمايدۇ » دېدى .

رەئىس ماۋزېدۇڭ سەيپىدىن ئەزىزنى باشتىن - ئاخىر قوغداپ قالدى . سەيپىدىن ئەزىزى : « بۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ زور بەختىم ۋە بايلىقىم » دېدى .

سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ بېيجىڭدىكى ئۆيىنىڭ مېھمانخانى-سىدا ئۈچ پارچە سۈرەت ئېسىقلىق : بۇنىڭ بىر پارچىسى ئۇنىڭ ياش ۋاقتىدا چۈشكەن سۈرىتى ؛ يەنە بىرى ، رەئىس ماۋ زېدۇڭ ، زۇڭلى جۇئېنلەي ، باش قوماندان جۇدېلارنىڭ ئايرودرومدا چۈشكەن سۈرىتى ؛ يەنە بىرى ، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ سەيپى-دىن ئەزىزى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈۋاتقان ۋاقتىدا تارتىل-غان سۈرەت بولۇپ ، ئاشۇ بەختلىك مىنۇتلارنى ئۇ مەڭگۈ ئۇنۇ-تالمايدۇ .

شىنجاڭدا رەئىس ماۋ زېدۇڭ شىنجاڭغا كېلىدىكەن ، رەئىس ماۋ زېدۇڭ شىنجاڭ خەلقى ياخشى ، شىنجاڭ ياخشى ما-

كــان ، دەپتۇ . ئۇ شىنجاڭغا كېلىپ كۆرۈپ باقىدىكەن ، دېگەن گەپ ـ سۆز تارقالدى .

شىنجاڭدا پۈتۈن مەملىكەتكە تارقالغان مۇنداق بىر ھېـ-كايىمۇ بولغان : قۇربان تولۇم ئىسىملىك بىر بوۋاي پارتىيە ۋە رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ مېھرى ـ شەپقىتىگە رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن كۆكۈل قويۇپ ئىككى قوغۇن يېتىشتۈرۈپتۇ .

قـوغۇن پىشقاندا بۇ بوۋاي ئېشىكىگە مىنىپ ، قوغۇننى ئېـشەككە ئارتىپ ، قوغۇننى ئاپىرىپ رەئىس ماۋ زېدۇڭغا سوۋغا قىلماقچى بوپتۇ .

سـەيپىدىن ئەزىزى مۇنداق دەيدۇ : بۇ ھېكايە ۋە گەپ ـ سـۆزنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي . رەئىس ماۋ زېدۇڭ كۆپ قېتىم شىنجاڭ ياخشى ماكان ، دېگەن . ئۇ يەنە قىزىقارلىق تەلەپپۇزدا : ۋاڭ ئاغىچا پۈتىنى يۇيغان بۇغدا كۆلىگە بېرىپ مەنمۇ يۇيىمەن دېـگەن ...بىراق خىزمىتى ئالدىراش ، يول يىراق بولغانلىقى ئۈـ-چۈن رەئىس ماۋ زېدۇڭ ئاخىر يەنىلا شىنجاڭغا كېلەلمىدى .

شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇشى رەئىس ماۋزېدۇڭ ئەينى يىللىرى پەرەز قىلغاندەك ، كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلاندى ھەمدە قوشنا دۆلەت خەلقلىرىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى .

سـەيپىدىن ئەزىزى شۇنى ئېسىدە چىڭ ساقلىغانكى ، ئەينى يىللىرى ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قازاغا ئۇچـرىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ئۇنىڭ قەلبىنى ئېغىر يـارىلاندۇرغان ، ئېچىندۇرغانىدى . ئۇلار يۇرتىنى بىرلىكتە گۈللـ-ـلەندۈرمەكچى ئىدى . 1950 ـ يىلى موسكۋادا سەيپىدىن ئەزىزى رەئىس ماۋ زېدۇڭغا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ قازاغا يولۇققان يـولداشلارنىڭ جەسىتىنى تاپقانلىقىنى ھەمدە بىز تەرەپكە تاپـ-شۇرۇپ بەرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى دوكلات قىلدى . رەئىس ماۋ زېـدۇڭ دوكلاتـنى ئاڭلىغاندىن كېيىن : « ئىنقىلابىي قۇربانلار-نىڭ جەسىتىنى شىنجاڭغا ئېلىپ كېتىمىز ، چوقۇم شىنجاڭغا

ئېلىپ كېتىپ دەپنە قىلىمىز » دېگەنىدى . رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن ، سەيپىدىن ئەزىزى بىۋاسىتە ئۆزى جەسەتنى شىنجاڭغا قايتۇرۇپ كەلدى ھەمدە داغدۇغىلىق دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى ۋە قەبرىستانلىق ياسىلىپ خاتىرە مۇنارى تىكلەندى .

يىللار ئىز قوغلىشىپ 40 يىل ئۆتۈپ كەتتى ، رەئىس ماۋزېدۇڭ ، زۇڭلى جۇئېنلەي ، باش قوماندان جۇدېلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بىزدىن ئايرىلدى . سەيپىدىن ئەزىزىمۇ ياشىنىپ قالدى . 1991 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئۇ شىنجاڭغا كېلىپ ، شىنجاڭدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ ھاياجىنى تولۇپ تاشتى . شېئىر يېزىپ ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى . ماۋ زېدۇڭ ! بۇ كىشىلەر نېمدېگەن ھۆرمەتلەيدىغان ئىسىم . سەيپىدىن ئەزىزى بۇ ئىسمنى مەڭگۈ ئېسىدە ساقلايدۇ .

## سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ

سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ، 1918 - يىلى 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تۇرپان چاتقال يېزىسى (تۇرپان قىرىمچى) دا كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 1944 - يىلى 10 - ئايدا شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان، 1950 - يىلى 3 - ئايدا ۋاڭ جېن، ۋاڭ ئېنماۋنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن قەشقەردە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. دەم ئېلىشقا چىقىشتىن ئىلگىرى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئىدى.

سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ 1945 - يىلى 3 - ئايدىن 1946 - يىلى 6 - ئايغىچە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى مائارىپ نازارىتى كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە غۇلجا شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى. 1945 - يىلى 10 - ئايدىن 1948 - يىلى 8 - ئايغىچە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە رەئىس ۋەزىپىسىنى ئاتقۇردى.

ئازادلىقتىن كېيىن، ئۇ 1949 - يىلى 11 - ئايدىن 1950 - يىلى 5 - ئايغىچە جەنۇبىي شىنجاڭ تەشۋىقات ئەترىتىنىڭ دۈيجاڭى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي - مەمۇرىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە ئاممىۋى خىزمەت بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى.

ئۇ 1950 - يىلى 12 - ئايدا گومورو باشچىلىقىدىكى جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدە ۋارشاۋاغا بېرىپ ئىككىنچى قېتىملىق دۇنيا تىنچلىقنى قوغداش يىغىنىغا قاتناشتى.

1951 - يىلى 1 - ئايدا قەشقەر رايونلۇق پارتكوم جەنۇبىي

شىنجاڭ پارتكومىغا ئۆزگەرتىلگەندە يەنە جەنۇبىي شىنجاڭ پارتكومىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەندى . 1951 - يىلى 7 - ئايدىن 1953 - يىلى 9 - ئايغىچە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى ، قوشۇمچە قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولدى . 1952 - يىلى 12 - ئايدىن 1955 - يىلى 9 - ئايغىچە شىنجاڭ شۆبە بيوروسىنىڭ ئەزاسى بولدى .

1953 - يىلى 8 - ئايدىن 1955 - يىلى 8 - ئايغىچە مەركىزىي كومىتېت شىنجاڭ شۆبە بيوروسى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولدى .

1956 - يىلى 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلگەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق بىرىنچى قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيىدا ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى .

1956 - يىلى 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق بىرىنچى نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ بىرىنچى سانلىق ئومۇمىي يىغىنىدا ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ دائىمىي ئەزالىقىغا ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىلىقىغا سايلاندى .

ئۇ 1960 - يىلى 2 - ئايدىن 1966 - يىلى 5 - ئايغىچە قۇمۇل ۋالى مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىسى بولدى .

ئۇ 1979 - يىلى 8 - ئايدىن 1980 - يىلى 12 - ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق 4 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولدى .

ئۇ 1980 - يىلى 12 - ئايدىن 1987 - يىلى 10 - ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولدى .

ئۇ يەنە مەملىكەتلىك 1 - نۆۋەتلىك ۋە 6 - نۆۋەتلىك

خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ۋە مەملىكەتلىك 5 ـ نۆۋەتلىك سى-
ياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولدى .
1990 ـ يىلى 12 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىقتى .

قوشۇمچە :

## ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر ئىككى مەسىلە

سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا قارا نىيەت شېڭ شىسەي شىنجاڭدا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ، بىر مەزگىل « ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئۆگەنگەن » ، « كوممۇنىزىمنى خالاي-دىغان » قىياپەتكە كىرۋالغان بولسىمۇ ، كېيىن ئۆزىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ ، شىنجاڭدا ئۆزى گۇمانلىق دەپ قارىغان يۇرت مۆتىۋەرلىرى ، بايلار ، دىنىي زاتلار ، دېموكراتىك زاتلارنى ھەدەپ قامىدى ، بولۇپمۇ گىتلېر گېرمانىيىسى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن ، كوممۇنىستلار ، زىيالىلار ھەتتا ئوقۇغۇچىلارغا كەڭ كۆلەمدە زىيانكەشلىك قىلدى . بەزى ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە ، ئەينى ۋاقىتتا تۆت مىليون نو-پۇسى بار شىنجاڭدا شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگى-لىدە قامالغان ۋە ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم 100 مىڭغا يەتكەن . شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ چېكىدىن ئاشقان سىياسىي زۇلۇمى ، خەلق ئۈستىدىكى ھەر خىل چېدىغۇسىز ئالۋان ـ سېلىق ، پۇل پاخاللىقى ، مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى خەلقنىڭ ئىستى-بدات ھاكىمىيەتكە نارازىلىق ئوتىنى تۇتاشتۇردى . شۇنىڭ بى-لەن شىنجاڭنىڭ جاي ـ جايلىرىدا كەينى ـ كەينىدىن ئىنقىلا-بىي ھەركەتلەر پارتلاپ چىقتى . جۈملىدىن ئىلى ۋىلايىتىنىڭ نىلقا ناھىيىسىدىن باشلىنىپ ، ئىلى ، ئالتاي ، تارباغاتاي ۋىلا-

يەتلىرىگىچە كېڭەيگەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى شىنجاڭ تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر ئىچىدە پىلانلىق ۋە تەشكىللىك قوزغالغان، داۋام قىلغان ۋاقتى ئۇزۇن، تارىخىي ئەھمىيىتى چوڭ بولغان ئىنقىلاپ ھېسابلىنىدۇ.

تۆۋەندە مەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر ئىككى مەسىلە، يەنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشى ۋە تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشىدىكى سەۋەبلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

## 1. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشى

شېڭ شىسەي سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقاندىن كېيىن، خەلقنىڭ گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە بولغان نارازىلىقى، قارشىلىقى تېخىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى. شىنجاڭنىڭ جاي ـ جايلىرىدىكى بىر قىسىم ياشلار ھەر خىل يوللار بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ پاناھلانماقتا ئىدى. بۇ ياشلار سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغاندىن كېيىن بىر نەچچە يەردە گۇرۇپپا تەشكىللەپ، شىنجاڭغا قايتىپ گومىنداڭغا قارشى ئىنقىلابىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش كويىدا بولدى. ئەنە شۇ گۇرۇپپىلاردىن بىرى قازاقىستاندا تەشكىللىنىپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەر جەھەتتىكى ياردىمى بىلەن 1944 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئالما ـ ئاتىدىن ئىلى ۋىلايىتىنىڭ جۇغراپىيە، ستراتېگىيە ۋە باشقا جەھەتلەردە مۇۋاپىق بولغان نىلقا ناھىيىسىگە ئاتلاندى.

شىنجاڭدا شېڭ شىسەي، گومىنداڭغا قارشى ئىنقىلابىي ھەرىكەت ئەسلىدە 1943 ـ يىل يازنىڭ بېشىدا قەشقەر، ئىلى، تارباغاتاي تەرەپلەردە باشلىنىشى پىلانلانغانىدى. ئەمما ئىچكى جەھەتتە جاسۇسلارنىڭ چېقىشى ئارقىسىدا، ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولمىغان. شۇنىڭ بىلەن 1943 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئىش باشلاش توغرىسىدا ئويلىشىلغان بولسىمۇ يەنە ئىمكانىيەت بولماي، رەس-

مىي ئىنقىلابىي ھەرىكەت 1944 ـ يىلى 8 ـ ئايغا سوزۇلغەن . ئالتاي تەرەپتە بولسا ، 1940 ـ يىلى 2 ـ ئايدا شېڭ شىسەيگە قارشى ئىـ ـرىسقان ، ئېشىمقانلار باشلىغان بىر قوراللىق گۇرۇھ بولۇپ ، بۇ گـۇرۇھ بىر توزۇپ ، بىر يىغىلىپ كەلگەنىدى . 1943 ـ يىلىغا كەلگەندە ، شۇ گورۇھنىڭ داۋامى ھېسابىدا ئوسمان ئىسلام باشچىلىقىدىكى بىر قوراللىق گورۇھ پائالىيەت ئېلىپ باردى . 1943 ـ يىلى كۈزدىن باشلاپ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كېلىـ شىم بويىچە ( مۇڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ئارقىلىق ) بەرگەن يـاردىمى بىلەن ئالتايدا ئوسمان ئىسلامنىڭ قوراللىق ھەرىكىتى كۆرۈلدى . جەنۇبىي شىنجاڭدا بولسا ، تاشقورغاندا ئارىلاپ ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شۇنىڭ بىـ لەن دىققىتىنى ئالتاي ، تاشقورغان تەرەپلەرگە قارىتىشقا مەجبۇر بولدى . ئەنە شۇنداق ۋەزىيەتتە شىنجاڭدا شېڭ شىسەيگە ، گو- مىنداڭغا قارشى كەڭ كۆلەملىك قوراللىق ئىنقىلابىي ھەرىكەت ئىلى ۋىلايىتىدىن باشلاندى .

يـۇقىرىدا ئېيتىلغان قازاقىستاندا تەشكىللىنىپ ئىلىغا ئاتلانـغان گۇرۇپپىدا پاتىخ مۇسلىموۋ باشلىق يەتتە كىشى بار ئىدى . بۇلار : پاتىخ مۇسلىموۋ ( گورۇپپا باشلىقى ) ، خەمىت مۇسلىموۋ ، رەپىق بايچۇرىن ، قۇربان بۇرھانىدىنوۋ ، ئوسمان ئىـبراھىموۋ ، نۇر ئوبولوۋ ، ھوشۇر مامتوۋ . بۇلارنىڭ ئىچىدە پاتىخ مۇسلىموۋتىن باشقىلىرى 20 نەچچە ياشلىق ياشلار بو- لۇپ ، پاتىخ ئۇلاردىن ئون نەچچە ياش چوڭ ئىدى . پاتىخ مۇسلىموۋ ئەسلىدە ئىلىقا ناھىيىلىك يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركـ ـىتىدە مۇئاۋىن جىڭلى ئىدى . قۇربان بۆرھانىدىنوۋ ئۈرۈمچىدىكى ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇغان . خەمىت مۇسلىموۋ پاتىخنىڭ ئاكـ ـىسىنىڭ ئوغلى ، رەپىق بايچۇرىن پاتىخنىڭ ھەدىسىنىڭ ئوغلى ئىدى . ئوسمان ئىبراھىموۋ ، نۇر ئوبولوۋ ، ھوشۇر مامتوۋلار بولسا غۇلجا ئايرودرومىدىكى گومىنداڭنىڭ ئۇچقۇچى تەييارلاش

مەكتىپىدە ئىشلەۋاتقان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ھويلا ئىشچىلىرى ئىدى . بۇلاردىن خەمىت مۇسلىموۋ نىلقا ساقچى ئىدارىسىنى ئېلىش جېڭىدە قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى . ئوسمان ئىبراھىموۋ كېيىن قۇربان بولدى . باشقىلىرى 50 ـ ، 60 ـ يىللاردا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتتى .

پاتىخ مۇسلىموۋنىڭ قوراللىق گۇرۇپپىسى نىلقا تەرەپكە كېتىۋاتقاندا يولدا ئاۋارىچىلىككە يولۇقۇپ ، چېچىلىپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئاللە كىشى ئۆز ۋاقتىدا نىشانغا يېتىۋالدى . بىر كىشى ئېزىپ كېتىپ ، ئون نەچچە كۈندىن كېيىن نىلقىغا يېتىپ باردى . بۇ قوراللىق گۇرۇپپا نىلقا ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان كۆك قامىر تېغىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى تۆزلەڭلىككە جايلاشقان ئۇلاستاي قىشلىقىغا بېرىپ ، ئەكبەر ، سېيىت ، غېنى ، ئىۋان شۇتوۋ ، مولداجان ، ناۋان قاتارلىق ئەزىمەتلەر بىلەن بىرلىشىپ ، قوراللىق كۈرەشنى باشلىدى . ئۇلار ھەرىكەت باشلاشتىن ئىلگىرى ئۇلاستاي ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قىشلاقلاردا ئاممىغا تەشۋىق قىلىپ ، ئۇلارنى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەشكىللىدى . نىلقا پارتىزانلىرىغا پاتىخ مۇسلىموۋ ، ئەكبەر ، غېنىلار باشچىلىق قىلدى . ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ باشلانغانلىقىنى بىلگەن گومىنداڭ تەرەپ ئۇلارنى تۇتۇش ئۈچۈن ئۇلاستايغا 30 ئەسكەر ئەۋەتتى . 1944 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ( روزى ھېيت نامىزى كۈنى ) پارتىزانلار تۇنجى قېتىم گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە قارشى جەڭ قىلىپ ، ئۇلارنى تارمار قىلدى . بۇ جەڭدىن كېيىن خەلقنىڭ قوراللىق كۈرەش قىزغىنلىقى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى . ئىككىنچى قېتىملىق ئاساسلىق جەڭ نىلقا ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىش جېڭى بولدى . بۇ جەڭگە 500 گە يېقىن ئاتلىق پارتىزان قاتناشتى . پارتىزانلار 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى نىلقا ناھىيە بازىرىنى ئازاد قىلدى . گومىنداڭ دائىرىلىرى چۆچۈپ كېتىپ ،

غۇلجىدىكى ھەربىي كۈچلىرىنى كۆپلەپ يۆتكەپ ، ئارقا ـ ئارقىدىن نىلقىغا ئەۋەتىپ ، نىلقا ناھىيىسىگە تۆت تەرەپتىن ھۇجۇم باشلىدى . نىلقا ناھىيە بازىرىنى تارتىۋالدى . ئەنە شۇنداق جىددىي جەڭ بولۇۋاتقان كۈنلەردە غۇلجىدىن ئادەم كېلىپ 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى غۇلجىغا بېرىپ ، 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشنى ئۇقتۇردى . شۇ كۈنى 1000 دىن ئارتۇق ئاتلىق پارتىزان ( 350 چە ھەر خىل قورال ـ ياراغ بار ) مازاردىكى گومىنداڭ قىسىملىرىنى ئوقتا تۇتۇپ يول ئېچىپ ، تار يولى بىلەن غۇلجىغا قاراپ ئاتلاندى . 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى شەرقتىن نىلقا پارتىزانلىرى ، غەربتىن قورغاس پارتىزانلىرى غۇلجا شەھىرىدىكى قوزغىلاڭ تەييارلىقىنى كۆرۈپ قويغان خەلق ئاممىسى بىلەن بىرلىكتە ئۈچ كۈن جەڭ قىلىپ ، غۇلجا شەھىرىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى گومىنداڭدىن ئازاد قىلدى . غۇلجا شەھىرىدىكى ھەرەمباغ ، ئايرودروملارغا قېچىپ كىرىۋالغان گومىنداڭ قوشۇنلىرى 1945 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئاخىر تارمار بولۇپ ، غۇلجا شەھىرى تولۇق ئازاد بولدى .

## 2 . تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشىدىكى سەۋەبلەر

نىلقا تاغلىرىدىن باشلانغان ئىنقىلاب ئىلى ، تارباغاتاي ، ئالتاي ۋىلايەتلىرىگە كېڭىيىپ ، 1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىگە كەلگەندە ، بۇ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ 27 ناھىيىسىدە گومىنداڭ ھاكىمىيىتى پۈتۈنلەي ئاغدۇرۇپ تاشلاندى . ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ماناس دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلگەندە ، بۇيرۇققا بىنائەن ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا توختاپ قالدى . بۇنىڭ سەۋەبى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى . نىمە ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى ئىمزالاندى ؟ ئەينى ۋاقىتتىمۇ بەزى كىشىلەر بۇنىڭغا

ھـەيران بولۇپ : « ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ماناس دەر-
ياسى بويىغا كېلىپ ، ئۈرۈمچىگە يېقىنلاپ قالغان ، ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە ، ئاقسۇ ۋە تاشقورغاندىكى قوراللىق كۈرەشلەر رەسمىي
كېڭەيگەن ئەھۋالدا ، يەنە نېمە ئۈچۈن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بى-
لەن تىنچلىق بىتىمى تۈزۈلىدۇ ؟ » دېيىشكەنىدى . ھەتتا ئارمىيە
ئىچىدىكى « ماناس دەرياسى بويىغا كېلىپ قالغان ھۇجۇمنى
داۋاملاشتۇرۇپ ، ئۈرۈمچىنى ئېلىش كېرەك » دېگەن تەلەپنى
قويغان ئايرىم كىشىلەر « ھەربىي ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلدى »
دەپ ئەيىبلەنگەن ئىدى .

« نېمە ئۈچۈن تىنچلىق بىتىمى ئىمزالاندى ؟ » دېگەن
مەسىلە ئۈستىدە ئوخشاشمىغان كۆز قاراشلار ئەينى ۋاقىتتا
مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن ، ھازىر ھەم بار . تۆۋەندە مەن بۇ
ھەقتە توختىلىپ ، قاراشلىرىمنى ئېيتىپ ئۆتمەكچىمەن .

بىرىنچى ، « ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ئۈرۈمچىگە
ھۇجۇم قىلىپ غەلىبە قازىنىشقا كۆزى يەتمىگەنلىكتىن ماناس
دەرياسى بويىدا توختاپ ، تىنچلىق بىتىمى تۈزۈشكە مەجبۇر
بولغان » دېگەن قاراش توغرىسىدا . مېنىڭچە بۇ قاراشنىڭ قىلچە
ئاساسىي يوق . ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ئۈچ ۋىلايەتنى
ئازاد قىلىپ ماناس دەرياسى بويىغا كەلگەندە ، ماناس ناھىيىسى-
دىكى گومىنداڭ قوشۇنى بۇ ناھىيىنى تاشلاپ شەرق تەرەپكە
چېكىنىشكە باشلىغان . ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ماناس
دەرياسىدىن ئۆتمىگەنلىكتىن ، گومىنداڭ قوشۇنى ماناس ناھىيە
بازىرىغا قايتىپ كېلىپ ئورۇنلاشقان . بۇ چاغدا گومىنداڭ نۇر-
غۇن ئەسكىرىي كۈچىدىن ئايرىلىپ ئاجىزلاپ قالغاچقا ، ئۈرۈم-
چىدىمۇ پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى .
گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ قو-
ماندانى جۇ شاۋلياڭ چۇڭچىڭغا قايتا ـ قايتا تېلېگراممـا
يوللاپ ، « ۋەزىيەت ئېغىر ، كەلگۈسىدە قانداق بولىدىغانلىقىنى

مۆلچەرلەش تەس » دېگەن . ئۇ يەنە جاڭ جىجۇڭ ئۈرۈمچىگە
ئەھۋال ئۇقۇشقىلى كەلگەندە ئۇنىڭغا شۇ چاغدا ئۈرۈمچىنى
ساقلاۋاتقان بارلىق گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ ئاران ئالتە يىلڭ ئۇ-
كەنلىكىنى ئېيتقان . جاڭ جىجۇڭ دەرھال جياڭ جيېشىگە تې-
لېگرامما يوللاپ ، « بۇ يەرنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن جىددىي ، ...
غۇلجا قوشۇنلىرىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توختىتىشتىن باشقا ئامال
قالمىدى . ئۈرۈمچىنى قوغداپ قېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قى-
لىدىغان ئاساسىي يول ... ھازىر پەقەت دىپلوماتىيە يولى ئارقىلىق
تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئىمكانىيىتىلا بار » ①دېگەن . دې-
مەك ، بۇ چاغ دەل ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى غەلىبە قىلىۋاتى-
قان ، گومىنداڭ قوشۇنلىرى مەغلۇبىيەتكە تەن بېرىۋاتقان ۋا-
قىت بولۇپ ، ئۇ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ئاجىز كېلىپ
قېلىپ ، بېتىم تۈزۈش يولىغا ماڭغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ .
ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ماناس دەرياسى بويىغا كېلىش
ئالدىدا گومىنداڭنىڭ جىڭدىكى 7000 كىشىلىك ، شىخودىكى
4000 كىشىلىك قوشۇنىنى بىت - چىت قىلغانىدى . مۇشۇنداق
ئەھۋالدا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئالتە
يىلڭ ئەسكىرىدىن قورقۇپ ، تىنچلىق بېتىمى تۈزۈش يولىغا
ماڭغان دېيىسە ، تازىمۇ كۈلكىلىك گەپ ئەمەسمۇ ؟

ئىككىنچى ، تىنچلىق بېتىمىنىڭ ئىمزالىنىشى يالغۇز
شىنجاڭدىكى يەككە - يىگانە مەسىلە دەپ قارىماي ، ئۇنى شۇ
چاغدىكى جۇڭگونىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى ۋە دۇنيانىڭ ۋەزىيىتى
بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قاراش كېرەك : ( 1 ) 1944 - يىلى شىن-
جاڭنىڭ بىر نەچچە يېرىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئې-
زىشىگە ، زوراۋانلىقىغا قارشى قوراللىق كۈرەش باشلاندى . شۇ
چاغدا غەربتە گىتلېر ئارمىيىسىنىڭ مەغلۇبىيىتى ئېنىق بولۇپ
قالغان ئىدى . شەرقتە ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تەقدىرى ھالا-

① جاڭ جىجۇڭ : « ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغانغا قەدەر » ئۇيغۇرچە نەشرى 3 - ، 6 - بەتلەر .

كەتكە يۈزلەنگەنىدى . ئەنە شۇنداق تارىخىي شارائىتتا ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشىغا ماسلىشىپ ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنى ئارقا تېرەك قىلغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىگە زەربە بېرىپ ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى بالدۇرراق قولغا كەلتۈرۈش بىلەن شىنجاڭ خەلقىنىمۇ ئازاد قىلىش مەقسىتىدە قوزغالدى . ( 2 ) 1945 - يىلى 5 - ئايدا گىتلېر گېرمانىيىسى تارمار قىلىندى . 1945 - يىلى 8 - ئايدا ياپون جاھانگىرلىكى شەرتسىز تەسلىم بولدى . شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشتى . ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا بىر قانچە ئون دۆلەت ، نەچچە مىليارد خەلق ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرىلدى . بۇ ئۇرۇشتا 50 نەچچە مىليون ئادەم ئۆلدى . شۇڭا دۇنيا خەلقى تىنچلىقنى ، دېموكراتىيىنى ئارزۇ قىلاتتى . شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى ئەللەردە تىنچلىق سۆھبەتلىرى ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلىدى . شۇ يىللاردا چاۋشيەن بىلەن ۋيېتنام جەنۇپ ۋە شىمال دەپ ئىككىگە بۆلۈندى . گېرمانىيىمۇ « شەرقىي گېرمانىيە » ، « غەربىي گېرمانىيە » دەپ ئىككىگە ئايرىلدى . ( 3 ) جۇڭگودا 1945 - يىلى 8 - ئايدا ، رەئىس ماۋ زېدۇڭ يەنئەندىن چۇڭچىڭغا بېرىپ ، جياڭ جيېشى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزدى .

ئۈچىنچى ، قانداقتۇر ، « سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ يول قويمىغانلىقى شىنجاڭدا تىنچلىق بېتىمىنىڭ ئىمزالىنىشىغا سەۋەپ بولغان » دېگەن قاراش توغرىسىدا . بۇ يەردە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا بىر يىلغا يېقىن مۇستەقىللىق شۇئارى قويۇلۇش بىلەن ۋاقىتلىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان بولسىمۇ ، خەلقئارادا ئامېرىكا ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ، ئەنگلىيەدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ يالتا يىغىنىدا شىنجاڭنىڭ جۇڭگونىڭ بىر

ئۆلكىسى بولۇپ قېلىشى ھەققىدە توختام بولغاندىن كېيىنلا ، ئۈچ
ۋىلايەت مۇستەقىللىقتىن ۋاز كېچىپ ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىد-
لەن تىنچلىق بىتىمى تۈزۈش يولىغا كىرگەن ، دېگەن قاراش
ئالغا سۈرۈلىدۇ . باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ، خەلقئارانىڭ
موسكۋاغا بولغان بېسىمى نەتىجىسىدە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ
موسكۋانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىد-
لەن تىنچلىق بىتىمى تۈزۈشكە مەجبۇر بولغان ، دېمەكچى . 1945
- يىلى ئۈچ چوڭ دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ يالتا يىغىنىدا شىنجاڭ
مەسىلىسى ، تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسى قاتارلىق جۇڭگوغا مۇ-
ناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنىڭ مۇزاكىرە قىلىنغانلىقى ، ئاخىردا
شىنجاڭنىڭ جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدە
كېلىشكەنلىكى ئەمەلىيەت . لېكىن ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
شىنجاڭ مەسىلىسىدىكى ئىزچىللىق مەيدانىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ،
ئۇنىڭ شىنجاڭنى مۇستەقىل دۆلەت ( ياكى قارام دۆلەت ) قىلىپ
تەشكىللەش نىيىتى يوق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ . يالتا يىغىنىدا
موسكۋانىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشى تاشقى
موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇشنى مەقسەت
قىلغان . بەزى ماتېرىياللارغا قارىغاندا ، ئەينى ۋاقىتتا ستالىن
تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىل بولۇش - بولماسلىق سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ بىخەتەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك دەپ ئوتتۇرىغا قوي-
غان ۋە جۇڭگو دىپلوماتىيە مىنىستىرىنىڭ ستالىنىنىڭ بۇ پىكرى
بىر ئاز ئۆزگەرتىلسە ، جۇڭگو - سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ
موڭغۇلىيىگە كىرىپ تۇرۇشىغا قارشى تۇرمايدۇ ... تاشقى موڭ-
غۇلىيىگە ئالىي مۇختارىيەت بېرىشكىمۇ قوشۇلىدۇ ، دېگەن پى-
كىرىنىمۇ رەت قىلىپ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرغان . تىنچلىق بىتى-
مىنىڭ ئىمزالىنىشىغا خەلقئارانىڭ موسكۋاغا بولغان بېسىمى سە-
ۋەپ بولغان ئەمەس ، ئەمىلىيەت سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى باش-
تىن - ئاياغ شىنجاڭنى مۇستەقىل دۆلەت قىلىش نىيىتىدە بولغان

ئەمەس .

تۆتىنچى ، تارىخىي جەھەتتىن ئالغاندىمۇ ، سابىق سو-ۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىگە مۇئەييەن كۆز قارىشى بولغان : ( 1 ) 1921 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قىسىم ئۇي-غۇرلار تۈركىستان بيوروسى ئارقىلىق شىنجاڭدا مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرۇش ھەققىدە ، موسكۋادىكى سوۋېت خەلق كو-مىسسارىياتىغا ياردەم سوراپ يازغان مۇراجىئەتنامىگە موسكۋادىن كەلگەن جاۋابتا : « شىنجاڭدا مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش سەلبىي ئاقىۋەتكە ئېلىپ بارىدۇ .. خىتايغا نىسبەتەن بىزنىڭ ئومۇمىي دوستلۇق سىياسىتىمىز ۋە خىتاي دېموكراتىيىسىگە ئىشەنچىمىز بولغانلىقى تۈپەيلىدىن خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ياخشى مۇناسىۋىتىمىزنى ساقلاشقا مەجبۇرمىز » دېيىلگەن . لېكىن شۇ كۈنلەردە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزى ئۈچۈن ستراتېگىيە جەھەتتە موھىم بولغان تاشقى موڭغۇلىيىدىن ئىبارەت قالاق ، نوپۇسى ئەڭ ئاز چۆللۈك رايوندا مۇستەقىللىق ئۈچۈن ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان سوخاباتورغا ياردەم بېرىپ ، ئۇنى قوللىدى . مانا بۇ روشەن سېلىشتۇرما سابىق سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ شىن-جاڭغا بولغان قارىشىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . ( 2 ) 1935 - يىلى 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ( شېڭ شىسەي ھاكى-مىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن ) سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 7 - قۇرۇلتىيىدا تاشقى ئىشلار مى-نىستىرى مولوتوۋ جاكارلىغان مۇراجىئەتنامىدا : « مەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتايغا قاراتقان ھەقىقىي سىياسىتىنى تەكىتلەپ ئۆتۈشنى زۆرۈر دەپ قارايمەن . سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قارىشىچە ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ تېررىتورىيىسىنى تارتىۋېلىش بىزنىڭ تاشقى سىياسىتىمىز بىلەن سىغىشالمايدۇ . ئۇ شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل خىتاي تېررىتورىيىسىنىڭ بىر پۈتۈنلىكىنى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى قەتئىي قوغدايدۇ » دېيىلگەن . ( 3 ) 30 -

يىللارنىڭ باشلىرىدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قوُمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى ۋە ئۇنىڭ باشلىقى خوجانىياز ھاجىنى قوللاپ، ئۇ- نىڭغا ھەر جەھەتتىن ياردەم بەرگەنىدى. كېيىن شېڭ شىسەينى قوللاپ، خوجانىياز ھاجىنى شېڭ شىسەي بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا ئۇندىدى. شۇنىڭدەك شېڭ شىسەيگە قارشى قوراللىق كۈچ- لەرنى تارمار قىلىپ ( مەسلەن، 1937 - يىل 4 - ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭدا، 1940 - يىل 2 - ئايدا ئالتايدا )، شېڭ شىسەي ھاكى- مىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە ياردەم بەردى. ( 4 ) 1938 - يىلى شېڭ شىسەي مەخپىي ھالدا موسكۋانى زىيارەت قىلىپ، ستالىن بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، شىنجاڭنى مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قىلىش تەلىپىنى قويغان. ئۇ شۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى كوم- پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ، 185911 - نومۇرلۇق پارتىيە ئەزالىقى كىنىشكىسى ئالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ ۋاقىتتا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ماتورلاشقان بىرىگادىسى قوُمۇلدا 8 - تۇەن نامىدا تۇراتتى. ئۈرۈمچى — تۇدۇڭخابا رايونىدىمۇ سوۋېت قوراللىق كۈچلىرى تۇرغانلىقى مەلۇم. شۇ چاغدا سابىق سوۋېت ئىتتىپا- قىنىڭ شىنجاڭنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىشى تامامەن مۇمكىن ئې- دى. ئەنە شۇنداق ۋەزىيەتتىمۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى شىن- جاڭدا مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرۇشقا قوشۇلمىدى.

بەشىنچى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىكى بەزى ئەھۋاللار- دىن قارىغاندىمۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭنىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى رەت قىلىدۇ : ( 1 ) نىلقىدا ئىنقىلاب پارتلاشتىن بۇ- رۇن شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئىستىقبالى مەسىلىسىدە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پۈتۈن جۇڭگو ئازاد بولغاندا شىنجاڭ جۇڭ- گونىڭ بىر ئۆلكىسى بولۇپ قالىدۇ، دەپ ئالدىن مۇقىملاشتۇر- غان. شۇڭلاشقا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەقسىتى بىلەن نەتىجىسى بىردەك بولدى. ( 2 ) ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 1945 - يىلىنىڭ بېشىدا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ( ئىچكى جە-

ھەتتە ) موسكۋاغا خەت يېزىپ ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ « شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى » نى ئېتىراپ قىلىشنى ئۆتۈنۈرىغا قويغاندا ، موسكۋا بۇنىڭغا ئاشكارا جاۋاب بەرمىگەن . ( 3 ) 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭغا تۆنجى قېتىم كەلگەندە ، مەسىلىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يېتىپ ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى يېۋسىيېۋ بىلەن كۆرۈشكەن . يېۋسىيېۋ ئۇنىڭغا « بۇ ئىشنى ( شىنجاڭ مەسىلىسى دېمەكچى ) ئامال بار تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش كېرەك » دېگەن . ئۇ يەنە « بۇ مەسىلىنى جۇڭگو ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ئالدىغا قويسا ئاسان ھەم ئۇنۇملۇك بولاتتى » دېگەن . ( 4 ) سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودىكى باش ئەلچىسى فېدوروۋ 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى گومىنداڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە بىر ئەسلەتمە تاپشۇرغان . ئۇنىڭدا : « ئەگەر جۇڭگو ھۆكۈمىتى ماقۇل بولسا ، شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ۋەزىيەتنى تىنچىتىش ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە زۆرۈر بولغان ياردەملەردە بولۇش ئۈچۈن ، ئۆزىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلىنى تەيىنلىمەكچى » دېيىلگەن . ( 5 ) گومىنداڭ ۋەكىلى 1945 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا لوندوندا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مولوتوۋ بىلەن ئۇچراشقاندا ، « غۇلجا ۋەقەسى » نىڭ كېڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقى ھەققىدە سۆز ئاچقان . مولوتوۋ « مۇنداق ۋەقەلەرنىڭ بولۇشى ۋاقىتلىق ھادىسە ، ئۇزۇن ئۆتمەي بېسىقىدۇ » دېگەن . يۇقىرىقى ئەھۋاللار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن تارتىپ تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنغانغا قەدەر بولسۇن ياكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دۇنياغا كەلگەندىن تارتىپ 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرغىچە بولسۇن ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭ مەسىلىسىدە ، ئىزچىللىق تۈردە ئۆزىنىڭ مۇددىئاسى ۋە پىلانى بويىچە ئىش كۆرۈپ ، مەسىلىنى سى-

ياسي يول بىلەن ھەل قىلىش يولىدا ئاكتىپ ۋاستىچىلىك رول ئويناپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . يەنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىگە ئالاقىدار بارلىق ھەرىكەتلەرىنىڭ تۈپ چىقىش نۇقتىسى شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كۈچلەرنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلەپ كېتىشىگە يول قويماسلىق ۋە سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىغا بولىدىغان سەلبىي تەسىرىنى توسۇش بىلەن بۇ جايلارنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشتىن ئىبارەت بولۇپ كەلدى.

ئەمدى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مۇستەقىللىق شوئارىنىڭ ئوتتۇرىغا چىققانلىقىغا كەلسەك ، بۇنى كۈچلۈك دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىشتا ئۇنىڭدىن ۋاستە سۈپىتىدە پايدىلانغانلىق دەپ قارىغان مۇۋاپىق . تىنچلىق بېتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن ، بولۇپمۇ 1948 - يىلى 8 - ئايدا شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى تەشكىل بولغاندىن كېيىن ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئەمەسلىكىنى تەدرىجىي چۈشىنىشكە باشلىدى . ئەمما ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ۋە يەتتە ۋىلايەت خەلقى ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەردە « ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىندى » دېگەن قاراش بولغان ، مۇنداق قاراش كېيىنكى ۋاقىتلارغىچە داۋاملىشىپ كەلدى .

## گېنېرال مايور مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى، گېنېرال مايور مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ 1915 - يىلى ئاتۇش ناھىيىسىدە ھاللىق دېھقان شاھ ھاجىم ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.

شاھ ھاجىم ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئەمدى ئىككى ياشقا كىرگەن ئوغلى مۇھەممەتئىمىننى قارا قولغا ئېلىپ چىققىدۇ. كىچىك مۇھەممەتئىمىن ئائىلە تەربىيىسىنى ئالغاندىن كېيىن، يەركەنتتىكى بىر پەننىي باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇپ، خەت - ساۋادىنى چىقىرىدۇ. ئۇ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغاندىن باشلاپ رۇس تىل يېزىقىنى ئۆگىنىشكە كىرىشىدۇ ۋە خېلى ئوبدان نەتىجىگە ئېرىشىدۇ.

بۇ يىللاردا، مۇھەممەتئىمىن دادىسى شاھ ھاجىمنىڭ ئۈچ تۇرپان ئارقىلىق قارا قولغا چىقىرىدىغان شىنجاڭ يەرلىك ماللىرىنى ئېلىپ چىقىش ۋە تاۋار ماللىرىنى ئېلىپ كېلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇ، مۇشۇ جەرياندا كۆپلىگەن ۋەتەنپەرۋەر، تەرەققىپەرۋەر سودا - سانائەتچىلەر، ئالىملار، ئۆلىمالار بىلەن ئۇچرىشىدۇ ھەم سۆھبەتتە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا يېڭى دۇنيا قارىشى تىكلىنىدۇ. «كۆپنى كۆرگەن كۆپنى بىلەر، كۆپ ئاڭلىساڭ قۇلاقا سىڭەر» دېگەندەك، ئۇنىڭ كۆرگىنى، ئاڭلىغان - بىلگىنى بارغانسېرى كۆپىيىدۇ. ئۇ، 1935 - يىلى دادىسى شاھ ھاجىمنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق سوۋېت سودا ۋەكالەتخانىسى (سوۋ سىن تورگ) بىلەن بولغان سودا توختام ۋە مال ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىدا تەرجىمانلىق قىلىدۇ.

مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ ياش ۋاقتىدىن باشلاپ كۆپنى

بىلگەن ، كۆپنى كۆرگەن ۋە كۆپنى ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن ، تۇرمۇش ئۇنى ئېغىر ـ بېسىق ، تەمكىن قىلىپ يېتىلدۈرگەن . ئۇ ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېلىپ ئۆزى بىلەن بىللە ئىشلىگەن ھەر ساھەدىكى سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن بىرگە بولغان مەزگىللەردە ، ئۇلاردىن ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئەسەرلىرىنى ۋە ماركسىزمچە پەلسەپەنى ئۆگىنىپ ، ئىنقىلاب يولىنى بىلىشكە باشلايدۇ . نەتىجىدە ، ئۇنىڭدا بىر قەدەر يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى قاراش يېتىلىشكە باشلايدۇ .

1944 - يىلى كۈزدە ، ئىلقا پارتىزانلىرى گومىنداڭغا قارشى قوزغىلىپ ، گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا تۇيۇقسىز زەربە بېرىش بىلەن ، ھەش ـ پەش دېگۈچە شەرقىي بەش ناھىيىنى ئىشغال قىلىپ ، ئىلىدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى تەمتىرىتىدۇ . قوزغىلاڭنىڭ ئىلقىدىن باشلىنىشى جاي ـ جايلاردىكى گومىنداڭغا قارشى كۈچلەرنى سەگەكلەشتۈرىدۇ . تەرەپ ـ تەرەپتىن پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرى قوزغىلىدۇ . بۇ چاغدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇرۇمچى ۋە شەرقىي جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى ئىلىغا يۆتكەپ ، كۆپلىگەن ھەربىي ئەسلىھەلەرنى ئىلىغا ئېلىپ ماڭىدۇ . بۇ ۋاقىت مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ ماناس دەرياسى قۇرۇلۇشىدا ئىشلەۋاتقان ۋاقىت ئىدى . ئۇ ، گومىنداڭنىڭ قوشۇن ۋە قورال ـ ياراغ توشۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ ماناس ۋە شىخولاردىكى يېقىن سەبداشلىرىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىدۇ . كۈرەشكە ئىنتىزار بولۇپ تۇرغان بۇ دوستلار بىرلىككە كېلىپ ، شىخودا پارتىزانلىق ئەترىتى قۇرىدۇ ( ئەسلىدە « كۈرەش » ۋە « ئازادلىق » دېگەن ئىككى كىچىك تەشكىلات بار بولۇپ ، بۇ تەشكىلاتلار بىرلىشىپ « ئازادلىق » تەشكىلاتى بولۇپ قۇرۇلىدۇ ۋە قورallىق كۈرەشكە ھازىرلىق قىلىپ ، پارتىزانلىق ئەترەت قۇرىدۇ ) . مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ ماناستا بەش يولداش بىلەن

بىللە بۇ تەشكىلاتقا ۋە پارتىزانلىق ئەترىتىگە ئەزا بولىدۇ. ئۇلار 1944 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىردىن باشلاپ گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ تەشۋىقات يۈرگۈزىدۇ ۋە شىخو پارتىزانلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ 1944 - يىلى 9 - ئايدىن 1945 - يىلى 9 - ئايغىچە بولغان بىر يىل ئىچىدە، ماناس دەرياسى بويىدىكى سۇ ئىشلىرى خىزمىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۈرۈمچى، شىخو قاتارلىق جايلاردىكى ئىلغارلار ۋە پارتىزانلار بىلەن ئالاقە باغلىغاندىن تاشقىرى، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىنقىلابىي مەركىزىي قوماندانلىق شتابى بىلەنمۇ قويۇق ئالاقىدا بولىدۇ، ئۇنىڭ ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بىلەن بولغان تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى ئەينى ۋاقىتتا ئىنقىلابىي سەبداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئايلاندى. شۇڭا ئىلىدا ئىنقىلاب باشلىنىش بىلەنلا ئۇ، ئۈچ ۋىلايەت قوماندانلىق شتابى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەت باغلىدى. مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، مىللىي ئارمىيە جىڭ ۋە شىخولارغا ھۇجۇم باشلاشتىن ئىلگىرى، ئۇ بەش نەپەر يولداشنى باشلاپ يوشۇرۇن ھالدا شىخو پارتىزانلىرىغا قوشۇلدى. 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تولۇق قوراللانغان ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى جىڭ ۋە شىخولارنى بومباردىمان قىلىش بىلەن تەڭ تېپتىكى ئېغىر زەمبىرەك ۋە كۆيدۈرگۈچى بومبىلارنى ئىشقا سېلىپ، گومىنداڭنىڭ جىڭدا تۇرۇشلۇق بىر دىۋىزىيىسىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شىخونى ئىشغال قىلغان ۋاقىتتا، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ شىخو پارتىزانلىرى بىلەن بىللە دۈشمەن ئارقا سېپىدىن ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى ۋە دۈشمەن شىخودىن چېكىنگەن ھامان قالدۇق دۈشمەنلەرنى تازىلاش ئىشىنى ئىشلىدى.

1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شىخو ئازاد قىلىنغان-

دىن كېيىن، ئىمنوۋ مىللىي ئارمىيىدە ۋوزۋوت كوماندىرى بولغان. ئۇزاق ئۆتمەي ئىسكادىرون كوماندىرلىقىغا كۆتۈرۈلگەن. كېيىن غۇلجىغا يۆتكىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى سۇ ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ سىياسىي بۆلۈم ئوفىتسېرى، قوماندانلىق شتاب ئۇرۇش قىلىش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئىنقىلابىي مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى، ئاتلىق پولك كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى مۇھەممەتئىمىن ئىمنوۋغا پولكلىق ئۇنۋانىنى بەردى.

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، مۇھەممەتئىمنوۋ 1950 - يىلى 2 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىردى. ئاندىن ئۇ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 5 - كورپوس 13 - دىۋىزىيىسىنىڭ قوماندانى ۋە پارتكوم شۇجىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكومىنىڭ 4 - شۇجىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. 1955 - يىلى مۇھەممەتئىمىن ئىمنوۋغا گېنېرال مايور ئۇنۋانى بېرىلدى.

1957 - يىلى مۇھەممەتئىمىن ئىمنوۋ بەزى ھەقىقىي ئەھۋاللارنى ئىنكاس قىلغانلىقى ئۈچۈن، خاتا ھالدا تەنقىد قىلىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقىدىن قالدۇرۇلدى، كېيىن يەنە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتىدىن ئېلىپ تاشلاندى.

1960 - يىلى، ئۇ مەركىزىي ئالىي پارتىيە مەكتىپىنى

پۈتتۈرۈپ بېيجىڭدىن شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى داۋاملىق ئۆتىدى. 1962 - يىلى ئىلى - تارباغاتاي ۋەقەسى يۈز بەرگەندە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋنى شۇ يەرگە خىزمەتكە ئەۋەتتى. ئۇ، بىرىنچى سەپكە بېرىپ، ئاما ئىچىگە چوڭقۇر چۆكۈپ ئىشلەپ، قايمۇققان بىر مۇنچە ئاممىغا تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنى يول ئۈستىدىن قايتۇرۇپ كەلدى، ئۇنىڭ بۇ خىزمىتى پارتىيە - ھۆكۈمەت ۋە خەلق ئالدىدا يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ چىدىغۇسىز جاپا - مۇشەققەتلىك كۈنلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، 1970 - يىلى 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى 55 يېشىدا بەختكە قارشى ئالەمدىن ئۆتتى. 1986 - يىلى 10 - ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، 1958 - يىلدىكى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋغا كۆرگەن چارىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى، ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى، نامىنى، پارتىيىۋىلىكىنى ئۇزۇل - كېسىل ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى.

## پېشقەدەم زىيالى رەھبەر - ئەسئەت ئىسھاقوۋ

تاتار خەلقىنىڭ سادىق پەرزەنتى پېشقەدەم زىيالى رەھبەر ئەسئەت ئىسھاقوۋ 1912 - يىلى 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ دۆربىلجىن ناھىيىسىدە ئۇششاق تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، ئائىلە تەربىيىسىنى دۆربىلجىندە ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭ دادىسى تۆمۈر غەلى 1928 - يىلى سودا - تىجارەت ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلگەنىدى. ئۇ شۇ زاماننىڭ تەرەققىپەرۋەر كىشىلىرىدىن بىرى بولۇپ، مائارىپنى قىزغىن سۆ-

يەتتى. ئۇ ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىكى تەرەققىپەرۋەر سودىگەرلەر ۋە يەرلىك زىيالىلار تەشكىل قىلغان يېڭىچە مەكتەپكە ئىقتىسادىي ياردەم بەردى ۋە بۇ مەكتەپنىڭ ھېسابات ئىشلىرىنى خالىس باشقۇردى. ئەسئەت ئىسھاقوۋ ئۈرۈمچىگە كېلىش بىلەن ئەنە شۇ مەكتەپتە (بۇ مەكتەپ كېيىن 6 - مەكتەپ دەپ ئاتالدى) ئوقۇپ باشلانغۇچنى تۈگەتتى.

ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى سوۋېت ئىتتىپاقى (ئوتتۇرا ئاسىيا) غا ئوقۇغۇچى چىقارغاندا ئەسئەت ئىسھاقوۋ ئۆزىنىڭ ساۋاقداشلىرىدىن ئەنۋەر خانبابا، ئۇيغۇر سايرانى، نۇسرەت شەھىدى ۋە يەنە تۆت نەپەر خەنزۇ بالا بىلەن بىرگە ئۆزى راسخوت چىقىرىپ موسكۋاغا ئوقۇشقا باردى.

40 - يىللارنىڭ باشلىرىدا شېڭ شىسەي ئىچكى جەھەتتىن باشقىچە يول تۇتۇپ، ئىنقىلاب ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈشكە باشلىدى. نەتىجىدە، موسكۋادا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئەسئەت ئىسھاقوۋ قاتارلىق كۇرسانتلار ئالىي مەكتەپكە كىرىشتىن مەھرۇم قېلىپ، شىنجاڭغا قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدۇ. بىراق ئۇ شېڭ شىسەي تەرىپىدىن غۇلجا كۈرەگە سۈرگۈن قىلىندى.

غۇلجا شەھىرىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندا، ئۇ ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدە ئىشلىدى. 1945 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، ئۇ ئىلى گېزىتى ئىدارىسىدە مۇھەررىر ۋە باش مۇھەررىر بولدى. كېيىن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىدا شتاب ئوفىتسېرى بولدى. بىتىمدىن كېيىن، ئۇ 1948 - يىلى ئىلىدا تەسىس قىلىنغان «شىنجاڭدا تىنچلىق، دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ تەشكىلى ھەيئەت ئەزاسى ۋە ئىلى ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى بولۇپ ئىشلىدى. 1948 - يىلى 8 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى

رەھبەرلىرىدىن ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا قاتناشماقچى بولۇپ سەپەرگە چىققاندا، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن «شىنجاڭدا تىنچلىق، دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»غا ۋاقىتلىق مەسئۇل بولدى. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار ئايروپىلان ھادىسىسىگە يولۇققاندىن كېيىن «شىنجاڭدا تىنچلىق، دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ ۋاقىتلىق مەسئۇلى نامىدا 1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى رەئىس ماۋ زېدۇڭغا تېلېگىراممىا يوللىدى. 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى رەئىس ماۋ زېدۇڭ ئەسئەت ئىسھاقوۋغا جاۋاب تېلېگىراممىا ئەۋەتتى.

ئەسئەت ئىسھاقوۋ 1950 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولدى ۋە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، 1953 - يىلدىن 1956 - يىلغىچە شىنجاڭ شۆبە بيورو تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قومۇمچە ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى. 1956 - يىلى 9 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى.

1976 - يىلى ئەسئەت ئىسھاقوۋ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا «تۆت كىشىلىك گوروھ» تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتتى.

## ئابدۇللا زاكىروۋ

ئابدۇللا زاكىروۋ غۇلجا شەھىرىدىن، ئۇيغۇر، 1918 - يىلى تۇغۇلغان. 1944 - يىلى 11 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، غۇلجا شەھىرى بىرىنچى رايون ساقچى ئىدارىسىنىڭ

باشلىقى ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى ، ئىلى ۋالى مەھكىمىسىنىڭ كاتىبات مۇدىرى ، ۋالى مەھكىمە باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن . شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن ، 1949 - يىل 12 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن . شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى ، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ، ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ئەزاسى ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى .

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا ئابدۇللا زاكىروۋ ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ، تەشكىلىي جەھەتتە خاتا بىر تەرەپ قىلىندى . پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ، 1982 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەستىقى بويىچە ، ئۇنىڭ پارتىيىۋىلىكى ۋە نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى .

ئۇ ، 1981 - يىلى 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئۈرۈمچىدە 64 يېشىدا ۋاپات بولدى .

## پاتىقان سۇگۇر بايوف

پاتىقان سۇگۇربايوف قازاق ، مۇڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ بايىنۇلگەي ناھىيىسىدىن . 1927 - يىلى 4 - ئايدا تۇغۇلغان ، 1944 - يىلى 7 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى كۈرىشىگە قاتناشتى . ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئالتاي پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ ئەزاسى ، ئالتاي ئاتلىق پولكى خوجىلىق ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ، ئالتاي ۋالى مەھكىمىسىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمى-

ىنىڭ باشلىقى ، بانكا باشلىقى ، مالىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن . ئازادلىقتىن كېيىن ، ئالتاي ۋىلايەتلىك ۋالى مەھكىمىسىنىڭ ۋالىسى ، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ باشلىقى ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 5 ، ـ 6 ـ ، 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن .

يولداش پاتىقان سۇگۇربايوف دادىسى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى يولداش دەلىلقان سۇگۇربايوفنىڭ تەسىرىدە ، ياش ۋاقتىدىلا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى كۆرۈشىگە قاتنىشىپ ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن جاپالىق كۆرەش قىلىپ ، « پىدائىيلار » ئوردېنىغا ، بىرىنچى دەرجىلىك « ئازادلىق » ئوردېنىغا ، بىر ئالتۇن مېدالغا ئېرىشكەن . بۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ، شىنجاڭنى تىنچ ئازاد قىلىش ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە پائال تۆھپە قوشقانىدى . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان مەزگىلدە ۋە سىياسىي قانۇن خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان مەزگىلدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى .

پاتىقان سۇگۇربايوف 1996 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سائەت 9 دىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە كېسەل سەۋەبىدىن داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي 69 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى .

## ئىمىنوۋ ھامۇت

ئىمىنوۋ ھامۇت 1924 ـ يىلى 8 ـ ئايدا قەشقەر شەھرىدە

ئاتاقلىق زىيالى ئىمىن خەلپىتىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى . ئۇ ئىپتىدائى بىلىمنى ئائىلىسىدە ، ئاندىن كېيىن 1933 - يىلى 6 - ئايدا قەشقەردە قۇرۇلغان تۇنجى يېڭى مەكتەپ — نوبېشى مەكتىپىدە ئالدى . 1939 - يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ شىنجاڭ دارىلمۇئەللىمىنىدە ، كېيىن شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلار مەكتىپىدە ئوقىدى . ئازادلىقتىن كېيىن 1954 - يىلى ئۇ پارتىيە مەكتىپىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقىدى .

ئۇ ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئىلغار پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ھەرىكەت ئېلىپ باردى . 1944 - يىلى ۋە 1945 - يىللىرى ئىككى قېتىم قولغا ئېلىنىپ ، تۈرمىدە قىيىن ـ قىستاقلارغا ئېلىندى .

1946 - يىلى 7 - ئايدا ، ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا بېرىپ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ ۋوزوت كوماندىرى ، روتا كوماندىرى ، سىياسىي يېتەكچى ، رازۋېتكا ئەترەت باشلىقى ، باتالىيون كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن .

شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن ، ئۇ 1950 - يىل 5 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولدى . جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 5 - كورپۇس 13 - دىۋىزىيە ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ سىياسىي كومىسسارى ، سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ، شىتاب باشلىقى ، قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى ، ج ك پ قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىسى ، ۋالىسى ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى .

ئىمىنوۋ ھاموت خىزمەت جەريانىدا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە تەرىپىدىن ئىككىنچى دەرىجىلىك ھۆرلۈك مېدالى ،

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئۈچىنچى دەرىجىلىك ئازادلىق مېدالىغا ئېرىشتى .

ئىمنوۋ ھامۇت 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا پارتىيە - ھۆكۈمەت ھاۋالىسى بىلەن ئېلىمىزنىڭ تىنچلىق ئەلچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرا شەرق ۋە ئافرىقىدىكى ئىسلام دۆلەتلىرىدە بەش ئايدىن ئارتۇق زىيارەتتە بولۇپ ، ئېلىمىزنىڭ مۇستەقىل ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ئاساسىدىكى دىپلوماتىيە سىياسىتى ، ئېلىمىزنىڭ مىللىي ، دىنىي ، سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ ئېلىمىز خەلقىنىڭ ھەر قايسى ئەللەر خەلقلىرى بىلەن بولغان ئۆزئارا چۈشىنىش ، دوستانە بېرىش - كېلىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈردى .

ئىمنوۋ ھامۇت 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە ناھايىتى زور زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ مەيدانى ئېنىق ، ئۆز ئېتىقادىنى بوشاشتۇرمىغان ئىدى .

ئىمنوۋ ھامۇت پارتىيە تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرى كادىر . ئۇ ، خىزمەت ئەمەلىيىتى داۋامىدا چېنىققان ، مەيدانى ئېنىق ، پاك - دىيانەتلىك بولۇپ ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتمىغان ، بارغىمۇ - يوققىمۇ بەرداشلىق بېرىپ ، قېيىن ئۆتكەللەردىن بىمالال ئۆتەلەيدىغان كادىر ئىدى . ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ 66 يىللىق ھاياتىنى خۇلاسىلاپ ، پەرزەنتلىرىگە قالدۇرغان قىسقىغىنا ۋەسىيەتنامىسىدىكى مۇنۇ سۆزلىرى ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر ۋەتەن - مىللەتكە سادىق ، پاك - دىيانەتلىك ئۆتكەن ھاياتىنىڭ ئىسپاتى بولالايدۇ : « مەن 60 يىلدىن ئارتۇق ياشىدىم ، بۇ ماڭا بەرگەن ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمۈر ، كىشى بىر قېتىم دۇنياغا كېلىدۇ ، ئاخىر ئۆلىدۇ . بۇ قانۇنىيەت ۋە تەقدىر ، ھېچكىم بۇنىڭدىن قۇتۇلالمايدۇ . مەن سىلەرنى تەربىيىلىدىم ، ئوقۇتتۇم ، تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلدىم . مەن ئادا قىلالمىغان كۆپ ئىشلار ئاناڭلارغا قالدى . بۇنىڭدىن كېيىن ئاناڭلار سىلەرگە ئانا ۋە دادا بولىدۇ . ئاناڭلارنى

ھۆرمەت قىلىڭلار، ئۇنى رەنجىتمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنى ھۆرمەت قىلىڭلار، يۇلتۇز (چوڭ قىزى ـــ تەھرىردىن) ھەممىڭلاردىن چوڭ، ئۇ، ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولدى، تۇرمۇش تەجرىبىسى بار، كۆپ ئىشلاردا ئۇنىڭدىن مەسلىھەت ئېلىڭلار، تۇرمۇشنى قانداق ئۆتكۈزسە شۇنداق ئۆتىدۇ، مەن ئاناڭلار بىلەن توي قىلغاندا بىر يوتقان ـ كۆرپە، بىر پارچە كىگىز بار ئىدى، مەيلى ھەربى، مەيلى مەمۇرى خىزمەت قىلغاندا ئائىلە لاۋازىمەتلىرىنى ھۆكۈمەتتىن ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلىتىپ ئۆيىنى ـ ئۆي قىلغان (مەدەنىيەت ئىنقىلابى)، مەزگىلىدە بىر جانغا 15 يۈەندىن تۇرمۇش پۇلى بەرگەندىمۇ قەرز قىلىپ چاندۇرماي ئۆتكەن، كېيىن (مەدەنىيەت ئىنقىلابى) مەزگىلىدە تۇتۇپ قالغان مۇئاش بېرىلگەندە قەرزنى تۆگىتىپ ئاشقىنىغا ئاز ـ تولا مۈلۈك قىلغان. دېمەكچىمەنكى، ھەر بىر ئادەم ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ ھايات كەچۈرۈشى كېرەك. سىلەرمۇ بۇنىڭ ئىچىدە ئەلۋەتتە؛ ئىقتىساتچىل بولۇپ كىرىمگە لايىق چىقىم قىلىشنى ئادەت قىلىپ مۇھتاجلىقتىن ساقلىنىڭلار، مەندىن سىلەرگە مىراس قالىدىغان ھېچ نەرسە يوق، چۈنكى بۇ ئاتىدىن بالىغا مال ـ مۈلۈك مىراس قالىدىغان زامان ئەمەس، دادامدىن قالغان قەشقەردىكى بىر قانچە ئېغىز كونا ئۆيىنى رېمونت قىلىپ، شۇنىڭ بىلەن ئۈچ بالىنىڭ تويىنى قىلارمەن دېگەن ئارزۇيۇم بار ئىدى، بۇ ئارزۇيۇمغا يېتەلمىدىم. ئەمدى ھەممە ئىش ئاناڭلارغا قالدى ـــ ئاناڭلارنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن! مەن ھاياتىمدا پۇل مالغا ئېرىنشەلمىگەن بولسامۇ، خەلقىم ۋە باشقىلار ئۈچۈن قولۇمدىن كېلىدىغان ھەممىنى قىلدىم. ئىناۋىتىمنى ساقلاپ قالدىم. مېنىڭ نامىمغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلماڭلار. دوستقا ئىزا، دۈشمەنگە كۈلكە بولىدىغان ئىشنى قىلماڭلار. شۇنى تەكرارلايمەنكى: ئادىل ـ ساپ نىيەت، ئەمگەك سۆيەر، ئىنتىزامچان، ئىقتىسادچىل، ئەخلاقلىق بولۇپ ياشاڭلار ...».

ئىمنوۋ ھامۇت 1990 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى 66 يې‐
شىدا كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولدى .

## قاسىمجان قەمبىرى

قاسىمجان قەمبىرى 1910 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئاتۇش بويامەتتە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى . ئۇ ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ، ئاتىسى بىلەن بىللە سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ باشلان‐غۇچ مەكتەپنى يەركەنتتە ئوقىدى . كېيىن 1925 ـ يىلى تاشكەنت‐تىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلىم يۇرتى ( ساگو ئىنستىتۇتى ) غا كىرىپ ئوقىدى .

كىچىكىدىن شوخ ، تېتىك ۋە زېرەك ئۆسكەن قاسىمجان قەمبىرى ئوقۇش يىللىرىدا سەنئەتكە ، مۇزىكىغا ۋە ناخشىغا بول‐غان ھەۋەسكارلىقى بىلەن تونۇلغانىدى . كېيىن ئۇ ۋەتەنگە قاي‐تىپ ئىلىدا تۇرۇپ قالدى .

1934 ـ يىل ئاپرىل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن ، شىنجاڭدا دېموكراتىيە بىر مەھەل ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتى . بۇ چاغدا قا‐سىمجان قەمبىرى دېموكراتىك زات ، ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى تىيىپھاجى ( شەنجاڭ ) نىڭ قوللىشى بىلەن ئىلىدا ئۇيغۇر سانايى نەفىسە ( تىياتىر ئۆمىكى ) قۇردى . « پىرىخون » ( باخشى ) ، « يالغان تىۋىپ » قاتارلىق دراممىلار قويۇلغاندا ، ئۇ بۇ درامىدا رول ئالدى ۋە رېجىسورلۇق قىلدى ھەم ئۆزى « زەينەپكە تۆھ‐مەت » قاتارلىق درامىنى يېزىپ سەھنىدە ئوينىدى . « غېرىپ ـ سەنەم » داستانىغا ئاساسلىنىپ « غېرىپ ـ سەنەم » ئوپېراسىنى يېزىپ ، داستان تېكىستلىرىگە ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسىنىڭ گۈلتاجى بولغان « ئون ئىككى مۇقام » تەركىبىدىكى « راك » ، « ئوشاق » ، « ئوزھال » ، « چەبىيات » ، « مۇشاۋىرەك » ، « ناۋا » قاتارلىق مۇقاملار ئاھاڭىنى ۋە خەلق موزىكانتلىرى

ياراتقان ئاھاڭلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ھازىرقى زامان ئوپېراسى «غېرىپ ـ سەنەم» نى بارلىققا كەلتۈردى ۋە بۇ ئوپېرادا ئۆزى رول ئالدى. ھەتتا بارلىق فېئوداللىق توسالغۇلارنى بۇزۇپ، رەپىقىسى رازىيە خانىمنى شىنجاڭ تارىخىدا تۇنجى قېتىم سەھنىگە ئېلىپ چىقتى. يېڭى دېموكراتىك ئۇيغۇر ئەدەبىيات سەنئىتىدە باشلامچى بولغان قاسىمجان قەمبىرىنىڭ بۇ ئىش ـ ھەرىكىتى شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى بىئارام قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي، سان ـ ساناقسىز ساپ ۋىجدانلىق خەلق پەرزەنتلىرى قاتارىدا قاسىمجان قەمبىرىمۇ جاللات شىڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلاندى. ئۇ ئۈرۈمچى ئىككىنچى تۈرمىسىدە يەتتە يىلغا يېقىن ئازاپلاندى.

1944 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى ئۈرۈمچى تۈرمىسىدىن چىققاندىن كېيىن، قاسىمجان قەمبىرى ئۇنىڭ بىلەن ئىككى كۈن سۆھبەتلەشتى ۋە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىلىغا قايتتى.

1944 ـ يىلى نويابىردا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ ھەربىي ئىستىتداتىغا ئاساسەن ئۇنىڭغا پولكوۋنىك ئۇنۋانىنى بەردى. ئۇ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي مەزگىلىدە مەدەنىيەت ـ مائارىپ، سەھىيە، خەلق سودى قاتارلىق موھىم ئورۇنلاردا خىزمەت ئىشلىدى. 1945 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۇ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جەنۇبىي فرونت قوماندانلىق شتابىنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈلۈپ، مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلدى ۋە ئۈچ ۋىلايەت قوشۇنىنىڭ ئاقسۇ كونا شەھىرىنى ئىشغال قىلىشىغا قوماندانلىق قىلدى.

1946 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تۈزگەن 11 ماددىلىق تىنچلىق بېتىم ئىمزالانغاندا، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قارارى بويىچە

ئۇ قەشقەر ۋىلايىتىگە مۇئاۋىن ۋالى بولۇپ تەيىنلەندى .

1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ئىنقىلابىي ئاممىنى زور كۆلەملىك تۇتقۇن قىلدى . بۇ چاغدا ، قاسىمجان قەمبىرىمۇ ئىلغار ياشلار بىلەن دېموكراتىك زاتلار قاتارىدا قولغا ئېلىنىپ ، قەشقەر ھەربى تۈرمىسىدە 1949 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە قامالدى . شۇ يىلى 6 - ئايدا ئۇ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ ، ئۈرۈمچى مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى بولۇپ ئىشلىدى . مۇشۇ جەرياندا ئۈرۈمچىدىكى ئىلغارلار نەشر قىلغان « ھەقىقەت » گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئېلىپ 1949 - يىلى 1 - ئىيولدىن ئازادلىققىچە بولغان ئارىلىقتا ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ئازادلىق ئۇرۇش مەزگىلىدىكى غەلىبىسىنى گېزىت يۈزىدە دادىل ئېلان قىلدى . ئازادلىقتىن كېيىن ، قاسىمجان قەمبىرى يەكەن ۋىلايىتىگە ۋالى بولۇپ تۆت يىل ئىشلىدى . بۇ جەرياندا خىزمىتىنىڭ سىرتىدا يەكەن ئەدەبىيات - سەنئىتىگە زور كۈچ بىلەن ياردەم بەردى ھەم شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ 12 مۇقامنى رەتلەش ، سىمغا ئېلىشقا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى ۋە كۆپ كۈچ سەرپ قىلدى . 1954 - يىلىدىن باشلاپ قاسىمجان قەمبىرى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ، ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى ، جۇڭگو كومپارتىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولدى .

قاسىمجان قەمبىرى كېسەل سەۋەبى بىلەن 1956 - يىلى 3 - مارت كۈنى قەشقەردە 46 يېشىدا ۋاپات بولدى .

## ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوف

ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوفنىڭ دادىسى مۇسا ئاكا ئىلى

سۇلتانلىقى ئاغدۇرۇلۇش ھارپىسىدا ، ئىلىدىن ئالما ــ ئاتاغا چىقـ.
قان ، ئۇ ، ئۇ يەردە بىر مەزگىل باققاللىق قىلغاندىن كېيىن ،
يەرلىشىپ ئۆز كەسپى تۇماقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ . كېيىن
مۇسا ئاكا ئالما ــ ئاتادا ئۆيلىنىدۇ .

ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوف 1890 ـ يىلى ئالما ــ ئاتادا دۇنـ.
ياغا كەلدى . ئۇ ، ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىن ئالما ــ ئاتادا
باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇپ ساۋاتلىق بولدى .
ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ، سوۋېت ھاكىمىيىتى ئوتتۇرا ئاـ.
سيادا باسمىچىلارنى تازىلىغاندا ، ئابدۇللا روزىباقىيوف ، سوپى
زارۋاتــوفلارنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن باسمىچىلارغا قارشى ئۇيـ.
ـغۇرلاردىن قۇرۇلغان ئاتلىق پولك ( ئا . روزىباقىيوف پولك كوـ.
مىسسارى ) زور خىزمەت كۆرسىتىدۇ . ئاق باندىت دوتوپىنى تۇـ.
تۇشتىمۇ ئۇيغۇر پىدائىيلىرى خىزمەت كۆرسىتىدۇ . مانا بۇ پولكـ.
قىمۇ ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوف قاتناشقان ، كېيىن يەرلىك مەمۇـ.
رىـي خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن . مۇشۇ جەريانىدا ئابدۇرېھىمجان
ھەسەنوفنىڭ ئىدىيىۋى كۆز قارىشىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ .
ئۇنىڭدا تەرەققىياتقا ، يېڭىلىققا ئىنتىلىشى كۈچىيىدۇ . يەتتە سۇ
رايونىدا تىيىپ ھاجى قاتارلىق كۆپلىگەن ئىلغار كۆز قاراشتىكى
ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ .

ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوفنىڭ ئائىلىسى 1924 ـ يىلى يۇرتى
ئىـلىغا كۆچۈپ كېلىدۇ . ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوف ئىلىغا كەلـ.
گەندىن كېيىن ، سودىگەرلەر دۇكىنىدا پىركازچىك ، ھېسابچى ،
پرىيومچى بولۇپ ئىشلەيدۇ . بۇ جەريانىدا ئىلىدا ئۆيلىنىدۇ .

ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوف ئۆز بۇرادەرلىرىدىن تىيىپ
ھاجى ( تىيىپ ھاجىمۇ 1930 ـ يىلى غۇلجىغا كۆچۈپ كېلىدۇ ) ،
نەسۇھا داموللا ، سادىق قارى قاتارلىقلار بىلەن يېڭىچە مەكتەپ
ئېچىشقا ھەرىكەتلىنىدۇ . بۇ چاغلاردا ئىلىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن
كـۆچـۈپ كەلگەن ۋە تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئوقۇپ كەلـ.

گەن كىشىلەر پەننىي بىلىملەرنى ئوقۇتىدىغان يېڭى مەكتەپلەر، دەرنەك مەكتەپلىرىنى ئېچىشقا كىرىشكەنىدى.

بۇ بىر ئويغىنىش دەۋرى بولۇپ، خەلقنى يورۇقلۇققا يېتەكلەش تەشۋىقات قىلىناتتى. 1933 - يىلى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، دەسلەپكى مەزگىلدە شىنجاڭدا جۇملىدىن ئىلىدىمۇ يېڭى تەرەققىيات باشلىنىدۇ. 1934 - يىلى 3 - ئايدا، ئىلىدا ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلىدۇ. تىيىپ ھاجى رەئىس، رەھىمجان سابىر ھاجىيوف باش كاتىپ، قاسىمجان قەمبىرى تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى، ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوف ھەيئەت ئەزاسى بولىدۇ. بۇ ئۇيۇشما ئاساسەن مەدەنىي ـ مائارىپ، ئاقارتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوف بۇ ئۇيۇشمىدا ئۇزۇن مەزگىل ئىشلەپ تاكى 1943 - يىللارغىچە ئۇيۇشمىنىڭ ئىجرائىي ھەيئەت ئەزاسى، مۇئاۋىن رەئىسى، رەئىسى بولۇپ كۆپ ئەجىر سىڭدۈرىدۇ.

ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوف تەرەققىپەرۋەر ئىلغار كىشى بولۇش بىلەن بىللە خەلقنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش، ساۋاتسىزلىقنى يۇيۇش ئىشلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن كىشى ئىدى.

1944 - يىلى 9 - ئايدا نىلقىدىن قوزغالغان قوزغىلاڭ كۈچىيىپ، غۇلجا شەھىرىگە كېڭىيىدۇ. بۇ چاغدا ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوف قولىغا قورال ئېلىپ، ئىنقىلابىي پارتىزانلار سېپىگە قاتنىشىدۇ. ئۇ دەسلەپ پارتىزانلار شتابى ۋە مىللىي ئارمىيە شتابىدا پولكوۋنىك ئۇنۋانى بىلەن ئىشلەيدۇ. 1946 - يىلدىن كېيىن، مىللىي ئامىيىنىڭ باش سىياسىي بۆلۈمگە رەھبەرلىك قىلىدۇ. ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوف گېنېرال ئىسھاقبەگنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ ئەڭ يېقىن سەبدىشى ئىدى. ئۇ سىياسىي ئىشلاردا گېنېرال ئىسھاقبەگكە يېقىندىن ھەمكارلىشىدۇ. 1948 - يىلى «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىلىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىتتىپاقنىڭ مىللىي ئارمىيىدىكى

كومنىپتىنىڭ ئىجرائىيې ھەيئىتى بولىدۇ . ئابدۇرېھىمجان ھەسە-
نوفنىڭ مىللىي ئارمىيىدە بولسۇن ، يەرلىكتە بولسۇن ئىناۋىتى ،
ھۆرمىتى يۇقىرى بولۇپ ، ئاق كۆڭۈل ، سەمىمىي ، كىچىك پې-
ئىل ئادەم ئىدى . ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوف 1949 - يىلى 8 -
ئايدا ، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى مەملىكەتلىك بىرىنچى نۆۋەت-
لىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا ماڭغاندا ، بىر مەزگىل مىللىي
ئارمىيىنىڭ مۇۋەققەت قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ . ئازاد-
لىقتىن كېيىن 1950 - يىلىدىن 1952 - يىلىغىچە شىنجاڭ ھەربىي
رايونىنىڭ مۇئاۋىن شىتاب باشلىقى ، ئىلى ھەربىي رايونىنىڭ
مۇئاۋىن قوماندانى بولۇپ ئىشلەيدۇ . 1953 - يىلى كەسىپ ئالما-
شىپ ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ، قوشۇمچە
غۇلجا شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەيدۇ . 1955 -
يىلىدىن كېيىن ، ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رە-
ئىسى ، رەئىسى ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي
كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ .

ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوف « مەدەنىيەت ئىنقىلابى » دا زىي-
يانكەشلىككە ئۇچراپ ، ياشىنىپ قالغان ۋاقتىدا كۆپ ئازاپ -
ئوقۇبەتلەرنى تارتىپ ، 1973 - يىلى ۋاپات بولدى .

## باشباي

باشباي 1889 - يىلى چاغانتوقاي ناھىيىسىنىڭ جىبەك
يېزىسىدا ئوتتۇراھال چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇ ،
1907 - يىلىدىن 1917 - يىلىغىچە ھازىرقى قازاقىستاننىڭ ئارئالى
دېگەن يېرىدە ، 1919 - يىلىدىن 1945 - يىلىغىچە چاغانتوقايدا
چاۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان . مۇشۇ جەرياندا خەلق ئۈچۈن
كۆپ ياخشى ئىشلارنى قىلغان .

1936 - يىلى چۆچەكتە ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرماقچى
بولغاندا ، باشباي باشقا ئىئانىچىلار قاتارىدا ، 700 قوشقار ، 70

ئات ، 70 كالا ئىئانە قىلغان . 1940 - يىلى ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلغاندا ، باشباي 500 تۇياق ئىگەر جابدۇقلۇق ئات ياردەم بەرگەن . 1941 - يىلى ئىمىل دەرياسىغا كەلكۈن كېلىپ چۆچەك بىلەن چاغانتوقاي ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ئۈزۈلۈپ قالغاندا ، توققۇز ئاي ۋاقىت چىقىرىپ ئىمىل دەرياسىغا 87 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئالتە مېتىر كەڭلىكتە كوۋرۈك سېلىپ قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇپ بەرگەن . يەنە شۇ يىلى ( 1941 - يىلى ) سوۋېت ۋەتەن ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلغاندا ، باشباي يارامىلىق 200 ھەربى ئات ياردەم بەرگەن . 1944 - يىلى چاغانتوقايدا ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتىگە قارشى قۇرۇلغان تەشكىلاتقا قاتناشقان ۋە تەشكىلاتنىڭ تەشۋىقات – تەرغىبات ئىشلىرىنى ئىشلىگەن .

1945 - يىلى 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چۆچەك ئازاد قىلىنىپ ، 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تارباغاتاي ۋالى مەھكىمىسى قۇرۇلغاندا باشباي ۋالى بولدى . باشباي ۋەزىپە تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىغا قويغان ھەر قايسى ھەرىكەت ۋە چاقىرىقلاردا ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇردى . 1945 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى « غەلىبە زايومى » تارقاتقاندا باشباي بىر مىليون دوللار ( ئۈچ ۋىلايەت پۇلى ) لىق زايوم سېتىۋالغاندى . شۇ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنىڭ كىيىم – كېچەك ، ئۇزۇق – تۈلۈكى ئۈچۈن 1000 تۇياق قوشقار ياردەم قىلدى . 1946 - يىلى قىشتا ، مىللىي ئارمىيىگە 100 كالا ، 300 قوي ياردەم بېرىدۇ . 1947 - يىلى 9 - ئايدا ئالتايدا ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىگە قارشى توپىلاڭ كۆتۈرۈلگەندە باشباي ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىگە 250 ئات ياردەم بېرىدۇ . باشباي ئىنتىپاقلىققا تولىمۇ ئېتىۋار بېرەتتى . 1947 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى ئۈچىنچى پولكىدىكى بىر نەچچە جەڭچى ھاراق ئىچىپ ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋەقەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغاندا ، باشباي ھەربىي سوتنىڭ ھۆكۈمىنى ق-

ـوللاپ ، « ئارمىيىمىز گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ، بىـ
رەر مىللەتكە قارشى ، ئەمەس كىم بىگۇنا ئادەم ئۆلتۈرىدىكەن ،
ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش كېرەك » دەيدۇ . يەنە سوۋېت
ئىتتىپاقىدىن قايتىپ كېلىپ چاغانتوقايدا تۇرۇپ قالغان خى شۇ
شىـڭ ، ۋاڭ زىڭچىڭ قاتارلىقلارنىڭ ئۆي سېلىۋېلىشىغا ياردەم
بېرىش بىلەن ئۇلارغا مال ۋە يەر بەرگەن .

باشباي ئۆلكە ئازاد بولغان كۈنلەردە ، ئازادلىق ئارمىيىنى
ھىمايە قىلىش بىلەن بىرگە 4000 پۇت بۇغداي ، 40 كالا بىلەن
ھال سورىغان .

ئازادلىقتىن كېيىن باشباي ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر ــ پەرمانـ
لىرىنى سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلغان . سوتسىيالىستىك ئۆزـ
گەرتىش ھەرىكىتىگە قاتناشقان . 1950 ـ يىلى « ئامېرىكا جاھانـ
گىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش » ھەرىكـ
ىتىدە ، بىر دانە قىرغۇچ ئايروپىلان بېرىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ
ۋە ئۇنىـڭ بەدىلىگە 100 ئات ، 100 كالا ، 1000 قوي ، 100 سەر
ئالتۇن بېرىدۇ .

باشباي باشتىن ئاخىر مەدەنىي ــ مائارىپنى قوللاپ كەلـ
گەن . ئۇ ، 1936 ـ يىلى چاغانتوقاي ناھىيىسىدە تولۇقسىز ئوتتۇرا
مـەكتەپ سېلىنغاندا پۈتۈن چىقىمىنىڭ يېرىمىنى ئۈستىگە ئېلىپ
500 قـوي بېرىدۇ . ئوقۇغۇچىلارنىڭ يىمەكلىكى ئۈچۈن ئاشلىق
ۋە قـوي ــ كالا ياردەم بېرىدۇ . 1937 ـ يىلى چۆچەك خەلق كۇـ
لـوبى ، 1939 ـ يىلدىكى چۆچەك گىمنازىيىسى ( ھازىرقى ۋىلايەتـ
لىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ) نىڭ قۇرۇلۇشىغا كۆپ ياردەم بەرـ
دى .

باشباي چارۋىچىلىق قىلىش جەريانىدا ، قوي نەسلى ۋە
تۈرىنىڭ ياخشىلىنىشىغا كۆپ ئەھمىيەت بەرگەن . ئۇ ، ئاخىـر
« باشباي چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى » نى يېتىشتۈرىدۇ .

باشباي 1953 ـ يىلى دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى ئۇـ

يۇشتۇرغان ئىچكى ئۆلكىلەرنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىش ئۆمىكى بىلەن ئىچكى ئۆلكىگە بارغاندا كېسەل سەۋەبى بىلەن 1953 - يىلى 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى خاڭجۇدا 58 يېشىدا ۋاپات بولدى . مەرھۇمنىڭ جەسىتى ئايروپىلان بىلەن ئېلىپ كېلىنىپ چاغانتوقايدا دەپنە قىلىندى .

1957 - يىلى چاغانتوقايدا ھۆكۈمەت خۇسۇسىلار شىرىكچىلىكىدىكى چارۋامەيدان ( فىرمىسى ) قۇرۇلدۇ . باشباي ئائىلىسى بۇ فىرمىگە 7334 تۇياق قوي ، 125 ئۆچكە ، 973 ئات ، 125 كالا ، 52 تۆگە قوشتى . بۇ فىرمىنىڭ چارۋىلىرى فىريوم ( تاللانغاندا ) قىلىنغاندا ، باشباينىڭ چوڭ قويرۇقلۇق قويىدىن 4000 تۇيىقى بىرىنچى دەرىجىلىك قوي بولۇپ ئايرىلىدۇ .

## قاسىم ئەپەندى ①

قازاق خەلقىنىڭ كۆرەشچان پەرزەنتى قاشىر باي تىلەۋ بەردى ئوغلى قاسىم ئەپەندى ، 1899 - ( ؟ ) يىلى بارىكۆلدە يوقسۇل ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . قاشىر باي تىلەۋ بەردى ۋاپات بولغاندا ، قاسىم ئەپەندى ئەمدىلا مەكتەپ يېشىغا يەتكەن بولۇپ ، ئۇ ، ئاتىسىدىن ئايرىلىپ ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە قالدۇ . ئۇنى ئانىسى دەسلەپ دىنىي مەكتەپكە بېرىدۇ . بىر مەھەل دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ دىنىي بىلىمى ۋە خەت ساۋادى چىقىدۇ . كېيىن ئالتايدا ئېچىلغان بىر ئاۋۇللۇق مەكتەپتە ئوقۇغانلىقى ، ئۇنىڭ نەتىجىسىنىڭ يۇقىرى بولۇشى

① 1940 - يىلى ئۈرۈمچىدە ، قاسىم ئەپەندى گېنېرال ئىسھاقبېك ، نەق قارى ھاجىم ، ھەمدۇللا دوتەي قاتارلىقلار بىلەن بىللە نەزەربەنت قىلىنغان . بۇ يەردە بولغان سۆھبەتتە قاسىم ئەپەندىنىڭ يېشى چوڭراق دېيىلگەن . يۇرتى بەزى گېزىت - ژۇرناللاردا بارىكۆللۇك دېيىلسە ، بەزىدە ئالتايلىق دېيىلگەن . 1919 - يىلى لېنىن 3 - ئىنتېرناتسىئونالنى تەشكىل قىلغاندىن كېيىن تاشقى موڭغۇلىيە ، قوبدۇدا ، ئالتايدا تۇرغان ، 1928 - يىلى ياڭ زېڭشىڭ ئۆلۈپ جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن ، قومۇلدا سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ ، نەزەر ۋاڭ ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلىپ ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى قىلىپ تەيىنلىنىدۇ . ۋاقىتلىق تۇزۇم بىكار قىلىنىدۇ . بۇ چاغدا ، نەزەر ۋاڭنىڭ ئوغلى بېشىر ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ئۆزىنى ۋاڭ قىلىپ بەلگىلەيدۇ . قومۇلنىڭ سىياسىي ، ھەربىي ھوقوقى ئوردا مۇشەۋۋىرى يولۋاسقا قالىدۇ . شۇ پەيتتە قاسىم ئەپەندى قومۇلدا خىزمەت ئىشلەيدۇ . مۇشۇ ئاساسلارغا بىنائەن بەزىلەر ئالتايلىق دېسە ، بەزىلەر بارىكۆللۇك دېسە كېرەك .

مۇناسىۋىتى بىلەن ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئېچىلغان ئالىي مەكتەپلەردە① ئوقۇپ سوتسىيالىستىك نەزەرىيە ۋە ماركسىتىك بىلىم ئالغانلىقى توغرىسىدا كۆپلىگەن ئاغزاكى ماتېرىيال بار . قاسىم ئەپەندىنىڭ ئەمەلىي بىلىمىمۇ دەل شۇلارنى ئىسپاتلايدۇ .

قاسىم ئەپەندى ، قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابى پارتلاش ئالدىدا روسىيىدىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ ، تاشقى موڭغۇلىيىدە خىزمەت قىلىۋاتقان ئىدى . 1932 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ، ئۇ ئاۋۇت ئاكا ( هازىر هايات ) بىلەن شىنجاڭغا كېلىدۇ ۋە قەينەر دېگەن ئىسىم بىلەن خەلق ئىچىدە تەشۋىقاتچىلىق خىزمىتى ئېلىپ بېرىپ ، خەلق ئاممىسىنى زۇلۇمغا قارشى كۈرەشكە ئۈندەيدۇ .

1932 - يىلى جىن شۇرېن هاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتقان مەزگىل بولۇپ ، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ، ئىجتىمائى ۋە ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىدە ، ياڭ زېڭشىن دەۋرىگە نىسبەتەن قىسمەن ئۆزگىرىش بولغانىدى .

جىن شۇرېن هاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا ، قاسىم ئەپەندى جاهانگىر دۆلەت جاسۇسلىرىنىڭ خەلقنى قايمۇقتۇرۇش سۇيىقەستىگە قارشى دادىل كۈرەش قىلىدۇ ۋە سوتسىيالىزم يولىنى تەشۋىق قىلىدۇ . كېيىن ئۇ ، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ قوزغىلاڭچى دېھقانلار ئاممىسىنى توغرا ئىنقىلاب يولىغا باشلاشتا تەشۋىقاتچىلىق رولىنى ئوينايدۇ . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، بىر مەزگىل خوجا نىياز هاجىمنىڭ يېنىدا مەسلىھەتچى بولىدۇ . بۇ يىللاردا ، خوجا نىياز هاجى يەتتە قۇدۇقتىكى جەڭدە شىڭ شىسەي قىسمىدىن (ما جۇڭيىڭ تۇيۇقسىز ئۇرۇش مەيدانىنى ئاق قالدۇرۇپ قۇمۇلغا چېكىنىپ ، قۇمۇلنى بۇلاپ ، ئوت قويۇپ ئىچكىرىگە كېتىپ قالىدۇ ) يېڭىلىدۇ - دە ، تاشقى موڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى هىنگان تېغىغا چېكىنىدۇ ۋە بۇ يەردە ئالتە

---

① ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ، سوۋېت هۆكۈمىتى زور كۈچ سەرپ قىلىپ ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى تەربىيىلەشكە ئەهمىيەت بەرگەن . شۇ يىللاردا قاسىم ئەپەندى روسىيەگە ئۆتۈپ ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئالاهىدە ماركسىتىك مەكتەپلەردە ئوقۇغان . شۇڭا ئۇ ، شىنجاڭغا ماركسىزم تارقاتقۇچىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ .

ئاي تۇرۇپ دەم ئالىدۇ ، قىسىملارنى رەتلەيدۇ . شۇ مەزگىلدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىغا ئوقۇغۇچى چىقىرىدۇ ھەم ئۇلاردىن قىشلىق كىيىم ـ كېچەك ، قورال ـ ياراغ قاتارلىقلارنى سېتىۋالىدۇ . مۇشۇ پەيتتە قاسىم ئەپەندى خوجا نىياز ھاجىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن بولغان كېلىشىملىرىگە مەسلىھەتچى بولىدۇ .

1932 ـ يىلى كەچ كۈزدە ، قاسىم ئەپەندى جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغان قۇمۇل ۋە تۇرپان قىسىملىرى بىلەن بىللە كېتىۋېتىپ ئۇششاقتالغا كەلگەندە ، ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىدىن بولغان ماشىمىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ئەسىرگە چۈشىدۇ . ماشىمىڭ قىسىملىرى 20 نەپەر قوزغىلاڭچى ئاممىنى ئېتىپ تاشلايدۇ . قاسىم ئەپەندى ئۆپكىسىگە تەككەن ئوق بىلەن ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋالىدۇ ، دۈشمەن كېتىپ قالغاندىن كېيىن ، 2 ـ كۈنى يەنە شۇنداق چالا ئۆلۈك بولغان بىر ئۇيغۇر يىگىتى بىلەن بىرگە دېھقانلار تەرىپىدىن قۇتقۇزۇپ قېلىنىدۇ .

1934 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ، خوجا نىياز ھاجىم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياراشتۇرۇشى ۋە كېپىللىكى بىلەن شېڭ شىسەي بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ خىزمەت ئىشلىگەندە قاسىم ئەپەندى خوجا نىياز ھاجىمنىڭ يېنىدا مەسلىھەتچى بولىدۇ ، كېيىن ماجۇڭيىڭ قىسىمىدىن ماخۇسەن خوتەننى ئىشغال قىلىپ تۇرغان مەزگىلدە ، قاسىم ئەپەندى شېڭ شىسەينىڭ ئالاھىدە ۋەكىلى بولۇپ خوتەندە تۇرىدۇ .

كېيىن قاسىم ئەپەندى قەشقەردە بولغان مەزگىلدە ، قەشقەر شەھىرىدە قۇرۇلغان ھىلال ئەھمەر ( قىزىل يېڭى ئاي ) دوختۇرخانىسىغا مۇدىر بولۇپ بۇ ۋەزىپىنى ئۈچ يىل ئۆتەيدۇ . ئۇ ، مۇشۇ جەريانىدا قەشقەر رايونىدىكى يېڭىلىق تەرەپدارلىرىنى ئەتراپىغا يىغىپ ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ سىياسىي ، ئىجتىمائىي

نەزەرىيىسى ۋە ماركسنىڭ پەلسەپىسىدىن دەرس ئۆتىدۇ . يەنى ماركسىزمنىڭ ئىلغار تەشۋىقاتچىلىرىدىن بولىدۇ .

ئۇ ، 1936 - يىلى قەشقەردە تۇنجى قۇرۇلغان پېداگوگ مەكتىپىدىكى ئىلغار مۇئەللىملەر ۋە ئىلغار ھەربىي ، ساقچى ۋە باشقا ئىلغارلاردىن بىر گۇرۇپپا تەشكىل قىلىپ « پەلسەپە ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى » ( ماركسىزمنى تەشۋىق قىلىش گۇرۇپپىسى ) قۇرىدۇ . ئۇ گۇرۇپپىدا بەي ۋېنيۇ ( خۇيزۇ ) ، ساۋۇت ئەپەندى ، ئابدۇقادىر سىدىقى ، كېيىنرەك تەكلىپ قىلغان ئابدۇرېشىت يۈسۈفى ، ھەربىيلەردىن ئەمەت تۆەنجاڭ ، زامىر ( تاجىك ) تۆەنجاڭ ، جاڭ يۈفىڭ ( خەنزۇ ) سىلىڭ قاتارلىق خېلى كۆپ كىشىلەر بولغان . قاسىم ئەپەندى ئەنە شۇ ماركسنىڭ پەلسەپە ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىنىڭ رەھبىرى ئىدى .

1939 - يىلى شېڭ شىسەي قاسىم ئەپەندىنى ئۈرۈمچىگە چاقىرىپ نەزەربەنت قىلىپ قويىدۇ .

1942 - يىلى شېڭ شىسەي قاسىم ئەپەندىنى نەزەربەنتتىن بوشىتىپ ، مەركىزىي قازاق - قىرغىز ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىلات بۆلۈمىگە مەسئۇل قىلىپ بەلگىلەيدۇ .

قاسىم ئەپەندى قازاق - قىرغىز ئۇيۇشما تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى بولغان مەزگىلدە ، ئۇ تەشكىللەش ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىپ ، قازاق - قىرغىز خەلقىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ، مىللىي مائارىپ ، ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە سىياسىي ھاياتىدا زور يېڭىلىقلار يارىتىدۇ ، ئۇنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئابرويى ئىنتايىن يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ . بىراق ، 1943 - يىلى ئەتىيازدا ، شېڭ شىسەي ( بۇ چاغدا ، شىنجاڭدا ئاللىقاچان گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى ) قاسىم ئەپەندىنى قولغا ئالىدۇ . ئۇ تۈرمىگە ئېلىنغاندىن كېيىن ، ھەر خىل ئېغىر شارائىت ۋە قىيىن - قىستاقلار داۋامىدا ، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئوق تەككەن ئۆپكە كېسىلى قايتا قوزغىلىپ ئېغىرلىشىدۇ . ئۇ ، بىر يىلغا يەتمىگەن تۈرمە ئازابىدىن كېيىن

تۇرمىدىن بوشىتىلىدۇ . بۇ چاغدا ، قازاق ـ قىرغىز ئىلغارلىرى قاسىم ئەپەندىنىڭ يەنىلا خىزمەت ئىشلىشىنى تەكلىپ قىلىدۇ . نەتىجىدە ، ئۇ ، كىشىلىنىڭ ئىغىرلىقىغا قارىماي ئەسلىدىكى خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ ، خىزمەت جانلىنىدۇ . ئەكسىيەتچىلەر بىلەن ئىلغار كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا كۈرەش باشلىنىدۇ .

ئۇ يىللاردا ، قازاق ـ قىرغىز ئۇيۇشما رەئىسى سالىس ئىدى . ئۇ ئەكسىيەتچى كۈچلەر ۋەكىلى بولۇپ ، گومىنداڭنىڭ ئىشەنچلىك قول چوماقلىرىدىن ئىدى . جۈملىدىن ئۇ ، ئۇيۇشما دائىرىسىدە ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ئىلغار كۈچلەرنى تايانچىسىز قالدۇرۇش مەقسىتىدە قاسىم ئەپەندىنى خىزمەتتىن بوشىتىۋېتىدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇ ، ئۆيىدە ئۆپكە جاراھىتىنى داۋالاپ دەم ئالىدۇ .

1946 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن « 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم » شەرتلىرىگە ئاساسەن خەلقىمىز خەلقچىللىق سايلام ھوقوقىغا ئېرىشىدۇ . 1946 ـ يىلى 8 ـ ۋە 9 ـ ئايلاردا ئېلىپ بېرىلغان خەلقچىل سايلامدا ، قاسىم ئەپەندى خەلق تەرىپىدىن مەركىزىي قازاق ـ قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا رەئىس بولۇپ سايلىنىدۇ . ئۇ ، سايلامدىن كېيىن خەلقچىللىق بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش يولىدا پىداكارلىق بىلەن ئىشلەپ ، ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى كۈرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرىدۇ .

ئۇ يىللاردا ، شىنجاڭ ۋەزىيىتى بولۇپمۇ ئۈرۈمچى ۋەزىيىتى ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ ، ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن ئىلغار كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش كەسكىن ۋە جىددىي ئىدى . ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا ، قازاق خەلقى بىر تەرەپتىن ئوسمان ، قالىبېك ، ئورازقان قاتارلىق قوراللىق باندىتلارنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ ۋە ئۆزىگە مەجبۇرىي رام قىلىش ( بويسۇندۇ-

رۇش ، ئەگەشتۈرۈش ) قاتارلىق نەيرەڭلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، گومىنداڭ گۇماشتىلىرى بولغان سالىس ، زاكىچىن ، جانىمقان قاتارلىقلارنىڭ بېسىمىغا ئۇچرايتتى . ئۇ يىللاردا قاسىم ئەپەندى ئىلغار كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ قازاق خەلقىنىڭ ھەقىقىي ئەركىنلىك ، ئازادلىق يولىنى روشەن كۆرسىتىپ ، ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە قارشى كۈرەشكە يېتەكچىلىك قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە ۋەتەنپەرۋەر خەلق پەرزەنتى ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلدى .

1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنى يىرتىپ تاشلاپ ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئىلغار كۈچلەرگە بولۇپمۇ ئۆز كونتروللۇقىدىكى يەتتە ۋىلايەت ئىلغارلىرىغا ئۇشتۇمتۇت زەربە بەردى ۋە ئۇلار ئۈستىدىن تېروورلۇق ئېلىپ باردى ، ئۆلتۈردى ، قامىدى . مىڭلىغان كىشى خانىۋەيران بولدى . ئۈرۈمچىنىڭ ۋەزىيىتى ئۇنىڭدىنمۇ يامان بولۇپ ، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى مەسئۇت سەبىرىنى ئۆلكە رەئىسلىكىگە تەيىنلەشتەك ۋاستىلەر ئارقىلىق ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ پائالىيىتىگە توسقۇنلۇق قىلدى . نەتىجىدە ، ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنى ئېچىلىشتىن توختىدى ، جۈملىدىن يەتتە ۋىلايەتتىكى ئىلغار كۈچلەر ۋەكىللىرى ئىلىغا كەتتى . بۇ چاغدا ، قاسىم ئەپەندىمۇ ئۈرۈمچىدە تۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆز سەبداشلىرى بىلەن 1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئىلىغا كەتتى . ئۇ ، ئىلىغا بارغاندىن كېيىن ، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ سەمىمىي قولدىشى سۈپىتىدە ھۆكۈمەت خىزمىتىگە ياردەمدە بولدى .

1948 - يىلى ئىلىدا « ئىتتىپاق » تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىن ، قاسىم ئەپەندى ئىتتىپاقنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ سايلاندى ۋە بۇ ساھەدە كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى ياراتتى . لې-

كىن ئۇنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشى ، كېسەلىنىڭ يامان تەرەپكە تەرەققىي قىلىشى قۇتقۇزۇپ بولمايدىغان ھالەتكە يەتتى . نەتىجىدە ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي 1948 - يىلى 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئەتىگەن سائەت بەشتە ۋاپات بولدى .

قاسىم ئەپەندىنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ۋە ھۆكۈمىتى پۈتۈن « ئىتتىپاق » ئىجرائىيە كومىتېتى داغدۇغىلىق ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزدى . مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى ، گېنېرال ئىسھاقبەگ ، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ، دەلىلقان سۇگۇربايوف قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى ، « ئىتتىپاق » ئىجرائىيە كومىتېتى ۋە ئىتتىپاق ئىجرائىيە كومىتېت ھەيئەت ئەزالىرى قاتارلىق كۆپلىگەن ئورۇن ۋە شەخسلەر تەزىيە ماقالىسى يازدى .

قاسىم ئەپەندىنىڭ تەزىيە مۇراسىمىغا ئەخمەتجان قاسىمى ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلدى .

ئەخمەتجان قاسىمى ئۇنىڭ ماتەم مۇراسىمىدا سۆزلىگەن تەزىيە سۆزىدە : « قاسىم ئەپەندى پۈتۈن ئۆمرىنى خەلقنىڭ ئازادلىق ، ئەركىنلىكى ئۈچۈن بېغىشلىدى . ئۇ ، ئۆمۈر بويى ئادالەت ، ۋەتەنپەرۋەرلىك يولىدا باتۇرانە كۈرەش قىلدى . ئۇ ، ھەرقاچان ‹ بىز دۈشمەننى چوقۇم يېڭىمىز دېسەك ، ئىتتىپاقلىشايلى ، ئىتتىپاقلىق - كۈچ دېمەكتۇر › دەيتتى ۋە خەلقىمىزنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى . قاسىم ئەپەندى ئۆز ھاياتىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىر - بىرىگە بولغان مۇھەببىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشقا ، بىر - بىرىگە بولغان ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىشكە ھەمدە بىر - بىرىگە بولغان تارىخىي قېرىنداشلىق ۋە دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەشكە سەرپ قىلدى . شۇنداقلا ئۇ ، ئۆز مىللىتىنىڭ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەركىنلىك ۋە ئامانلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش سېپىدىكى يۈرەكلىك ۋە غەيرەتلىك كۈرەشچى ئىدى . ئۇ خەلقىمىز-

نىڭ ئۆز كۆچىگە ئىشىنىشىنى دائىم تەشۋىق قىلاتتى ، ئۇنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان كېسەلى ۋە ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ بېسىمى ئۇنىڭ جەڭگىۋار روھىغا زادىلا تەسىر يەتكۈزەلمىگەن ئىدى . قاسىم ئەپەندى كۆزىنى يۇمغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ۋەتەن ، مىللەت ئازادلىقى يولىدىكى يۈرىكى ھەر بىر ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ يۈرىكى بىلەن مەڭگۈ بىرگە سوقىدۇ ... » دېگەن ئىدى .

قاسىم ئەپەندىنىڭ جەسىتى غۇلجىدىكى ئىنقىلابىي قۇر- بانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان . كېيىن ئىتتىپاق ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن ئىلى كۇتۇپخانىسىغا « قاسىم ئەپەندى كۇتۇپخانىسى » دەپ نام بەرگەن .

قاسىم ئەپەندىنىڭ ۋاپاتى ئەينى ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەتتىكى كىشىلەرنى ئېغىر قايغۇغا سالغان ، « شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە دې- موكراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى » يەنى « ئىتتىپاق ئىجرا- ئىيە كومىتېتى » تەزىيە مۇراسىمى ئاچقان . ئۈچ ۋىلايەت تەۋە- سىدىكى ناھىيىلەر ، ئاممىۋى تەشكىلاتلار ، « ئىتتىپاق » نىڭ جايلاردىكى شۆبىلىرى تەزىيە بىلدۈرگەن . 1948 - يىلى قاسىم ئەپەندى ۋاپاتىدىن كېيىن ئىلى گېزىتى مەخسۇس تەزىيە ماقا- لىسى ئېلان قىلىپ ، قاسىم ئەپەندىنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن . ئازادلىقتىن كېيىن ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە رەئىس ماۋ زېدۇڭ قاسىم ئەپەندىنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان ئىلغار پائالىيەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئۇنىڭ خىزمەت پائالىيىتى ۋە نامىنى ئەنگە ئېلىپ گۇۋاھنامە بەرگەن .

## ئابدۇرىشىت تۇردىيوف

ئابدۇرىشىت تۇردىيوف 1920 - يىلى 4 - ئايدا ئاتۇشنىڭ تىجەن يېزىسىدا تۇغۇلغان . ئۇ ، ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىن 1931 - يىلى 9 - ئايغىچە تىجەن يېزىسىدا كونا مەكتەپتە ئوقۇ- غان . 1936 - يىلى 9 - ئايدا غۇلجىغا چىقىپ غۇلجىدا ئوقۇغان .

1940 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۈرۈمچى ھەربىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىپ 1941 ـ يىلى 3 ـ ئايدا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. 1941 ـ يىلى 5 ـ ئايدا خوتەن ئىلچى گارنىزون باتالىيوندا لېيتېنانت ۋۇزۋوت كوماندىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1942 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 1944 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە تاشقورغان چېگرا ئەترىتىدە لېيتېنانت شۆبە ئەترەت باشلىقى، ۋۇزۋوت كوماندىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1944 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەلگەن. 1944 ـ يىلى 8 ـ ئايدا چۆچەككە يۆتكىلىپ، 1945 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە چۆچەك ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىنستروكتور بولغان. 1945 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن باشلاپ گومىنداڭغا قارشى يەر ئاستى تەشكىلاتقا قاتناشقان. كېيىن سېزىلىپ قېلىپ قولغا ئېلىنىپ قامالغان. 1945 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت پارتىزانلىرى چۆچەكنى ئازاد قىلغاندا، تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن. شۇ يىلى 9 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە چۆچەك ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، 11 ـ ئايدىن 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە مىللىي ئارمىيە بىرىنچى باتالىيون كاماندىرى بولغان ھەم شۇ يىلى ئۈچ ۋىلايەت بىرلىكسەپ ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن. 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1947 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئامبىسىنىڭ باش شتاب باشلىقى، 1947 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1948 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئالتاي ھەربىي رايونى شىمالى يۆلىنىش فرونتىدا شتاب باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. ئىنقىلاب مەزگىلىدە 1 ـ دەرىجىلىك ئىستىقلالىيەت ئالتۇن ئوردىنىغا، 2 ـ دەرىجىلىك ئىستىقلالىيەت ئوردىنىغا، ئازادلىقتىن كېيىن غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش كۆرەش مېدالىغا ئېرىشكەن.

1949 ـ يىلى شىنجاڭ دېموكراتىك ئىتتىپاققا ئەزا بولغان. 1952 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1954 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە نەنجىڭ ھەربىي ئىنستىتۇدىدا ئوقۇغان. 1954 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 1955 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە لەنجۇ ھەربىي رايونى شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى

ھەربىي تەييارلىق باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان . 1955 - يىلى 11 - ئايدىن 1956 - يىلى 4 - ئايغىچە كورلا ۋىلايىتىنىڭ بۈگۈر ناھىيىسىدە ئالىي كوپېراتىپ قۇرۇش خىزمەت گۇرۇپپىسىدا ئىشلىگەن .

1956 - يىلى 7 - ئايدىن 1957 - يىلى 8 - ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىدا ئىشخانا مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن . 1957 - يىلى 8 - ئايدىن 1958 - يىلى 9 - ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات سودا كوپېراتىۋى ئىشخانا مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن . 1958 - يىلى 9 - ئايدىن 1961 - يىلى 4 - ئايغىچە ئىككىنچى سودا نازارىتى ئىشخانا مۇدىرى بولغان .

1961 - يىلى 4 - ئايدىن 1963 - يىلى 8 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تۈرلۈك ماللار شىركىتى خۇگسەن ئاياق زاۋۇتىنىڭ باشلىقى بولغان . 1963 - يىلى 8 - ئايدىن 1972 - يىلىغىچە شىنجاڭ تۈرلۈك ماللار شىركىتىدە تەرجىمانلىق ، كاتىبات خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن .

ئابدۇرېشىت تۇردىيوف مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شىتابى ھەربىي تەييارلىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ، « ھەربىي تالانت ئىگىسى ، بىلىمگە باي ھەربىي ، رەھبەر ۋە قابىل ئوفىتسېر ئىدى » . خەلقىمىز ئۇنىڭ ھەربىي ئىستىدادىن پەخىرلىنىدۇ . ئۇ ، ئىنتىزامچان ، تەشكىلاتچان كادىر بولۇپ ، جەڭگىۋار قوراللارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى پىششىق بىلەتتى ۋە ھەربىي تاكتىكا ، ئىستراتېگىيە جەھەتتە ئالاھىدە قابىلىيەتكە ئىگە ئوقۇتقۇچى ئىدى . ئۇنىڭ ئۆتكەن نەزەرىيە دەرسلىرىنى ئاڭلىغان ۋە ئەمەلىي مەشقلىرىنى كۆرگەن ئوفىتسېرلار ئۇنىڭ ئىقتىدارىغا چىن دىلىدىن قايىل بولاتتى . ئۇ 1972 - يىلى ۋاپات بولدى .

## يۈسۈپجان ياسىنوۋ

پۈتۈن ھاياتىنى خەلقنىڭ ئازادلىقى ، ئەركىنلىكى ئۈچۈن

ئىنقىلاب يولىغا بېغىشلىغان ماھىر رازۋېتچىك، پودپولكوۋنىڭ يۇسۇپجان ياسىنوۋ 1919 - يىلى (؟) سۇيدۇڭدە تەرەققىپەرۋەر تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كېيىن بالىلىق ھاياتىنى بورتالادا ئۆتكۈزگەن.

يۇسۇپجان ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىن، بۆرتالادىكى بىر كونىچە مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردى. ئۇ، ئوقۇش داۋامىدا دىنىي بىلىم ئېلىش بىلەن بىرگە، كونىچە مەكتەپتە يېڭىدىن يولغا قويۇلغان[1] پەننىي دەرسلەرگىمۇ قىزىققىدۇ - دە، ناھايىتى تېزلا خەت - ساۋادىنى چىقىرىۋالىدۇ. بۇنىڭدىن سۇيۇنگەن دادىسى روسىيىدە (تاشكەنت، قازان، ئوفا قاتارلىق جايلاردا) نەشر قىلىنغان دەرسلىك كىتابلار ۋە ھەر خىل ژۇرنال - گېزىتلەرنى ئېلىپ بېرىدۇ. كىچىكىدىن زېرەك ۋە تىرىشچان ئۆسكەن يۇسۇپجان تىرىشىپ كىتاب ئوقۇيدۇ. گېزىت - ژۇرناللارنى كۆرۈپ دۇنيانى چۈشىنىشكە باشلايدۇ. قېيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە دادىسىدىن سوراپ چۈشىنىدۇ.

30 - يىللاردىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا شىنجاڭدا يۈز بەرگەن تارىخىي خارەكتېرلىك يېڭى ئۆزگىرىشلەردىن كېيىن، جاي - جايلاردا يېڭىچە مەكتەپ قۇرۇلۇشقا باشلايدۇ. بۇ ئەھۋال يۇسۇپجاننىڭ يېڭى بىلىم ئېلىشقا تېخىمۇ ئوگۇشلۇق شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. نەتىجىدە، يۇسۇپجان بورتالادا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەلۇماتلىق تالانت ئىگىسى بولۇش بىلەن بىرگە، رۇس تىل - يېزىقىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنالايدىغان بولۇپ يېتىلىدۇ.

1936 - يىلى ئۇنىڭ كۆتكەن پۇرسىتى يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ، ئۇچىنچى تۈركۈمدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، تاشكەنتكە بېرىپ

---

[1] 1980 - يىلدىن باشلاپ باۋۇدۇن مۇسابايۇپلارنىڭ بىۋاسىتە قول تىقىشى بىلەن ئىلى، قەشقەر قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردىكى مەدرىسلەردە پەننىي دەرسلەر قوشۇپ ئوقۇلۇشقا باشلىغان بولسىمۇ، كىچىك شەھەرلەردە ئومۇملاشمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە پەننىي مەكتەپمۇ يوق ئىدى. شۇڭا، بورتالادىكى كونىچە مەكتەپكە پەننىي دەرسلەرنى قوشۇپ ئوقۇش يېڭىدىن تەسىس قىلىنغانىدى.

ساگو نىڭ سىياسىي قانۇن فاكۇلتېتىدا ئوقۇيدۇ . ئۇنىڭ ئو-
قۇشى ئەلا نەتىجە بىلەن ئاخىرلىشىپ ، سىياسىيون ھەم ناتىق
بولۇپ ۋەتەنگە قايتىدۇ .

1938 - يىلى ئۇرۇمچىدە سىياسىي - قانۇن ئورۇنلىرىغا
خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىدۇ . كېيىن ئۇ ئىلىغا يۆتكىلىپ ، 1942 -
يىلغىچە يەنىلا سىياسىي - قانۇن خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ .

1942 - يىلىنىڭ ئاخىرى ، شېڭ شىسەي ئىنقىلابتىن ئو-
چۇق - ئاشكارا يۈز ئۆرۈپ گومىنداڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ .
شىنجاڭدا گومىنداڭ پىرقىسى قۇرۇلىدۇ . بۇ چاغدا ، كۆپلىگەن
ئىلغارلار قولغا ئېلىنىدۇ ، قاملىدۇ ، ئۆلتۈرۈلىدۇ . زۇلۇمدىن ئۆ-
زىنى چەتكە ئالغانلار قۇتۇلىدۇ . شۇنداق شارائىتتا ، بىر بۆلۈك
ئىلغارلار ئازادلىق يولى ئىزدەپ تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشىدۇ . شۇ
چاغدا يۈسۈپجانمۇ ئىلىدىكى « ئازادلىق تەشكىلاتى » نىڭ بىر
گۇرۇپپىسىغا قوشۇلۇپ ، سىياسىي پائالىيەت ۋە ئاخباراتچىلىق
بىلەن شۇغۇللىنىپ ، تەشكىلاتنى مۇھىم ئاخباراتلار بىلەن تە-
مىنلەيدۇ .

1944 - يىلى نويابىردا قوزغالغان ئىلى خەلق قوزغىلىڭى
ھەر قايسى سىياسىي تەشكىلاتلارنىڭ ھەرىكىتىنى تېزلىتىدۇ .
نەتىجىدە ، يۈسۈپجان ياسىنوۋ سۈيدۈك پارتىزانلىرىغا قوشۇ-
لۇپ ، ئاددىي جەڭچى بولۇپ ئىشلەيدۇ .

بۇ كۈنلەردە مىللىي ئارمىيە غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلغان
بولۇپ ، نۆۋەتتىكى ۋەزىپە دۈشمەننىڭ جېڭ ، شىخودىكى ئا-
ساسىي كۈچىنى يوقىتىش ئىدى . دۈشمەننى يوقىتىشتا دۈشمەن-
نىڭ سىرىنى بىلىش كېرەك ، ئەلۋەتتە . قوماندانلىق شتاب
دۈشمەننىڭ سىرىنى بىلىش ئۈچۈن ، دۈشمەن ئارقا سېپىنى
رازۋېتكا قىلىش ۋەزىپىسىنى يۈسۈپجان ياسىنوۋغا تاپشۇرىدۇ .
يۈسۈپجان چاقماق تېزلىكىدە دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىگە ( ئۇ
چاغدا كەڭساي ئېغىزى ، ۋۇتەيدە دۈشمەن ئالدىنقى رازۋېتى بار

ئىدى ) ئۆتۈپ بورتالا ، ئارشاڭ ، چىگىشۇ ، جىڭ ، شىخۇ قاتار-لىق جايلاردا دۈشمەن ئەھۋالىنى رازۋېتكا قىلدۇ ( دۈشمەن ئەھۋالىدىن خەرىتىلىك مەلۇمات توپلايدۇ ) . دۈشمەن ئەھۋالى-دىن خەۋەر تاپقان مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى جىڭ ، شىخۇغا ئارقا - ئارقىدىن ھۇجۇم قىلىپ ، دۈشمەننىڭ جىڭنى ساقلاۋاتقان بىر دىۋىزىيە قىسمىنى يوق قىلىپ ، شىخۇغا يۈرۈش قىلدۇ . 5 - كۈنى شى-خۇنى ئىشغال قىلىپ ، قالدۇق دۈشمەننى قوغلاپ ماناس دەريا-سىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا كېلىپ ، بۇيرۇققا بىنائەن بۇ جاينى ئالدىنقى لىنىيە قىلدۇ .

بۇ كۈنلەردە يۈسۈپجان بورالا ساقچى ئىدارىسىنىڭ كا-درى نامىدا بورتالا ، ئارشاڭ ، جىڭ ، شىخو قاتارلىق جايلاردا ئىچكى رازۋېتكا ( تازىلاش ) خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ . كې-يىن مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق باش شتاب رازۋېتكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ ، غۇلجا مەركىزىي قوماندانلىق شتابىنىڭ راز-ۋېتكا خىزمىتىگە مەسئۇل بولدۇ .

بۇ ۋاقىتتا ، گومىنداڭ دائىرلىرى ئىنقىلابنى قورال كۈچى بىلەن يوقاتقىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ ، ئۈچ ۋىلايەت تە-رەپ بىلەن سۈلھ قىلىشقا مەجبۇر بولدۇ . 1946 - يىلى گومىنداڭ تەرەپ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن 11 ماددىلىق بېتىم ئىمزالايدۇ ، شىنجاڭدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدۇ . مۇشۇنداق بولسىمۇ ، گومىنداڭ تەرەپ ئۆزىنىڭ يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەي ، بارلىق ئا-ماللارنى قىلىپ ، ئۈچ ۋىلايەتنى پارچىلاپ يوقىتىش نىيىتىگە كېلىدۇ ۋە ئوسماننىڭ ئىلى تەرەپكە بولغان نارازىلىقىدىن پايدى-لىنىپ ، ئوسماننى قوللاپ ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ ، ئوسماننىڭ قولى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى پارچىلىماقچى بولدۇ .

1945 - يىلى 10 - ئايدا ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلگەن ئۈچ

ۋىلايەت رەھبەرلىرى ئوسماننىڭ گومىنداڭ ھەربىي ـ مەمۇرلىرى ( سۇڭ شىليەن ، جاڭ جىجۇڭ ) بىلەن مەخپىي ئالاقە باغلىغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات ئالىدۇ . ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ شۇنىڭدىن باشلاپ ھەر ئىككى تەرەپكە « ئوسماننى ھۆركۈتمەسلىك ، گومىنداڭغا چاندۇرماسلىق » تاكتىكىسىنى قوللىنىپ ، ئوسمانغا نىسبەتەن بىر تەرەپتىن ، سۆھبەت ئارقىلىق ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىش ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۇنىڭ سىياسىي ھەرىكىتىنى كۆزدە تۇتۇپ تاقابىل تۇرۇش ؛ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە نىسبەتەن ئۈچ ۋىلايەتنى بىر گەۋدە قىلىپ ، ئوسماننى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ھەيئىتى قىلىپ كىرگۈزۈش ئارقىلىق ، تەلەپنى قاتتىق قويۇپ ، گومىنداڭنى ئوسمان توغرىسىدا دىلغول قىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ .

ئۈرۈمچىدە گومىنداڭ بىلەن سۆھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر قاتار مەسىلىلەرگە ئەخمەتجان قاسىمى ، ئوسمان بىلەن ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرگە گېنېرال ئىسھاق بەگ مەسئۇل بولىدۇ .

بۇ ۋاقىتلاردا ئۈرۈمچىدە گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن بولغان سۆھبەتتىكى بىر قاتار مەسىلىلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ ، ئوسماننى قورال ـ ياراغ ، ھەربىي ھەم تېلېگراف خادىملىرى بىلەن تەمىنلەشنى گېنېرال سۇڭ شىليەنگە تاپشۇرىدۇ ھەم بۇ ئىشنى قەتئىي مەخپىي ساقلاش ئۈچۈن ، تاۋسىيۇ بىلەن سۇڭ شىليەنگە بۇيرۇق بېرىدۇ . سۇڭ شىليەن ما چىڭشاڭ باشچىلىقىدىكى بىرىنچى ئاتلىق دىۋىزىيە تەركىبىدىكى ماشېجىن باشچىلىق قىلغان ئېكسپېدىتسىيە لىيەننى بەيتىك ئەتراپىنى تۇرالغۇ قىلىپ ، ئۈچ ۋىلايەت ۋە تاشقى موڭغۇلىيە چېگرا قىسىملىرىنى داۋاملىق چارلاش ، ھەربىي ئاخبارات توپلاشقا ئەۋەتىدۇ . يەنە ئوسماننىڭ يېنىدا خىزمەت ئىشلەش ئۈچۈن ھەربىي باشقارما ( بۇ ھەربىي باشقارما ھەربىي سىنتې-

ـسىدىكى ئىشپىيونلۇق ئورگان بولۇپ ، نامدا شىنجاڭ گارنىزون سىلىڭبۇسىنىڭ بىر باشقارمىسى بولسىمۇ ، ئەمىلىيەتتە ، غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسى ئۇرۇمچى ئىشخانىسىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە ئىكەن ) باشلىقى يۈي دەنگە ئۈچ رادىست ۋە راتسىيە قاتارلىقلارنى قوشۇپ ئەۋەتىدۇ . بۇ ئىشپىيونلار ئوسماننىڭ يېنىغا بارغاندىن كېيىن ، ئوسماننى يېتەكلەش بىلەن ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى ھەرىكەت قىلىشتىن تاشقىرى ، تاشقى موڭغۇلىيە ۋە سوۋېت چېگرىلىرىدا ئىشپىيونلۇق ھەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ .

ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئىنتايىن زور سەۋرچانلىق بىلەن ئوسمانغا تەربىيە ئىشلەپ ، ئۈچ ۋىلايەتتىكى قېرىنداشلىرى بىلەن بىللە دۈشمەنگە ئورتاق قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ ، لېكىن ، ئوسمان بۇنى رەت قىلىدۇ . ئۇ ھەر خىل يوقىلاڭ سەۋەب ۋە چەكتىن ئاشقان تەلەپلەرنى قويۇش ئارقىلىق ، ئۆزىنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىك تەبىئىتىنى ئاشكارىلايدۇ .

شۇ چاغدىكى ئۈچ ۋىلايەت بىلەن ئوسمان ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىپ بولمايدىغان « دوست ـ دۈشمەن » ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە ئايلىنىدۇ . بۇ ۋاقىتلاردا ئوسمان بىر تەرەپتىن ھەر خىل ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ھەر قايسى قەبىلە باشلىقلىرى ۋە يۇرت كاتتىلىرىنى ئۆزىگە تارتىپ ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى قويسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ھەر خىل ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ ، قازاق خەلقىنى كۆچۈرۈپ ئۆزىگە ئەگەشتۈرىدۇ . بۇ ئىشلار تىنچ تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان قازاق خەلقىغە ھەقىقەتەنمۇ بالايىئاپەت كەلتۈرىدۇ .

مۇشۇنداق پەيتتە ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شىتابى باش رازۋېتكا بۆلۈمى باشلىقى ، پودپولكوۋنىڭ يۈسۈپجان ياسىنوۋنى ئالتاي ئۈچىنچى ئاتلىق پولكىنىڭ پودپولكوۋنىكلىكىگە تەيىنلەيدۇ . بۇنىڭدىن مەقسەت شىمالىي يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ، ئوسماننىڭ ئومۇمىي

ئەھۋالىنى كۆزىتىشتىن ئىبارەت ئىدى .

يۇسۇپجان ياسىنوۋ ئالتايغا بارغاندىن كېيىن گېنېرال مايور دەلىلقانغا ياردەملىشىپ ، ئالدى بىلەن كوماندىر ــ جەڭچىلەرنىڭ ئىنتىزامچانلىقىنى كۈچەيتىپ ، جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ ۋە بۇ خىزمەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ . ئۇ ، خىزمەت داۋامىدا كوماندىر ــ جەڭچىلەرگە « خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە نۆۋەتتىكى مۇھىم مەسىلىلەر » دېگەن تېمىدا سىياسىي دەرس ئۆتىدۇ . شۇنداقلا ئالتاي ۋەزىيىتى ۋە كەلگۈسى توغرىسىدا ئېنىق سۆزلەپ ، ئوسمان پەيدا قىلغان قالايمىقانچىلىق ھەم ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى تارقاتقان تەتۈر تەشۋىقاتلارغا رەددىيە بېرىدۇ . ئۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ھەر بىر قازاق ئائىلىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆرسىتىپ ، كوماندىر ــ جەڭچىلەرنىڭ ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ۋەزىيەتكە بولغان قارىشىنى توغرىلايدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق قىسىمنى رەتكە سالىدۇ . گومىنداڭنىڭ قورال ــ ياراغ ۋە ھەربىي ياردىمىگە ئېرىشكەن ئوسمان ئۆزىنى « تەڭرىنىڭ ئەركىسى » ، « تاغ باتۇرى » ، « پۈتۈن قازاق خەلقىنىڭ غەمخۇر ئاتىسى » ، « ئالتاينىڭ ئىگىسى » قىلىپ كۆرسىتىپ ، ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بارىدۇ ، خەلقنى ئۆزىگە ئەگىشىپ كۆچۈشنى جاكارلايدۇ ، كۆچمىگەن ئائىلىلەرنى بۇلايدۇ .

1946 ـ يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ، ئوسمان مانان باشچىلىق قىلغان بىر ئەترەتكە بۇيرۇق بېرىپ ، قۇبۇقسار ناھىيىسىنىڭ سالبىتىدىتى دېگەن يېرىگە بۇلاڭچىلىق قىلىشقا ئەۋەتىدۇ . ئەھۋالدىن ئالدىن خەۋەر تاپقان يۇسۇپجان ياسىنوۋ باشچىلىقىدىكى چارلاش ئەترىتى تۇيدۇرماي يوشۇرۇنۇپ زەربە بېرىدۇ . خېلى كۆپ زىيان تارتىپ ، قېچىپ قۇتۇلغان مانان قىسمى مىللىي ئارمىيىگە ئۈچ ئېلىش خاراكتېرلىك ھۇجۇم ۋە بۇلاڭچىلىق ئېلىپ بارىدۇ . لېكىن ، مىللىي ئارمىيىنىڭ قاتتىق زەربىسى بى-

لەن قاچىدۇ .
شۇنىڭدىن كېيىن ، ئوسمان ئەسەبىيلەشكەن هالدا ما-
نىان ، رۇستەم ، قورمان ، پولتاباي ، جىلقان ، پورۇلجاپ ، قاباس
قاتارلىق باندىتلارنى ئۆز قىسىملىرى بىلەن تەرەپ - تەرەپكە
ئەۋەتىپ ، بۇلاڭچىلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ . بۇلار يەنە ئۈچ ۋىلا-
يەت مىللىي ئارمىيىسىگە يوشۇرۇن زەربە بېرىش ئىشىنى ئېلىپ
بارىدۇ . ئوسماننىڭ بۇ خىل ھەرىكەتلىرى ناھايىتى ھىلىگەرلىك
بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ ، ھەش - پەش دېگۈچە قىلىدىغان
ئەسكىلىكلەرنى قىلىپ ، چاقماق تېزلىكىدە كۆزدىن غايىپ بو-
لىدۇ . خەلق ۋە مىللىي ئارمىيە كۆپ قېتىم ئوسماننىڭ تۇيۇقسىز
زەربىسىگە ۋە بۇلاڭ - تالاڭلىرىغا ئۇچرايدۇ . شۇنداقتىمۇ ئالتايدا
تۇرۇشلۇق مىللىي ئارمىيە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش پوزىتسىيىسىنى
قوللىنىپ ، ھۇجۇم قىلماسلىق ، دۈشمەن ھۇجۇمىنى قايتۇرۇش ،
قوغلاپ زەربە بەرمەسلىك ، ئەسىرلەرنى خارلىماسلىق ، تەربىيە
بېرىپ قويۇپ بېرىش ئارقىلىق قايىل قىلىش پرىنسىپىدا تۇرىدۇ .
مىللىي ئارمىيە شىمالىي يۆنىلىش قوماندانلىق شىتابىنىڭ
بۇ خىل پوزىتسىيىسى ئوسماننى تېخىمۇ كۆرەڭلىتىپ قويىدۇ .
ئوسمان 1946 - يىلى 12 - ئايدا ، بىر قانچە ئون قەبىلە باشلىقى ،
قۇيرۇقچىلىرى ، ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى بىلەن يىغىن ئېچىپ ،
ئۆزىنى ئەل باشلىقى ، ماناننى ئەسكىرىي باشلىق قىلىپ ئېلان
قىلىدۇ . ئۇ يەنە ئۈچ ۋىلايەت بىلەن ئۇرۇشىدىغانلىقىنى ، سۇڭ
باتۇر ( سۇڭ شىلىيەننى دېمەكچى ) نىڭ ئوسمانغا ھەرقانداق
ئىشتا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ، « قۇدرەتلىك » قوراللارغا ئىگە
ئامېرىكىنىڭ جۇڭگونىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ئىكەنلىكىنى ، ئۆ-
زىنىڭ ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى بىلەن ئا-
غىنە بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ . شۇڭا ، ئۇ 1947 - يىلى كىرىش بىلەن
مىللىي ئارمىيىگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلايدۇ . بۇ چاغدا يۇسۇپجان
مايور ماشان بىلەن قازاق خەلقى ئىچىدە يۈرۈپ ، ئوسماننىڭ

ئەكسلئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىگە قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بارىدۇ.

1947 - يىلى 1 - ئايدا، ئوسمان بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، بۇرۇلتوقاي ۋە ئالتاي ناھىيىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، مىللىي ئارمىيىنى زور زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. 1947 - يىلى 2 - ئايدا، مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى ئۈچ ئاتلىق پولك ۋە زەمبىرەكچى باتالىيوننى ئىشقا سېلىپ، ئوسمان قىسىملىرىغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىدۇ. پودپولكوۋنىك يۇسۇپجان بۇ ئورۇشنىڭ سەردارى بولۇپ، ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

ئوسمان ئالتاي ۋە بۇرۇلتوقايدىن ھەيدەپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، بۇرۇلتوقاي، چىڭگىل، كۆكتوقاي قاتارلىق ناھىيە ۋە رايونلاردىن 3000 دىن كۆپرەك چارۋىچىلارنى ئۆزىگە مەجبۇرىي ئەگەشتۈرۈپ، ئۆز سېپىنى ئۇلغايتىپ، ئەكسلئىنقىلابىي بازا قۇرماقچى بولىدۇ.

بۇ چاغدا مىللىي ئارمىيە شىمالىي يۆنىلىش قوماندانلىق شتابى بۇيرۇققا بىنائەن ئوسمان باندىتلىرىغا قارشى ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش قىلىشنى قارار قىلىپ، بۇ ئۇرۇشنىڭ قوماندانلىقىنى يۇسۇپجان ياسىنوۋغا تاپشۇرىدۇ. يۇسۇپجان ياسىنوۋ 1500 كىشىلىك ھەيۋەتلىك قوشۇننى باشلاپ، 1947 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئالتايدىن كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ ئوسمان ئورۇنلاشقان ئۇلۇغباي قۇدۇقى دېگەن يېرىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇ ئۈچ كۈن جاپالىق يول يۈرۈپ، ئۈچىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە ئۇلۇغباي قۇدۇقىغا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ قار كۆچكەن پەسىل بولغاچقا، ھاۋا سوغۇق، قېلىن تۇمانلىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇن يول باسقان جەڭچىلەر خېلى ھېرىپ - چارچايدۇ. شۇڭا، يۇسۇپجان بارلىق جەڭچىلەرنى دەم ئېلىشقا قويۇۋېتىپ، ئۆزى بەدالخان بىلەن مەسلىھەتلىشىدۇ، كەڭ چارۋىچى خەلقنىڭ ھا-

يات ــ ماماتىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا ، ئامال بار ئوسمان بىلەن ئۇرۇش قىلماسلىق ، مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش قارارىغا كېلىپ ، قازاق خەلقى ئىچىدىكى يۇقىرى ئابرويلۇق ئاقساقاللاردىن مامبات ، جانات قاتارلىق تۆت نەپەر كىشىنى چاقىرىپ ، ئۇرۇش قىلماسلىق توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىپ ، ئىككى تەرەپ ئىمزا قويىدۇ .

لېكىن يامان نىيەتلىك ئوسمان ۋە ئۇنىڭ ئىلكىدىكى باندىتلىرى بىر تەرەپتىن تىنچلىق سۆھبىتىگە ئىمزا قويسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، يوشۇرۇن ئۇرۇش ھازىرلىقى قىلىدۇ . ئوسمان قىسىملىرى شۇ كۈنى تۈن يېرىمىدا مىللىي ئارمىيە ئورۇنلاشقان جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا باستۇرۇپ كېلىپ ، جەڭچىلەرنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ كۆپ كىشىنى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈپ ، قوماندانلىق شتابىغا قاراپ ماڭىدۇ .

بۇ چاغدا قوماندانلىق شتاب ئالدىدىكى پوست ئەنۋەر بەگ دۈشمەن ئەھۋالىنى سېزىپ ، قولىدىكى ئاپتومات بىلەن دۈشمەنگە ئوت ئاچىدۇ ھەم « باندىتلار بېسىپ كەلدى ! » دەپ ۋارقىرايدۇ . چۆچۈپ ئويغانغان جەڭچى ، ئوفىتسېرلار ۋە قوماندانلىق شتاب خادىملىرى دەرھال جەڭگە ئاتلىنىدۇ . شتابقا قاراپ ماڭغان دۈشمەن كۈتۈلمىگەن يەردىن ئۈچ تەرەپتىن مىللىي ئارمىيىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ چېكىنىدۇ . قوماندانلىق شتاب دەرھال قىسىملارنى لىنىيە بويىچە ئۇرۇشقا بۇيرۇق بېرىدۇ . باندىتلار تاڭ ئاتقىچە جاھىللىق بىلەن تىركىشىپمۇ بۆسۈپ كىرەلمەيدۇ ياكى چېكىنمەيدۇ . مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى يەر ئەھۋالىنى بىلمىگەنلىكى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلىقتىن ، پەقەت ئۆزلىرى تۇرغان ئورۇننى ساقلاپلا ئۇرۇش قىلىدۇ . تاڭ سۈزۈلۈش بىلەن ئەتراپ جەڭچىلەرگە تونۇشلۇق بېرىدۇ . يۇسۇپجان ياسىنوۋ دۈشمەن ئەھۋالىنى كۆزىتىدۇ . دۈشمەن مىللىي ئارمىيىدىن خېلىلا كۆپ بولۇپ ، ئۇلار-

نىڭ ئورۇنلاشقان جايى ئۇرۇش قىلىشقا ، يوشۇرۇنۇشقا ناھايىتى قولايلىق ئىدى . شۇڭا ، يۈسۈپجان ياسىنوۋ قىسمغا ھۇجۇمغا ئۆتمەسلىك ، دۈشمەننى ئىلگىرىلەتمەسلىك بۇيرۇقىنى بېرىدۇ . تاڭ ئاتقاندىن كەچكىچە ئۇرۇش بولىدۇ ، دۈشمەن كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلىدۇ ، لېكىن چىقىم بىلەن چېكىنىدۇ . بۇ ئۇرۇشتا ، تاغ ئۇرۇشىغا ماھىر بولغان روللەتچى ، كۆكمەتلەر باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ ، دۈشمەننىڭ ئاساسىي ئوت كۈچىگە زەربە بېرىدۇ .

مايور ماشان باشچىلىق قىلىۋاتقان لىنىيىنىڭ ئۇرۇش ئەھۋالى جىددىي بولۇپ ، ماشان مايورنىڭ يېنىدىكى ستانكاۋوي پىلىموت ئېتىشتىن توختايدۇ . ماشان پىلىموتچىنىڭ جەسىتىنى يۆتكەپ پىلىموتنى ئىشقا سالىدۇ . بىر قانچە مىنۇت ئۆتمەي ماشان مايورمۇ قازا تاپىدۇ . پىلىموت يۈسۈپجان ياسىنوۋنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ . بىردەم پىلىموت ئوقىنىڭ توختىشى بىلەن دۈشمەن چىلبۆرىدەك ھۇجۇمغا ئۆتۈپ « ماقاباي » ، « يا مۇخەممەت » دەپ چوقان سېلىپ ئىلگىرىلەيدۇ .

پودپولكوۋنىك يۈسۈپجان پىلىموت ئۇچىنى دۈشمەنگە قارىتىش بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن موللاق ئېتىپ يەر چىشلەۋاتقان باندىتلار جەسىتى ، ئىگىسىز قالغان ئاتلارنىڭ قالايمىقان چېپىپ يۈرۈشى دۈشمەننىڭ ئىلگىرىلەش يولىنى توسىدۇ . پىلىموت ئوقى باندىتلارنى زادىلا ئىلگىرىلەتمەيدۇ . دۈشمەن بىر مەھەل تىرىكشىپ باققان بولسىمۇ ، بۇ قېتىمقى ھۇجۇمدا « جەڭگىۋار » دەپ ئاتالغان ھۇجۇمچى باندىتلىرى ۋە كۆپلىگەن ئەسكىرىدىن ئايرىلىدۇ ـ دە ، قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن ئۆزلىكىدىن چېكىنىپ قاچىدۇ .

ئۇلۇغباي قۇدۇقىدا ئېلىپ بېرىلغان بۇ جەڭ مىللىي ئارمىيە كوماندىر ـ جەڭچىلىرىنىڭ جاسارىتىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن ، باندىتلارغا بولغان غەزەپ ـ نەپ-

رىنىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ . ئۇلار باندىتلار تەرەپىدىن بۇغۇزلى-
نىپ ئۆلتۈرۈلگەن 60 تىن ئارتۇق جەڭچى ــ ئوفىتسېرلارنىڭ
پاجىئەسىنى كۆرگەندە ، غەزەپكە چىدىيالماي ئۇنلۇك شوئارلارنى
توۋلاپ ، ئىنتىقام ئېلىشقا قەسەميات قىلىدۇ . ئوسمان چاپارمەن-
لىرىنى باشلاپ شۇ كېچىسىلا قىزىلئادىر دېگەن يەرگە قېچىپ
كېتىدۇ .

پودپولكوۋنىك يۇسۇپجان قىسىملارنى تەرتىپكە سېلىش
بىلەن يېڭى جەڭگە سەپەرۋەر قىلىدۇ . ئۇ : « يولداشلار ! بۇ
ئۇرۇشتا غەلىبە قىلدۇق ، بۇ غەلىبە كۆپلىگەن ئەزىمەتلەرنىڭ
قان ــ تەر بەدىلىگە كەلدى . بۇنىڭدا ئوسمانمۇ يۈزلىگەن ئۆ-
لۈكلىرىنى قالدۇرۇپ قاچتى . بىز بۇنىڭ بىلەن مەغرۇرلىنىپ
ئېسىمىزنى يوقاتماسلىقىمىز لازىم . دۈشمەن تېخى بار ، ئالدىمىزدا
تالاي جەڭلەر بىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ . بىزنىڭ ئىنقىلابىمىز ،
ئىرادىمىز يېڭىلمەستۇر ، بىز باندىتلارنى ئۈزۈل ــ كېسىل يوق
قىلىمىز ... » دېگەندە ، پۈتۈن مەيداندا ھۇررا ساداسى ياڭرايدۇ .

شۇ كۈنى ئىككىنچى سەپ چۆچەك پولكى بۇ يەرگە يې-
تىپ كېلىدۇ . ئىككى پولك ۋە كوماندىر ــ جەڭچىلەر خۇشال ــ
خورام جەم بولۇپ ، ئوسمانغا ئىز قوغلاپ زەربە بېرىش ئۈچۈن
قىزىلئادىرغا يۈرۈش قىلىدۇ . يۇسۇپجان پولكى چاقماق تېزلى-
كىدە ئىز قوغلاپ قىزىلئادىرغا يېتىپ كېلىپ ئۇرۇش قىلىدۇ .
ئوسمان بىر مەھەل تىرىكىشىدۇ ، لېكىن مىللىي ئارمىيىنىڭ ئو-
قىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلىپ ، ئىتەنقىز ( جاۋقىز
دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) دېگەن جايلاردا ئۇرۇشۇپ بېقىپ ، ئاخىر
كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ قۇۋئېرتىش دېگەن يېرىگە قاچىدۇ .
قۇۋئېرتىش دەريا ئېقىمى بولۇپ ، بۇ دەريانىڭ مۇزلىرى ئېرىگەن
كۈنلەر ئىدى . شۇڭا ، باندىتلار بالدۇر پەملەپ قويغان مۇز ئې-
رىمىگەن يەردىن ئۆتۈپ ، ئۇرۇشقا ئەپلىك تۆپىلىكلەرگە يوشۇ-
رۇنۇۋالىدۇ .

پودپولكوۋنىك يۇسۇپجان دۇشمەننىڭ توسۇپ ياتقان ئورنىنى تەھلىل قىلىپ ، كۇندۇزى دەريادىن ئۆتۈش توغرا كەلسە چىقىمنىڭ زور بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. كۇندۇزى دۇشمەننى ئۇرۇش بىلەن بەند قىلىپ ، قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن بىر قانچە ستانكىۋوي پىلىموتنىڭ ئوت كۈچىنى دۇشمەنگە مەركەزلەشتۈرۈپ ، پىلىموت ھىمايىسىدە قىسىملارنى دەريادىن ئۆتۈشكە بۇيرۇق بېرىدۇ ، ئاتلىق قىسىم دەريادىن ئۆتۈپ دۇشمەنگە ئوت ئاچىدۇ ، باندىتلارمۇ قىقاس ـ چۇقان سېلىپ ئاتلىق ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ ، ئاتلىق گىرەلەشمە جەڭ شەكىللىنىدۇ. پودپولكوۋنىك يۇسۇپجان ئات ئۈستىدە قىلىچ ئوينىتىپ ، دۇشمەن سېپىگە بۆسۈپ كىرىدۇ. قورمانغالى ، پاتقۇللا ، ئەنۋەربەگ ، كۆپجاسار ، ھۇشۇرۇۋ ، ئابدۇكېرىم قاتارلىق ماھىر چەۋەندازلارمۇ قىلىچ ئويىنىتىپ دۇشمەن سېپىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ. بۇ چاغدا مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى سەپ تۈزۈپ بىرلا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ، ئۈچ تەرەپتىن باندىتلارنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوق ئاستىدىن باش كۆتۈرەلمىگەن دۇشمەن قول كۆتۈرۈپ تەسلىم بولۇشقا ئارانلا ئۈلگىرىدۇ ، بىر قىسىم باندىتلار قېچىپ قۇتۇلىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا 827 نەپەر باندىت ئەسىرگە ئېلىنىدۇ. باندىتلار ئائىلە بويىچە كۆچۈرۈپ ماڭغان 50 مىڭدىن ئوشۇق مال ـ چارۋا دۇشمەندىن تارتىۋېلىنىدۇ. ئوسمان بىر قىسىم باندىتلار بىلەن بەيتىككە قاراپ قاچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئائىلە باندىتلارنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلىدۇ. مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى بىر نەچچە كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن ئالتايغا قايتىدۇ.

جەڭچىلەر ئالتايغا كىرگەندە ، گېنېرال مايور دەلىلقان سوگۇربايوۋ باشلىق ھەربىي ـ مەمۇرىيلار ، ئالتايدا تۇرۇشلۇق مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى بولۇپ 1000 دىن ئارتۇق كىشى جەڭچىلەرنى قارشى ئېلىپ ، بۇ غەلىبىنى تەبرىكلەپ ، قازاق

خەلقىنىڭ قائىدىسى بويىچە چاچقۇ چاچىدۇ. دەلىلقانىنىڭ ئانىسى مىللىي ئارمىيە جەڭچى ـ ئوفىتسېرلارنىڭ چېكىسىگە سۆيۈپ غەلىبىنى تەبرىكلەيدۇ. ئۈچىنچى كۈنى غەلىبە تەبرىكلەش چوڭ يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۈچ مىڭدىن كۆپ كوماندىر ـ جەڭچىلەر پاراتتىن ئۆتىدۇ. پاراتتا گېنېرال دەلىلقان سۆز قىلىپ غەلىبىنى تەبرىكلىگەندىن كېيىن، خىزمەت كۆرسەتكەن پولك، ئىكادىرون ۋە قەھرىمان شەخسلەرگە ئوردېن تەقدىم قىلىدۇ. يۈسۈپجان ياسىنوۋ، پاتقۇللا، قورمانغالى، ئابدۇكېرىم، ئەنۋەربەگ، كۆپجاسار ۋە زولەتچى قاتارلىقلارغا قەھرىمانلىق ئوردېنى بېرىلىدۇ؛ يۈسۈپجان ياسىنوۋ «ئازاد نىشانلىق بىرىنچى» ۋە «ئازاد نىشانلىق ئىككىنچى» ئوردېنغا ئېرىشىدۇ.

1947 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئوسماننىڭ باندىتلىرى ھەممە ياقتا بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىدۇ، جەلقلەرنى مەجبۇرىي كۆچۈرۈشكە باشلايدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان يۈسۈپجان ياسىنوۋ ئۆزىنىڭ چارلاش (رازۋېتكا) ئەترىتى ۋە مۇھاپىزەتچىلىرىنى ئېلىپ، دۈشمەننىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلغان ئورۇنلىرىنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ. پەيتى كەلگەندە دۈشمەنگە زەربە بېرىپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنغان مال ـ چارۋىلارنى قايتۇرۇۋالىدۇ، كۆچۈرۈلگەن خەلقنى ئەسلى يېرىگە قايتۇرىدۇ.

بىر كۈنى ئۇ، جەلد قارا دېگەن تاغ ئۈستىدە دۇربۇن بىلەن ئەتراپنى كۈزىتىۋېتىپ، قېچىپ كېتىۋاتقان باندىت قىسىملىرىنىڭ كۆپلىگەن مال ـ چارۋا ۋە خەلقلەرنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇلار چىڭگىلدىكى ھەسەن ئۆكۈرداي، ئىدرىس زەڭگى قاتارلىق ئوسمان باندىتىنىڭ كاتتىباشلىرى بولۇپ، ئۇلار 100 دەك ئائىلىنى ئوسمانغا ئەگىشىشكە قوترىتىپ ئېلىپ ماڭغانىكەن، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئوسمان بىر بۆلۈم باندىتلارنى ئۇلارنى قاچۇرماي قوغداپ ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ.

يۇسۇپجان چارلىغۇچى ئەترەتنى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ زەربە بېرىشكە ئەۋەتىدۇ ، بەختكە قارشى بۇ ئەترەت يوشۇرۇنغان باندىتلارنىڭ تۇيۇقسىز زەربىسىگە ئۇچراپ ، خېلى ئېغىر زىيان تارتىدۇ ، هايات قالغانلىرى مۇهاسىرىنى بۇزۇپ قې- چىپ قۇتۇلىدۇ . بۇ ساۋاقتىن تەجرىبە ئالغان مىللىي ئارمىيە قىسىملارنى تەرتىپكە سېلىپ ، باندىتلارنى ئارقىسىدىن قوغلاي- دۇ . باندىتلار سار توقاي دەريا ياقىسىغا كەلگەندە ، هۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمەي ، مال ـ چارۋا ۋە بىر بۆلۈك نەرسىلەرنى تاشلاپ ئۆزلىرى دەريادىن ئۆتۈۋالىدۇ . مىللىي قىسىم باندىتلار بىلەن ئېلىشقان بولسىمۇ ، دەريادىن ئۆتۈپ هۇجۇم قىلىشالمايدۇ . يۇسۇپجان دۈشمەنگە ئەگەشكەن چارۋىچىلاردىن ئەهۋال سوراپ ، ئالدىنقى رەت ئۆتكەن دۈشمەنلەر نەچچە يۈز ئىكەنلى- كىنى ، ئۇلار ئېلىپ ماڭغان ئاهالىنىڭ كۆپلىكىنى بىلىۋالىدۇ .

يۇسۇپجان ئىككى جەڭچىنى تۇرغۇن دېگەن جايدا تۇ- رۇۋاتقان مىللىي ئارمىيىگە خەۋەر قىلىشقا ئەۋەتىپ ، قىسىملارنى بىر تۆپىلىككە ئورۇنلاشتۇرىدۇ ـ دە ، يەر شارائىتىنى ئوبدان بىلىدىغان ( ئىلگىرى باندىتلاردىن ئەسىرگە ئېلىنىپ ، مىللىي ئارمىيە تەرەپكە ئۆتكەندىن كېيىن كۆپ ئۇرۇشلاردا خىزمەت كۆرسەتكەن ) جانكىرەينى قول ئاستىدىكى 14 ئەسكىرى بىلەن كىچىلىك پوستقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ . بىراق شۇ ئاخشىملا جانكى- رەينىڭ خائىنلىقى بىلەن پودپولكوۋنىك يۇسۇپجاننىڭ ئو- رۇنلاشتۇرۇشى پايدىسىز بولىدۇ .

ۋەقە مۇنداق بولغان : جانكىرەي ئەسىرگە ئېلىنغاندىن كېيىن خىزمەت كۆرسىتىپ ، ئوددىلىنىيە كوماندىرلىقىغا ئۆس- تۈرۈلگەن . بۇ قېتىمقى ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ، جانكىرەينىڭ 14 نەپەر جەڭچىسى هەر 200 مېتىر يەرگە ئىككىدىن پوستتا تۇرماقچى بولغان . ئۇ ، ئاخىرقى ئىككى پوستنى ئېتىپ تاشلاپ ، ئوسمانغا تەسلىم بولىدۇ ۋە قىسىملارنىڭ سانى ، ئوق ـ دورا

ئەھۋالى ھەم خەۋەر ئېلىپ كەتكەن ئىككى جەڭچىنىڭ مىڭىش يولى قاتارلىقلاردىن مەلۇمات بېرىدۇ. ئوسمان دەرھال تاغ يولى بىلەن ئادەم ئەۋەتىپ، ئىككى جەڭچىنى قولغا چۈشۈرىدۇ ۋە دەرھال ئادەم تەشكىللەپ، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى جايلاشقان ئورۇننى قاتمۇقات مۇھاسىرىگە ئالىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا، مىللىي قىسىم دىجۇرنىسى، ئىسكادىرون كو-ماندىرى ئابدۇكېرىم ھوشۇروۋ پودپولكوۋنىك يۇسۇپجانغا: «باشقا پوستلار جايىدا، جانكىرەي ئۇددىلىنىيىسى جايلاشقان ئاخىرقى ئىككى پوست ئۆلگەن، جانكىرەي يوق» دەپ دوكلات قىلىدۇ. بۇ چاغدا پودپولكوۋنىك يۇسۇپجان دەرھال قىسىملارنى يەر شارائىتىغا قاراپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ ۋە چوڭ قىسىمنىڭ كىيىنىشىنى كۈتىدۇ. بۇ 1947 - يىلى 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى بولۇپ، ئورنى چادىر تاش دېگەن جاي ئىدى. باندىتلار ھۇجۇم باشلاپ قارا قويۇندەك ئىلگىرىلەيدۇ. دۈشمەنگە قارىتىلغان پىلىموت، ئاپتومات تاشلانغان قول بومبىلار دۈشمەننى ئىلگىرىلەتمەيدۇ. بۇ چاغدا چېكىنگەن باندىتلار ئىگىز تۆپىلىككە چىقىپ بېكىنىۋا-لىدۇ. مىللىي ئارمىيە تۆۋەندە قالىدۇ. شۇڭا، ئۇرۇش مىللىي ئارمىيە ئۈچۈن پايدىسىز بولىدۇ. مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىدىن ئۆلگەن، يارىلانغانلار كۆپىيىدۇ. 20 ياشلىق شەپقەت ھەمشى-رىسى رەيھان يېغىۋاتقان ئوقلارغا پەرۋا قىلماستىن يارىدارلارنى توشۇيدۇ. ۋەزىيەت جىددىي ۋە خەۋپلىك بولۇپ، پودپولكوۋ-نىك يۇسۇپجان ياسىنوۋ ئەنۋەر بەگ، كۆپجاسار، رىزابەگ، رۇستەملەر بىلەن شەرقىي سەپتە؛ ئىسكادىرون كوماندىرى ئاب-دۇكېرىم ھوشۇروۋ دۆلەتچى، كۆكمەت، ئەخمەت، ساغاتبەگلەر بىلەن غەربىي سەپتە ئۇرۇش قىلىدۇ. ئىككى سەپ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىستانكۇۋي پىلىموت پىلىموتچىك قابىلقان-نىڭ قولىدا ھەر ئىككى تەرەپكە مەدەت بېرىپ، دۈشمەننى ئىل-گىرىلەتمەيدۇ. كەچ كىرگىچە ئۇرۇش مانا شۇنداق داۋام قىلى-

دۇ . باندىتلارنىڭ بىر قانچە قېتىملىق ھۇجۇملىرى قايتۇرۇلىدۇ ، دۈشمەن پەقەت كەچ كىرگەندىلا بېسقىدۇ ، لېكىن ، مۇھاسىرە تېخىمۇ يېقىنلىشىدۇ .

تاڭ ئېتىشى بىلەن دۈشمەن يەنە ھۇجۇمنى باشلايدۇ . ئۇرۇش يېرىم كۈن داۋام قىلىدۇ . دۈشمەنگە قارىغاندا زىيان بىز تەرەپتە ئاز بولغان بولسىمۇ ، ئوق ــ دورا ئاز قالىدۇ ، ئۆلگەن ، يارىلانغانلار كۆپىيىدۇ . ئاخىر پودپولكوۋنىك يۈسۈپجان ياسىنوۋ مۇھاسىرىنى بۇزۇپ چىقىش قارارىغا كېلىپ ، بۇيرۇق قىلىدۇ .

مىللىي قىسىم ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ دۈشمەنگە بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلىپ ، دۈشمەن مۇھاسىرىسىنى بۇزۇپ چىقىپ ، چوڭ قىسىم جايلاشقان تۇرغۇن تەرەپكە قاراپ چېكىنىدۇ . ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان ماشىنا چوڭ ياغاچقا تاقىشىپ ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ . ئارقىغا يېنىشقا تۆپىلىك يول بەرمەيدۇ ، بۇ چاغدا باندىتلار قوغلاپ كېلىدۇ . پودپولكوۋنىك يۈسۈپجان ئاتلىق قىسىمنىڭ تېز چېكىنىشكە بۇيرۇق بېرىدۇ . ماشىنىدىكى قىسىملاردا بىرقانچە تالدىن ئوق قالغان بولۇپ ، بىر ئاز تىرىكەشكەن بولسىمۇ ، لېكىن باشقىچە ئامال تاپالمايدۇ . يۈسۈپجان قىسىملارغا بۇيرۇق بېرىپ : « ھەرىكەتنى توختىتىڭلار » دەيدۇ . ئېسكادىرون كوماندىرى ئابدۇكېرىم ۋە شوپۇر سۇلتانلار ئاخىرقى ئوقنى ئېتىپ ، دۈشمەن بىلەن ئېلىشىدۇ ۋە مەردلەرچە قۇربان بولىدۇ .

يۈسۈپجان ماشىنىنىڭ ئارقا كۇزۇپىغا چىقىپ 18 نەپەر يارىدار بىلەن بىرمۇبىر كۆرۈشۈپ ، ئۇلارغا تەسەللى بېرىدۇ . بۇ چاغدا ، باندىت باشلىقى قۇسەيىن شەپقەت ھەمشىرىسى رەيھان بىلەن يۈسۈپجاننى ئېلىپ مېڭىشقا بۇيرۇق بېرىدۇ . باندىتلار يارىدارلارنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ ئېلىپ ، ماشىنىغا بېنزىن چېچىپ كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ . بۇنى كۆرگەن شەپقەت ھەمشىـ

رىسى رەيھان غەزەپلىنىپ باندىتلارنى تىللايدۇ ۋە قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ياۋۇز باندىتلار ئۇنى ئېتىپ تاشلايدۇ.

1947 - يىلى 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، 100 دىن ئارتۇق باندىت پودپولكوۋنىك يۇسۇپجاننى يالاپ بەيتىكنىڭ ئورانبۇلاق دېگەن يېرىگە ئېلىپ بارىدۇ. شۇ كۈنى ئوسمان رادىئوگراما ئارقىلىق ئۈرۈمچىدىكى سۇك شىلىيەنلەرگە ئەھۋالنى مەلۇم قىلىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان جانىمقان ئۈرۈمچىدىكى ئەكسىيەتچىل قازاق كاتتىۋاشلىرىدىن خادىۋاك، سالىس، زاكچىن قاتارلىق يۈزلىگەن كىشىگە مەلۇم قىلىپ، ئوسماننىڭ «غەلىبىسى» نى تەبرىكلەيدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇلى ماكنان ئوسمان بىلەن جانىمقان ئارقىلىق خەۋەرلىشىدۇ ۋە دەرھال يولغا چىقىپ بەيتىككە يېتىپ بارىدۇ.

پودپولكوۋنىك يۇسۇپجان ياسىنوۋ بەيتىككە ئېلىپ بېرىلىپ ئىككىنچى كۈنى ئوسمان ئۆز ئەتراپىدىكى قەبىلە باشلىقلىرى، ھەربىي كاتتىۋاشلار بولۇپ 70 تىن ئارتۇق كىشىلەر ئالدىدا يۇسۇپجاننى سوراق قىلىدۇ. سوراق باشلىنىش بىلەن كەسكىن مۇنازىرە باشلىنىدۇ، بۇ سوراق مۇنازىرىسى يېرىم كۈندىن ئارتۇق داۋاملىشىپ، مۇنازىرىدە يۇسۇپجان ياسىنوۋ ئۈستۈنلۈك قازىنىدۇ.

سوراق مۇنازىرىسىنىڭ ئەھۋالى مۇنداق بولىدۇ:

— ئىسمىڭ نىمە؟

— يۇسۇپجان!

— دەرىجەڭ نىمە؟

— پودپولكوۋنىك!

ئوسمان ئۆزىنى تونۇتماق بولۇپ:

— مەن كىم! — دەپ سورايدۇ.

— تونۇمايمەن، — دەيدۇ يۇسۇپجان. بۇ چاغدا ئەتراپ-

تىكىلەردىن بىرى:

— بىلەمسەن، بۇ ئاكاڭ ئوسمان باتۇر بولىدۇ! — دەيدۇ.

يۈسۈپجان:

— سالام ۋالىي، پۈتۈن ئالتاي خەلقى سىزنىڭ رەھبەرلىكىڭىزگە مۇھتاج بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتا، بۇ يەرگە كېلىشۋالغانلىقىڭىزنى قاراڭ؟ ۋالىي، خەلق سىزدىن تاغ ـ داللاردا يۈرۈشنى ئەمەس، شەھەرگە كېلىپ خەلققە ئاتىدارچىلىق قىلىپ، دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇشىڭىزنى كۈتىدۇ، — دەيدۇ.

ئوسمان جىم بولىدۇ. باشقىلار ئوسمانغا قاراپ ئۈن چىقارمايدۇ. بىر پەس جىملىقتىن كېيىن، ئوسمان:

— سەن نىمە ئۈچۈن بىز بىلەن ئۇرۇش قىلدىڭ؟ — دەيدۇ.

— بۇ ئۇرۇشنى مەن قىلمىدىم، سىز قىلغۇزدىڭىز، — دەيدۇ يۈسۈپجان.

ئوسمان غەزەپكە تولغان كۆزىنى يۈسۈپجانغا تىكىپ:

— مەن قانداقچە سىنى ئۇرۇش قىلغۇزدۇم؟! — دەيدۇ.

— مۇبادا سىز خەلق تاپشۇرغان ۋالىيلىق ۋەزىپىنى ئۆتەپ، ئالتاي خەلقىگە ئاتا بولغان بولسىڭىز، سىزمۇ تاغ ـ داللاردا يۈرمىگەن بولاتتىڭىز، مەنمۇ بۇ يەرگە كەلمەي، ۋالىي مەھكىمە ئالدىدا پوستتا تۇرغان، مىلتىقىمنىڭ ئۇچىنى ئۆز قېرىنداشلىرىمغا قاراتماي، دۈشمەنگە قاراتقان بولاتتىم، — دەيدۇ.

ئوسمان ئۈن چىقارماي ئولتۇرغان پېتىچە يۈسۈپجانغا قاراپ تۇرۇپ قالىدۇ. بۇ چاغدا ئوسمانغا مەدەت بەرمەك بولغان رەخىم:

— سىنى بۇ يەرگە كىم ئەۋەتتى؟ — دەيدۇ.

يۈسۈپجان:

— ياخشى ئېيتتىڭ ، سېنى مېنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلـ
غىلى كىم ئەۋەتتى ؟ — دەيدۇ .
رەخىم كۆرەڭلەپ ، ئوسماننى كۆرسىتىپ :
— باتۇر ئاكاڭ ئەۋەتتى ، — دەيدۇ .
يۈسۈپجان :
— مېنى دەللىقان ئەۋەتتى ، ئەگەر ئىككى باتۇر ، ئىككى ۋالىي ئۆزئارا يۈتۈشۈپ قېرىنداشلىق ھاسىل قىلغان بولسا ، ئىككىمىز ئۇرۇشمىغان بولاتتۇق ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قېـ
رىنداشلار ئۆلمىگەن بولاتتى ، — دەيدۇ .
بۇ چاغدا ئوسمان ئورنىدىن تۇرۇپ :
— بۇ كىشىگە ياخشى قاراڭلار ، — دەپ چىقىپ كېتىدـ
دۇ .
مەيداندىكى كىشىلەر باشلىرىنى لىڭشىتىپ ، يۈسۈپجانـ
نىڭ سۆزىگە قايىل بولغانلىق پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرۈشىدۇ .
بۇ چاغدا رەخىمۇ بىردىنلا بوشاپ ، ئۆزىدە يېڭى بىر تۇيغۇ ھاسىل قىلغاندەك بولىدۇ ـ دە ، يۈسۈپجاننى ئېلىپ ماـ
ڭىدۇ . ئۇ ، يۈسۈپجان تۇرغان چېدىرغا كەلگەندە ، قاراۋۇللارغا ياخشى قاراشنى تاپشۇرىدۇ .
يۈسۈپجان ياسىنوۋنىڭ ئوسمان باشلىق بارلىق قوشۇۋقـ
چىلارنى قايىل قىلىشىدەك بۇ جاسارىتى ئوسماننىڭ قىسىملىرى ۋە كۆچۈرۈلگەن ئاھالە ئىچىگە تارقىلىپ ، يۈسۈپجان كىشىلەر ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ ، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق بىلـ
دۈرگۈچىلەر كۆپىيىدۇ .
بىراق ، يۈسۈپجان ياسىنوۋنىڭ بۇ يەردە قانداق باتۇرلۇق كۆرسىتىشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇنىڭ قولغا چۈشىشى مىللىي ئارـ
مىيە ، بولۇپمۇ شىمالىي يۆلىنىش ئارمىيىسى ئۈچۈن ناھايىتى زور يوقىتىش بولىدۇ . بارلىق قىسىملار قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ، ئۆلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش ۋە يۈسۈپجاننى قايتۇرۇۋېلىش

ئۇچۇن قەشەميات قىلىنىشىدۇ .

بەدەلخان باشچىلىقىدىكى مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى مۇھاسىرىنى بۇزۇپ چىققان جەڭچىلەرنىڭ يول باشلىشىدا، چادىر تاشقا كېلىپ دۈشمەن قىسمىدىن ئۈچ ئېلىش جېڭى ئېلىپ بارىدۇ. قاچقان دۈشمەننى سۈرۈپ - توقاي قىلىپ، بەيىتىككە يېتىپ بېرىپ يەنە ئۇرۇش قىلىدۇ. بىراق، قانچە قىلغان بىلەن دۈشمەن قىسمى ئىستراتېگىيىلىك ئورۇننى ئىگىلىگەنلىكى ئۈچۈن، كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلمەيدۇ.

ئىلى مەركىزىي قوماندانلىق شتاب شىمالىي يۆلىنىش ئارمىيىسى قوماندانلىق شتابىنىڭ يۈسۈپجان توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەسىلىنى ئوسمان بىلەن سۆزلىشىپ ھەل قىلىش ۋە پەيتى كەلگەندە جاڭ جىجۇڭ ئارقىلىق ئوسماننى كۆندۈرۈشنى ئويلىشىدۇ ۋە شۇنداق قىلىدۇ.

بۇ ئىشتىن ئاللىقاچان خەۋەر تاپقان ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇلى ماكنان ئوسماننىڭ يېنىدىكى ئاق باندىتلاردىن بولغان سامايلوۋ (بۇلار چاررۇسىيە قىسمىدىن بولۇپ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن شىنجاڭغا قېچىپ كېلىپ، ئالتاي تاغلىرىدا قاقتى - سوقتى قىلىپ جان بېقىۋاتقان باندىتلار ئىدى) قاتارلىق ئاق ئورۇسلارنى ئىشقا سېلىپ، ئوسماننى كۈشكۈرتۈپ يۈسۈپجانغا زىيانكەشلىك قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئوسمان سامايلوۋ قاتارلىقلارنىڭ سۆزىگە پوزىتسىيە بىلدۈرمەيدۇ. ئاخىر، بۇ ئىشقا ماكنان ئۆزى ئېغىز ئېچىپ، ئوسماننى يۈسۈپجاننى سوراق قىلىشقا كۆندۈرىدۇ.

بۇ قېتىمقى سوراققا ئوسمان ئارىلاشمايدۇ. ئىككىنچى قېتىملىق سوراق باشلانغاندا، ماكنان، سامايلوۋ، سۇڭ شىلىيەن ئەۋەتكەن ھەربىي باشقارما باشلىقى يۈي ۋەن، ئۇنىڭدىن باشقا ئوسماننىڭ يېنىدىكى قەبىلە باشلىقلىرى، ئەسكەر باشلىقلىرى ۋە ئەگەشتۈرۈلگەن چارۋىچىلاردىن بىر قىسمىلىرى قاتنىشىدۇ. بۇ

قېتىمقى سوراقمۇ قىزغىن بەس ـ مۇنازىرىگە ئايلىنىدۇ.

يۈسۈپجان سۆزىدە بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى، فاشىزمنىڭ ھالاكىتى، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ زورلۇق ـ زومبۇلۇقى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تۈپ مەقسىتى قاتارلىقلار ھەققىدە سۆزلىگەندىن كېيىن، سامايلوۋ قاتارلىقلارنىڭمۇ بىر قانچە ئون يىلدىن بۇيان شىنجاڭ زېمىنىدا، بولۇپمۇ ئالتاي يايلاقلىرىدا قىلىنغان ئەسكىلىكلىرىنى چۈۋۈپ تاشلايدۇ. نەتىجىدە، ماكنان ۋە سامايلوۋ باشچىلىقىدىكى بۇ ئاتالمىش سوراقمۇ باندىتلارغا پايدىسىز بولىدۇ.

سوراق ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان قازاق چارۋىچىلار، ئەگەشكۈچىلەر ۋە باندىت ئەسكەرلەرمۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىدۇ. ئاغزىدا ئېيتالمىغان بىلەن كۆڭلىدە دوست ـ دۈشمەننى پەرق ئېتىدۇ. ئاۋۋال قىسملار ئارىسىدا يۈسۈپجاننىڭ سۆزلىرى مەدھىيىلىنىدۇ.

1947 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، تاشقى موڭغۇلىيە قىسىملىرى بەيتىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقان ماشجۇن (مالىيەنجاڭ) لىيەنىنىڭ ئۇ يەردىن كېتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تاشقى موڭغۇلىيە قىسىملىرى ماشجۇن چارلاش لىيەنىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ ئۇرۇش 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ، 27 ـ كۈنلىرىگىچە داۋام قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇشۇ ئۇرۇش ئەھۋالىدىن پايدىلانغان ئوسماننىڭ باندىت قىسىملىرى تاشقى موڭغۇلىيە چېگرىسىدىن ئۆتۈپ، ئۇ يەرنىڭ ئاھالىسىنى بۇلاپ ـ تالايدۇ.

1947 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، تاشقى موڭغۇلىيە چېگرىسىدىن بەيتىككە ئۇچۇپ كىرگەن ئايروپىلانلارنىڭ قېتىم سانى كۆپىيىدۇ. تاشقى موڭغۇلىيىگە بۇلاڭچىلىققا بارغان باندىتلار ساراسىمىگە چۈشۈپ، ھەممە ئۆز جېنى بىلەن قېچىشقا تەييارلىنىدۇ. دەل مۇشۇ پەيت ماكنان بىلەن سامايلوۋنىڭ يۈ-

سۇپجانغا قەست قىلىش ۋاقتى بولۇپ قالىدۇ. ئوسماننىڭ يۇ-
سۇپجانغا قارىغۇچى قاراۋۇللىرى سامايلوۋ تەرىپىدىن يۆتكىۋېتى-
لىدۇ. ئىككىنچى قاراۋۇلنىڭ كېلىشى بىلەن يۇسۇپجان قاتتىق
ھاقارەتلىنىدۇ ۋە ئېتىپ تاشلىنىدۇ.

يۇسۇپجان ياسىنوۋنىڭ شۇ كۈنكى ئۆلۈم پاجىئەسىدىن
ئوسماننىڭ خەۋىرىنىڭ بار - يوقلۇقىنى كىشىلەر بىلمىگەن.
ئەمما، ئوسمان يۇسۇپجاننىڭ ئۆلگەن خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن قاتتىق ئويغا چۆمگەن ۋە يۇسۇپجاننى دىنىي قائىدە بو-
يىچە نامىزىنى ئوقۇپ، ئېگىز يار ئۈستىگە دەپنە قىلدۇرغان.

مەرھۇم يۇسۇپجان ياسىنوۋنىڭ ۋاپاتى پۈتۈن شىنجاڭ
خەلقىنى، بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى، ئۈچ
ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىدىكى بارلىق جەڭچى ئوفىتسېرلارنى
بەكمۇ ئېچىندۇردى. مەرھۇمنىڭ ئوسمان باندىتنىڭ تۆمۈر
تىرنىقى ئاستىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغانلىقى توغرىسىدىكى
خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە مىللىي ئارمىيىنىڭ بارلىق جەڭچى-
ئوفىتسېرلىرى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىغا تارقىلىدۇ، ھەممە مەر-
ھۇم ئۈچۈن ماتەم بىلدۈرۈپ سالىيوتلار ئاتىدۇ. ئۇنىڭ ۋاپاتى
توغرىسىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئورگان گې-
زىتى «ئالغا» دا خەۋەر ۋە مەخسۇس ماقالىلەر ئېلان قىلىنىپ،
خاتىرە كۈنلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئارمىيە ۋە خەلق ئىچىدىكى مۇ-
ناسىۋەتلىك ئورۇنلاردا ۋە ئۇنىڭ يۇرتى بورتالادا نەزىر - نۇز-
رەتلەر قىلىنىپ، دۇئا - تەكبىرلەر ئوقۇلىدۇ. يولداش ئەخمەت-
جان قاسىمى، گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاق بەگ ۋە باشقا يۇقىرى
دەرىجىلىك ھەربىي - مەمۇرىي رەھبەرلەر ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋاب-
ئاتلىرىدىن ھال سورايدۇ، تەزىيە تېلېگراممىلىرى ئەۋەتىدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ئۇنى
«شەرەپلىك ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ ئەنگە ئالدى.

مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ھاياتى شانلىق، ۋاپاتى شە-

رەپلىك ئۆتكەن بۇ ئەزىمەت ۋاقىتسىز قازا قىلىپ، خەلقىمىز ئۆزىنىڭ بۇ قەھرىمان، خەلققە سادىق جەڭچىسىدىن ئايرىلىپ قالدى.

بۇ ئىشلارغا 40 نەچچە يىل بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ شانلىق ئوبرازى جەلقىمىز قەلبىدە پۈتۈن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قۇربانلىرىغا ئوخشاش خۇددى تۆنۈگۈنكىدەكلا روشەن ساقلانماقتا.

## موللا ئىسلام ( شاڭزۇڭ )

موللا ئىسلام 1890 - يىلى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ بويامەت كەنتىدە ھاللىق دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1902 - يىلى ئاتۇش ناھىيىسىدە ئېچىلغان يېڭى مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، كېيىن دادىسىنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن سودا - سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، بۇ جەرياندا ئۇ شىنجاڭدىكى نۇرغۇن ناھىيىلەرگە بېرىپ خەلقنىڭ تۇرمۇشى بىلەن تونۇشىدۇ. 1920 - يىلى ئۇ سودا ئىشى بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۈرۈمچىدە ئولتۇراقلىشىپ قالىدۇ. ئۈرۈمچىدىكى سودىگەرلەرنىڭ ئاقىل، دادىل، كەسكىن ئادەم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، ئۇنى ئۆزلىرىگە شاڭزۇڭ قىلىپ سايلايدۇ ( شاڭزۇڭ — سودىگەرلەر جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى ). شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كىشىلەر ئۇنى « موللا ئىسلام شاڭزۇڭ » دەپ ئاتايدىغان بولىدۇ.

موللا ئىسلام مەرىپەتپەرۋەر ئادەم ئىدى. ئۇ، ئۆز پەرزەنتلىرىنى بىلىملىك، ساغلام، مەدەنىيەتلىك قىلىپ يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرەتتى.

1942 - يىلى شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، سودا مۇناسىۋىتىنى ئۈزدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرىدىغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ئالتاي قاتارلىق جايلاردىن سو-

ۋېت ئىنتىپاقىغا خام ئەشيا چىقىرىش ئىشى توختاپ قالدى . تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئۆكسۈپ قېلىپ ، خەلق تۇرمۇشىدا قىيىن-چىلىقلار تۇغۇلدى ، ھەتتا ئۆلۈكلەرگە كېپەنلىك قىلىدىغان ما-تامۇ تاپقىلى بولماي ، تىرىكلەر ئۆلگەنلەرنىڭ جەسىتىنى پاخالغا يۆگەپ ، دەپنە قىلىشقا مەجبۇر بولدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالۋان ـ ياساق ھەسسىلەپ ئاشتى . ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەتكە قاتتىق نارازىلىقى قوزغالدى . موللا ئىسلامىمۇ ھەر قايسى سورۇنلاردا ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەتكە قارشى ئاشكارە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى . ئۇنىڭ ئۆتكۈر تەشۋىقاتى خەلقنى ئويغاتتى . موللا ئىسلامنىڭ بۇ خىل ھەرىكىتى ئەكسى-يەتچىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى .

1943 ـ يىل 7 ـ ئايدا ، ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەت جىمى-نەي ، قوبۇقسارلىكى قازاق چارۋىچىلار ئارىسىدا قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ جىمنەي قاتارلىق ناھىيىلەرنى قانغا بويىدى . موللا ئىسلام شاگىرتلىرىنى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتكە قوراللىق قارشى تۇ-رۇش قارارىغا كېلىپ ، 1943 ـ يىلى 9 ـ ئايدا دەسلەپتە 17 نەپەر ئۇيغۇر ياشتىن تۈزۈلگەن پارتىزان ئەترىتى تەشكىل قىلدى . خەلق بۇ پارتىزان ئەترىتىگە « موللا ئىسلام پارتىزانلىرى » دەپ نام بەردى .

موللا ئىسلام پارتىزانلىرى قوراللىق كۈرەشنى داۋاملاش-تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، يەنە گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىغا قارىتىلغان تەشۋىقاتنى كۈچەيتتى . تەشۋىقات ئاخىر ئۈنۈم بەردى . نەتىجىدە گومىنداڭ پىيادە ئەسكەرلەر 8 ـ پولكى-دىن مۇئاۋىن ۋوزۇت كوماندىرى مۆمىن مۇپتىللا بىر لىيەنگە قو-ماندانلىق قىلىپ ، قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ، بارلىق قورال-لىرى ، ئاتلىرى بىلەن بىللە جىمنەي پارتىزانلىرىغا كېلىپ قوشۇلدى . بۇنىڭ ئارقىسىدىن خۇدابەردىمۇ بىر بەن ئەسكەرنى باشلاپ ھەقىقەتكە قايتىپ پارتىزانلار ئەترىتىگە قوشۇلدى .

مۇڭغۇللاردىن بوتىقان ، ئۇيغۇرلاردىن مىراخون ، تۇراخۇن ، ئەخمەتخان ، تاشخان ، ئەھمەت ئىسمايىل قاتارلىقلار مۇ گومىنداڭ ئارمىيىسىدىن ئايرىلىپ پارتىزانلار سېپىگە قوشۇلدى . 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ باشلىرىدا يەنە دۆربىلجىننىڭ قىرىق ئوچاق دېگەن يېرىدە تۇرۇشلۇق گومىنداڭنىڭ ئاتلىق 7 - تۇەنىدىن ھۇشۇرۇۋ ئىسلام ، ھەسەنوۋ ، تۇردى سەلەيلەر ھەققىقەتكە قايتىپ جىمىنەي موللا ئىسلام پارتىزانلىرىغا قوشۇلدى . بۇلارنىڭ تەسىرىدە يەنە 40 ئۇيغۇر ئەسكەر گومىنداڭ قوشۇنىدىن قېچىپ پارتىزانلارغا قوشۇلدى . موللا ئىسلام پارتىزان ئەترىتىنىڭ كۈچى تېخىمۇ زورىيىپ ، قىرىق ئوچاقنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشى غەلىبىگە ئېرىشتى . بۇ چاغقا كەلگەندە ، جىمىنەي موللا ئىسلام پارتىزانلىرىنىڭ سانى 500 دىن ئېشىپ كەتكەنىدى . بۇلار ئالاھىدە كوللېكتىپ جەڭگىۋار قوشۇن بولۇپ تەشكىللىنىپ ، كۆرەش قىلغانسېرى كۈچەيدى . 1945 - يىلى موللا ئىسلام پارتىزانلىرى جىمىنەينى ئازاد قىلدى . ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ چىقتى . خەلق ھۆكۈمىتىگە قازاق رامىزان زالىڭ ھاكىم بولدى ، موللا ئىسلام « ناھىيىلىك ئازادلىق تەشكىلات »قا رەئىس بولدى .

موللا ئىسلام پارتىزانلىرى ئالتاي ، تارباغاتاينى ئازاد قىلىشتا ، ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىگە يېقىندىن ماسلىشىپ جەڭ قىلىپ پارلاق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى . ئالتاي ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن ، موللا ئىسلام ئۆز ئەترىتىدىكى 767 جەڭچىنى قورال – ياراغ بىلەن بىللە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى . بۇلاردىن جىمىنەي ئاتلىق پولكى تەشكىل قىلىندى . موللا ئىسلام ئۈچ ۋىلايەتنى ئازاد قىلىشتا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقانلىقتىن ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ئۇنى بىر ئالتۇن مېدال ، ئىككى كۆمۈش مېدال ، ئازاد نىشانلىق بەش يۇلتۇزلۇق بىر ئالتۇن مېدال بىلەن مۇكاپاتلايدۇ . ئۈچ ۋىلايەت

ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى 1946 ـ يىلى موللا ئىسلامغا ئۆز قولى بىلەن بېغىشلىما يېزىپ بېرىدۇ ھەمدە بىر ھەربىي خەنجەر ، بىر دانە ئالتۇن ئۇچلۇق قەلەم تەق-دىم قىلىدۇ . ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىدىن سەيپىدىن ئەزىزى قا-تارلىقلار ئۇنى ئالتاي ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى . ئەينى چاغدا ئالتاينىڭ ۋالىسى بولغان ئوسمان باندىت موللا ئىسلامغا ئۆچمەنلىك قىلىپ ، ئۇنى ساقچىدا قاماپ قويىدى . ئوس-مان قېچىپ كەتكەندىن كېيىن ، دەلىلقان سۇگۇربايوۋ موللا ئىسلامنى قاماقتىن بوشىتىپ ئۇنى ھاكىملىققا تەيىنلەيدۇ . موللا ئىسلام دەلىلقان سۇگۇربايوۋقا رەھمەت ئېيتىپ ھاكىملىق ۋەزى-پىسىنى ئۈستىگە ئالماي جېمىنەيگە قايتىپ كېتىدۇ . ئۇ پۈتۈن شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن ، « سول » چىل-لۇشىيەنىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۆزىنىڭ بۇرۇن ئىنقىلابىي پائالىيەت ۋە كۈرەش بىلەن شۇغۇللانغانلىقىغا ھەرگىز پۇشايمان قىلمىدى . ئۇ 1960 ـ يىلى 70 يېشىدا جېمىنەي ناھىيىسىدە ۋاپات بولىدۇ . ئۇنىڭ خەلق ئازادلىق ھەرىكىتىدە كۆرسەتكەن ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى خەلقىمىز ئۇنتۇپ قالغىنى يوق ، ئۇنى خەلق مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ !

## ئابدۇراخمان مۇھىتى

ئابدۇراخمان مۇھىتى 1910 ـ يىلى تۇرپان ئاستانە يېزى-سىنىڭ غوجام ئالدى مەھەللىسىدە ھاللىق دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى . 1918 ـ يىلىدىن 1924 ـ يىلىغىچە ئاستانىدىكى « مەقسۇدىيە مەكتىپى » دە ئوقۇدى . 1924 ـ يىلىدىن 1931 ـ يىل-غىچە ئائىلىسىدە بولدى . 1932 ـ يىلى مەقسۇت مۇھىتى ، مەھمۇت مۇھىتلار باشچىلىقىدا قوزغالغان دېھقانلار ئىنقىلابىغا قاتناشتى . 1933 ـ يىلى ئەتىيازدا دېھقانلار قوزغىلىڭى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرى-غاندا ، كىچىك ئانىسى مەھمۇت سىجاڭ قوشۇنى بىلەن قەدىمى

شەھەر ــــ قەشقەرگە باردى .

1934 ـ يىلى ئۇ بىر تۈركۈم ياشلار بىلەن بىللە تاشكەنت شەھىرىگە بېرىپ « ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتى » نىڭ مەمۇ-رىي ـ ھوقۇق پاكۇلتېتىدا ئۈچ يىل ئوقۇدى . 1937 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئوقۇشنى تاماملاپ ، چۆچەك ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى . 1938 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى شىڭ شىسەي تەر-پىدىن تۈرمىگە تاشلىنىپ تاكى 1944 ـ يىلىنىڭ ئاخىرغا كەلگەندە تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلدى . ئۇ ئۆز يۇرتى ئاستانىگە قايتىپ كې-لىپ « ئاستانە ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى » دا خىزمەت قىلدى . 1945 ـ يىلى ئەتىيازدا بورھان شەھىدى تۇرپانغا كېلىپ ئۇنى ئۈرۈمچىگە بىللە ئېلىپ بېرىپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى .

1946 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى گومىنداڭ تەرەپ بى-لەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي كۈچلىرى ئۈرۈمچىدە 11 بىتىم ئىمزالاندى . 11 بىتىمنىڭ روھى بويىچە ئابدۇراخمان مۇھىتى 1946 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۇرپان ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھاكىملى-قىغا تەيىنلەندى .

ئابدىراخمان مۇھىتى تۇرپانغا ھاكىم بولغان مەزگىلدە تۇرپاندا ئىنقىلابىي تەشكىلات ــــ خەلق پارتىيىسىگە رەھبەرلىك قىلدى .

1947 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئابدۇراخمان مۇھىتى پارتىزانلارنى باشلاپ ئۈچ ۋىلايەتكە بېرىپ ، خەلقچىل ياشلار تەشكىلاتىدا ئىشلىدى .

ئابدۇراخمان مۇھىتى 1956 ـ يىلى كوممۇنىستىك پارتى-يىسىگە كىردى ۋە خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى ، سىياسىي كېڭەش كاتىپى ، مىللىي ئىشلار كومىتېتى ئەزاسى ، 1 ـ نۆۋەتـ-لىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ،

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ھەيئىتى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. ئۇ 1957 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن 47 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

## ئابلىمىت ھاجىيوۋ

ئابلىمىت ھاجىيوۋ 1917 - يىلى 5 - ئايدا شىنجاڭنىڭ ئاتۇش ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1944 - يىلى 9 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتىنىڭ شۇجىسى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، جۇڭگونىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان. 1950 - يىلى 5 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى؛ خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى؛ شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى 4 - ئىشخانىسىنىڭ پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىرى، قوشۇمچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتىنىڭ نازىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مالىيە - سودا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى مالىيە - سودا ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مەسلىھەتچىسى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ كاندىدات ئەزاسى، سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايون-

لىـۇق 1 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسـى ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 2 ـ ، 3 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان . 1984 ـ يىلى 2 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 3 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىدا مەسلىھەتچىلەر كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سـايلانغان . 1991 ـ يىلى تەستىق ئارقىلىق دەم ئېلىشقا چىققان .

ئۇ 1993 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى 77 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى .

## گېنېرال ئېزىزوف قاسىم

ئېزىزوف قاسىم 1924 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئاتۇشتا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى ، كېيىن ئائىلىسى بىلەن بىللە تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ دۆربىلجىن ناھىيىسىگە كۆچۈپ باردى . 1942 ـ يىلى خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىنىڭ 9 ـ قارارلىق شۆبىسىدە ئوقۇدى ، ئازادلىق ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىلى ، تارباغاتاي ، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە پارتلىغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ ، مىللىي ئارمىيىدە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ۋۇزۋوت كوماندىرى ، مۇئاۋىن روتا كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى . 1949 ـ يىلدىن كېيىن ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى مىللىي 5 ـ كورپۇس 41 ـ پولكىنىڭ شتاب باشلىقى ، كورپۇس سىياسىي بۆلۈمى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى 4 ـ پولكىنىڭ شتاب باشلىقى ، ئاتلىق ئەسكەرلەر مۇستەقىل 3 ـ پولكىنىڭ شتاب باشلىقى ، مۇئاۋىن پولك كوماندىرى ، پولك كوماندىرى ؛ ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى پىيادە ئەسكەرلەر مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ، قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى ، قوشۇمچە قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ، ئۈرۈمچى قىسملىرىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى قاتارلىق

ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەنىدى.

ئىبىرىزوف قاسىم خېلى بۇرۇن ئىلغار ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتىغا قاتنىشىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ئەكسىيەتچى دائىرىلەر تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلانغان. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان 1947 - يىلى، ئۇ مىللىي ئارمىيىدە ئۆزى تۇرۇشلۇق روتىنى باشلاپ، گومىنداڭ ۋە ئوسمان باندىت قوشۇنىنى يوقىتىش جەڭلىرىگە كۆپ قېتىم قاتناشقان. 3 - ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ پولك كوماندىرلىقى ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن مەزگىلدە، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا كۆتۈرۈلگەن ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭلارنى تىنجىتقان؛ 1962 - يىلى ئاتلىق 3 - پولكنى باشلاپ جۇڭگو - ھىندىستان چېگرىسىدىكى ئۆزىمىزنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىگە قاتناشقان. شۇ تۆھپىسى ئۈچۈن كۆپ قېتىم تەقدىرلەنگەن.

ئۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى، ئارمىيىمىزنىڭ ئىنقىلابىيلىشىش، زامانىۋىلىشىش، مۇنتىزىملىشىش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ھەربىي ئىلمنى بېرىلىپ تەتقىق قىلاتتى. ئىبىرىزوف قاسىم ھاياتىدا «مارشالنىڭ نەسىھىتى»، «ئۇرۇش ۋە قوماندان» ۋە «جەڭ شەمشىرى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازدى. «قىساس خەنجىرى» دېگەن كىتابنى يېزىپ پۈتتۈردى.

ئۇ 6 -، 7 -، 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولغانىدى.

ئىبىرىزوف قاسىم 1994 - يىلى 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن قازا قىلدى.

## ئابدۇكېرىم مەخمۇتوف

ئابدۇكېرىم مەخمۇتوف 1921 - يىلى 12 - ئاينىڭ 11 -

كۆنى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ بويامەت يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1938 ـ يىلى ئۈرۈمچى پىداگوگ مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقاندا ئىنقىلابىي پائالىيەتكە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن، مىللەتچى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئالتايغا سۈرگۈن قىلىنغان. 1943 ـ يىلىدىن 1944 ـ يىلىغىچە جىمۇنەي، قاپا ناھىيىلىرىدە مەكتەپ مۇدىرى بولغان. 1944 ـ يىلى 4 ـ ئايدا جىمۇنەي ناھىيىسىدە پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى بولغان. 1944 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان. 1950 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى مۇستەقىل 2 ـ بىرىگادا ئاتلىق 4 ـ پولكىدا مۇئاۋىن روتا كوماندىرى، روتا كوماندىرى، مىللىي ئارمىيە ھەربىي مەكتىپىدە شتاب باشلىقى بولغان. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 5 ـ كورپۇس 13 ـ دىۋىزىيە 38 ـ پولكىنىڭ شتاب باشلىقى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىلىكبۇ خەلق قورallıق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ ھەربىي رايون ئىچكى قوغداش بىرىگادىسى ۋە ئاتلىق 3 ـ پولكىنىڭ پولك كوماندىرى، شىنجاڭ خوتەن شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىلىكيۇەنى، ئىلى ھەربىي رايون سىلىكبۇسىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى، شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىلىكيۇەنى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1955 ـ يىلى 3 ـ دەرىجىلىك ئازادلىق ئوردىنىغا ئېرىشكەن. 1955 ـ يىلى مايورلۇق ھەربىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1964 ـ يىلى 6 ـ ئايدا پولكوۋنىكلىققا ئۆستۈرۈلگەن. 1988 ـ يىلى مۇستەقىللىق شەرەپ ئوردىنىغا ئېرىشكەن.

ئابدۇكېرىم مەخمۇتوف 1996 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى 75 يېشىدا ۋاپات بولدى.

## ئابلىز مۇھەممىدى

ئابلىز مۇھەممىدى قورغاس ناھىيىسىدىن بولۇپ، بىر ئاددىي خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ياش ۋاقتىدىلا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىگە قاتنىشىپ ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغان. مەخپىي ھەرىكەتلەر بىلەن ئاكتىپ شۇغۇللانغان. جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا قارشى ئىدىيىلەرنى تەشۋىق قىلغان، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش كۈرىشىگە قاتناشقان. ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئۈچ قېتىم قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىگە تاشلانغان. دۈشمەنىنىڭ قاتتىق قىيىن - قىستاق، دەھشەتلىك زۇلۇملىرى ئالدىدا تىز پۈكمەي كۈرەش قىلىپ، بىر مۇنەۋۋەر ئىنقىلابىي ياشنىڭ يۈكسەك پەزىلىتىنى نامايەن قىلغان. شىنجاڭ ئازاد بولۇش ھارپىسىدا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قارشى ئالغان ھەمدە شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش خىزمىتىگە قاتناشقان.

دۆلىتىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئۇ شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتىنىڭ نازىرى، جامائەت خەۋپسىزلىك باش ئەترىتىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە ئۈرۈمچى گارنىزونىنىڭ قوماندانى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دائىمىي ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك 1 - نۆۋەتلىك خەلق

قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ، خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ، خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ، مۇئاۋىن باش كاتىپى ، مۇئاۋىن رەئىسى ، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن .

ئابلىز مۇھەممىدى 1988 - يىلى 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۈرۈمچىدە 67 يېشىدا ۋاپات بولدى .

## قاسىم تاش ھاجىم

قاسىم تاش ھاجىم 1899 - يىلى تاشمىلىق بازىرىدا تەرەققىپەرۋەر تاش بەگ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . ئۇ ، ئائىلە تەربىيىسىنى ئالغاندىن كېيىن تاشمىلىق باشلانغۇچ كونا مەكتەپتە ، كېيىن 1913 - يىلى تاشمىلىقتا قۇرۇلغان تۇنجى يېڭى مەكتەپتە ئوقۇيدۇ . بۇ شىنجاڭدا ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيەت بېشىغا يېڭى چىققان ۋاقىت ئىدى . مۇشۇ مەزگىلدە ئەنگلىيە دەللاللىرىنىڭ قەشقەر شەھەر ۋە شەھەر ئەتراپى رايونلىرىدىن نەچچە ئونلىغان ياش ئوغۇل - قىزلارنى ئالداپ تاشمىلىق ئارقىلىق ھىندىستانغا ئېلىپ مېڭىش ۋەقەسى يۈز بېرىدۇ . قاسىم ھاجىمنىڭ دادىسى تاش بەگ بۇ ۋەقەنى بىلگەندىن كېيىن توسۇپ قويىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئېلىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلمايدۇ . قەشقەردىكى ئىلغار پىكىرلىك ئۇيغۇرلار بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ چوڭ غۇلغۇلا ۋە نامايىش خارەكتېرلىك نارازىلىق ئارقىلىق بۇلارنى توسۇپ قالىدۇ . ئۆز ئائىلىسىدىن قوزغۇلۇۋاتقان جاھانگىرلىككە قارشى بۇ ھەرىكەت قاسىم تاش ھاجىمغا چوڭ ساۋاق - دەرسلىك بولىدۇ ...

1917 - يىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىي غەلىبە قىلىش بىلەن شىنجاڭنىڭ جەنۇپ ۋە شىمالىدا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنى قوللاش نامايىشى ①ۋە « ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى » نىڭ شۆبىسى قۇرۇلدۇ . ② ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى يەرلىك تەشكىلاتلارنىڭ پائالىيىتى نەتىجىسىدە شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىگە ھۇل سېلىنىدۇ .

مۇشۇ بىر قاتار ھەرىكەتلەر شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر، قاتارىدا قاسىم تاش ھاجىمنىمۇ ئويغۇتىدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ، دادىسى تاش بەگ ۋە باشقا ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ باشلامچىلىقىدا ئىلغار ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىدۇ .

1931 - يىلى پارتلىغان قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ شىددەتلىك زەربىسىدە جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى لىڭشىپ قالدى ، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شېڭ شىسەي « 12 - ئاپرېل » سىياسىي ئۆزگىرىشىنى قوزغاپ تەختكە چىقتى . ئۇ ساختا « سوتسىيالىزم » ، « كوممۇنىزم » نىقابى بىلەن بەزى ئىلغار سىياسەتلەرنى يولغا قويىدۇ .

1934 - يىلدىن باشلاپ ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مىللەتلەرنىڭ ئۇيۇشمىلىرى ئالدى ــ ئاخىر بولۇپ قۇرۇلۇشقا باشلىدى . بۇ مەزگىلدە قاسىم تاش ھاجىم تاشمىلىق ، بۇلاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر شۆبە ئۇيۇشما رەئىسى ۋە قوشۇمچە بەگ بولۇپ سايلاندى .

1937 - يىلى قاسىم ھاجىم قەشقەرنىڭ مۇۋەققەت ۋالىيسى ئابدىكېرىمخان مەخسۇمنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئويتاغ ئەتراپىدىكى موخ جىلغىسىدا ئەنگلىيە پوچتىلىرىنىڭ شىنجاڭـ

---

① بۇ ھەقتە 1988 - يىلى 19 - مارت « شىنجاڭ گېزىتى » ئۇيغۇرچە 3 - بەتكە « ماركسىزمنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى » دېگەن ماقالىغا قارالسۇن .

② شۇ يىللاردا شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيا بولشېۋىكلار رەھبەرلىك قىلغان ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىنىڭ دەسلەپكى شۆبىسىنى قۇرغان . سوۋېت ئىتتىپاقى « تارىخ مەسىلىرى » ئايلىق ژۇرنالىنىڭ 1982 - يىلى 10 - سانىدىكى ئا . ئا . ھاكىمبايوۋ : « ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ شىنجاڭغا تەسىرى ( 20 — 30 - يىللار ».

دىن ئېلىپ ماڭغان ئاساره ـ ئەتىقە ۋە ئاخباراتلىرىنى تارتىۋالىدۇ .

1939 ـ يىلى قاسىم تاش ھاجىم ئاتۇش ناھىيىسىگە ( شۇ چاغدا ئاتۇش يېرىم ناھىيە ئىدى ) ھاكىم بولىدۇ .

1942 ـ يىلى شېڭ شىسەي ئىلغارلىق نىقاۋىنى يىرتىپ تاشلاپ ، كوممۇنىستلاردىن يۈز ئۆرۈگەندىن كېيىن شىنجاڭدا چىڭ تيەنچۇ ، ماۋزېمىن باشلىق جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى ئەزالىرى ۋە قەشقەردىكى ئابدىكېرىمخان مەخسۇم قاتارلىق بىر بۆلۈك « ئازادلىق تەشكىلات » ئەزالىرىنى تۇتقۇن قىلغاندا ، قاسىم تاش ھاجىمۇ تۇتقۇن قىلىنىپ ئۈرۈمچى شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە 1944 ـ يىل 11 ـ ئايغىچە ياتىدۇ .

1945 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن باشلاپ قاسىم تاش ھاجىم قەشقەردە تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابىغا ھازىرلىق كۆرۈش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ ، ئوپال ، تاشمىلىق ، بۇلاقسۇ ، ئاقتۇ ، ئويتاغ ، توققۇزاق قاتارلىق جايلاردا ھەرىكەت قىلىدۇ . ھەربىي ئاخبارات توپلايدۇ . قەشقەردىكى يەرلىك تەشكىلات بىلەن تاشقورغان تاغلىرىدا ھەرىكەت قىلغۇچى قوراللىق قوشۇن ئوتتۇرىسىدا ئالاقىچىلىق قىلىدۇ .

1945 ـ يىلى 6 ـ ، 7 ـ ئايلاردا ، تاشمىلىقنىڭ سابىق بېگى ئەمەت بەگ قاسىم تاش ھاجىمنىڭ ھەرىكىتىنى پايلاپ يۈرۈپ ئاخىر ئۇنى گومىنداڭغا تۇتۇپ بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى بۇلاپ ئۆيلىرىگە ئوت قويۇپ بېرىدۇ . ئۇزاق ئۆتمەي ، ئۇ قەشقەردىكى يەرلىك ئىنقىلابىي تەشكىلاتنىڭ ياردىمى بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قولىدىن قۇتۇلىدۇ . كېيىن ئۇ تاشقورغان پارتىزانلىرىغا قوشۇلىدۇ .

قاسىم تاش ھاجىم تاشقورغانغا بارغاندىن كېيىن ئويتاغدىكى ئۇيغۇر پولكىنى تولۇقلاش ۋە يېڭىدىن قۇرۇش ئىشىنى ئىشلەۋاتقان ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى باش شتابىغا چا-

قىرتىلىپ ، ئارقا سەپ تەمىنات مەسئۇلى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ .

« 11 بىتىم » تۈزۈلگەن مەزگىلدە ئۇ قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ ، جەنۇبىي شىنجاڭ ئىنقىلابچىل ياشلار سېپىدە مۇھىم خىزمەتلەرنى ئۆتىدى .

1947 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى گومىنداڭ ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈپ جەنۇبىي شىنجاڭ ياشلىرىنى قولغا ئالغاندا ، ئۇمۇ قەشقەردە قولغا ئېلىنىپ تاكى 1949 ـ يىلى شىنجاڭ ئازاد بولغانغا قەدەر تۈرمىدە ياتتى .

1950 ـ يىلى خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى يوپۇرغا ناھىيىسىگە ھاكىم قىلىپ بەلگىلىدى .

1954 ـ يىلى ئۇ قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىگە يۆتكىلىپ ۋالىي مەھكىمىسى خەلق ئىشلار بۆلۈمىدە بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى .

1960 ـ يىلى ، ئۇ قەشقەر شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە دائىمىي ھەيئىتى بولۇپ ئىشلىدى . 1984 ـ يىلى ئۇ دەم ئېلىشقا چىققان بولسىمۇ ، شۇ يىلى سايلامدا ۋەكىللەر ئۇنى يەنىلا قەشقەر شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا سايلىدى . 1985 ـ يىلى ئۇ خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا چىقتى . 1991 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ۋاپات بولدى .

## توٚتىنچى باب

### توٚموٚر خەلىپە

تـوٚموٚر خەلىپە 1891 - يىلى توۇرپاندا ئىشلەمچى ( كارىز چاپقۇچى ) ئائىلىسىدە توۇغۇلغان . ئۇنىڭ دادىسى ھەددىدىن ئاشقان ئالۋان - ياساق دەستىدىن ئائىلىسىدىكى توٚت جاننى باـقالماي 1893 - يىلى ياز پەسلىدە قۇمۇلنىڭ قوراي يېزىسىغا كوٚـچوٚپ بېرىپ يەرلىشىدۇ . بىراق قوراي يېزىسى قۇمۇل ۋاڭىغا قاراشلىق بولغانلىقى ئوٚچوٚن ، بۇ يەردىكى ئالۋان - ياساق تېـخىمۇ ئېغىر ئىدى . شۇڭا بۇيەردىمۇ كوٚن ئوٚتكوٚزوٚش تەس بوـلۇپ ، 1905 - يىلى ئەمدىلا 14 ياشقا كىرگەن توٚموٚرنى ئېلىپ ئوٚروٚمچىگە كېلىدۇ - دە ، ياز كوٚنلىرى نەنمىڭ سىرتىدا كېسەك قۇيىدۇ ، قىش كوٚنلىرى باداۋاندىكى كانلاردا ياللىنىپ كوٚموٚر قازىدۇ . لېكىن ئوٚروٚمچىدىمۇ جان بېقىش قىيىن بولۇپ ، ئاخىر قۇمۇلغا قايتىپ بېرىپ ، قۇمۇل بازىرىغا ئورۇنلىشىدۇ ۋە توٚموٚرنى ياغاچچىلىققا شاگىرتلىققا بېرىدۇ . زېرەك ۋە ئەقىللىق توٚموٚر ئۇزاق ئوٚتـمەي ياغاچچىلىقنى ئوبدان ئوٚگىنىۋالىدۇ . ئۇنىڭ دوۇـكىنى بازاردا بولغانلىقى ئوٚچوٚن ، ھوٚكوٚمەت ، ۋاڭ ئوٚستىدىكى شىكايەتلەرنى كوٚپ ئاڭلاپ ، ئېزىلگوٚچى خەلقلەر بىلەن ئەزـگوٚچى سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسىي زىددىيەتنى چوٚشىـنىۋالىدۇ .

1907 - يىلى قۇمۇل دېھقانلىرى رەجەپ ئاكا باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كوٚتوٚرگەن بولسىمۇ ، بىراق قۇمۇل ۋاڭ تەرىپىدىن پاجىئەلىك باستۇرۇلىدۇ . بۇ ئىش توٚموٚرنى سەگەكلەشتوٚرىدۇ . شۇڭا ئۇ ھەر قېتىم ۋاڭ ئوردىسىدىكىلەرنىڭ ئادەم ئۇرغان ۋە

ئادەم ئۆلتۈرگەن زوراۋانلىقلىرىنى ئاڭلىغاندا قاتتىق غەزەپلىنىپ : « رەجەپ ئاكا هايات بولغان بولسا دېهقانلار ئۈچۈن چوقۇم ئىنتىقام ئالاتتى » دەيدۇ .

بىر كۈنى تۆمۈر ۋاڭ ئۇردىسىدىكىلەر تەرىپىدىن چوڭ دەرەخقە باغلاپ ئۇرۇپ ، چالا ئۆلۈك قىلىپ قويۇلغان بىر دېهقاننى ئۇستىسىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ داۋالاپ ساقايتىدۇ . ئۇنىڭ بۇ ياخشى خىسلىتى پۈتۈن قۇمۇل يېزىلىرىغا تارقىلىدۇ . دېهقانلار « بۇ قانداق باتۇر بالىكەن ــ هە ، بۇ ۋاقىتقىچە ۋاڭ جازالىغان كىشىنى قۇمۇلدا هېچ كىشى قۇتۇلدۇرالىغان ئەمەس ... » دېيىشىپ ، تۆمۈر هەققىدە تەرىپلەر قىلىشىدۇ .

دېهقاننىڭ يارىلىرى ساقىيىپ ئائىلىسىگە قايتىش ۋاقتىدا ئۇنى ئۇزۇتۇپ ماڭغان تۆمۈر : « سىز يەنىمۇ ساقىيىڭ ، بىزمۇ رەجەپ ئاكىدەك ۋاڭ ئۇردىسىنى تاقىۋېتىمىز . خۇدا نۇسرەت ئاتا قىلسا ، ۋاڭنى قۇمۇلدىن قوغلىۋېتىمىز ... » دەيدۇ . تۆمۈرنىڭ بۇ سۆزىدىن دېهقانلار ۋە ئۇنىڭ ئۇستىسى ناهايىتى رازى بولىدۇ . تۆمۈرنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغانلىقىنى ( ۋەقە تېرىيدىغانلىقىنى ) ئويلاپ ، شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنى ئاسرايدۇ . شۇنداقتىمۇ تۆمۈرنىڭ هېلىقى دېهقاننى قۇتۇلدۇرغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ئوردىغا ئاڭلىنىدۇ . ۋاڭ تۆمۈر خەلپىنى تۇتۇشقا بۇيرۇيدۇ .

1910 - يىلى تۆمۈر خەلپە ئىككىنچى قېتىم ئۆزى يالغۇز ئۇرۇمچىگە كېلىدۇ . بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاتا ــ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندى . مۇشۇ مەزگىللەردە شىنجاڭنىڭ سەيياره سىلاۋچىسى لىيەنكۈي ئورنىنى يۈەن داخۇاغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەندى . يۈەن داخۇا شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئوت يالقۇنىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭغا تۇتۇشۇپ كېتىشىنى توسۇش ئۈچۈن ئىچكىرىسىدىن ياڭ زېڭشىننى چاقىرتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا خۇيزۇلاردىن چېرىك تۇتۇپ بەش باتاليون قۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ .

بۇ كۈنلەردە تۆمۈر خەلىپە ۋەزىيەتكە ئىنتايىن دىققەت قىلىدۇ. ئىچكىرىدىكى ئىنقىلابىي پارتىيە ئەھۋالىنى، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ئورنىتىلىدىغانلىقىنى ئاڭلايدۇ. ئۇ ئىپى كەلسە ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن قۇمۇلغا قايتىدۇ. تۆمۈر ئۈرۈمچىدە كۆرگەن، بىلگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنى ئۇستىسىغا بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بېرىدۇ ۋە ئاخىرقى ھېسابتا ئۆلۈپ كەتسىمۇ رەجەپ ئاكىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالماي قويمايدىغانلىقى توغرىسىدا قەسەم ئىچىدۇ. ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ ئىنقىلاب يولىدا ئىزدىنىدۇ.

تۆمۈر خەلىپە ئىلىدىكى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلىپ ئۈرۈمچىگە قاراپ يۈرۈش قىلغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق خەۋەر ئاڭلىغاندىن كېيىن، قۇمۇل دېھقانلىرىغا ئىچكى ئۆلكە ۋە ئىلى ئىنقىلابى غەلىبىسىنى تەشۋىق قىلىدۇ ۋە ئاشكارە ھالدا «قۇمۇل ۋاڭىنىڭ كۈنى ئاز قالدى» دەيدۇ. تۆمۈر قۇتقۇزۇپ قالغان ھېلىقى دېھقان ھەممىلا يەردە تۆمۈرنى تەرىپلەپ تەشۋىقات ئېلىپ بارىدۇ. جۈملىدىن ئۇنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئابرويى ئۆسىدۇ. قۇمۇل دېھقانلىرى زور ئۈمۈت بىلەن ۋاڭنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىنى كۈتمەكتە ئىدى.

1912 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، يۈەن داخۇا ئۆلكە مەركىزىگە قاراپ كېڭەۋاتقان ئىلى خەلق قوشۇنىنى توسۇش مەقسىتىدە، قۇمۇل ۋاڭىغا 500 نەپەر ئەسكەر ئەۋەتىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ. قۇمۇل ۋاڭى خەلققە ئۆزىنى كۆرسىتىش مەقسىتىدە: «يۈەن داخۇا ماڭا ئىشىنىدۇ، مېنىڭ ۋاڭلىقىم مەڭگۈ ساقلىنىدۇ، كىمكى ۋاڭ ئاغدۇرۇلىدىكەن دەيدىكەن كاللىسى ئېلىنىدۇ!» دەپ خەلققە تەھدىت سالىدۇ ھەمدە ئۆزى ئۈچۈن خەتەرلىك دەپ ھېسابلىغان ئادەملەرنى ئەسكەرلىككە ئالىدۇ. تۆمۈر خەلىپە ئۆزلىكىدىن ئەسكەر بولىدۇ.

يېڭىدىن ئەسكەرلىككە ئېلىنغان 500 نەپەر كىشى قۇمۇلدىن ئايرىلىپ يولغا چىقىدۇ. تۆمۈر خەلىپە يولبويى قوزغىلاڭ

قىلىش توغرىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ بارىدۇ ۋە ئۆزلىرىنى ئېلىپ ماڭغان ھەربىي باشلىقنى پالتا بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرىدۇ. 500 نەپەر ئەسكەر تۆمۈر خەلپىنى قولدىن ـ قولغا ئېلىپ كۆتىرىدۇ ۋە ئۇنى سەردار قىلىپ بەلگىلەيدۇ. بۇ قوشۇن كەينىگە قايتىپ، چاقماق تېزلىكىدە قۇمۇلغا باستۇرۇپ كىرىدۇ، دېھقانلار ئۇلارغا كېلىپ قوشۇلىدۇ. ئىنقىلاب باشلىنىدۇ. شەھەرگە قامالغان شاھ مەخسۇت بىلەن شەھەر ئامبىلى بەي ۋىنچاۋ، يۈەن داخۇادىن ياردەم سورايدۇ...

1912 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى خانى شۋەنتۇڭ ئۆزىنىڭ تەختتىن چۈشكەنلىكى توغ- رىسىدا پۈتۈن مەملىكەتكە تېلېگرامما يوللايدۇ. 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى يۈەن داخۇامۇ شىنجاڭنىڭ سەييارە سىلاۋچىنسىلىقىدىن ئىستىپا بېرىدۇ. ئۇ چاغدا بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ياڭ زېڭشىننى شىنجاڭغا دۇجۇن قىلىپ تەيىنلەيدۇ. تۆمۈر خەلپە باشچىلىقى- دىكى قوزغىلاڭچىلار بۇ خەۋەردىن ھەقىقەتەن خوشاللىنىدۇ. جۈملىدىن «شاھ مەخسۇت ئوردىدىن چىقىپ كەتسۇن! دېھ- قانلار ئۈستىدىكى ئالۋان ـ ياساق بىكار قىلىنسۇن!» دېگەن خىتابلار بىلەن شاھ مەخسۇتنى قىستايدۇ.

ياڭ زېڭشىن بارىكۆلدە تۇرۇشلۇق ھەربىي قوشۇن باش- لىقى يې شىڭفۇغا قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنى باستۇرۇش توغرى- سىدا بۇيرۇق بېرىدۇ.

تۆمۈر خەلپە بارىكۆلدىكى ھەربىي قوشۇننىڭ قۇمۇلغا يۈرۈش قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، دۈشمەنگە تاقابىل تۇرىدۇ. يې شىڭفۇ قوشۇننى باشلاپ نەنسەن ئېغىزىغا كەلگەندە ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ، قىسمىلىرى تەسلىم بولىدۇ. نۇرغۇن قورال غەنىمەت ئېلىنىدۇ ۋە قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى 2000 دىن ئاشىدۇ.

1912 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، يۈەن داخۇا ئىچكى- رىگە قايتماقچى بولغاندا، ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭغا چەن گۇاڭخەي

بىلەن بىرلىشىپ قوزغىلاڭنى باستۇرۇش بۇيرۇقى بېرىدۇ.
يۈەن داخۇا بىلەن چەن گۇاڭخەي بىرلىشىپ قوز-
غىلاڭچىلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ. تۆمۈر خەلىپە بۇ ئۇرۇشتىمۇ كۆپ-
لىگەن قورال غەنىمەت ئالىدۇ (يۈەن داخۇا، چەن گۇاڭخەيلەر
6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى يېڭىلىپ، ئىچكىرىگە تىكىۋېتىدۇ).
جىددىي ئۇرۇش ھازىرلىقىدا تۇرغان ياڭ زېڭشىن بۇ-
نىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۆز پىلانىنى ئۆزگەرتىپ،
ھىيلە - مىكىر پىلانلايدۇ. ئۇ ئوردىدىكى ئۇيغۇر تىلىنى بىلىدى-
غان ھاكىمدىن تۆۋەنرەك ئەمەلدار جاڭ سەيتىڭنى تۆمۈر خەلىپە
بىلەن سۆھبەت قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. ئون كۈن ئېلىپ بېرىلغان
سۆھبەت نەتىجىسىز بولۇپ، جاڭ سەيتىڭ قايتىدۇ...
ياڭ زېڭشىن كۆپ ئويلىنىش ئارقىلىق، تۆمۈر خەلىپىنىڭ
ئەڭ يېقىنلىرىدىن بولغان مۇھەممەتجان ھاپىز دېگەن كىشىدىن
تۆمۈر خەلىپىگە خەت ئەۋەتىدۇ. بۇ خەتتە مۇنداق دېيىلگەن
ئىدى: «مەن سىزنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىڭىزنىڭ قۇمۇل ۋاڭىغا
قارشى تۇرۇش ئىكەنلىكىنى، ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلاشماقچى
ئەمەسلىكىڭىزنى ئوبدان چۈشىنىمەن، سىلەرنىڭ ھەرىكىتىڭىز-
لەرگە نىسبەتەن مېنىڭ باشتىن - ئاخىر زىيانكەشلىك قىلىش
نىيىتىم يوق...» دېيىلگەن.
دەل شۇ كۈنى ياڭ زېڭشىن قۇمۇل ئامبىلى بەي ۋېنچاۋغا
يازغان بىر پارچە مەخپىي خېتىدە: «تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا،
تۆمۈر قارانىيەت ئادەم ئىكەن، ئاسىيلىق قىلىش بىلەن ئۆزلۈك-
سىز شۇغۇللىنىۋاتىدۇ... پېقىر دۇجۇن كەلگۈسىدىكى بالايى -
ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنى قەتئىي باستۇرۇش نىيى-
تىگە كەلدىم...» (ياڭ زېڭشىن: «ئىستىغپار ھۇجرىسىدا يې-
زىلغان خاتىرىلەر» 2 - توپلام)
تۆمۈر خەلىپە مۇھەممەتجان ھاپىزدىن: «سىز ياڭ دۇ-
جۇنگە (قوماندان ياڭغا) ئىشىنەمسىز؟ ياڭ دۇجۇننىڭ ماڭا

زىيانكەشلىك قىلىش نىيىتى بولمىسا ، نىمە ئۈچۈن كۆپ قېتىم ئەسكەر ئەۋەتىپ بىزنى يوقىتىشقا ئورۇنىدۇ ؟ ياڭ دۇجۇن مىنگونىڭ دۇجۇنى تۇرۇپ ، نىمە ئۈچۈن چىڭ سۇلالىسى خانلىقى قۇمۇل ۋاڭىغا بەلگىلەپ بەرگەن ھاشار تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرمايدۇ ؟ .. » قاتارلىق 10 نەچچە سوئال قويىدۇ . مۇھەممەتجان ھاپىز جاۋاپ بىرەلمەي قايتىدۇ .

بۇ ھىيلىسىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغان ياڭ زىڭشىن خۇيزۇ باتاليونىنىڭ كوماندىرى لى شۇفۇ ، ئىچكى ئىشلار كابىنىتىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جابى ، گەنسۇ ـ شىنجاڭ تەپتىش خادىمى يۈن ساڭ قاتارلىقلارنى 1913 ـ يىلى 3 ـ ئايدا سۆھبەتكە ئەۋەتىدۇ .

لى شۇفۇ پۇقراچە ياسانغان بولۇپ ، دىنى بىلىمىنى ئىشقا سېلىپ ، ئىسلام مۆتىۋەرلىرى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ، تۆمۈر خەلىپە تۇرغان ئۆيگە كىرىش بىلەن تەكبىر ئېيتىپ ، قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنىڭ مەنىسىنى يېشىپ ، نەقىل كەلتۈرۈپ سۆز باشلايدۇ ۋە ياڭ زىڭشىن ئەۋەتكەن ئالاقىنى ئوقۇيدۇ . ياڭ زىڭشىننىڭ خېتىدە مۇنداق دېيىلگەنىدى : « بىرىنچى ، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ دېھقانلار ئۈستىگە قويغان ھەر ئايدىكى يەتتە كۈنلۈك ھاشار تۈزۈمى ئىككى كۈنگە قىسقارتىلىدۇ . ئىككىنچى ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ھۆكۈمەتنىڭ ئاتلىق باتاليونىغا ئۆزگەرتىلىپ ، تۆمۈر باتاليون كوماندىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ ۋە ئۆلكە مەركىزىگە بېرىپ ئورۇنلىشىدۇ . ئۈچىنچى ، قوشۇندىن قايتىپ دېھقانچىلىق قىلىشنى خالايدىغان قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەممىسى ئەسلى يۇرتىغا بېرىپ ، دېھقانچىلىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ ... » لى شۇفۇ بۇ خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ، بىر ئايەت ئوقۇپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ يەنە تەكبىر باشلايدۇ . ئىسلام دىنى قائىدىسى بويىچە تۆمۈر خەلىپە تەكبىرگە قوشۇلۇش ۋە دۇئاغا قول كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ .

بۇنىڭ بىلەن تۆمۈر خەلىپە ياڭ زېڭشىن قويغان يۇقىرىقى ئۈچ شەرتنى شەرتسىز قوبۇل قىلغان بولۇپ قالىدۇ.

بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان ياڭ زېڭشىن ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن قۇۋلۇق ــ شۇمبۇلۇق ئىشلىتىپ، قۇمۇلدىكى ھەرقايسى تەبىقىدىكى زاتلار ۋە خەلقلەرنى ئارقا ــ ئارقىدىن تاغقا چىقىرىپ تۆمۈر خەلىپىنى تەبرىكلەيدۇ ۋە قائىدە بويىچە « خەلىپە » دەپ ئاتايدۇ.

تۆمۈر خەلىپە قىسمىنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. بۇ پاجىئەنىڭ باشلىنىشى ئىدى. ئۇ چاغدا، ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىي كىچىك دەرۋازىسى سىرتىدا بىر ــ بىرىگە تۇتۇشۇپ تۇرىدىغان ئىككىز گازارما بار ئىدى. بىرى، شەرقىي گازارما بولۇپ، شوربۇلاقتا، يەنە بىرى، غەربىي گازارما بولۇپ دۆڭمىڭغا يېقىن ئىدى.

تۆمۈر خەلىپە قىسمىنى شەرقىي گازارمىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. غەربىي گازارمىغا ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ سادىق ئادىمى بولغان مافۇشىڭ ( ماتىتەي ) باتالىيونىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

تۆمۈر خەلىپە ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن ياڭ زېڭشىن ئەندىشە قىلىپ، بىئارام بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىمكانىيەتنىڭ بىرىچە ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇش غەرىزىدە تۆمۈرنىڭ تۈگچىسىنى سېتىۋېلىپ، تۆمۈر خەلىپىنى نازارەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، مافۇشىڭغا ھۇشيار تۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ. مافۇشىڭ 1913 - يىلى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى روزى ھېيتنى تەبرىكلەشكە تەييارلىق كۆرۈش بانىسى بىلەن تۆمۈر خەلىپىنى غەربىي گازارمىغا ئالداپ ئېلىپ كېلىدۇ ۋە قولغا ئالىدۇ. تۆمۈر خەلىپىنىڭ قوشۇنىنى ئۆز گازارمىسىدا قورالسىزلاندۇرىدۇ. ئۇنى تۈرمىدە قېيىن ــ قىستاققا ئالىدۇ. خائىن ئىلگىرىكى سۆھبەتلىرىنى پاش قىلىدۇ. ياڭ زېڭشىن قاقاقلاپ كۈلگىنىچە تۆمۈرگە: « گۇناھ مەندە ئەمەس، مانا بۇ ئۆز ئادىمىڭىز، مەن سىزنىڭ باتۇرلى-

قىڭىز ۋە ئەقىل - پاراسىتىڭىزگە ئىشىنىمەن . سىزگە كەلگەن ئۆلۈمنى تەڭرى ئالدىدىمۇ مېنىڭدىن كۆرمىگەيسىز . ئۆلۈم ئالدىدا مەن سىزنىڭ قاتىلىڭىزنى ئۆلتۈرۈپ ، سىز ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىپ بېرىمەن » دەيدۇ - دە ، خائىن تۇڭچىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ .

خائىن نالە - پەرياد قىلغاندا ، « ئۆز مىللىتىگە ۋاپا كەلمىگەن سەن ئىتتىن ماڭا ۋاپا كېلەتتىمۇ ؟ ... » دەيدۇ ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭغا .

مافۇشىڭ تۆمۈر خەلىپىنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ . ئەتىسى ئوردىغا تەكلىپ قىلىنغان ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە جامائەت ئەرباپلىرى ئوتتۇرىسىدا تۆمۈر خەلىپىگە ھەربىي تۈزۈم بويىچە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ . پېشقەدەم يېجاڭ روزى ھاجىم ياڭ زېڭشىنغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرىدۇ . ياڭ زېڭشىن بۇ ئىشنى مافۇشىڭغا دۆڭگەپ قويىدۇ .

خەلق ئاممىسى داغدۇغىلىق ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ ، تۆمۈر خەلىپىنىڭ جەسىتىنى خاڭچىڭدىكى قەۋرىستانلىقنىڭ ھازىرقى خاڭچىڭ مەسچىتىدىن 50 قەدەملەر ئىچكىرىرەك بىر جايغا دەپنە قىلىدۇ .

تۆمۈر خەلىپە ۋاپاتىدىن كېيىن ، ئۇنىڭ قولىدىكى 300 نەپەر جەڭچىنى قورالسىزلاندۇرۇپ قومۇلغا ئاپىرىپ قويىمىز ، دېگەن بانا بىلەن ئېلىپ مېڭىپ ، گۇچۇڭدىكى چۆەنزىگەي دېگەن يەردىن ئۆتكەندە ئالدىن تەييارلاپ قويغان قىسىملىرى ئارقىلىق قىرغىن قىلىپ تۈگىتىدۇ .

تۆمۈر خەلىپە ۋاپاتىدىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئىنىسى شاكىر تۇرپان ئەتراپىدا ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ . تۆمۈر خەلىپە ئۆلتۈرۈلۈپ 18 يىل ئۆتكەندىن كېيىن خوجىنىياز ھاجىم باشچىلىقىدىكى قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلايدۇ . قوزغىلاڭ يالقۇنى تېزلا پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭنى

قاپلايدۇ .

## خوجىنىياز ھاجىمنىڭ پائالىيەتلىرى

خوجىنىياز ھاجىم ئۈچ ئەۋلاد قۇللۇقتا ئۆتكەن قۇل دورغىسى ئىمىننىياز ئائىلىسىدە 1889 - يىلى دۇنياغا كەلگەن . ئۇ ئائىلە تەربىيىسىنى ئالغاندىن كېيىن دادىسى ئىمىننىياز دورغا خوجىنىيازنى قۇللاردىن يىراق تۇتۇش ئۈچۈن ، قۇمۇلغا ئەۋەتىپ ، قۇمۇل شەھەرىدىكى خانلىق مەدرىسىگە ئوقۇشقا بېرىدۇ ( خوجىنىياز بۇ مەدرىستە شاھ مەخسۇتنىڭ نەۋرىسى بېشىر شاھزادە بىلەن بىرگە ئوقۇيدۇ ) . خوجىنىياز كىچىكىدىن كەم سۆز ، تېز ئاچچىقى كېلىدىغان ، زېرەك ، ئۇچرىغان ھادىسە ، ۋەقەلەرنى تېز تەھلىل قىلىپ ئۈلگۈرەلەيدىغان ، ئۆتكۈر ، قاۋۇل ھەم يۈرەكلىك بولۇپ يېتىلىدۇ . ئۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئۇستازىدىن كۆپ سوئال سورايتتى .

ۋاقىتلىق بەلگىلىمىدە ، قۇللار باللىرىنى 18 ياشقا كىرگەندە ۋاقىتنىڭ تىزىمغا ئالدۇرۇشى كېرەك . شۇنىڭدىن كېيىن تىزىمغا ئېلىنغان قۇلغا بېقىش ئۈچۈن چارۋا ، تېرىش ئۈچۈن يەر بېرىلەتتى . ئىمىننىياز دورغا ئوغلىنىڭ قۇللار تىزىملىكىگە كىرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، ئۇنى 17 يېشىدىلا ساۋۇراخۇن دېگەن قۇلنىڭ قىزىغا ئۆيلەپ ، ئۆيىنى ئايرىپ قويىدۇ . 1907 - يىلى 1 - ئايدا ئىمىننىيازئاخۇن ئائىلىسىگە شىڭشىڭشيادىكى ھۆكۈمەت چېرىكلىرىگە ئوتۇن ، سامان ئاپىرىش ئالۋانى كېلىدۇ . ئىمىننىيازئاخۇن شۇ ئالۋانغا ئوغلى خوجىنىيازنى ئەۋەتىدۇ ...

خوجىنىيازلار سەيسىنى تۇگىتىپ قايتىشىدا يولدا جۇدۇن بولۇپ قالىدۇ . سەيسچىلەر يولدىن ئېزىپ قېلىپ ، نۇرغۇن ئادەم ۋە ئات ، ئېشەكلەر ئۆلۈپ كېتىدۇ . بۇ ئالۋانغا مەسئۇل

بولغان ئوردا بېگى ئىسھاق بىلەن خوجىنىياز قاتارلىق ئۈچ كىشى ھايات قالىدۇ. بۇلار ئاچچىقسۇ دېگەن يەردىكى چازىغا كەلگەندە، گەنسۇ تەرەپتىن ھارۋىدا كېلىۋاتقان ھارۋىكەش بىلەن 20 نەپەر چېرىكنىڭ توشلاپ ئۆلگەنلىكىنى كۆرىدۇ. بۇ چازىدا تۇرغان چېرىك ئەمەلدارلار بۇ ئۆلۈكلەرنى كۆرسىتىپ: «يۇقىرىدىن ئۇقتۇرۇش كەلدى. بۇلارنىڭ يېنىدا ئىككى جىڭ ئەپيۇن، 50 سەر تەڭگە بار ئىكەن، لېكىن بىز ئۇلارنىڭ يېنىنى تەكشۈرسەك يوق تۇرىدۇ. بۇنى سىلەر ئوغرىلاپ كېتىپسىلەر» دەپ خوجىنىياز باشلىق ئۈچ كىشىنى تەكشۈرىدۇ. نەتىجىدە خوجىنىيازنىڭ يېنىدىن دادىسى يول خىراجىتى ئۈچۈن بەرگەن بىر سەر تەڭگە پۇل چىقىدۇ. چېرىكلەر بۇنى كۆرۈپ، باشقىلارنى قويۇۋېتىپ، خوجىنىيازنى تۇتۇپ قېلىپ، قالغان پۇللارنى تاپشۇرۇشقا قىستايدۇ ھەم بىر ئاي ئېغىر ئەمگەككە سالىدۇ. بىر كۈنى قۇمۇل تەرەپتىن كېلىپ بۇ چازىغا چۈشكەن ھارۋىكەشلەر قۇمۇلدا «تورپاقلار قوزغىلىڭى» بولغانلىقىنى، بۇ قوزغىلاڭنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ.

خوجىنىياز بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شۇ كېچىسى ھارۋىكەشلەرنىڭ بىر ئېتىنى ئېلىپ تاغ ئىچى ـ ئوغرى يولى بىلەن قېچىپ ئۆز يۇرتىغا بارماي، قوراي يېزىسىغا كېلىدۇ.

خوجىنىياز قوراي يېزىسىغا بارغاندا، قورايدىكى 300 دىن ئارتۇق كىشى توپلىشىپ قۇمۇل شەھىرىگە ـ ۋاڭ ئوردىسىغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقان ئىدى. خوجىنىياز ھاجى بۇ قوزغىلاڭغا ئىشتىراك قىلىدۇ. خوجىنىيازنىڭ ياش، قابىللىقى، ئەقىل ـ پاراستى ۋە تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى، جۈملىدىن قوزغىلاڭ قىلىش ئىرادىسىنىڭ مۇستەھكەملىكىنى كۆرگەن قوزغىلاڭچىلار خوجىنىيازنى قوشۇنغا ئالىدۇ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت

قىلىدۇ ، ئۇنى قوزغىلاڭچىلارنىڭ مۇھىم ئادەملىرى قاتارىغا قويىدۇ .
قوزغىلاڭچىلار ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئىشىكىنى تاش ـ كېسەك بىلەن تاقايدۇ . بىراق كۆتۈلمىگەندە ئۇلار ئوردا ئەسكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ مەغلۇب بولىدۇ . قوزغىلاڭ باستۇرۇلىدۇ . خوجىنىياز تاراتۇغا كېتىدۇ . شاھ مەخسۇت ۋاڭ قوزغىلاڭچىلار ئەھۋالىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن ، خوجىنىيازنىڭ بۇ قوزغىلاڭنىڭ مۇھىم ئادىمى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ، ئۇنى ئىزلەيدۇ . خوجىنىيازنى تۇتالماي ئامالسىز قالغان ۋاڭ ئۇنىڭ دادىسى ئىمىننىياز دورغىنى زىندانغا تاشلايدۇ . خوجىنىيازنى تۇتۇش توغرىسىدا مۇنداق ئېلان چىقىرىدۇ :
« خوجىنىياز شارلا تېغى ـ تاراتۇ تېغىدىن ئىمىننىياز قۇلنىڭ ئوغلى . ئۇ شىڭشىڭشىيا يولى ئاچچىقسۇ چازىسىدىن ھۆكۈمەتنىڭ 50 سەر تەڭگە ، ئىككى جىڭ ئەپيۇن ، بىر ئات ۋە جۇۋا ... قاتارلىق نەرسىلىرىنى ئوغرىلاپ ، قورايدىن چىققان تورپاقلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقان . ئۇ پاكار بوي ، يۇمۇلاق يۈز ، دۈگىلەك كۆز ، قارا قاش ئادەم ، ئۇنى كۆردۈم دېگۈچىلەر ئۈچ يامبۇ ياكى ئۈچ ئات ، تۇتۇپ بەرگەن كىشىگە 12 يامبۇ ياكى 12 ئات ئىنئام بېرىلىدۇ ... » ئېلان چىقىرىلغاندىن كېيىن خوجىنىيازنى ئىزدىگۈچىلەر كۆپىيىشكە باشلايدۇ . خوجىنىياز ئانىسىنىڭ ياردىمى بىلەن يوشۇرۇن ھالدا تۇرپانغا بېرىپ ، ئىسھاق دېگەن نام بىلەن ئاستانە مەدرىسىدە بىر يىل مەخسۇت مۇھىتى ، مەھمۇت مۇھىتلار بىلەن بىللە ئوقۇيدۇ .
شاھ مەخسۇت ۋاڭنىڭ خوجىنىيازنى تۇتۇش ھەرىكىتى تۇرپانغىمۇ يېتىپ كېلىدۇ . بۇ يەردىمۇ ئۇنىڭغا ئاراملىق بولمايدۇ . ئاخىر ئانىسى ئۇنى ھەجگە بارىدىغانلارغا قوشۇپ ، ھەرەمگە يولغا سالىدۇ .
ئۇ ھەج قىلىپ بولۇپ ، قايتىپ كېلىشكە پۇلى بولمىغاچقا ، شۇ جايدىكى بىر باينىڭ خورمىزارلىقىدا ئۈچ يىل ئىشلەپ ،

يول خىراجىتى ھازىرلاپ ئاندىن ۋەتەنگە قايتىدۇ . 1912 - يىلى بېشىدا ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىدۇ .

* * *

1912 - يىلى ، قۇمۇل ۋاڭى شاھ مەخسۇت ئۆزى ئۈچۈن خەتەرلىك دەپ ھېسابلىغان ئادەملەرنى ئەسكەرلىككە ئېلىپ ئالىدۇ ۋە ئۈرۈمچىگە يولغا سالىدۇ . بۇ ئەسكەرلەر ئىچىدە تۆمۈر خەلپىمۇ بولۇپ ، ئۇ يولدا ئەسكەرلىرىگە باشچىلىق قىلىپ ، قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ . ئۇ قوشۇننى باشلاپ كېلىپ ، قورالنىڭ ئۈچىنى قۇمۇل ۋاڭى شاھ مەخسۇتقا قارىتىدۇ . ئازاب چەككەن قۇمۇل خەلقى بۇ قوزغىلاڭغا ئاكتىپ قاتنىشىدۇ . بۇ ۋاقىت خوجىنىياز ھاجىنىڭ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن ۋاقتى بولۇپ ، خوجىنىياز ھاجى بۇ قوزغىلاڭغا پىدائىي بولىدۇ ھەم بىرقانچە قېتىملىق جەڭدە جاسارەت بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ، كۆزگە كۆرۈنىدۇ — دە ، تۆمۈر خەلپە قوشۇنىدىكى باتۇرلار سېپىگە قوشۇلىدۇ . خوجىنىياز ھاجى بىر تەرەپتىن ئۇرۇشقا قاتناشسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ تۆمۈر خەلپىگە مەسلىھەتچى بولىدۇ . تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى « سۈلھ » بىلەن تىنچىتىلغاندا خوجىنىياز ھاجى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ ، مىلتىق ئۈچىنى دۈشمەنگە قارىتىدۇ . 1913 - يىلى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تۆمۈر خەلپە ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ، قۇمۇل ۋاڭى تۆمۈر خەلپىنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى يوقۇتۇشقا قوشۇن ئەۋەتىدۇ .

خوجىنىياز ھاجى تاغدىكى قوشۇنلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ ، بىر مەزگىل ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ . قورال — ياراغنىڭ ناچار بولۇشى ، سان جەھەتتىن ئاز بولۇشتەك سەۋەبلەر تۈپەيلى ، خوجىنىياز ھاجى قوشۇنلارنى تارقىتىۋېتىپ ئۆزىلا يەككە قالىدۇ .

شاھ مەخسۇت ۋاڭ بارلىق چارە — تەدبىرلەرنى ئىشقا سې-

لىپ، خوجىنىياز ھاجىنى تۇتۇشقا كىرىشىدۇ.

* * *

1913 - يىلى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تۆمۈر خەلپە ئۆلتۈرۈلدى. بۇنىڭدىن خوشاللىقى ئىچ - ئىچىگە سىغماي قالغان شاھ مەخسۇت ۋاڭ قالغان قوزغىلاڭچىلارنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن 12 تاغ، بەش شەھەرگە لەشكەر چىقىرىپ، تېپىنتىش ئېلىپ بېرىپ قوزغىلاڭ ئىشتىراكچىلىرىنى بېسىقتۇرۇشقا كىرىشتى. پۈتۈن قۇمۇل زېمىنىدا خوجىنىياز ھاجىنىڭ دەسسەشكە ئايىغى ئەمەس، بەلكى تىنىقى چىققۇدەكمۇ بوشلۇق قالمىدى...

خوجىنىياز ھاجىم بارىكۆل ئارقىلىق ئالتايغا بېرىپ تاشقى موڭغولىيىگە بېرىشنى پىلانلىدى - دە، بارىكۆلگە بېرىش بىلەنلا ئىسمىنى يەنە ئىسھاق دەپ ئاتاپ، ئالتاي چىڭگىلدە ئاكام بار، شۇنى ئىزلەيمەن، دەپ يۈردى.

خوجىنىياز ھاجىم ئالتايغا قاراپ يولغا چىققاندىن كېيىن، يولدا قامزا دېگەن بىر قازاق يىگىتى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى (قامزا ئەسلىدە بارىكۆل، ئالتاي ئارىلىقىدا ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان داڭدار ئوغرى ئىكەن). يول ئۈستىدىكى بىر قونالغۇدا، قامزا خوجىنىياز ھاجىم ئۇخلاپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ ياخشى ئېتىنى ئوغرىلاپ، ئۆزىنىڭ توكۇر بايتىلىنى تاشلاپ كېتىدۇ. خوجىنىياز ھاجىم ئامالسىز قېلىپ ئالىپ ئوكۇردايىنىڭ ئاۋۇلىدا بىر يىل قوي باقىدۇ. ياڭ زېڭشىن بىلەن شاھ مەخسۇت ۋاڭ ئۆز كېلىشىمى بويىچە، خوجىنىياز ھاجىنى تۇتۇش قارارىنى ئۆزگەرتمەيدۇ. ھەممە يەرگە تەڭ ئېلان تارقىتىدۇ. تاغلىقلار ئالىپ ئوكۇردايىنىڭ مالچىسى ئىسھاقتىنمۇ گۇمانلىنىدۇ ھەتتا تۆت قازاق يىگىتى ھاجىمنى تۇتقىلى كېلىدۇ. خوجىنىياز ھاجىم بۇلارنىڭ ھەركىتىنى سېزىپ قېلىپ ئالىپ ئوكۇردايىنىڭ بىر ئېتىنى مى-

نىپ ، ئۇ جايدىن كېتىپ قالىدۇ . بەختىگە قارشى ئات ئۆلۈپ پىيادە قالىدۇ . ئۇ بىر قانچە كۈن جاپالىق يول يۈرۈپ چۆچەككە يېتىپ كېلىدۇ .

خوجىنىياز ھاجىم چۆچەكتە بولغان مەزگىلدە ئىسمىنى قامزا ، دەپ ئاتايدۇ . چۈنكى بۇ چاغدا خوجىنىياز ھاجىم كېيىم ـ كېچەك ، گەپ ـ سۆز جەھەتتىن قازاقلىشىپ بولغانىدى . شۇ كۈنلەردە خوجىنىياز ھاجىم ماموتباي دېگەن ئۇيغۇر چارۋىچى-نىڭ مېلىنى باقىدۇ . ماموتباي ئۆزىگە سادىق بۇ مالاي « قامزا » غا ئىشەنچ باغلايدۇ ـ دە ، قويلارنى بورتالانىڭ قىزىل يۇلتۇز دېگەن يېرىگە ئاپىرىپ بېقىشنى تاپىلايدۇ . خوجىنىياز ھاجىم بورتالاغا بارغاندىن كېيىن بىر تەرەپتىن ماموتباي قويلارنى قوغداش ئۈچۈن بەزگەن قورال بىلەن ئوۋچىلىق قىلىدۇ . شۇ باھانە بىلەن قارىغا ئېتىشنى مەشق قىلىدۇ . خوجىنىياز ھاجىم ئۆزى ئوۋلىغان ئۈچ دانە بورقاق ( بۈكەن ) مۈڭگۈزىنى ماموت-بايغا بېرىدۇ . ماموتباي بۇنىڭدىن بەكمۇ رازى بولىدۇ ۋە خوجە-نىياز ھاجىم ( قامزا ) نى يېتەرلىك ئوق ـ دورا بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ . خوجىنىياز ھاجىمنىڭ مالچىلىق كۈنلىرى ئوۋچىلىق قىلىش ۋە قارىغا ئېتىش بىلەن ئۆتىدۇ .

شاھ مەخسۇت ۋاڭ ئۆز شايكىلىرىنى خوجىنىياز ھاجىنى تۇتۇش ئۈچۈن تەرەپ ـ تەرەپكە يولغا سالغانىدى . ئۇلار خو-جىنىياز ھاجىمنىڭ چۆچەكتە ئىكەنلىكىنى بىلىپ ۋاڭغا مەلۇم قىلىدۇ . شاھ مەخسۇت ۋاڭ توخسۇنلۇق نىياز شەنزۇ ( شەنزۇ ـ يېرىم ھاكىم ) نى خوجىنىياز ھاجىنى تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەت-دۇ .

خوجىنىياز ھاجىم بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ۋەتەندىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ ـ دە ، چېگرىدىن ئۆتۈپ چارروسىيىگە بارىدۇ .

* * *

خوجىنىياز هاجىم چېگرىدىن ئۆتۈپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر رايونى ـ يەركەنتكە بارىدۇ ۋە ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان بىر قىشلاقتا ئورۇنلىشىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي شۇ جايدىكى ئۇيغۇر، قازاق قېرىنداشلار بىلەن چىقىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ دوست ـ بۇرادەرلىرى بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلايدۇ. خوجىنىياز هاجىم چېگرىدىن ئۆتۈش ئالدىدا، بورتالادىن ئوۋلىغان بىر قانچە بۇكەن مۈڭگۈزىنى ماموتبايغا بېرىشكە ئۈلگۈرەلمەي ئېلىۋالغانىدى. خوجىنىياز هاجى بۇ مۈڭگۈزلەرنى يەركەنت بازىرىدا غۇلجىلىق ۋەلىباي دېگەن ئاتاقلىق كىشىگە ساتىدۇ. ۋەلىباي مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن خوجىنىياز هاجى بىلەن تونۇشىدۇ ھەم ئۇنىڭ داۋاملىق ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرۇشىغا ئات، تايغان، ياخشى قورال ۋە ئوق ـ دورا بېرىدۇ.

خوجىنىياز هاجىنىڭ شارائىتى ياخشىلىنىدۇ. ئۇ ئوۋچىلىق ئىشى بىلەن چارروسىيىنىڭ بىر قانچە چوڭ ـ كىچىك شەھەرلىرىنى ئايلىنىپ چىقىدۇ. كۆپلىگەن كىشىلەر بىلەن سۆھبەتتە بولىدۇ. يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىدۇ. ئاڭ سەۋىيىسى ئۆسىدۇ. جەمئىيەت ۋە هاياتنى چۈشىنىدۇ. چارروسىيىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى بىلەن شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىنى سېلىشتۇرىدۇ. چارروسىيىدىكى ئىلغار تېپتىكى قورال ـ ياراغلارنى كۆرۈپ، 1907 ـ يىلدىكى «تورپاقلار قوزغىلىڭى» ۋە 1912 ـ يىلدىكى «تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى» دا ئىشلەتكەن قارا مىلتىق ۋە 9، 10، 11، 12 ئاتار مىلتىقلارنى ئەسكە ئېلىپ، «هەتتىڭەي، ئەگەر شۇ ۋاقىتلاردا مۇشۇنداق قوراللار قولىمىزدا بولغان بولسا، تەغدىرىمىز ئاللىقاچان هەل بولۇپ، زۇلۇمغا زاۋال ئاتا قىلغان بولۇركەنمىز، ... هېلىمۇ خۇدا نۇسرەت ئاتا قىلسا، خەلقىم بىلەن بىرلىكتە مەقسەتكە يېتۇرمەن ...» دەيدۇ.

1917 ـ يىلى روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلاپ غەلىبىگە
ئېرىشتى . ئۆكتەبىر ئىنقىلابىي غەلىبىسى پۈتۈن دۇنيادىكى ئې-
زىلگۈچى خەلق ۋە مىللەتلەرنى ئويغاتقىنىدەك ، ئۆمۈر بويى ئىنى-
قىلاب ئارزۇسىدا چەت جايلاردا خارى ـ زارلىقتا تۇرمۇش كە-
چۈرۈۋاتقان خوجىنىياز ھاجىنىمۇ ئويغاتتى . ئۇنىڭ كۆڭلىدە
يانغان ئىنقىلاب ئوتى ئۇنى قوراللار بىلەن تونۇشۇش ، نوقتىلىق
ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئېلىشقا ئۈندىدى . ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ
بۇ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشتى .

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىي غەلىبىسىدىن كېيىن ، روسىيە ھۆ-
كۈمىتى پۈتۈن روسىيە گىراژدانلىرىغا ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە
ئېلىپ بېرىش لازىملىقى ھەققىدە مۇراجىئەتنامە ئېلان قىلدى .
خوجىنىياز ھاجىم ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئالىدىغانلىقىنى بىل-
دۈردى . ۋەلىباي ھىممەت بىلدۈرۈپ ، خوجىنىياز ھاجىمنى ئۆز
ئوغلى نامىدا تىزىمغا ئالدۇردى ، ئۇ ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە
جەريانىدا ئۇرۇش قانۇنىيەتلىرى نەزەرىيىسىنى ئوبدان ئىگى-
لىدى . بارلىق ئېغىر ـ يېنىك قوراللار ، ھەر خىل چوڭ ـ كى-
چىك تېپىتكى توپ زەمبىرەكلەر ۋە پارتلاتقۇچ دورىلار بىلەن
تونۇشتى . ھەتتا زېنت پىلىموتقا قەدەر تونۇشۇپ چىقتى . ئۇ
ئۆزىنىڭ كونا مەرگەنلىكى بىلەن قارىغا ئېتىش ماھىرى بولۇپ
قالدى . تەلىم ـ تەربىيىنى ئالىي نەتىجە بىلەن ئاياغلاشتۇردى .

خوجىنىياز ھاجىم ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئالغاندىن
كېيىن ، روسىيىنىڭ بىر قانچە شەھەرلىرىنى ئېكىسكۇرسىيە
قىلدى . كونا ساۋاقدىشى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ۋاستىسى بىلەن
روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئەڭ دەس-
لەپ قۇرۇلغان « كالتە چاپانلار تەشكىلاتى » ، « مەدەنىيەتپەر-
ۋەرلەر تەشكىلاتى » ۋە « ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى » نىڭ ئاساسلىق
رەھبەرلىرى ھەمدە 3 ـ ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئۇيغۇر ۋەكىلى ئاب-
دۇللا روزىباقىيوۋ قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتى ۋە سۆھبەتتە

بولدى . بولۇپمۇ شىنجاڭلىق سودىگەرلەر كۆپرەك بولغان شەمەي ، زەيسان ، توقماق ، قاراقول ... قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ، شىنجاڭلىق سودىگەرلەر بىلەن ئۇچرىشىپ ، ئۇلار بىلەن تونۇشتى . كونا ساۋاقدىشى مەخسۇت مۇھىتى ۋە مەھمۇت مۇھىتلار بىلەن شىنجاڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىپ ، شىنجاڭدا سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى بويىچە ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىش قارارىغا كېلىشتى . لېكىن شارائىت ئۇلارنىڭ ھەرىكەت قىلىشىغا يار بەرمەيتتى . خوجىنىياز ھاجى 1923 ـ يىلىغىچە روسىيىدە بولۇپ ، بۇ مەزگىلدە ئۆتكۈر سىياسىي پىكىرلىك ، يۈكسەك ھەربىي ماھارەتكە ئىگە ، ئەقىل ـ پاراسەتلىك بىر كىشى بولۇپ يېتىلدى .

1923 ـ يىلى روسىيە ئىچكى ئۇرۇش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ، شىنجاڭلىق سودىگەرلەر ۋەتەنگە قايتىشقا باشلىدى . بۇ چاغدا خوجىنىياز ھاجىمۇ ۋەلىباي بىلەن ئىلىغا كەلدى . ئىلىدا تۇرغان مەزگىلدە ۋەلىباينىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ھۆسەن باي ھاجىم ، ياقۇپ باي ۋە ھەكىم بەگ خوجىلار بىلەن ئۇچراشتى .

*　　*　　*

خوجىنىياز ھاجىم روسىيىدىن ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر مەزگىل ئىلىدا تۇردى . كېيىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ ، ئۈرۈمچىدە تۇردى . ئۈرۈمچىدە تۇرغان مەزگىلدە تەشكىللىك ۋە پىلانلىق ھالدا تەشكىللەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى . شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى يۇرت كاتتىلىرى ، ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلىدى . ئۇلارنىڭ ئىنقىلاب قىلىش ئېڭىنىڭ ئۆسۈشىگە ياردەم بەردى خوجىنىياز ھاجىم خەلقنى ئويغىتىش ئىشلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بەردى . ( پېشقەدەم كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا ، كىشىلەر

روسىيىدە بولغان ئۆزگىرىشلەرنى پەقەت خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغانلىقىنى ، بۇرۇن بۇنداق سۆزلەرنىڭ ئۇرۇمچىدە يوقلىقىنى ئېيتقان ) . ئۇ ئۇرۇمچىدە تۇرۇپ قۇمۇل ، تۇرپان ، تـوقسۇن ، ئالتاي ، ھەتتا خوتەنگىچە بولغان ئاربلىقتىكى سىياسىي ۋەزىيەتنى كۆزىتىدۇ ، جايلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەيدۇ .

1927 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا مەخسۇت مۇھىتى ۋە مەھمۇت مـۇھىتىلار بىلەن كېلىشىپ ، خوجىنىياز ھاجىم قۇمۇلدا ، مەخسـۇت مۇھىتىلار تۇرپاندا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش قارارىغا كېلىدۇ .

1927 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا خوجىنىياز ھاجىم دادىسىنىڭ ۋاپات بولغان خەۋىرىنى ئاڭلاپ ، قۇمۇلغا بارىدۇ ھەم مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قۇمۇلنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى كۆزىتىدۇ .

1928 ـ يـىلى 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ، شاھ مەخسۇت ۋاڭ ئۆلۈپ ئورنىغا ئوغلى نەزەر ۋاڭ بولىدۇ . 1928 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ، ياڭ زېڭشىن فەن ياۋنەن تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ . پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن جىن شۇرېن فەن ياۋنەننى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالىدۇ .

قـىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە بولۇۋاتقان بۇ ئۆزگىرىشلەر قوزغىلاڭ ھازىرلىقىنىڭ جىددىي ئېلىپ بېرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ .

جىن شۇرېن ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىش بىلەنلا « جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدە ۋاڭلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ، بۇنىڭدىن كېيىن ۋاڭلىق دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس » دەيدۇ . ئۆزىگە نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملارنى ئېلىپ كەلگەن نەزەر ۋاڭنى ئۇرۇمچىدە ئېپقېلىپ ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى قىلىپ بەلگىلەيدۇ .

شىنجاڭدا ئومۇمىيۈزلۈك ھاكىملىق تۈزۈم ئورنىتىلىدۇ . قۇمۇل ئۈچ ناھىيىگە بۆلۈپ ئىدارە قىلىنىدۇ . مۇشۇ ۋاقىتتىن

كېيىن مەخسۇت مۇھىتى ۋە تاھىر بەگلەر ( 1929 ـ يىلى ) سو- ۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلغار ئىنقىلاب تەجرىبىسى ۋە ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت ـ مائارىپ تەجرىبىسىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن، سودى- گەرچىلىك باھانىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ، موسكۋا قاتارلىق جايلاردا بولىدۇ. ھەر ساھەلەردىن ئۆگىنىش ئېلىپ با- رىدۇ.

*　　　*　　　*

« بۆرىدىن قۇتۇلۇپ، يولۋاسقا تۇتۇلدۇم » دېگەندەك، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇق، دەپ ئويلىغان خەلق ھې- لىگەر جاللات ـــ جىن شۇرېن ۋە ئۇنىڭ چېرىك ئەمەلدارلىرى- نىڭ دەھشەتلىك زۇلمى ئاستىدا قالىدۇ.

جىن شۇرېن ۋە ئۇنىڭ قول ـ چوماقلىرى ئاسانلا قولغا كېلىپ قالغان بۇ « تاجۇ ـ تەخت » نىڭ ئۇزۇن دەۋر سۈرەل- مەيدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار بۇ « ئامەت » تىن پايدىلىنىش ئۈچۈن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئالۋان ـ ياساقلارنى كۆپەيتتى. خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلقنى ئازابلاش بەدىلىگە ئۆز چۆنتەكلىرىنى تولدۇرۇشتى. خەلق بۇنىڭدىن قاتتىق نارازى بولدى. شۇ ۋاقىتتا ئايرىم كىشى- لەر ئېچىدە : « چىچەنگە ئۇنىماي، باچەنگە ئۇنىدۇقمۇ ؟ »، « بۇ قانداق يېڭى ھۆكۈمەت بولسۇن ؟ بۇنداق ھۆكۈمەتتىن ۋاڭ ياخشى ئىكەنغۇ » دېگەن پاراڭلارمۇ بولدى. خەلقنىڭ بۇ ئىن- كاسى بەزىلەر دېگەندەك ھەرگىز قۇمۇل خەلقىنىڭ ۋاڭلىق تۈ- زۈمىنى قايتا تىكلەشنى تەلەپ قىلىشى بولماستىن، ئەكسىچە جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئۈستىدىن قىلىنغان شىكايەت ئىدى.

بۇ ۋاقىتتا پۇرسەتتىن پايدىلانغان يولۋاس خەلقنى بۇ خىل پىكرىنىڭ ھىمايىچىسى بولۋالىدۇ ــ دە، نەزەرۋاڭ قۇمۇلدا بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بېشىر شاھزادىنى ( ئەينى ۋاقىتتا ئوردا

ھەربىي ئىشلار نازارەتچىسى ئىدى ) ۋاڭ قىلىپ تىكلەپ ، ئۆزى ئوردا بېگى بولۇۋالدۇ . قۇمۇل جىن شۇرىن ھۆكۈمرانلىقىدىن ئايرىلدۇ . جىن شۇرىن نەزەرنى ئۇلارغا نەسبەھەتكە ئەۋەتىدۇ . لېكىن بېشىر ۋە يولۋاسلار نەزەرنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمايدۇ . نەزەر ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلىدۇ .

بېشىر شاھزادە ۋاڭ بولغاندىن كېيىن ، ئوردا قائىدىسى بويىچە تاغلىق پالۋانلارغا مىلتىق تارقىتىپ ، بىر تال مىلتىق ئۈچۈن ئىككى داندىن بۇغا مۈڭگۈزى تاپشۇرۇش ئالۋىنى قويىدى . بۇ قېتىم تاراتۇ تېغىغا قويۇلغان ئالۋانغا خوجىنىياز ھاجىمۇ قاتناشتى . خوجىنىياز ھاجىم ۋاڭ بەرگەن ئىككى دانە مىلتىققا مەقسەتلىك ھالدا ئالتە دانە بۇغا مۈڭگۈزى تاپشۇردى . بۇنى كۆرگەن بېشىر ۋاڭ ھەيران بولۇپ ئەھۋالنى سورىغاندا ، مال تاپشۇرغانلار : « تاراتۇ تېغىدىن بىر مەرگەن چىقتى ، ئاتقان ئوقى زايا كەتمەيدۇ ، ئۇچار قۇشلارمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ » ، دەپ تەرىپلەيدۇ . ۋاڭ ئۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى سورىغاندا ، بىز ئۇنى « پالۋان دەپلا ئاتايمىز ، ئاڭلىساق ، ئۆزلىرى بىلەن مەدرىستە بىللە ئوقۇغان كىشى ئىكەن » ـــ دەيدۇ .

بېشىر ۋاڭ سۈرۈشتۈرۈپ ، بۇ كىشىنىڭ خوجىنىياز ھاجىم ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە ئۇنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىدۇ .

* * *

بېشىر ۋاڭ خوجىنىياز ھاجىم بىلەن بولغان ساۋاقداشلىق ۋە دوستلۇق يۈزىسىدىن ، بولۇپمۇ خوجىنىياز ھاجىمنىڭ قابىل مەرگەنلىكىگە خۇشتار بولۇپ ، ئۇنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىدۇ . بېشىر ۋاڭنىڭ خوجىنىياز ھاجىمنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىشتىكى مەقسىتى ئۇنىڭ تالانتىدىن پايدىلىنىش ئىدى . خوجىنىياز ھاجىم ئوردا بەگلىرىدىن يۈسۈپبەگ چىقىپ ئۈچىنچى قېتىم تەكلىپ قىلغاندا ئاندىن ئوردىغا كېلىدۇ . بېشىر ۋاڭ ھاجىمنى ناھا-

يىتى بەك ھۆرمەت قىلىدۇ .

بېشىر ۋاڭ ھاجىمنىڭ مەرگەنلىكىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئوۋغا چىقىدۇ . ۋاڭ ئۇچرىغان جانلىقلارغا نىشانسىز ئوق ئاتىدۇ . ئوقنىڭ بىرەرسىمۇ تەگمەيدۇ . خوجىنىياز ھاجىم ئارقىدا تۇرۇپ ، ئۇچرىغان جانلىقلارنى يىقىتىدۇ ۋە : « ۋاڭ ئالىيلىرى ، ئۆزلىرى ئاتقان ئوق دەل تەگدى » ، — دەيدۇ . ۋاڭ بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇشال بولىدۇ . بارا ـ بارا ۋاڭنىڭ ھاجىمغا بولغان ئىشەنچىسى كۈچىيىشكە باشلايدۇ . جۈملىدىن خوجىنىياز ھاجىم ئۈستىدىن تولاراق شىكايەت قىلىدىغان ھەسەتخور ئوردا بېگى يولۋاسنى ئوردا بەگلىكىدىن قالدۇرۇپ ، بازار بېگى قىلىپ قويىدۇ . خوجىنىياز ھاجىمنى ئوردا بېگى ھەم ئوردا پالۋانلىرىنى تەربىيىلىگۈچى قىلىپ تەيىنلەيدۇ . خوجىنىياز ھاجىم ئوردا بېگى بولغان مەزگىللىرىدە راھەت ـ پاراغەت ، ئەمەل ـ مەنسەپكە بېرىلمەي ، ئىستىبدات ھاكىمىيەتكە ھەم ۋاڭغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈش ئارزۇسىدا بولىدۇ . ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرىدۇ . مەخسۇت مۇھىتى ۋە مەھمۇت مۇھىتلار ھەم توقسۇنلۇق توختى لۈيجاڭ ( توختى ئېلى ) ، كۈچالىق تۆمۈر ئېلى ( تۆمۈر سىجاڭ ) ، ھادى ئەلەم قاتارلىقلار ھەم ھەر قايسى جايلاردىكى يۇرت كاتتىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇپ ، قوزغىلاڭ ھازىرلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ .

دېمەك ، شىمالدا ئالتايدىن ، جەنۇپتا خوتەنگىچە بولغان ئارىلىقتا ھەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ .

1929 ـ يىلى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى بېشىر ۋاڭغا قايتا ـ قايتا ئادەم ئەۋەتىپ ، ئۆلكىگە بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلىدۇ . پېشىر ۋاڭلىقنى ساقلاپ قېلىش ئۈمىدىدە ، قۇمۇلغا قاراشلىق 12 تاغ ۋە بەش شەھەردىن[1] مەرگەن تاللاپ ھەربىي مەشق ئېـ

---

① بەش شەھەر — سومقاغا ، توغۇچى ، لاپچۇق ، ئاستانە ، قارا دۆۋە .

لىپ بېرىش ئۈچۈن خوجىنىياز ھاجىمنى بۇ ئىشقا مەسئۇل قىلىدۇ. خوجىنىياز ھاجىم بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ 12 تاغ ۋە بەش شەھەردىكى كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىدۇ. دېمەك، خوجىنىياز ھاجىم 1929 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1931 - يىلىنىڭ بېشىغىچە بولغان بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدا ناھايىتى كۆپ قوزغىلاڭ ھېسداشچىلىرىنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

* * *

جىن شۇرېن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە قۇمۇلدا خىزمەت قىلغان ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىنى ئالماشتۇرىدۇ. ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە يېقىنلىرىنى باج كىرىمى ئەڭ كۆپ بولغان ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەر قايسى ئىقتىسادىي ئورۇنلارنى قامال قىلىدۇ. جىن شۇرېننىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى ئاسان قولغا كەلگەن بۇ ھاكىمىيەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى بېيىتىش ئىدى.

1931 - يىلى جىن شۇرېن ئۆزىنىڭ يېقىن تۇغقىنى جاڭ گۇخۇانى ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ شوپۇل دېگەن يېرىدىكى چازىغا باج ئەمەلدارى قىلىپ ئەۋەتىدۇ. بۇ شىنجاڭ بىلەن تاشقى موڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى مۇھىم جاي بولۇپ، باج كىرىمى ئەڭ ئۈستۈن ئىدى. جاڭ گۇخۇا بۇ جايغا كېلىپ خىزمەت ئىشلىگەندىن كېيىن، بىر ئۇيغۇر قىزىغا ئۆيلىنىمەن دەپ تۇرۇۋالىدۇ ۋە قىزنىڭ ئاتىسىغا ئادەم قويۇشتىن سىرت، قوراللىق بېسىم ئىشلىتىدۇ. زۇلۇم دەستىدىن جېنىدىن جاق تويغان خەلق قاتتىق غەزەپكە كېلىدۇ. خەلق قانچە ئېغىر بېسقلىق قىلسا، جاڭ گۇخۇا شۇنچە ھەددىدىن ئاشىدۇ. ئۆزىنىڭ پاك قېنى ۋە نەسلىنى بۇلغاشقا يول قويمايدىغان ئۇيغۇر خەلقى جاڭ گۇخۇاغا قارشى قوزغىلىدۇ.

خەلق بۇ قوزغىلاڭغا خوجىنىياز ھاجىمنى يېتەكچى دەپ تونۇيدۇ ( بۇ يەردە باشقا يۇرت كاتتىلىرى ئۈستىدە توختالمايمىز ) . خوجىنىياز ھاجىمنىڭ بۇ قوزغىلاڭغا قاتنىششىنى ۋە رەھبەرلىك قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ . بۇ تەكلىپ خوجىنىياز ھاجىم ئۈچۈن ئوڭۇشلۇق شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ ، نەتىجىدە قوزغىلاڭ جاڭ گۇخۇا ئۈستىدىن باشلىنىدۇ .

* * *

1931 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ، ئابدۇنىياز مىراپ ، سالىخ دورغا ، خوجىنىياز ھاجىم ... قاتارلىق يۇرت كاتتىلىرى ئاچقان قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش پىلان يىغىنى غەلىبىلىك ئاياغلىشىدۇ .

1931 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ، داقا ـ دۇمباق ، ناغرا ـ سۇنايلار بىلەن باشلانغان « توي » مۇراسىمى ھەممە كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدۇ . جاڭ گۇخۇا « قىزنى بېرىمىز » دېگەن ۋەدە بويىچە 33 نەپەر قوراللىق ئەسكەر بىلەن توي مەيدانىغا يېتىپ كېلىدۇ ...

كەچقۇرۇن جاڭ گۇخۇا قىز ھۇجرىسىغا تەكلىپ قىلىنىدۇ . جاڭ گۇخۇا ھۇجرىغا كىرىش بىلەنلا قىزچە ياسانغان يىگىت ( ئىمىن ئىسمايىل ) نىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتىدۇ . ئىمىن جاڭ گۇخۇانى قۇچاقلاپ ئالغان پېتى جايىدىلا ئۇجۇقتۇرىدۇ . بۇ چاغدا توي مەيدانىدا تەييار تۇرغان يىگىتلەر جاڭ گۇخۇانىڭ 33 نەپەر ئەسكىرىنى بېسىقتۇرىدۇ . قورالغا ئىگە بولغان يىگىتلەر دەرھال جاڭ گۇخۇا تۇرۇشلۇق قورغانغا قاراپ ئاتلىنىدۇ . قورغان ئەمەلدارى ئابدۇنىيازنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ، قورغاندىكى 100 دىن ئارتۇق چېرىك يوقىتىلىدۇ .

ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلغان « توي » دىكى بۇ غەلىبە قوزغىلاڭچىلارنىڭ تەشكىللىنىشىگە تۈرتكە بولىدۇ .

يۇرت كاتتىلىرىدىن سالىخ دورغا ، ئابدۇنىياز مىراپ ، باقى نىياز دورغا ، خوجىنىياز ھاجىم ، قاسىم پالۋان ، يەھيا ئىمام ، ئىبراھىم قۇرماللار يېتەكچىلىكىدە قوزغىلاڭچى قوشۇن تەشكىللىنىدۇ . بۇ قوشۇنغا 12 تاغ ، بەش شەھەردىكى نۇرغۇن كىشىلەر قاتنىشىدۇ . خوجىنىياز ھاجىم بۇ قوشۇننىڭ ھەربىي قوماندانى بولىدۇ .

جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى بۇ ئىشتىن ئىنتايىن ئالاقزادە بولۇپ ، ياڭ زېڭشىن تۆمۈر خەلىپىگە ئىشلەتكەن كونا ھىيلىسىنى ئىشقا سېلىپ ، سۈلھىگە ئادەم ئەۋەتىدۇ . سۆھبەتتە خوجىنىياز ھاجىم : « قۇمۇلنىڭ ئامانلىقى قۇمۇل خەلقىگە تاپشۇرۇلۇشى لازىم ... » دېگەن پىكىردە چىڭ تۇرىدۇ . جىن شۇرېن ۋەكىللىرى بۇنىڭغا قوشۇلمايدۇ . نەتىجىدە ، كېلىشىم ئورنىغا ئۇرۇش بولىدۇ .

*　　*　　*

1931 - يىلى 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ، « توي » مۇراسىمى باھانىسى بىلەن باشلانغان قوزغىلاڭ جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى . جىن شۇرېن قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قوماندانى ( قۇمۇل سىجاڭى ) ليۇشىزىڭغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ، قوزغىلاڭنى باستۇرماقچى بولدى . ليۇشىزىڭ يولۋاس باشچىلىقىدا قوشۇن ئەۋەتتى . يولۋاس باشچىلىق قىلغان قوشۇندىكى ئەسكەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۇرۇشنى ئۆلۈپ ، بىر نەچچىسىلا ساق كېلەلىدى . تۆۋەندىكى قوشاقتىن ئۇرۇش ئەھۋالىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ :

سايلار ئارا چېرىك چىقتى ،
ئەلىمنى دېگايتىپ .
چەنلەپ ئاتتۇق ، دۈشمەن قاچتى ،
مۈرىسىنى قىڭغايتىپ .

چىقىپ كەلگەن چىرىكلەر،
ئارىلاپ ئاتتى تاك ـ تاڭنى.
تاغچىلار يامان ئىكەن،
تارتىۋالدى جۈن چاڭنى.

بىر قانچە قېتىم چېقىلغان ئەسكەرلەر قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن زەربە يىدى.

يولۋاس باشلاپ چىققان قىسىم زىيانغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، ليۇشىزىنىڭ باتاليون كوماندىرى جىڭ ئەن بىلەن بىر باتاليون ئەسكەر ئېلىپ كوشوتى داۋىنىغا چىقىدۇ. يەر شارائىتى بىلەن پىششىق تونۇش، ئۇرۇش تاكتىكىسىغا ئۇستا خوجىنىياز ھاجىم ئۈچ ناھىيىنىڭ يولىنى كونترول قىلىدىغان بۇ ئىستراتېگىيىلىك جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماسلىشىپ جەڭ قىلىدۇ. جىڭ ئەن باشچىلىقىدىكى بۇ بىر باتاليون دۈشمەن ئەسكىرى خوجىنىياز ھاجىم قوشۇنلىرى تەرىپىدىن تەل ـ تۆكۈس يوقىتىلىدۇ. بۇ ئۇرۇشنىڭ قىسقىچە ئەھۋالىنى مۇنۇ قوشاقتىن ئاڭلاڭ:

خويمۇ ئوبدان جەڭ بولدى،
كوشوتى دېگەن جايدا.
جىڭ ئەن باشلىق چىرىكلەر،
تامام ئۆلدى شۇ جەڭدە.

بىر قانچە قېتىملىق ئۇرۇشلار غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىلىپ، دۈشمەن قىسملىرى مەغلۇپ بولىدۇ. پۇرسەتتىن پايدىلانغان يولۋاس دەرھال قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا بېرىپ قوشۇلۇۋالدى. مۇشۇ كۈنلەردە گەنسۇ، چىڭخەي ئەتراپلىرىدا خەلقنى بۇلاپ ـ تالاپ، مابۇفاڭدىن قېچىپ يۈرگەن ماجۇڭيىڭ

200 دەك ئاتلىق ئەسكىرى بىلەن قۇمۇلغا چىقىدۇ. خوجىنىياز ھاجىم باشچىلىق قىلغان قوزغىلاڭچى قوشۇن قۇمۇل شەھىرىنى قورشاپ ھۇجۇم قىلۋاتقاندا، ماجۇڭيىڭ قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلۇپ جەڭ قىلىدۇ. ئۇرۇشتىن كېيىن ماجۇڭيىڭ خەلق تەرىپىدىن قارشى ئېلىنىدۇ. قوزغىلاڭچىلار «يېڭى شەھەر» ۋە «كونا شەھەر» دىن ئىبارەت بۇ ئىككى شەھەرنى ئۇزۇن مۇددەت مۇھاسىرە قىلىپ ئالالمايدۇ. ماجۇڭيىڭ گەپ ـ سۆزسىزلا قوشۇنلىرىنى بارىكۆلگە يۆتكەپ كېتىدۇ. كېيىن جىن شۇرېن ئەۋەتكەن لۇيجاڭ دۇجىڭگو باشچىلىقىدىكى ئەسكەرلەر بىلەن لاۋدۇڭنىڭ چىڭلۇچەن دېگەن يېرىدە سوقۇشۇپ، دۇلۇيجاڭ قىسىملىرىنى مەغلۇپ قىلىدۇ. بۇ ئۇرۇشتىن كېيىن تۆۋەندىكى قوشاقلار توقۇلىدۇ:

لاۋدۇڭدىكى سوقۇشتا،
يېيۈەنچەنگە ئات سالدۇق.
دۇلۇيجاڭنىڭ چېرىكىنى،
چىڭلۇچەندە قاق سالدۇق.

خوجىنىياز ھاجى باش بولۇپ،
بىزنى جەڭگە باشلىدى.
دۇلۇيجاڭنىڭ چېرىكى،
قورالىرىنى تاشلىدى.

دۇلۇيجاڭ قوشۇنىنىڭ يوقىتىلغانلىقىنى ۋە قۇمۇلنىڭ مۇھاسىرىدە قالغانلىقىنى ئاڭلىغان جىن شۇرېن شېڭ زىخۇي (شېڭ شىسەي) نىڭ قوماندانلىقىدا بىر لۇي ئاتلىق (موڭغۇل، شىبە، رۇس) ئەسكەرلىرىنى قۇمۇلغا ئەۋەتىدۇ. خوجىنىياز ھاجى لاۋدۇڭدا شېڭ شىسەي قوشۇنى بىلەن ئۇرۇشىدۇ. خوجىنىياز ھاجى قىسىملىرى 1 ـ سەپتە، ماجۇڭيىڭ

قىسىملىرى 2 - سەپتە ئىدى. ئۈچ كۈنلۈك ئۇرۇشتىن كېيىن، شېڭ شىسەي قورشاپ ھۇجۇم قىلىدۇ... ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنى باشلاپ گەنسۇغا چېكىنىدۇ. خوجىنىياز ھاجىم ئۆز قىسىملىرىنى تاراتۇغا ئېلىپ كېتىدۇ.

ماجۇڭيىڭ گەنسۇغا چېكىنىش ۋاقتىدا قۇمۇل خەلقىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىدۇ، قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىغا ئوت قويۇپ بېرىدۇ.

دەل مۇشۇ پەيتتە، شېڭ شىسەي خوجىنىياز ھاجىمنى سۈلھى سۆھبىتىگە تەكلىپ قىلىدۇ. خوجىنىياز ھاجىم سۆھبەتكە كېلىدۇ. لېكىن تۆت كۈنلۈك سۆھبەتتە خوجىنىياز ھاجىمنى ئۆز مەقسىتىگە بويسۇندۇرالمىغان ياۋۇز شېڭ شىسەي رەزىل ۋاستە قوللىنىپ ئۇنى تۇتۇپ قالىدۇ. خوجىنىياز ھاجىم دەرھال ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ شېڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭ قىسىملىرىنى ئالداپ تاغقا ئېلىپ چىقىدۇ. قوزغىلاڭچىلار بار جايغا كەلگەندە غايىپ بولىدۇ ۋە شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرىگە ئەجەللىك زەربە بېرىدۇ. بۇ زەربىدىن كېيىن شېڭ شىسەي بارلىق قوشۇنىنى توپلاپ تاراتۇغا چىقىپ، قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرماقچى بولىدۇ. ئەمما ئۇرۇشقا ماھىر قوزغىلاڭچىلار شېڭ شىسەينىڭ 100 دىن ئارتۇق ئەسكىرىنى ئۆلتۈرىدۇ. بۇنى كۆرگەن شېڭ شىسەي تىكىۋېتىدۇ.

*　　　*　　　*

1931 - يىلى كەچ كۈزدە، خوجىنىياز ھاجىم ئومۇمىي ئەھۋالنى كۆزەتكەندىن كېيىن، قىسىملارنى تەرتىپكە سالىدۇ ۋە بىر قىسىم كىشىنى باشلاپ شىنجاڭنىڭ موڭغۇلىيە بىلەن تۇتىشىدىغان مىنگاڭ دېگەن چېگرىغا بارىدۇ. ئۇ يەردە ۋەكىللەرنىڭ سۆزلىشىشى ئارقىلىق موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن ئورتاق چۈشەنچە ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى

خوجىنىياز ھاجىم باشچىلىقىدىكى قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى قوللايدۇ . خوجىنىياز ھاجىم ئوسمانباي ، ئىسمايىل ھاجى ، سالىخ دورغا ، ئوسمانشا ، يولۋاس ۋە سەمەتئاخۇن قاتارلىقلارنى ۋەكىل قىلىپ موڭغۇلىيىگە ئەۋەتىدۇ . موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتىمۇ ئاباي ( قازاق ) ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى تەن شىڭلى ( موڭغۇل ) ، شىرىپ ئاخۇن ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى دىلنۇس ، بەدى خوجا قاتارلىق ۋەكىللەرنى خوجىنىياز ھاجىم يېنىغا ئەۋەتىدۇ . خوجىنىياز ھاجىم مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن مىلتىق ( بەزىلەر 120 دانە ، يەنە بەزىلەر 70 دانە دەيدۇ ) 20 نەچچە ساندۇق ئوق – دورا ، 500 قۇر پاختىلىق كىيىم ، 600 جۈپ چىگرىن ئۆتۈك ، 100 دانە يامغۇرلۇق چاپان ، 500 جۈۋا ... قاتارلىق نەرسىلەرنى سېتىۋالىدۇ ھەم ئۆز قىسىملىرى ئىچىدىن بىر قىسىم كىشىلەرنى تاللاپ ، ھەربىي شوپۇرلۇق ، قورال – ياراغ رېمونت قىلىش ، دوختۇرلۇق ، ساقچى ۋە ھەربىي رازۋېت قاتارلىق ساھەلەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتىدۇ .

[قىستۇرما سۆز : 1928 - يىلى شىنجاڭدا زۇلۇم ھەددىدىن ئېشىپ ، يۇرتىدا تۇرۇشقا ئىمكانىيىتى قالمىغاندا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 180 دىن ئارتۇق كىشى تاشقى موڭغۇلىيىگە بېرىپ ، ئوقۇش ، ھۈنەر ۋە باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندى . بۇلاردىن تۇردى ئاخۇن ( تۇرپانلىق ) ، ئابلا مەخسۇم ( قەشقەرلىك ) ، ھوشۇرئاخۇن ئەۋەيدۇل ، خامى نىياز ، ئاست ئاخۇن ، جامال قارى ، مەتنىياز ئاخۇن ، ئىمىن ئەپەندى ، يۈسۈپ موڭغۇل ، ھاۋدىن ساۋۇت ... قاتارلىق كىشىلەر موڭغۇلىيىگە بارغاندىن كېيىن ، موڭغۇلىيىگە تارقالغان سوتسىيالىستىك ئىدىيىنى قوبۇل قىلغانىدى . ئۇلار يېڭىلىق ئۆگەنگەن ، بەزىلىرى ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىئونالغا قاتناشقان ئىكەن . خوجىنىياز ھاجىم ئەۋەتكەن كىشىلەردىن تالىپ ھاجى ، سەمەت ئاخۇن ۋە تاشقى موڭغۇلىيىدە تۇرۇشلۇق ئۇيغۇرلاردىن بىر قانچىسى بولۇپ ، شوپۇرلۇقنى ئۆگەنگەن ؛ خېۋىرئاخۇن ، ھوشۇر ئاخۇن

قـاتارلىق بىر قانچە كىشى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان ] .

خوجىنىياز ھاجىم قالغان قىسىملىرىنى داۋاملىق مەشىق قىلدۇرىدۇ . بىر تەرەپتىن ئالتايدىكى شېرىپخان تۆرە ، يەنە بىر تـەرەپتىن تۇرپاندىكى مەخسۇت مۇھىتىلار بىلەن مەسلىھەت قىلىپ ، قوزغىلاڭ پىلانىنى رەسمىيلەشتۈرىدۇ . 1932 ـ يىلىنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا خوجىنىياز ھاجىم قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئۆز يۇرتى تاراتۇغا يۆتكىلىدۇ . خوجىنىياز ھاجىمنىڭ چېگرىدا قانچىلىك ئۇزاق تۇرغانلىقىغا مۇنۇ شېئىر گۇۋاھ بولالايدۇ :

ئالتە ئاي ياتتۇق مىنگاڭدا ،
سوكسوك بىلەن ئوت قالاپ .
كۆزنىڭ گۆھىرى ئاقتى ،
قۇمۇل يولىغا قاراپ .

بىزلەر ئۆلۈپ كەتسەكمۇ ،
ئەل يۇرتلار ئامان قالسۇن .
بىزنى دېگەن يارانلار ،
ئۆلمەستىن ئامان قالسۇن .

بۇنىڭدىن قارىغاندا ، خوجىنىياز ھاجىم يېرىم يىلدەك چېگرىدا تۇرۇپ ئەسكەر تەربىيىلىگەن . خوجىنىياز ھاجىمنىڭ موڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى ھازىرلىقىغا قارىغاندا ، قوشۇنىنىڭ ئادەم سانى يەتتە ـ سەككىز يۈزدىن ئاشسا كېرەك .

خوجىنىياز ھاجىم چېگرىدىن قايتىپ يۇرتى تاراتۇغا كـەلگەندىن كېيىن ، ئاز ۋاقىت ئەسكەرلەرنى دەم ئالدۇرۇپ ، ئائـىلـە تاۋابىئاتلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ ، كېيىنكى ئىشلار ئۈچۈن جىددىي ھازىرلىق كۆرىدۇ .

بۇ چاغدا ئالتايدىن خوتەنگىچە ، قۇمۇلدىن تاشقورغان-

غىچە بولغان كەڭ زېمىندا ئىنقىلاب ئۇچقۇنى يانغان بولۇپ ، شىنجاڭدا ئۇزۇن يىل ھۆكۈم سۈرگەن مۇستەبىت ھۆكۈمەتنىڭ يىلتىزى بوشاپ ، گويا شامال چىقسىلا قومۇرۇلۇپ كېتىدىغان ياغاچتەك ئوخشاپ قالغانىدى .

* * *

1932 - يىلى 6 - ئايدا ، قوزغىلاڭچىلار خوجىنىياز ھاجىمنى باش قوماندان قىلىپ بەلگىلەيدۇ .

خوجىنىياز ھاجىم باش قوماندان بولغاندىن كېيىن ، تاراتۇدا يىغىن چاقىرىدۇ . بۇ يىغىنغا قۇرۋان دورغا ، سالى دورغا ، سالى مەتنىياز دورغا ، ئابدۇنىياز مىراب ، باقى نىياز دورغا ، ناسىر مۇتىسىپ ، يۈسۈپ دورغا ، ئۆلەن قورمال ، ئىمىن توخسۇن مىراب ، سادىق قورمال ، خوجىنىياز باي ، خوجا ئاخۇن قاتارلىقلار قاتنىشىدۇ .

يىغىن : ئىتتىپاقلىشىپ جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇشنى ئاساس قىلغان ھالدا ، بىرلىككە كەلگەن قوماندانلىققا بويسۇنۇش ، تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىپ ( سالى دورغا ، باقى نىياز دورغىلارنى ئەۋەتىپ ) قورال - ياراغ سېتىۋېلىش ۋە ئۇلاردىن ياردەم سوراش ، يولۋاسنىڭ بۆلگۈنچىلىك قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ، ماجۇڭيىڭنى تەكلىپ قىلىپ جىن شۇرېن قىسىملىرىغا ئىككى تەرەپتىن زەربە بېرىشنى قارار قىلدى . بۇ تاراتۇ يىغىنى دەپ ئاتالدى .

يىغىندىن كېيىن تاشقى موڭغۇلىيە ۋە ئەنشىگە ئادەم ئەۋەتىلىدۇ . ئۇزۇن ئۆتمەي موڭغۇلىيىدىن جامىسىن دورغا ، ئاباۋ ، نىياز ، قاسىم ئەپەندى ، ئىسمايىل ، زەرىدىن قاتارلىق كىشىلەر كېلىپ ، موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ ھەمدە 500 كىشىلىك ھەربىي كىيىم ، 70 تال مىلتىق ، 40 مىڭ سەر پۇل ياردەم بېرىدۇ .

1932 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا پىچان ئۇرۇشى باشلىنىدۇ. 1933 ـ يىلى توقسۇندىمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلىدۇ. 1933 ـ يىلى 2 ـ ئايدا خوجىنىياز ھاجىم تۇرپانغا چىقىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان شىڭ شىسەي بىر بۆلۈم ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرىنى باشلاپ لۈكچۈنگە كېلىپ خوجىنىياز ھاجىم بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ. بۇ كۈنلەردە مەھمۇد مۇھىتى بىلەن خوجىنىياز ھاجىم ئۇچرىشىپ بىر يىغىن چاقىرىپ، كوكيار ئارقىلىق مورى، گۇچۇڭ تەرەپكە ئۆتۈپ ئۇرۇمچىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولىدۇ. بۇ دەل ماجۇڭيىڭ شىنجاڭغا ئىككىنچى قېتىم چىققان ۋاقىت بولۇپ، ئۇ گۇچۇڭنى ئىشغال قىلىپ بىر قانچە مىڭ تال قورالغا ئىگە بولۇۋالىدۇ، خوجىنىياز ھاجىم جىمسارغا ھۇجۇم قىلىپ دۈشمەننى قورال تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلغاندا، ماجۇڭيىڭ دۈشمەن قىسىملىرى بىلەن ئاستىرىتتىن مۇناسىۋەت باغلاپ، قورال ـ ياراغنى ئۆزى ئىگەللىۋېلىپ ئەسكىرىي كۈچىنى كۆپەيتىدۇ. بۇنىڭدىن خوجىنىياز ھاجىم قاتتىق نارازى بولىدۇ. شىڭ شىسەي بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن خوجىنىياز ھاجىم بىلەن ماجۇڭيىڭغا يوشۇرۇن ئەلچى ئەۋەتىپ، ئىككى كۈچ ئوتتۇرىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ زىددىيەت پەيدا قىلىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ۋە قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئىگە بولۇپ كېلىۋاتقان قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلاڭچىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ مۇرەسسە قىلىشى بىلەن شىڭ شىسەي بىلەن دوستلۇق كېلىشىمى تۈزىدۇ. بۇ 1933 ـ يىلىنىڭ 6 ـ ئايلىرى بولۇپ، شىڭ شىسەي ئاتالمىش «12 ـ ئاپرېل» ئۆزگىرىشىنى قىلىپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىۋالغان، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتقان ۋاقىت ئىدى.

شۇ ئىشلاردىن كېيىن، خوجىنىياز ھاجىم قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇ ئۇششاقتالغا بارغاندا، ماجۇڭيىڭ قىسى-

مىدىن بولغان ماشىمىڭ قىسىملىرى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ ھۇجۇم قىلىندۇ . خوجىنىياز ھاجىم بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىپ كۇچاغا قاراپ ئىلگىرلەيدۇ . ماشىمىڭ قول ئاستىدىكى مافۇيۇەنگە خوجىنىياز ھاجىم بىلەن ئۇرۇشۇش ، قەشقەرگە بېرىپ يېڭى شەھەردە قامىلىپ قالغان ماجەنساڭ قىسمىنى قۇتۇلدۇرۇشقا بۇيرۇق بېرىدۇ .

خوجىنىياز ھاجىم 3000 گە يېقىن ئادىمى بىلەن ئالدىدا ، مافۇيۇەن بىر قانچە يۈز كىشىلىك قوشۇنى بىلەن ئارقىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا قاراپ ماڭىدۇ . كۆرۈنۈشتە خوجىنىياز ھاجىم قاچقان ، مافۇيۇەن قوغلاپ ماڭغان بىر ۋەزىيەت شەكىللىنىدۇ .

خوجىنىياز ھاجىم ئاقسۇغا كەلگەندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال ــ ياراغ ئالىدۇ . ئۇ چاغدا ئاقسۇغا خوتەن قىسىملىرى ، قەشقەردىكى تۆمۈر سىجاڭدىن قالغان قىسىم ، ئاقسۇدىكى باي سىجاڭ قىسمى بولۇپ بەش مىڭغا يېقىن كىشىلىك قىسىم توپلانغانىدى .

خوجىنىياز ھاجىم ئاقسۇدا تۇرغان مەزگىلدە خەلق يىغىنى ئېچىپ ، پەن ــ مائارىپنى تەرەققى قىلدۇرۇش ، مەكتەپ ئېچىش ھەققىدە نۇتۇق سۆزلەيدۇ ، بۇنىڭ تەسىرىدە پۈتۈن شىنجاڭدا مىللىي مائارىپ يولغا قويۇلۇپ ، شەھەر ، يېزا ــ قىشلاق ، كەنتلەرگىچە شەخسىي مەكتەپ سېلىش باشلىنىپ كېتىدۇ . خوجىنىياز ھاجىمنىڭ تەشەببۇسى 1934 ـ يىلدىن 1944 ـ يىلغىچە شىنجاڭدا قۇرۇلغان مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي ھۇلىنى قۇرۇشقا تۈرتكە بولغانىدى .

خوجىنىياز ھاجىم قەشقەرگە يېتىپ بېرىپلا ماجەنساڭ قىسىملىرىغا ھۇجۇم قوزغايدۇ ، ئۇرۇش ئۇزۇنغا سوزۇلىدۇ ۋە شىددەتلىك بولىدۇ . شۇ ئەسنادا ئارقىدىن يېتىپ كەلگەن مافۇيۇەن قىسىملىرى ۋە ئۈرۈمچىدىن چېكىنىپ قەشقەرگە كەلگەن ماجۇڭيىڭ قىسمى بىرلىشىپ خوجىنىياز ھاجىمغا ھۇجۇم قى-

لىدۇ . نەتىجىدە خوجىنىياز ھاجىم ئاتۇش ئاغۇ تاغلىرىغا چېكى-
نىپ ئەركەشتامغا بېرىپ ئىسھاق بەگنى ( ئىسھاق بەگ ئۇ چاغدا
ئەركەشتام چېگرا ساقچى قىسمىدا پەيجاڭ ئىدى ) ۋاستە قىلىپ ،
سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىلى بىلەن كۆرۈشىدۇ ( شۇ چاغدا بىللە
بولغان يول باشلىغۇچى قاسىم تاش ئىدى ) . سوۋېت ئىتتىپاقى
ھۆكۈمىتى خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ھەممە ئىشنى قوللاش بىلەن
بىرگە ئۇنىڭ ساۋۇت داموللا ھۆكۈمىتىگە پەخرى « رەئىس
جۇمھۇر » بولغانلىقىنى ئەيىپلەيدۇ . شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى-
دىنمۇ ساۋۇت داموللىنى قولغا ئېلىش ۋە « شەرقىي تۈركىستان
ئىسلام جۇمھۇرىيىتى » نى تارقىتىۋېتىش ھەققىدە بۇيرۇق كېلىپ
تۇرىدۇ . خوجىنىياز ھاجىم ساۋۇت داموللا ھۆكۈمىتىنىڭ باش-
باشتاقلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ، يەركەن تەرەپتە تۇرۇۋاتقان
مەھمۇت سىجاڭغا ساۋۇت داموللىنى قولغا ئېلىش ھەققىدە بۇي-
رۇق چۈشۈرىدۇ . بۇنىڭ بىلەن « شەرقىي تۈركىستان ئىسلام
جۇمھۇرىيىتى » گە خاتىمە بېرىلىدۇ .

خوجىنىياز ھاجىم ئەركەشتامدىن يەركەنگە كەلگەندە
ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى قۇتراپ يەنە ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلىنىدۇ .
بۇ چاغدا خوجىنىياز ھاجىم ۋە مەھمۇت سىجاڭلار يەركەن دەر-
ياسىنى بويلاپ ئاقسۇغا يېتىپ كېلىدۇ ، خوجىنىياز ھاجىم جە-
نۇبىي شىنجاڭ « باۋئەن سىلىڭ » ( گارنىزون قوماندانى )
ئۇنۋانى بىلەن ئاقسۇدا بىر مەزگىل تۇرىدۇ .

خوجىنىياز ھاجىم ئاقسۇدا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە شېڭ
شىسەي خوجىنىياز ھاجىمنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ
رەئىسى قىلىپ تەيىنلەپ ، شۇ ۋاقىتتىكى گومىنداڭ مەركىزىي
ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۇرۇمچىگە تەكلىپ قى-
لىدۇ . خوجىنىياز ھاجىم بۇ تەكلىپنى رەت قىلىپ ئاقسۇدا تۇ-
رىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ . مەھمۇت سىجاڭ قاتارلىقلارمۇ قوشۇل-
مايدۇ .

بۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ئەفرىسوف ئاتايىن ئاقسۇغا بېرىپ تولۇق كاپالەت بېرىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن خەنزۇچە ، روسچە ، ئۇيغۇرچە ئۈچ خىل يېزىقتا توختام تۈزۈلىدۇ . خوجىنىياز ھاجىم 1934 - يىلى 8 - ئايلاردا ئۈرۈمچىگە كېلىپ ، ھازىرقى 2 - دوختۇرخانا ئالدىدىكى سودا ئىدارىسى قوروسىغا چۈشۈپ جايلىشىدۇ . ھامىتخان لۈيجاڭ 200 دەك ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ 9 - ئايلاردا يېتىپ كېلىدۇ .

* * *

خوجىنىياز ھاجىم ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ، سوۋېت كونسۇلخانىسى خوجىنىياز ھاجىمغا سىياسىي دەرس ئۆتتى . بۇ دەرس مەنسۇر ئەپەندى ، سىيىت ھاجىلار تەرىپىدىن ئۆتۈلگەنلىكىگە قارىغاندا ، بەلكىم سوۋېت سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب تارىخىدىن لېكسىيە بېرىلگەن بولۇشى مۇمكىن . مەيلى قانداق بولمىسۇن ، خوجىنىياز ھاجىم ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئايلار ئۆتكەنسېرى « ئەسكەرسىز قوماندان ، ھوقۇقسىز ئەمەلدار » بولۇپ قۇرۇق جازىغا ئىگە بولغانلىقى ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىڭ تۆمۈر خەلىپە ئورنىغا دەسسەپ ئالدىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ ــ دە ، ئۈرۈمچىگە كېلىپ قالغانلىقىغا پۇشايمان قىلىدۇ . ئۈمىدسىزلىنىدۇ . ئۇ ، شاھماتقا بېرىلىپ قانچە تەدبىرلەر بىلەن ئۇرۇق يۆتكەپ كۆرسىمۇ ، شاھنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ . ئەمىلىيەتتىمۇ ئۇنىڭ قولىدىكى ئىشەنچلىك بولغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار ئەمدىلىكتە شېڭ شىسەي قوماندىسىدا بولۇپ قالغانىدى . شۇڭا خوجىنىياز ھاجىم ھەممە ئىشتىن ئۆزىنى تارتىپ شەخسىي ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ . خوجىنىياز ھاجىمنىڭ بۇنداق بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس ، چۈنكى :

« رەقىب دوستى يۈلۈم توستى ،
ۋاپا تاشنى ئىرغاتتى . »

مانا مۇشۇنداق شارائىتتا ھەر قانداق ئاقىلنىڭ ئاقىۋىتىمۇ ئامالسىزلىقتىن خالىي بولالمايدۇ . شېڭ شىسەينىڭ « 36 ھېيلە » دىن ئېشىپ چۈشىدىغان ، بۇ سىياسىي سۇيىقەستلىك ھېيلىسى خوجىنىياز ھاجىمنى ئاخىرقى ھېسابتا « ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ قۇيرۇقى » دېگەن تۆھمەت بىلەن 1937 - يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قاماشقا ئېلىپ باردى .

خوجىنىياز ھاجىم قولغا ئېلىنىش بىلەن ئۇنىڭ مال - مۈلكى پېچەتلىنىدۇ ، گېزىتلەردە خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ئاتالمىش « جىنايەتلىرى » ئېلان قىلىنىدۇ . ھەتتا ئوغلى سەئىدۇللا نامىدا يېزىلغان ماقالىدا « ئۇ مېنىڭ دادام ئەمەس ، ئۇ خائىن ، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ قۇيرۇقى ... » دېگەن سۆزلەر بېسىلىدۇ .

جۇڭگودا تۇغۇلۇپ ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ تاغدا ئۆسكەن خوجىنىياز ھاجىمنى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ قۇيرۇقى ، خائىن دېگەنلىكى ، شۇ بۆھتان بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرگەنلىكى ئەپكار ئاممىنىڭ ئويلاپ كۆرۈشىگە ، توغرا خۇلاسە چىقىرىشىغا ئەرزىيدۇ .

بىز بىلەن ئۇزۇن يىل ئەمگەك تەربىيىسىدە بىللە بولغان ، ئەينى ۋاقىتتا شېڭ شىسەي ساقچى باشقارمىسىنىڭ تەرجىمانى ۋە كاتىپى بولۇپ ئىشلىگەن شى يۈەنيۇ ( شىبە ) نىڭ خوجىنىياز ھاجىمنىڭ قولغا ئېلىنىشى ، سوراق جەريانى ۋە مەخپىي سوتنىڭ ھۆكۈم ئەھۋالى قاتارلىق ئىشلار توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەن ۋە مەخپىي سوت ھەققىدە يازغان ئەسلىمىسىدە :[1] خوجىنىياز ھاجىم قاتارلىق 108 كىشىنىڭ ئۆلۈم

---

[1] شى يۈەنيۇنىڭ ئەسلىمىسى « شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى » 1 - قىسىمدا ئېلان قىلىنغان . شۇ كىتابنىڭ 11 - بېتىگە قاراڭ .

ھۆكۈمى موسكۋادىن تەستىقلانغان ، ھاشىم ھاجى① باشچىلىقىدىكى جازا گۇرۇپپىسى ئۇلارنى سىرتماق سېلىپ بوغۇپ ئۆلتۈرگەنلىكى بايان قىلىنغان .

* * *

1937 - يىلى جاللات شېڭ شىسەي : « شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خوجىنىياز ھاجىم يېقىن ئادىمى ئىسمائىل ھاجىمنى سوۋېيۇەنگە مەخپىي ئەۋەتىپ ، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ جاسۇسلار باشلىقى شۇيتىيەن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ، شىنجاڭدا ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشقا ئۇرۇندى ... » دېگەن تۆھمەت ئەنزىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ، شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى خوجىنىياز ھاجىم باشلىق مۇھىم ئادەملەرنى قولغا ئالدى .

خوجىنىياز ھاجىم ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان دەھشەتلىك قىيىن - قىستاقلىق سوراقلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن سىمىيونوۋ ، ياقۇپ ۋە ھاشىم ھاجىلار باشچىلىقىدا ئېلىپ بېرىلدۇ .

* * *

ئىس - تۈتەك قاپلىغان ئۈرۈمچى ئاسمىنى گويا مەڭگۈ تاڭ ئاتماس كېچىدەك بىلىنەتتى . ئۈرۈمچى 2 - تۈرمە② ئىچى ئاھۇ - پەرياد ، قايغۇ - ماتەمگە تولغان . قولىدا يوغان كالتەك ۋە سىم ئارقان تۇتقان جاللاتلارنىڭ كۆزىدىن قان تېمىپ تۇراتتى ...

نومۇرسىز ئىشخانا ئىچىدە توققۇز نەپەر ياۋۇز ئەبلەخ چىرايى تاتارغان ھالدا ئىشىككە قاراپ ئولتۇراتتى . قويۇق قاش ، كەكە ساقال بىر كىشى ئىشىكتىن كىردى - دە ، ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن سوراق ئۈستىلىدە تۇرغان بىر پارچە قەغەزگە كۆز

① ھاشىم ھاجى شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تەكلىپ قىلىپ كەلگەن ئاخبارات مۇتەخەسسىسى . ئۇ ، ئۇزۇن يىل شېڭ شىسەي ج خ باشقارمىسىدا تۇرغان ، كېيىن ۋەتىنىگە قايتقان .

② 2 - تۈرمە ھازىرقى ئوتتۇرا سوت ئورنىدا ئىدى .

تاشلىدى.
ئۇستەل ئۈستىدىكى قەغەزنى قولىغا ئالغان بىر كاتتىباش:
— ئىسمىڭ نىمە؟ — دەپ سورىدى.
— ھەي، سەن مېنىڭ ئىسمىمنى بىلەتتىڭغۇ؟ — دېدى «جاۋابكار».
— بىلسەممۇ قائىدە بويىچە سورايمەن.
— ھە! خوجىنىياز، — دەپ جاۋاب بەردى «جاۋابكار».
كاتتىباش ھۆكۈمنامىنى ئوقۇپ بولۇپ ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى، دېگەندە، قاقاقلاپ كۈلگەن خوجىنىياز ھاجىم: «ماڭا كەلگەن بۇ ئۆلۈم مەن ئۈچۈن يېڭىلىق ئەمەس. مەن ئالدىنىپ ئۈرۈمچىگە كەلگەن كۈنىلا ئۆلۈپ بولغان. ئىيتىپ قوي! شېڭ دوبەن دېگەن خۇمپەر لومودىغا! مەن ئۆلگەن بىلەن خەلقىم ئۆلمەيدۇ! ئىنقىلاپ تۈگىمەيدۇ!...» بۇ خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى سۆزى ئىدى.
1938 - يىلى كۈزدە ئاياغلاشقان سوراق خوجىنىياز ھاجىم باشلىق قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبەرلىرىدىن سالىخ دورغا، گوسۇل، باقى نىياز ھاجى قاتارلىقلار ھەم شېرىپخان تۆرە، يۇنۇسبەگ، ماۋۇنلۇ، ماشاۋۋۇ، خۇاڭ زۇگشىن، مۇھەممەت پۈزىۋاڭ، بۇغدا باي، تۇرسۇن بابا، ھەسەنپاڭگاڭ، تۇردى ئاخۇنباي، سوپى شەنجاڭ، نىيازداخەن، ئىسمايىل داتۇ، ھەيدەر ئەپەندى، تۆمۈر غالى، سوپىزادە، زەيدىن كارۋان، كامال ئەپەندى، ئاببباس ئەپەندى، بوقان خېلىل، رەقىت، جاڭ شىن، چىڭ دەنلى قاتارلىق 108 ئادەمنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ، جاڭ گۇاڭچەن مەسئۇللىقىدا سايىپۇنىڭ غەربىدىكى تاغقا كۆمدۇ.

* * *

1947 - يىلى 4 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئۈرۈمچى شەھەر

كوچىلىرى ئاپئاق سەللە ئورىغان مويسىپىتلەر ، ئاق باغلىغان ئىشچى ـ خىزمەتچى ، ھۈنەرۋەن كاسىپلار ، ئاق لېچەك سالغان مەزلۇملار ، رەت ـ رەت تىزىلىپ پىلاكات كۆتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ، ماتەم بەلگىسى تاقىغان ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى ، ئۇماق باللار بىلەن تولغانىدى . كوچا ـ كوچىدىن ئايىغى ئۈزۈلمەي چىقىۋاتقان خەلق توپى ماتەم مۇراسىمى مەيدانىغا قاراپ ئاقماقتا ئىدى .

نەچچە مىڭ ئادەم توپلانغان ماتەم مۇراسىمى مەيدانىدا پىغانلىق يىغا ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

رەئىس سەھنىسى ئۈستىگە تارتىلغان پىلاكاتقا : « مەرھۇم خوجىنىياز ھاجىم ۋە شېرىپخان تۆرىلەرنىڭ ماتەم مۇراسىمى » دەپ يېزىلغان .

رەئىس سەھنىسىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى ، ئىنقىلابىي ياشلار ۋەكىللىرى ، ھەربىيلەر ، ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى ، ئەينى ۋاقىتتا قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقان كىشىلەر ماتەم بىلدۈرۈپ سۈكۈتتە تۇراتتى .

بۇ ماتەم مۇراسىمى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئېچىلغانىدى .

ئەخمەتجان قاسىمى تەزىيە نۇتۇقىدا قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابى ۋە خوجىنىياز ھاجىمنىڭ پائالىيىتى توغرىسىدا قىسقىچە توختالغاندىن كېيىن ، ئۆلكىمىزدە ئەسىرلەپ ھۆكۈم سۈرگەن فېئودال ئىستىبداتلىق تۈزۈم ۋە ئۇنىڭ ئىجراچىسى بولغان ياڭ زېڭشىن ، جىن شۇرېندىن ئىبارەت ئىستىبدات ھاكىمىيەتنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن بالايى ـ ئاپىتى ، زۇلۇمغا قارشى قوزغالغان قۇمۇل خەلقىنىڭ جىن شۇرېننىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغانلىقى ، ئۇنىڭ مېۋىسىگە ئىگە بولۇۋالغان جاللات شېڭ شىسەينىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان 10 يىل

جەريانىدا خەلققە كەلتۈرگەن ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى ئۈستىدە توختىلىپ : قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابى فېئودال ئىستىبدات ھاكىمىيەتىنىڭ زۇلمىغا قارشى قوزغالغان ئىنقىلاب ، بۇ ئىنقىلاب شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ھەر قانداق ئىنقىلابتىن ئىلغار دەۋر بۆلگۈچ ئىنقىلابتۇر ، ئۇ ، خەلقىمىزنىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيىتىگە قارشى كۆرىشىنىڭ باشلىمىسى ، خەلقىمىز بۇ ئىنقىلابنى مەڭگۈ قەدىرلەيدۇ . ئىنقىلاب يولىدا قۇربان بولغان شېھىتلەرنى مەڭگۈ ئەسلەيدۇ ، خوجىنىياز ھاجىم مەڭگۈ ھايات ! دەپ ئۈنلۈك خىتاب قىلدى .

شېڭ شىسەي ۋە ئىستىبدات ھاكىمىيەتكە قارشى توۋلانغان غەزەپلىك شوئارلار ۋە « ئامىن » ساداسى ئۈرۈمچىنى لەرزىگە كەلتۈردى .

خوجىنىياز ھاجىم بىلەن شېرىپخان تۆرىنىڭ جەستى شامالباغ ( ھازىرقى رادىئو ئىستانسىسى يېنى ) دىكى شېھىتلىككە قاراپ ئېلىپ مېڭىلدى . 40 يىلدىن بۇيان ، بۇ جاي خوجىنىياز ھاجىم شېھىتلىكى دېگەن مۇقەددەس نام بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە . زىيارەت ۋە دۇئا ـ تەكبىردىن ئايرىلىپ قالماي ، خەلقىمىز قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ كەلدى .

بىراق ، ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق دەۋرىدە خەلقىمىزگە ئوخشاشلا مەرھۇم خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ھەيۋەتلىك گۈمبىزىمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى . ھازىر بۇ قەبرىگاھ خارابىلىققا ئايلىنىشقا يۈز تۇتقان بولسىمۇ ، خەلقىمىز ئۇنى ياد ئەتمەكتە ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەرەددۇتىدا بولماقتا . بۇ قوغدىلىدىغان ئاسارە ـ ئەتىقە ، ئەلۋەتتە .

* * *

1953 ـ يىلى ئەتىياز . ئۈرۈمچى خۋاڭچېڭ ( ھازىرقى ئىتتىپاق يولى ، 19 ـ باشلانغۇچ ۋە 6 ـ ، 14 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئورنى ) دىكى ئۇيغۇر زاراتگاھلىقى ئاق باغلىغان مۇيسىپىتلەر ،

ياشلار ۋە ئاق لېچەك سالغان ئاياللار بىلەن تولغانىدى . ① ئاق باغلاپ سەللە ئورىغان كېرەم شەيخ بۇ يەرگە توپلانغان ئەر - ئاياللارغا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ جەسىتى كۆمۈلگەن قەبرىلەرنى خاتاسىز كۆرسىتىپ بېرەتتى ... ئېچىپ ئېلىنغان جەسەت سۆڭەكلىرى ماتا ۋە خەسىلەرگە ئورۇلۇپ جىنازىغا سېلىنىپ ، قايغۇ - ماتەم بىلەن شامالباغ ( رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئارقىسى ) دىكى خوجىنىياز ھاجىم جەسىتى قويۇلغان قەبرىگاھقا قاراپ ئېلىپ مېڭىلاتتى ...

قايغۇ ۋە سۈكۈت ئىچىدە كېتىۋاتقان نەچچە ئون جىنازا ئىچىدە يېشىل يوپۇق يېپىلىپ ، باش تەرىپىگە ئىككى سەللە قويۇلغان بىر جىنازا كىشىلەرگە ئالاھىدە كۆرۈنەتتى . خالىس جەسەت يۆتكەشكە كەلگەن نەچچە يۈزلىگەن كىشى بۇ جىنازا ئۈچۈن سۈكۈت بىلدۈرەتتى ... جىنازا شېھىتگاھلىققا ئېلىپ بېرىلىپ خوجىنىياز ھاجىم مەقبەرىسى يېنىغا قويۇلدى . بۇ يەردە ئىككى شام گۆر تەييار ئىدى . جىنازا ئۈستىگە قويۇلغان ئىككى سەللە ئىككى لەھەتكە ئېلىپ كىرىپ قويۇلغاندىن كېيىن ، جەسەت سۆڭەكلىرى ئايرىم - ئايرىم ئىككى لەھەتكە ئېلىپ كىرىلدى . توپا تاشلاپ قىرائەت باشلاش ئالدىدا مەرھۇم سەلەي خەلپىتىم ( ئۈرۈمچى سەنشىخاڭزىدا ئۆتكەن پېشقەدەم دىنىي زات ) : « كېرەم شەيخ بۇلارنى كىشىلەر بىلىپ قالسۇن ... » دېدى . كېرەم شەيخ بۇ ئىككى جەسەتنى تونۇشتۇرۇپ : « بۇ كىشى شىنخەي ئىنقىلابى دەۋرىدە قارا ھۆكۈمەت ( چىڭ سۇلالىسىنى دېمەكچى ) ۋە شاھ مەخسۇت ۋاڭغا قارشى تۇرغان قۇمۇل دېھقانلىرىغا باش بولغان تۆمۈر خەلپە دېگەن كىشى بولىدۇ . يەنە بىر كىشى شۇ چاغدا ئوخشاشلا قارشىلىق كۆرسەتكەن تۇرپان ئاستانە دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ باشچىلىرىدىن بولغان مويدىن ئاخۇن بولىدۇ . بۇلار 1913 - يىلى 3 - ئايدا كونا

① 1953 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەت مەزكۇر جايدىكى قەبرىلەرنى يۆتكەش ئۇقتۇرۇشى ئېلان قىلغان .

ئىستىبدات جاللات ياڭ زېڭشىننىڭ سۇلھى ھېيلىسىگە ئالدىنىپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ باتالىيون كوماندىرى ( يىڭجاڭ ) بولغان ، شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ياڭ زېڭشىننىڭ پىلانلىشى بىلەن تۆمۈر خەلىپە مىلتىق بىلەن ئېتىلغان ، مويدىن ئاخۇن دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن . ۋەقەدىن كېيىن ئۈرۈمچىدىكى پېشقەدەم جامائەتلەرنىڭ تەلىپى بىلەن بۇ ئىككىسىنىڭ جەسىتى ئېلىپ چىقىلىپ داغ — دۇغىلىق ماتەم بىلەن ئاشۇ زاراتكارلىققا دەپنە قىلىنغان ( مەن شۇ چاغدا سەككىز ياشتا ئىدىم ) ①. جامائەت بۇ قەبرىنى ئاسراشنى دادام قۇربان شەيخ ۋە ئانامنىڭ ئاكىسى شاجىمەن شەيخلەرگە تاپشۇرغان ، ئۇلار ۋاپات بولۇش ئالدىدا بۇ قەبرىنى ئاسراشنى ماڭا تاپشۇرغانىدى . بىزنىڭ ئائىلىمىزمۇ ياڭ زېڭشىنغا خەلقىمىزگە ئوخشاشلا ئۆچمەنلىك ساقلايدۇ . ياڭ زېڭشىن جازا قانۇنىدا قولنى كېسىش ، پەينى كېسىش ، دارغا ئېسىش ، ئاتقا سۆرۈتۈپ ئۆلتۈرۈش ، ئاختا قىلىش ( بۇ خىل جازالارنى ئۇنىڭ چاپارمىنى مافۇشىڭ ماتىنەي قەشقەردە كۆپ قوللانغان ) قاتارلىق ياۋۇز ھەرىكەتلەرنى قوللىنىپ ، مىڭلىغان بىگۇناھ ئادەمنىڭ جېنى ۋە تېنىگە زامىن بولغان . بىزنىڭ ئائىلىمىزدىنمۇ ئىسمايىل ، مۆمىن دېگەن ئىككى كىشىنى قولىدىن باغلاپ ئېسىپ قويۇپ ، باغلانغان يەرگە سوغۇق سۇ قويۇپ مۇزلىتىپ ، قوللىرىنى ئۈششۈتۈپ ئۈزۈۋەتكەن ، ئۇلارنىڭ بىرى ھېلىمۇ ھايات . خەلقىمىز ياڭ زېڭشىننىڭ بۇ زۇلۇمىنى ئۇنتۇلمىغاندەك ، ئۇنىڭ ياۋۇزلۇقى بىلەن ئۆلگەن بۇ ئىككى زات ۋە تاغ — جەزىرىلەردە جەسىتى قالغان شېھىت جەڭچىلەرنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايدۇ . مەن جامائەت ۋە دادامنىڭ تاپشۇرۇشى بىلەن بۇ ئىككى كىشىنىڭ يەرلىكىنى 40 يىل ( دادامدىن باشلاپ 1913 - يىلدىن 1953 - يىلغىچە ) ئاسرىدىم . ماۋۇ ئىككى شام گۆرنى خېلى بۇرۇنلا خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ئايىغىدا ياتىمەن دېگەن ئارزۇ بىلەن ئۆزۈمگە

① كېرەم شەيخ — 1905 - يىلى تۇغۇلغان ، 1967 - يىلى 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى 62 يېشىدا ۋاپات بولغان .

ئاتاپ كولاپ قويغانىدىم . ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن بۈگۈن تۆمۈر خەلىپىنىڭ جەستى ئۇزۇن يىل بىرگە ئىنقىلاپ قىلغان خوجىنىياز ھاجىمنىڭ زاراتگاھلىقىغا ئېلىپ كېلىنىپ ، ئىككى جەسەتنىڭ جەم بولغانلىقىغا خوشال بولۇپ ، تېخىمۇ يېقىنراق تۇرسۇن دەپ ئۆز نەپسىمدىن كېچىپ ، بۇ لەھەتنى بۇ ئىككى زاتقا ھەددىيە قىلدىم » دەيدۇ . بۇنىڭدىن رازى بولغان جامائەت كىرىم شەيخنىڭ ھىممىتىگە رەھمەت ئوقۇپ دۇئا قىلىدۇ . جامائەتتىن رازى بولغان كىرىم شەيخ شۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىنى شۇ زاراتگاھلىقتا ئۆتكۈزۈپ بۇ قەبرىلەرنى ئۆمۈر بويى مۇھاپىزەت قىلىدىغانغا ۋەدە بېرىدۇ ھەم قەبرىگاھقا ئۆي سېلىپ ئائىلىسى بىلەن كۆچۈپ چىقىپ ئۆمرىنى شۇ يەردە ئاياغلاشتۇرىدۇ .

80 نەچچە ياشلىق سادىق ناۋاي ، ئابىخان قارى ، كىرىم شەيخنىڭ يولدىشى ھەمراخان ۋە قىزى ئايتىللاخانلارنىڭ ئېيتىشىچە ، كىرىم شەيخ ئىككى ئادەم بارلا جايدا « ئىككى جەسەت جەم بولدى ... » دەپ بۇلارنىڭ تارىخىي ھاياتىنى ھېكايە قىلىپ سۆزلىگەن .

* * *

يۇرتىمىز بىر قانچە ئەسىردىن بۇيان فېئودال قۇللۇق ئاسارىتىدە بولۇپ ، تارىختىكى زۇلۇمغا قارشى كۈرەشلىرىمىز ئىستىبدات كۈچلەرنىڭ زوراۋانلىقى ، ئىچكى ساتقىنلارنىڭ خائىنلىقى تۈپەيلىدىن پاجىئەلىك بېسىقتۇرۇلدى . 30 - يىللار تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ئىنقىلاب بولغان خوجىنىياز ھاجىم باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا شۇ يول بىلەن ئاياغلاشتى . لېكىن بۇ قوزغىلاڭ يۇرتىمىزدا ئۇزۇن يىللار ھۆكۈم سۈرگەن ئىستىبدات قارا ھاكىمىيەتنى ئاخىرقى ھېسابتا غولاتتى . ئاتالمىش « 12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى » نىڭ

مەيدانغا كېلىشىگە مۇئەييەن تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. خەلقىمىزنى ئويغاتتى. قۇمۇلدىن تۇتاشقان بۇ ئىنقىلاب ئوتى خوتەنگىچە، پامىر تاغلىرىدىن ئالتاي تاغلىرىغىچە بولغان كەڭ زېمىندا مىسلىسىز ۋولقاندەك يالقۇنجاپ زۇلمەتلىك شىنجاڭ تۇپرىقىدا مەشئەل بولۇپ ياندى.

بۇ قوزغىلاڭنى خەلقىمىز ۋە دەۋرىمىز قەدىرلەيدۇ. تارىخ ئۆزىنىڭ بىباھا ئالتۇن بەتلىرىدىن ئورۇن بېرىدۇ، ئەلۋەتتە.

مەن ئۆزۈندىن بۇيان قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە ئۇنىڭ رەھبىرى خوجىنىياز ھاجىم توغرىسىدا ئىزدىنىپ بىر ەر خاتىرە قالدۇرۇشنى ئارزۇ قىلغان، جۈملىدىن نۇرغۇن تارىخىي ھۆججەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەن ۋە تارىخىي شەخسلەرنىڭ سۆھبىتىگە داخىل بولۇپ خاتىرە قالدۇرغانىدىم. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ھۆكۈم سۈرگەن قالايمىقان يىللاردا ھەممىدىن ئايرىلدىم. پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئەسلىمگە كېلىپ، ئېسىمنى يىغىپ، ئىنقىلاب تارىخى توغرىسىدىكى تەپسىلاتنى باشقا يولداشلارنىڭ يېزىشىغا قالدۇرۇپ، پەقەتلا خوجىنىياز ھاجىمنىڭ شەخسىي تەرجىمھالى ئۈستىدە توختالدىم.

خوجىنىياز ھاجىم ئازادلىق، ھۆرلۈك ئۈچۈن كۈرەش قىلغان، ۋەتەن بىرلىكىنى قوغدىغۇچى مىللىي قەھرىمان، خەلقىمىز ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ پەخىرلىنىدۇ. بەزى نوپۇزلۇق كىشلەر ئەسلىمىسىدە «خوجىنىياز ھاجىمنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكى مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەستىقلانمىغان» دېگەندەك سۆزلەرنى قىستۇرۇپ ئۆتكەن. لېكىن كۆپلىگەن پاكىت ۋە تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، خوجىنىياز ھاجىمنىڭ گېنېرال مايورلۇق ئۇنۋانى بىلەن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ گېنېرال لېيتېنانتلىق ئۇنۋانى، خوجىنىياز ھاجىمنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكى جۇڭگو مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەستىقلانغان، جۈملىدىن

خوجىنىياز ھاجىم ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن مەركىزىي ھۆكۈمەت ئالاھىدە تەكشۈرۈش ئۆمىكى ( چېن لىفۇ باشچىلىقىدا ) ئەۋە- تىپ ، خوجىنىياز ھاجىم توغرىسىدا خۇلاسە چىقارغان ۋە خۇلاسىنىڭ ئاخىرقى قىسمىغا : « خوجىنىياز ھاجىنى ئۆلتۈرۈپ يامان قىلغان ، لېكىن شۇ ۋاقىتتا ئۆلتۈرمىسىمۇ بولمايتتى ... » دېگەن ئىككى بىسلىق جۈملىنى قىستۇرغان . بۇنىڭدىن جۇڭگو مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا خوجىنىياز ھاجىم توغ- رىسىدا ئىككى پەللىدە تەڭ تۇرغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ .

خوجىنىياز ھاجىمنىڭ تەرجىمىھالىغا ئائىت بۇ ماتېرى- ياللار توغرىسىدا 1931 - يىلدىن 1937 - يىلغىچە ھاجىم بىلەن بىللە بولغان تاشقى موڭغۇلىيىدىن كەلگەن قاسىم ئەپەندىدىن 1941 - يىلى ئۈرۈمچىدە گېنېرال ئىسھاق بېك بىلەن بىللە تۇر- غاندا كۆپ قېتىم ئاڭلىغانىدىم ، 1943 - يىلى ئۈرۈمچى شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبەرلىرى- دىن سالىغ دورغا ، ئىسمايىل داتۇ دېگەنلەرنىڭ باشقىلارغا سۆز- لەپ بەرگىنىدىن ئاڭلىغانىدىم . كېيىنكى يىللاردا نەمەت خەلپە ، قۇمۇللۇق سىيىت باتۇرنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئەستە ساقلىغان ، ئا- خىرقى قېتىم قۇربانوۋ ۋە سوپاخۇنلارنىڭ ئەسلىمىسىدىن پاي- دىلاندىم . بۇلار ، خوجىنىياز ھاجىم ھاياتىنىڭ ئازلا بىر قىسمى ، ئەلۋەتتە . باشقىلارنىڭ ياردىمىگە مۇھتاجمەن .

## مەخسۇت مۇھىتى

مەرىپەتپەرۋەر مەخسۇت مۇھىتى 1885 - يىلى تۇرپان ئاستانىدا ھاللىق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇ ئائىلە تەربىيىسى- دىن كېيىن كونا مەكتەپ ۋە مەدرىسلەردە ئوقۇغان . ئۇ 1910 - يىلى سودا - تىجارەت بىلەن ئۈرۈمچى ، چۆچەك ۋە روسىيىنىڭ شەمەي ، قازان ، موسكۋا قاتارلىق جايلىرىغا بارغان . ئۇ يەرلەردە بىر تەرەپتىن سودا قىلسا يەنە بىر تەرەپتىن سەيلە - ساياھەت

قىلىش بىلەن تۇرمۇش ئۆتكەنگەن . نەتىجىدە ئۆز يۇرتىنىڭ نا-
هايىتى ئارقىدا قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ يۇرتىدا يېڭىچە مەكتەپ
ئېچىش قارارىغا كەلگەن ۋە قازاندا بىر بۆلۈك تاتار زىيالىيلىرى
بىلەن سۆزلىشىپ ئۆزىنىڭ شىنجاڭدا مەكتەپ ئاچىدىغانلىقىنى
ئېيتىپ ، ئۇلارنى شىنجاڭغا كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا تەك-
لىپ قىلىدۇ .

1913 - يىلى ، ئۇ قازاندىن ھەيدەر ئەپەندىنى يۆتكەپ
كېلىپ تۇرپاندا ئۆز قوروسى ئالدىدا زامانىۋى بىر مەكتەپ سې-
لىپ ئوقۇغۇچى تەربىيلەيدۇ .

1917 - يىلى مەخسۇت مۇھىتى موسكۋاغا بارغاندا ، ھەبى-
بۇللا ئەپەندى ، گۈلەندەم ئاۋىستاي ، ئەلى ئىبراھىم ، ھېسامىدىن
ئەپەندى قاتارلىق ئالتە نەپەر ئوقۇتقۇچىنى شىنجاڭغا يۆتكەپ
كېلىدۇ ۋە گۈلەندەم ئاۋىستايىنى تۇرپاندا ئېلىپ قېلىپ قىزلار
مەكتىپى ئاچىدۇ . باشقىلارنى چۆچەك ، تۇرپان بازىرى ، گۇ-
چۇڭ ، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا تەقسىم
قىلىدۇ . ئۇلارنىڭ مەكتەپ تەمىناتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ . كېيىن
بۇ مەكتەپلەر « مەخسۇتىيە مەكتىپى » دەپ ئاتىلىدۇ .

1931 - يىلى قۇمۇلدا قوزغالغان دېھقانلار قوزغىلىڭى پۈ-
تۈن شىنجاڭغا كېڭەيگەندە ، ئىنقىلابقا قاتنىشىپ ، لۈكچۈندە
شېڭ شىسەي ۋە ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى بىلەن بولغان جەڭدە
ئوق تېگىپ قۇربان بولىدۇ . مەرھۇمنىڭ ئەۋلاتلىرى ئۇنىڭ تې-
نىنى لۈكچۈن شەھىرىنىڭ سىرتىدىن ، بېشىنى تۇرپان شەھى-
رىنىڭ دەرۋازىسىدىن تېپىپ كېلىپ ئاستانىغا دەپنە قىلىدۇ .
مەرھۇم قۇربان بولغاندا 47 ياش ئىدى .

## مەھمۇت مۇھىتى

مەھمۇت مۇھىتى 1887 - يىلى تۇرپان ئاستانىدا ھاللىق
ئائىلىدە تۇغۇلغان . ئۇ ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىن ئۆز يۇرتى-

دىكى كونا مەكتەپ ۋە مەدرىسلەردە ئوقۇغان ، كېيىن سودا ـ تىجارەتكە ئارىلىشىپ ئۈرۈمچى ، چۆچەك ۋە روسىيىنىڭ شەمەي ، قازان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى چوڭ ـ كىچىك شەھەرلىرىدە ھەتتا موسكۋا ، پېتىر بورگكىچە بېرىپ تىجارەت قىلىغان . ئۇ شۇ مەزگىلدە يېڭى ئىلىم ـ پەن ئۆگەنگەن ۋە رۇس تىلى ئۆگەنگەن . كېيىنكى مەزگىلدە ئاكىسى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ يېڭى مەكتەپ ئېچىش ئىشىغا ياردەمدە بولغان .

1931 ـ يىلى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى بىلەن تۇرپان خەلقى قوزغالغاندا تۇرپان قوزغىلىڭىغا قاتناشقان ، كېيىن ئاكىسى مەخسۇت مۇھىتى ئۇرۇشتا قۇربان بولغاندىن كېيىن تۇرپان قوزغىلىڭىغا يېتەكچى بولغان . قوزغىلاڭچىلار تۇرپاندىن ئالتە شەھەر تەرەپكە چېكىنىپ قەشقەردە تۇرغاندا ، شېڭ شىسەي قارىمىقىدىكى 6 ـ شىنىڭ سىجاڭى بولغان . قەشقەردە بولغان مەزگىلدە قەشقەر يېڭى زامان مائارىپى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشىدۇ . دىنى مەدرىسلەرنى ئىسلاھ قىلىدۇ .

1937 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ، ئۇ ۋەزىيەت تەققەزاسى بىلەن بىر قانچە يېقىنلىرىنى ئېلىپ ھىندىستانغا چىقىپ كەتكەن . ھىندىستاندا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن جۇڭگوغا قايتىش مەقسىتىدە باي ئاخۇن ئەزىزنى جياڭ جېيشىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپ شېڭ شىسەي ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ ۋە ئۆزىمۇ ئۇزاق ئۆتمەي ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ، 1944 ـ يىلى بېيجىڭدا ۋاپات بولىدۇ .

## تۆمۈر سىجاڭ ( تۆمۈر ئېلى )

تۆمۈر ئېلى 1886 ـ يىلى توقسۇندا دېھقان ئەھمەت ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇ دەسلەپ توقسۇندا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان . 1920 ـ يىلى ئايالى بىلەن كۇچاغا كۆچۈپ

بېرىپ ھارۋىكەشلىك قىلغان .

ئۇ كوچادا ھارۋىكەشلىك قىلىپ يۈرۈپ بىر ئاز ھاللانـ ـغاندىن كېيىن ئات ھارۋىسىنى كۆپەيتىدۇ ، ھارۋىكەشلەرگە شاگىيۇ بولىدۇ . بۇ ۋاقىتلاردا ياڭ زېڭشىننىڭ چىرىك ، ئىسـ ـتىبدات ھاكىمىيىتى ئەمگەكچى خەلققە قاتمۇ ـ قات ئالۋان ـ سېلىق سېلىپ ، خەلقنى دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيە قىلىۋاـ ـتاتتى ، تۆمۈر ئېلى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئات ھارۋىـ ـلىرىمۇ مۇستەبىت ھۆكۈمەتنىڭ ئالۋان ـ ياساقلىرىدىن قۇتۇلالـ ـمايدۇ . شۇ سەۋەبتىن تۆمۈر ئېلىدا ئىستىبدات ھاكىمىيەتتىن ئىنتىقام ئېلىش ئىستىكى تۇغۇلىدۇ .

شىنجاڭدا مىللىي زۇلۇمنىڭ كۈندىن كۈنگە كۈچىيىشى نەتىجىسىدە ، قۇمۇلدا خوجىنىياز ھاجىم باشچىلىقىدا ئىككىنچى قېتىم دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلايدۇ . جايلاردىكى زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش پوزىتسىيىسىنى كۈتۈپ تۇرغان خەلق بۇ قوزغىلاڭنى قىزغىن قوللايدۇ . نەتىجىدە قوزغىلاڭ ناھايىتى تېزلا قۇمۇلدىن تۇرپان ، توقسۇن ، پىچان قاتارلىق جايلارغا كېڭىيىدۇ .

1932 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى مەھمۇت مۇھىتى ، باي ئاخۇن ئەزىزى ، پاشاخوجا ( لۈكچۈن ۋاڭىنىڭ ئوغلى ) ۋە ئابدۇراخمان قاتارلىق 13 كىشى بىرلىشىپ ، ئاستانىدا خەلقنى قوزغاپ قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ . قوزغىلاڭ تېز كۈچىيىپ تۇرپان شەھىرى ، پىچان ، سىڭگىم قاتارلىق جايلارغىچە كېڭىيىپ ، جىڭ شۇرىن قىسىملىرىغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىدۇ . مۇشۇ پەيتتە توختى لۈيجاڭ ، قۇربان يىڭجاڭلار توقسۇندا قوراللىق قوزغىلىپ توقسۇننى ئىشغال قىلىدۇ ھەمدە كورلىغا يۈرۈش قىلىپ ، 1933 ـ يىلى 1 ـ ئايدا كورلىنى ئىشغال قىلىدۇ .

كوچادا تۇرۇۋاتقان تۆمۈر ئېلى قۇمۇل ، تۇرپان ، توقـ ـسۇنلاردا قوزغالغان قوزغىلاڭلاردىن ئىلھام ئېلىپ ، 1933 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى شايارلىق ھادى ئەلەم بىلەن بىرلەـ

شىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، كۈچانى ئىشغال قىلىدۇ.

بۇ چاغدا جىن شۇرېن شىڭ شىسەيگە تۇرپان قوز-
غىلاڭچىلىرىغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق
چۈشۈرىدۇ. مەھمۇت مۇھىتى (مەھمۇت سىجاڭ) باشچىلىقى-
دىكى قوزغىلاڭچى قوشۇن شىڭ شىسەي ۋە ئاق ئورۇسلارنىڭ
مۇنتىزىم قىسمى ۋە زامانىۋى قوراللىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي،
جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنىشكە باشلايدۇ.

شىڭ شىسەي تۇرپاندا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر باشلىق ئىلغار
كۈچلەرنى ۋە نۇرغۇنلىغان تىنچ ئاممىنى قىرغىن قىلغاندىن كې-
يىن، توقسۇنغا يۈرۈش قىلىدۇ. بۇ چاغدا كورلىنى ئىشغال قى-
لىپ تۇرغان توختى لۈيجاڭ ئىنىسى تۆمۈر ئېلىگە توقسۇنغا
كەلمەي، جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشنى تەۋسىيە قىلىپ،
ئۆزى توقسۇنغا بېرىپ شىڭ شىسەي قىسىملىرى بىلەن ئۇرۇش
قىلىشنى قارار قىلىدۇ.

توختى لۈيجاڭ توقسۇنغا كېلىپ خودۇڭ دېگەن يەردىكى
قارا بۇلاقتا شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ مەغلۇپ
بولىدۇ. ئۇ يۇشۇرۇنغان خائىنلارنىڭ ساتقىنلىق قىلىشى بىلەن
قولغا چۈشۈپ، شىڭ شىسەي تەرىپىدىن چاناپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.
قۇربان يىڭجاڭ ئۇرۇشتا ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ. بۇ چاغدا تۆمۈر
ئېلى ئاقسۇغا يۈرۈش قىلغان ئىدى. دەل شۇ پەيتتە بۈگۈردىمۇ
قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، قوزغىلاڭچى قوشۇن بۈگۈرنى
ئىشغال قىلغان ئىدى.

تۆمۈر ئېلى بۇ قېتىمقى يۈرۈشتە بايدىكى ياقىرىقتا جىن
شۇرېن قىسىملىرى ۋە قەشقەردىن كەلگەن ھۆكۈمەت ئەسكەر-
لىرى بىلەن ئۇرۇشىدۇ. جىن شۇرېننىڭ ئىلىدا تۇرۇشلۇق قو-
ماندانى جاڭ پېيەننىڭ بىر قىسىم ئەسكەرلىرى تۇيۇقسىز مۇزات
تەرەپتىن ياردەمگە كېلىپ قالىدۇ. تۆمۈر ئېلى ئۇلار بىلەن ئۈچ
كۈن ئۇرۇشۇپ، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ بەش ئاتار

مىلتىقلىرىغا ئىگە بولىدۇ، ئاندىن يەنە ئاقسۇغا قاراپ ئىلگىرى-لەيدۇ.

بۇ چاغدا ياقىرىقتا كورلىدىن ئىبلاجى، قارا شەھەردىن هاپىز لۇيجاڭ قاتارلىقلار ئەسكەر باشلاپ كېلىپ، تۆمۈر ئىبلىگە قوشۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۆمۈر ئىبلىنىڭ ئادىمى كۆپىيىپ، قورالللىرى خىللىشىدۇ.

تۆمۈر ئىبلى ئاقسۇغا كىرگەندىن كېيىن، خوجىنىياز هاجىم ئۇنىڭغا (بۇ چاغدا خوجىنىياز هاجىم گۇچۇڭدا تۇرۇۋاتاتتى) سىجاڭلىق ئۇنۋانىنى بېرىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ ئاقسۇدا تۇرغان مەزگىلدە قىسىملىرىنى رەتلەپ، ھەمدەمبەگ هاجى، ئەمەتخان، مامۇتخان، هاپىز لۇيجاڭ ۋە ئىبلاجى قاتارلىقلارنى تۇەنجاڭ قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئابدۇقادىر فۇگۇەنجاڭ، توختى يىڭجاڭ قاتارلىقلار مۇهاپىزەتچى قىسىملارنىڭ باشلىقى بولىدۇ. ئاقسۇلۇق بايىز شاڭيۇ ئۇچتۇرپان تەرەپتىن بىرقانچە يۈز پىدائىنى باشلاپ كېلىپ تۆمۈر سىجاڭغا قوشۇلىدۇ. بايىز شاڭيۇغا لۇيجاڭلىق ئۇنۋانى بېرىلىدۇ.

تۆمۈر سىجاڭ قوشۇن باشلاپ مارالبېشىغا بارغاندا، ياقىرىقتىكى جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ چېكىنگەن قەشقەردىكى هۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى ياڭ چىمىن قەشقەر ۋە يەركەندىن نۇرغۇن ئەسكەر توپلاپ، مارالبېشىنى ئالدىنقى سەپ قىلىپ، تۇمشۇقتا ئىستىهكام قۇرۇپ، تۆمۈر سىجاڭ قوشۇنىنى قاتتىق توسايدۇ. بۇ يەردە قاتتىق ئۇرۇش بولىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ دۈشمەننى قىلچە مەنسىتمەي، بىر تەرەپتىن ناغرا ـ سوناي چېلىپ، ئوغلاق تارتىپ كۆڭۈل ئاچىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇرۇش قىلىدۇ. ئاقسۇ، ئاۋات، توقسۇ، شاياردىن ھەتتا خوتەننىڭ بەزى جايلىرىدىن ئوبۇلقاسىمبەگ قاتارلىق كىشىلەر كېلىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياڭ چىمىن قىسمىدىن 30چە مىللىي ئەسكەر قېچىپ تۆمۈر سىجاڭنىڭ قوشۇنىغا قوشۇ-

لىدۇ ، شۇنداقلا قەشقەر ۋالىيسى ماشاۋۋۇ ( مادوتەي ) ئۇلۇغچات ھاكىمى چىڭ تۇگىلىگىنىڭ يېتەكچىلىكىدە 200 قىرغىز ئەسكەرنى تۆمۈر سىجاڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا ئەۋەتىدۇ . ئۇلار ئاچالغا كەلگەندە ، تەرجىمان ئوسمان ئېلى ( قىرغىز ) قىرغىز ئەسكەر- لىرىگە باشچىلىق قىلىپ ئىسيان كۆتۈرۈپ ، چىڭنى ئېتىپ تاشلاپ ، تۆمۈر سىجاڭغا بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ . نەتىجىدە تۆمۈر ئېلى ياڭ چىمىن قوشۇنىنى تارمار قىلىپ ، قەشقەرگە يۈرۈش قىلىدۇ . ياڭ ئەسكەرلىرى چېكىنىپ پەيزىۋاتقا كەلگەندە ، ئۇلارنى دېھقانلار ئۇر كالتەك قىلىدۇ .

1933 - يىلى 3 - ئايدا ، ئوسمان ئېلى باشچىلىقىدىكى قىرغىز ئەسكەرلىرى قەشقەر شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ قەشقەرنى ئىشغال قىلىدۇ . ئوسمان ئېلى ئۆزىنى سىجاڭ دەپ جاكارلايدۇ .

1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تۆمۈر سىجاڭ قوشۇن- لىرى ياڭ چىمىن ئەسكەرلىرىنى تارمار قىلىپ قەشقەر شەھىرىگە كىرىدۇ . مادۇتەي قەشقەر ھاكىمىيىتىنى ۋە دۆلەت خەزىنىسىنى تۆمۈر سىجاڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ . بۇ چاغدا ، ئۈزۈندىن بۇيان تۆمۈر سىجاڭ بىلەن ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلغان تۇڭگان ئەس- كەرلىرىنىڭ قوماندانى مازىخۇيمۇ قەشقەرگە كىرگەن ئىدى . ئۇ ئۆز قىسملىرى بىلەن قەشقەر يېڭىشەھەرگە ، ئوسمان ئېلى قىرغىز قىسملىرى بىلەن يۇمۇلاق شەھەرگە ئورۇنلىشىدۇ . تۆ- مۈر ئېلى ۋالىي مەھكىمىسىگە ئورۇنلىشىدۇ . قەشقەر شەھىرى- دىكى خەنزۇ ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى ۋالىي مەھكىمىسىگە ئو- رۇنلىشىدۇ . تۆمۈر سىجاڭ ئۇلارنى ئۆز ھىمايىسىگە ئالىدۇ . قەشقەردە قان تۆكۈلۈش بولمايدۇ .

تۆمۈر سىجاڭ قەشقەردىكى مىللىي قىسىملارنى رەتلى- گەندىن كېيىن ، يارباغ دەرۋازىسىنىڭ تېشىدىكى تۇمەن دەريا- سىنىڭ بويىدا چوڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ ، ھەربىي كۈرەك ھې- سابىدا مەشرەپ ۋە ئوغلاق تارتىش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرى-

دۇ . مازىخوۋي باشچىلىقىدىكى تۇڭگان قىسىملىرى بۇنى ئۆزلە-
رىگە قارىتىلغان نامايىش دەپ قاراپ بۇنىڭدىن نارازى بولىدۇ ،
شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىدە نورمالسىزلىق يۈز
بېرىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى شا مەنسۇر
( ئابدۇللا بەگ ) باشچىلىقىدا قەشقەرگە كېلىدۇ ۋە بىرلەشمە
ھاكىمىيەت قۇرۇش ھەققىدە تۆمۆر سىجاڭ بىلەن كېڭىشىدۇ .
تۆمۆر سىجاڭ : « مەن يىراقتىن ئۇرۇش قىلىپ كەلدىم » دەپ
ئۆزىگە تەمەننا قىلسا ، شا مەنسۇر تەرەپ ئۇنى كۆزگە ئىلمايدۇ
ۋە « ئوقۇمىغان ھارۋىكەشنىڭ قولىدىن نىمە كېلەتتى ، ئۇ چوڭ
ئىشلارنى قىلالمايدۇ ، شەھەرنى بوشاتسۇن ...... » دېگەن گەپ-
لەرنى تارقىتىدۇ . نەتىجىدە تۆمۆر سىجاڭ شا مەنسۇر قىسىملى-
رىنى قورالسىزلاندۇرۇپ ، ساۋۇت داموللا ، جانىبەك قازى ، شا
مەنسۇر قاتارلىقلارنى قولغا ئالىدۇ . ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىنى بولسا
ئەسىر ھېسابىدا خوتەنگە قايتۇرۇۋېتىدۇ .

بۇ كۈنلەردە خوجىنىياز ھاجى بىلەن ماجۇڭيىڭ ئوتتۇ-
رىسىدا ئىختىلاپ تۇغۇلۇپ ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا توقۇ-
نۇش يۈز بېرىدۇ . خوجىنىياز ھاجىم شېڭ شىسەي بىلەن ئىتتى-
پاق تۈزۈش توغرىسىدا خەت يازىدۇ . خەت گۇچۇڭدىن يېزىل-
غان بولۇپ ، ئۇنى توقسۇنلۇق شىرىۋاخۇن دېگەن كىشى ئېلىپ
كەلگەنىدى . تۆمۆر سىجاڭ : « شېڭ شىسەي ئاكام توختاخۇننى
چاناپ ئۆلتۈرگەن ، ئۇنىڭ بىلەن دوست بولمايمەن ، ماجۇڭيىڭ
مۇسۇلمان ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشماق راۋا بولمايدۇ . مەن بۇ
ئىشقا قوشۇلمايمەن » دەيدۇ .

ئوسمان ئېلى بۇ خەتتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ، تۆ-
مۆر سىجاڭغا « يېڭىشەھەردىكى تۇڭگانلارنىڭ پەيلى بۇزۇق ،
ئۇلارنى قورالسىزلاندۇرايلى » دەيدۇ . تۆمۆر سىجاڭ بۇنىڭغا
قوشۇلمايدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىمۇ
ئىختىلاپ تۇغۇلىدۇ .

بۇ چاغدا تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئاتىسى ئەھمەت ھاجىم ھەرەمدىن قايتىشىدا ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ تۆمۈر سىجاڭغا يازغان خېتىنى ئېلىپ كېلىدۇ. خەتتە: «بىز دوستت بولايلى، 10 ـ 20 مىڭ قورال ياكى ئادەم كۈچى لازىم بولسا بېرەيلى» دېيىلگەن. تۆمۈر سىجاڭ بۇ خەتنى كۆرۈپ: «ناسارالاردىن ياردەم تىلىگىچە ئاللادىن نۇسرەت تىلەيمەن» دەپ بۇ خەتكە ئېتىۋارسىز قارايدۇ.

تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئاتىسى ھەرەمدىن كېلىشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى چوڭ زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، تۆمۈر سىجاڭ، ئۇنىڭ دادىسى باشلىق مۆتىۋەرلەرگە ۋە ھەربىيلەرگە سوۋغا تەقدىم قىلىدۇ ھەم ئىتتىپاق تۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ: «بولشېۋىكلار بۇخارائى شېرىپنى ۋەيران قىلغان تۇرسا بىز قانداقمۇ ئۇلار بىلەن ئىتتىپاق بولىمىز ... » دەپ بۇ تەلەپنىمۇ رەت قىلىدۇ.

بۇ چاغدا ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئوقۇغۇچىلارنى ئادەتتىكى قائىدە بويىچە يېڭىشەھەرگە مازىخۇيغا (ماجەنساڭ) سالام بېرىشكە ئېلىپ چىقىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ: «نىمە ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارنى تۇڭگانلار ئالدىغا ئېلىپ چىقىدۇ» دەپ كايىيدۇ. شۇنىڭ بىلەن قەشقەرنىڭ ئابرويلۇق كىشىلىرى: «تۆمۈر سىجاڭ يارامسىز، بىلىمسىز كىشى ئىكەن، قەشقەرنى بىر ھارۋىكەشكە تاپشۇرۇپ قويدۇق .... » دېگەندەك سۆزلەرنى تارقىتىدۇ. نەتىجىدە، تۆمۈر سىجاڭ ئىتتىپاقداشلارنىڭ ھەممىسىنى چەتكە قېقىپ، ئۆزىنى يېتىم قالدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەنگىلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمەتلىرى، مازىخۇي تۇڭگان قىسىملىرى، قىرغىز ئوسمان ئېلى قىسىملىرى ۋە ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم باشچىلىقىدىكى نوپۇزلۇق كىشىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. ئۇ پەقەت قارا كۈچىگە تايىنىپلا ئىش كۆرمەكچى بولىدۇ، ئەمما تېنەپ قالىدۇ. دەل مۇشۇ پەيتتە، ماجۇڭيىڭ

ئۇنى بىخۇتلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا سىلىقلىق ئۇنۋانىنى بېرىدۇ ۋە سىلىقلىق تامغىسىنى تاپشۇرىدۇ . بىر كۈن تامغا تاپشۇرۇۋېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ ، ئاتلىق ئەسكەرلەر تامغىنى كۆتۈرۈپ شەھەر ئايلىنىدۇ . شۇ كۈندىكى زىياپەتتە تۆمۈر سىجاڭدىن يېڭىلگەن كونا ئەسكەرلەردىن ياڭ چىمىنمۇ بىللە بولىدۇ . شۇنىڭدىن باشلاپ تۆمۈر ئېلى سىلىڭ مەنسىۋى بىلەن بىخارامان ئولتۇرىدۇ . تۇڭگان قىسىملىرى بولسا ئۆز ئىشىغا پۇختا بولىدۇ .

ئوسمان سىجاڭ بولسا يەنىلا تۇڭگانلارنى قورالسىزلاندۇرۇش تەلىپىدە چىڭ تۇرىدۇ . تۆمۈر سىجاڭ بۇنىڭغا قوشۇلمايدۇ ۋە ئوسمان ئېلىغا قەشقەردىكى ھاكىمىيەت تەركىبىدە مەمۇرى ھوقۇق – مەرتىۋە بەرمەيدۇ . ئوسمان ئېلى بۇنىڭدىن رەنجىپ ، تۆمۈر سىجاڭنىڭ بىرقانچە ئەسكىرىنىڭ ئات ۋە قوراللىرىنى بۇلاپ تاغقا قېچىپ كېتىدۇ . ئۇ تاغقا قېچىپ كەتكەندىن كېيىن ، تۆمۈر سىلىڭ مامۇتخان لۇيجاڭ ۋە مازىخۇيغا ئوسمان ئېلىنى قورالسىزلاندۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ . ئەتىسى بۇيرۇقنى ئىجرا قىلمىغان تۇڭگان يوك ۋېنگىننى باشقىلارنىڭ توسقىنىغا قارىماي ئۆلتۈرىدۇ .

1933 - يىلى 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تۆمۈر سىلىڭ ئوسمانىنى قوغلاپ چىققان قىسىملارنىڭ ئارقىسىدىن ماشىنا بىلەن لەڭگەرگە چىققاندا ، توغراق مازار دېگەن يەردە يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرغان 200 دىن ئارتۇق ئاتلىق تۇڭگان ئەسكەرلىرى دەسلەپتە قارشى ئالىدۇ . ئەمما تۆمۈر سىجاڭ ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۇلارغا كايىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، تۇڭگانلار تۆمۈر ئېلى ، زائىر قازاق ، ئىمىن پەلۋان ، ئىبراھىم قارى ، شوپۇر ساۋۇت ئاخۇن قاتارلىق بەش كىشىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ ، تۆمۈر سىلىڭنىڭ بېشىنى كېسىپ قەشقەرگە ئېلىپ كېلىدۇ . تۆمۈر سىجاڭنىڭ قەشقەردىكى ھاياتى ۋە ھوقۇق تۇتقان ۋاقتى ئاران

97 كۈن داۋام قىلىدۇ .

## ئوسمان ( سىجاڭ ) ئىلى

ئوسمان ئىلى قىرغىز ، ئۈلۈغچات ناھىيىسىدىن . ياڭ زېڭشىن ، جىن شۇرېن دەۋرىدە ئەسكەر بولغان . خەنزۇ تىلىنى ياخشى بىلەتتى . ئۇ كۆپ ئۇرۇشقا قاتناشقان ، ئاتلىق ئەسكەر كوماندىرى بولغان .

قۇمۇل قوزغىلىڭى جەنۇبىي شىنجاڭغا تېز كېڭىيىۋاتقان جىددىي پەيتتە كۇچاردا تۇرۇۋاتقان تۆمۈر ئىلى ( تۆمۈر سىجاڭ ) كۇچاردا شايارلىق ھادى ئەلەملەر بىلەن بىرلىشىپ قوزغىلاڭ قىلىپ كۇچارنى ئىشغال قىلىدۇ ۋە ياڭ تۇەنجاڭ ( ياڭ چىمىن ) نى قوغلاپ ئاقسۇدىن ئۆتۈپ مارالبېشى ئەتراپىغا كەلگەندە ، قەشقەر دوتىيى ماشاۋۇ ( ما دوتەي ) تۆمۈر ئىلىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قىرغىزلاردىن 500 نەپەر ئەسكەر ئېلىپ ئۇنىڭغا ئوسمان ئىلىنى كوماندىرلىققا بەلگىلەيدۇ . ئوسمان ئىلى ئۆز يېقىنلىرىدىن ئوراز ، قوشمەت ، توختى قاتارلىق ئوفىتسېرلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، تۆمۈر ئىلىغا ئادەم ئەۋەتىپ ئىتتىپاق تۈزىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن ۋەزىيەت ئېھتىياجى بىلەن تۆمۈر ئىلىنى كۈتمەيلا ، 1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى سەيشەنبە ئەتىگەن سائەت 7 دە ، قەشقەر كونا شەھەرنى قورشىۋالىدۇ ۋە شەھەر سېپىلىنىڭ بۇلاق بېشى تەرىپىنى بۇزۇپ ، ھۇجۇم قىلىپ شەھەرنى ئىشغال قىلىۋالىدۇ . بۇ چاغدا پەرغانىدىن قەشقەرگە قېچىپ كېلىپ پانالانغان باسمىچى سېتىۋالدىجان ، يۈسۈپجان قوربېشى ۋە ئاتۇشلۇق كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭلار قوشۇنىنى باشلاپ ئوسمان ئىلىغا ئەل بولىدۇ .

1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تۆمۈر سىجاڭ ، 11 ـ كۈنى ماجەنساڭ ( ماجۇڭيىڭ قىسمىدىن ) ئەسكىرى بىلەن

قەشقەرگە يېتىپ كېلىدۇ (ئوسمان ئېلى قەشقەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ماشاۋۇنى ئۆلتۈرمىگەنىدى)، ماجەنساڭ قەشقەرگە كېلىپلا دوتەي يامۇلىغا چۈشىدۇ ۋە ئۆزىنى قوماندان ئاتاپ، ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلماقچى بولىدۇ. بۇ چاغدا ئوسمان ئېلى: «زېمىن بىزنىڭ، قەشقەرنى مەن ئىشغال قىلسام، ماجەنساڭ تەييارغا ھەييار بولامدۇ» دەپ ئۇيغۇر – ئۆزبېك قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ ماجەنساڭنى قورالسىزلاندۇرماقچى بولىدۇ. بۇ چاغدا تۆمۈر ئېلى ئارىغا چۈشۈپ ئۇلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويىدۇ. ماجەنساڭ ئاغزىدا ھە دېگەن بىلەن كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلايدۇ. ماجەنساڭ ۋە چەت ئەل كونسۇللىرى يامان غەرەز بىلەن تۆمۈر ئېلى بىلەن ئوسمان ئېلى ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت سالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە گېنېرال تۆمۈر ئېلى 1933 - يىلى 7 - ئايدا نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە ئىتائەت قىلىپ تېلېگرامما يوللايدۇ. جاۋاب تېلېگراممىدا ئوسمان ئېلىنىڭ ئىسمى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئوسمان ئېلى تۆمۈر ئېلىدىن نارازى بولۇپ قەشقەر شەھىرىدىكى بىر قىسىم بايلارنى بۇلاپ تاغقا چىقىپ كېتىدۇ.

تۆمۈر ئېلى 1933 - يىلى 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئوسمان ئېلىنى قايتۇرۇپ كېلىش توغرىسىدا ماجەنساڭ قىسمىغا بۇيرۇق بېرىدۇ ۋە ئارقىدىن ئۆزى چىقىدۇ. تۆمۈر ئېلى قەشقەر شەھىرىدىن ئاتتە كىلومېتىر كېلىدىغان تورغاقلىق مازار دېگەن يەرگە كەلگەندە، ماجەنساڭ قىسىم باشلاپ چىقىپ تۆمۈر ئېلى باشلىق بەش ئادەمنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ بېشىنى كېسىۋالىدۇ ۋە كونا شەھەرنى ئىشغال قىلىپ دوتەي يامۇلىغا ئورۇنلىشىدۇ. تۆمۈر سىلىڭنىڭ بېشىنى سازايى قىلىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئوسمان ئېلى 1933 - يىلى 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۇيغۇر – ئۆزبېك قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ بىرلا ھۇجۇم بىلەن ماجەنساڭدىن كونا شەھەرنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ. ماجەنساڭ دوتەي يامۇلىنىڭ خەزىنىسىدىكى 156 چارەك ئالتۇن، 380 نەچچە مىڭ تىللا، 56

مىڭ دانە يامبۇ ( ھەر بىرى 50 سەرلىك جەمئىي 2 مىليون 800 مىڭ سەر كۈمۈش ) نى ۋە كۆپلىگەن ئۈنچە ـ مەرۋايىت ، بىرىلليانتلارنى ئېلىپ يېڭى شەھەرگە قېچىپ كىرىۋالىدۇ . ئوسمان ئېلى يېڭى شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ . بۇ مۇھاسىرە ئۇرۇشى 156 كۈن داۋام قىلىدۇ . ئۇرۇش ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتكەنلىكتىن ، ماجەنساڭ ئەسىرگە چۈشكەن خەنزۇ ئەسكەرلەردىن پايدىلىنىپ ئۆز كۈچىنى زورايتىۋالىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوسمان ئېلى راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن ، مافۇيۈەن ئەسكەرلىرى قەشقەرگە باستۇرۇپ كېلىپ ماجەنساڭنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ .

ماجەنساڭ قەشقەرنى قايتۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ، 1934 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدە قەشقەر شەھىرىدە قەتلىئام يۈرگۈزۈپ 6000 دىن ئارتۇق بىگۇناھ خەلقنى قىرىپ تاشلايدۇ .

شۇنىڭ بىلەن ئوسمان سىجاڭ يېڭىلىپ تاغقا چىقىپ كېتىدۇ . كېيىن قاقشالدا ھەرىكەت قىلىپ قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ ، ئەمما مەغلۇپ بولۇپ قولغا چۈشۈپ تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلىدۇ .

## ئابدۇللا داموللا

ئابدۇللا داموللا توقسۇنلۇق ، ئۇ 1898 ـ يىلى تۇغۇلغان . ئۇنىڭ دادىسى مۇھەممەت باقى ھاجىم دېھقان ئۆلىما بولۇپ ، ئوغلى ئابدۇللانى توقسۇن ۋە لۈكچۈندىكى خانلىق مەدرىسلەردە ئوقۇتقان . ئابدۇللا قېتىرقېنىپ ئۆگىنىپ « داموللا » لىق ئىرىدشاتنامىسىغا ئېرىشكەن .

ئابدۇللا داموللا 1933 ـ يىلى تۆمۈر سىلىڭ ( تۆمۈر ئېلى ) قەشقەرنى ئىشغال قىلغاندا ، قەشقەردە تۆمۈر سىلىڭ قوشۇنىدا بولغان . كېيىن قەشقەرگە ۋالى بولغان ، كېيىن خوجد

نىياز ھاجىم بىلەن بىللە بولۇپ، خوجىنىياز ھاجى قوشۇنىنىڭ ھەربىي تەمىنات مەسئۇلى بولغان. 1934 - يىلى يۇرتىغا قايتىپ توقسۇندا جامائەت ئىشلىرى بىلەن بولغان. كېيىن شېڭ شىسەينىڭ چاقىرىشى بىلەن ئۇرۇمچىگە كېلىپ ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، 1936 - يىلى ئۆلكىلىك مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان. شۇ كۈنلەردە شېڭ شىسەي ساقچى باشقارمىسىنىڭ پولك دەرىجىلىك ئەمەلدارى سېيىت ھاجى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلىگەن. 1938 - يىلى ئۆلكىلىك تەمىرات نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان. 1940 - يىلى 2 - ئايدا قولغا ئېلىنىپ خوجىنىياز ھاجىلار بىلەن بىللە شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە ئۆلتۈرۈلگەن.

## ھەمدەم بېگى ھاجىم

1931 - يىلدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرىدە 1933 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. ئاشۇ ئىنقىلابنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان ھەمدەم بېگى ھاجىم ئەجدادى توقسۇ (شىڭخا) لىق بولۇپ، ئۇ، 1880 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا توقسۇدا ئىسلام ھاجى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

ھەمدەم بېگى ھاجىمنىڭ ئائىلىسى توغرىسىدا، ئوغلى ھەمدۇمۇۋ ھامىت (بۇ كىشى فىرونزىدا) نىڭ تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلگەندە بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، «ھەمدەم بېگى ھاجىمنىڭ چوڭ بوۋىسى نىياز بېگىم، ئۇنىڭ ئوغلى جارۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى ئىسلام ھاجى بولۇپ ھەمدەم بېگى ھاجى ئىسلام ھاجى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ چوڭ بوۋىسى نىياز بېگىم كۇچاردا راشىدىن خان ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان

مەزگىلدە ھۆكۈمەت خىزمىتىگە ئارىلىشىپ يۇقىرى مەنسەپلەردە بولغان ئىكەن . 1864 ـ يىلدىكى ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن كېيىن ئىلىدا ئەلاخان سۇلتانلىقى قۇرۇلغاندا ، نىياز بېگىم ئالىيار خەزىنىچى دېگەن كىشى بىلەن بىرلىكتە كۇچار ھۆكۈمىتىگە ۋەكىل بولۇپ ئىلىغا بارغان ئىكەن . لېكىن ئۇلار ۋەزىپە ئۆتەپ كۇچارغا قايتىپ كەلگەن چاغدا ، ئىلگىرىكى كۇچار ھۆكۈمىتى ياقۇپبەگ ( بەدۆلەت ) تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇپ تاشلانغان بولغاچقا ، نىياز بېگىم ئۆز يۇرتىغا كېلىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان . ئۇنىڭ ئوغلى جاروپ ، نەۋرىسى ئىسلام ھاجىلارمۇ دادىسى نىياز بېگىم بىلەن بىرگە دېھقانچىلىق قىلىپ ئۆتكەن ، لېكىن ھەمدەم بېگى ھاجى دەۋرىگە كەلگەندە ، ئۇ ، ھۆكۈمەت خىزمىتىگە ئارىلاشقان .

شۇ يىللاردا كۇچادا توقسۇنلۇق قادىر جەڭگى ( خاتۇڭلىك ) دېگەن كىشى تۇڭلۇك ( مەمۇرىي ئىشلار مەسئۇلى ، ئەمەلدار ) ئىدى . شىنجاڭنىڭ باش ۋالىيسى ياڭ زېڭشىن قادىر جەڭگىگە بىر باتاليون ( بىر يىلىك ) مۇسۇلمان ئەسكەر ئېلىش ئىمتىيازىنى بېرىدۇ . قادىر جەڭگى كۇچار ، توقسۇ ، شاياردىن ئەسكەر ئېلىپ چوڭ ئوغلى خوجا ئابدۇللا بەگنى يېڭجاڭ قىلىپ تەيىنلەيدۇ . كۇچاردىن ئەسكەر ئېلىشقا موللا ئاخۇن بېگى ھاجى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچىسى ھەمدەم بېگى ھاجىمۇ قاتنىشىدۇ . مۇشۇ جەرياندا ھەمدەمنىڭ قابىللىقى ، تەدبىرلىك كىشى ئىكەنلىكى كۆزگە كۆرۈنىدۇ ـــ دە ، خوجا ئابدۇللا بېگى ئۇنى ئەسكەرلىككە ئېلىپ ، دەسلەپ پەيجاڭ قىلىپ بەلگىلەيدۇ ...

ئۇزاق ئۆتمەي روسىيەدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇرۇشلۇق ئاق گۋاردىيىچىلەر شىنجاڭ چېگرىسىغە قېچىپ كېلىپ ، ئىلى ۋە چۆچەك رايونلىرىدا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرىدۇ . بۇ چاغدا ياڭ زېڭشىن كۇچاردىكى مۇسۇلمان باتاليونىنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ ئالتاي تەرەپكە ئەۋەتمەكچى

بولىدۇ . بۇ باتالىيون ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۈرۈمچى ــ ئالتاي ئارىلىقىدىكى ئوتتۇن بۇلاقتا ئورۇنلىشىدۇ . كېيىنچە ئالتاينى پاراكەندە قىلىۋاتقان ئاقلار قىزىل ئارمىيە تەرىپىدىن باستۇرۇلۇپ تىنجىتىلىدۇ . بۇ چاغدا ياڭ زېڭشىن ئوتتۇن بۇلاقتا تۇرۇۋاتقان باتالىيوننى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىپ ، سەندۇڭبىدىكى نەن يىڭفاڭ ( هازىرقى ئۈچىنچى دوختۇرخانىنىڭ سەل نېرىراقىدىكى ئورۇن ) دا تۇرغۇزىدۇ . بۇ قوشۇن بۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن يەنە ئەسلى يۇرتى كۇچارغا قايتۇرۇلىدۇ . ئۇلار كۇچا شامالباغدىكى مادۇي لەڭزى ( شامال قەلئەسى ) دەپ ئاتالغان گازارمىدا تۇرىدۇ . بۇ كۈنلەردە ھەمدەم بېگى هاجىم لىيەنجاڭ بولۇپ ئىشلەيدۇ .

1927 ـ يىلى ھەمدەم بېگى هاجى ھەرەمگە بېرىش مەقسىتىدە خىزمەتتىن رۇخسەت سوراپ چىقىپ ، ئاتىسى ئىسلام بىلەن ھەرەمگە بارىدۇ . ئۇلار ھەرەمدىن قايتىپ كەلگەندە ياڭ زېڭشىن ئۆلتۈرۈلۈپ جىن شۇرېن هاكىمىيەت بېشىغا چىققان ئىدى . شىنجاڭ ۋەزىيىتى قاتتىق داۋالغۇش ئىچىدە تۇرماقتا ئىدى . ھەمدەم بېگى هاجى شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن گومىنداڭ ئىشلىرىدىن قول ئۈزۈپ دېھقانچىلىق قىلىدۇ . ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندە ، تويبولدى يېزىسىدا بىر مەھەللە ماجىراسى يۈز بېرىدۇ . ھەمدەم بېگى هاجى بۇ ماجىرانى مۇرەسسە يولى بىلەن خالىسانە ھەل قىلىدۇ . بۇ چاغدا خەلق ئۇنىڭ تەدبىرلىك ، ئىقتىدارلىق كىشى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ خەلق ئۇنى دوبېگلىكىگە سايلايدۇ . شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشى ھەمدەم بېگى هاجى نامى بىلەن كۇچار ئۈچ ناھىيە ( كۇچا ، باي ، توقسۇ ) ئىچىدە مەشھۇر بەگلەردىن بولۇپ قالىدۇ .

1931 ـ يىلى ئەتىيازدا قۇمۇلدا خوجىنىياز هاجىم باشچىلىقىدا قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندا ، جىن شۇرېن گومىنداڭ دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ، جەنۇبىي

شىنجاڭدىن كۆپلەپ ئەسكەر ۋە ئاشلىق، تەمىنات يۆتكەيدۇ.
شۇنىڭ بىلەن قاتناش تۈگۈنى بولغان كۇچار خەلقى ئۇستىدىكى
ئالۋان ـ ياساق ھەددىدىن زىيادە ئېغىرلايدۇ. 1932 ـ يىلغا يەت۔
كەندە ھەرقايسى جايلاردا جىن شۇرېنغا قارشى تەشكىلاتلار قۇ۔
رۇلۇشقا باشلايدۇ. تۇرپاندا قۇرۇلغان تەشكىلاتنىڭ شۆبىسى
بولغان توقسۇن تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى توختى ئېلى كۇچادىكى
تۆمۈر ئېلىنىڭ ئىنىسى بولغاچقا، توقسۇندىكى تەشكىلاتنىڭ بىر
ئۇچى كۇچاغىچە يېتىپ بارىدۇ. دېمەك، بۇ چاغدا كۇچادا،
تۆمۈر ئېلى شاگىۋ، ھەمدەم بېگى ھاجى، ئەخمەتجان لويجاڭ،
نىزامىددىن ئەپەندى، ھادى ئەلەم قاتارلىقلارنى مەركەز قىلغان
ئىنقىلابىي تەشكىلات بارلىققا كېلىدۇ.

كۇچادا مەھپۇزۋاڭ نوپۇزلۇق ۋە مۆتىۋەر ھەربىي
كۈچكە ئىگە بىر ئالاھىدە شەخس بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ تەش۔
كىلاتنىڭ پائالىيىتىدە مەھپۇزۋاڭنىڭ قايسى تەرەپتە تۇرۇشى
بەلگىلىك رول ئوينايتتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئاقسۇ تەرەپتىن قۇمۇلغا
ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر قىسىم ھەربىي قوشۇننىڭ ئادەملىرى تە۔
مىناتنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بەرمىدىڭ، دېگەن بانا بىلەن مەھ۔
پۇزۋاڭنىڭ ئىنىسى مەرەم غوجىنى تۇتۇپ كوچىغا سۆرەپ چىق۔
قىپ، قاتتىق ئۇرۇپ دۇمبالاپ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاس قالىدۇ.
بۇ خورلۇق ئۇنىڭ يۇرت ئىچىدىكى ئەنئەنىۋى ئابرويىنى ئاياق
ئاستى قىلىدۇ، بۇ ئىشنى بەك ئېغىر ئالغان مەھپۇزۋاڭ ھۆكۈ۔
مەتكە بولغان مايىل بولۇشتىن قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا مايىل
بولۇشقا ئۆزگىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۇچادا كېتىۋاتقان ئىنقىلا۔
بىي ھەرىكەتلەرمۇ مەھپۇزۋاڭنىڭ ھېسداشلىقىغا مۇيەسسەر بو۔
لىدۇ. ئۇ، كۆرۈنۈشتە بىتەرەپ ھالەتتە تۇرغان بىلەن ئەمەلىيەتتە
قوزغىلاڭ تەرەپتە تۇرىدۇ؛ مەھپۇزۋاڭنىڭ قوزغىلاڭچىلار تە۔
رەپتە تۇرۇشى قوزغىلاڭچىلارغا ئوڭۇشلۇق شارائىت يارىتىپ

بېرىدۇ . شۇ مەزگىلدە ھۆكۈمەت كۇچا قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باشلىقى تۆمۈر ئېلىنى خەۋپلىك ئۇنسۇر دەپ قولغا ئېلىپ قامايدۇ . مەھپۇزۋاڭ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەت ئالدىدىكى ئىناۋىتىنى ئىشقا سېلىپ ئۇنى تىلەپ تۈرمىدىن ئېلىپ چىقىدۇ .

1932 - يىلى كۈزدە تۇرپان قوزغىلىڭى پارتلىدى . بۇنىڭغا ياندىشىپ توقسۇندا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ جەنۇپقا قاراپ ئىلگىرىلىدى . ئۇلار قارا شەھەر ، كورلىلارنى ئىشغال قىلغان كۈنلەردە ، كۇچادىن تۆمۈر ئېلى ، ھەمدەم بېگى ھاجى بىر توپ كىشىلەرنى باشلاپ كورلىغا قاراپ يولغا چىقىدۇ .بىراق ، ئۇلار كورلىغا يېتىپ بارغىچە توقسۇن ئىنقىلابچىلىرى كورلىنى تاشلاپ تۇرپان تەرەپكە قايتىپ كېتىدۇ ۋە توقسۇن قوزغىلاڭچىلىرى باشلىقى توختى ئېلى لۈيجاڭ ، ئاكىسى تۆمۈر ئېلىنى تۇەنجاڭلىققا تەيىنلەپ جەنۇپقا قاراپ ئىلگىرىلەشكە بۇيرۇق بېرىدۇ . تۆمۈر ئېلى قاتارلىقلار چېدىردىن كۇچارغا قايتىدۇ .

بۇ چاغدا كۇچاردىكى ھۆكۈمەت شەھەر سېپىلىنى تاقاپ مۇداپىئە قىلىپ تۇرىدۇ . كۇچار قوزغىلاڭچىلىرى ياقىغا يېتىپ كەلگەندە ، كۇچاردىكى ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەت كۇچارلىق مەھەممەت ئىمىن شىياڭزۇڭ ، ئابدۇرۇسۇل ھاجى قاتارلىق بىر توپ كىشىلەرنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىپ تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ . قوزغىلاڭچىلار بۇ ھىيلە ـ مىكىرگە ئالدانماي كېچىلەپ باستۇرۇپ بېرىپ شامال باغقا بارگاھ قۇرىدۇ .

كۇچارنى ئىشغال قىلىشتا ھەمدەم بېگى ھاجى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى ئىلگىرى ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەن كىشىلەرنى توپلاپ كۈچلۈك بىر قوشۇن تەشكىللەپ جەڭگە قاتنىشىدۇ . دەرۋازىغا ئوت قويۇش ۋە شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىش ھۇجۇملىرىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنلايدۇ . كۇچار ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن ، پىدائى قوشۇنلارنى تەرتىپكە سېلىش ، ھەربىي مەشق

ئىشلىرىدىمۇ ھەمدەم بېگى ھاجى بەلگىلىك رول ئوينايدۇ ۋە ئەسكىرى قىسىملارغا بەن ( ئونلۇق ) ، ئوتتۇزلۇق ( پەي ) ، يۈزلۈك ( لىيەن ) بۆلۈنمىلەرگە ئايرىپ تەشكىللەشتىمۇ كۈچ كۆرسىتىدۇ . كېيىن ئاقسۇغا ماڭغاندا ئۆزىمۇ يۈز كىشىلىك قوشۇنغا باش بولۇپ تۆمۈر ئېلى بىلەن ماڭىدۇ . ھەمدەم بېگى ھاجى بىلەن ماڭغان قوزغىلاڭچىلار باي ناھىيىسىنىڭ ياقا ئېرىق رايونىدا بىر قېتىم جەڭ قىلىپ ئاقسۇنى ئىشغال قىلىدۇ .

خېلى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ھەربىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ھەمدەم بېگى ھاجى ھەربىي ئىلىمدە ئىستېداتلىق ئەرباب ئىدى . ئۇ قوماندانلىق قىلغانلىكى جەڭ غەلىبىگە ئېرىشمەي قالمايتتى . شۇڭا ، ھەممە كىشى ئۇنىڭغا قايىل ئىدى . ھەربىي ۋە خەلقلەر شۇ زاماندا ئۇنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ قوشاقلار قوشۇشقان ئىدى :

قۇمۇلدىن چىقتى خوجام نىزاجى ،
كۇچاردىن چىقتى ھەمدەم بېگى ھاجى .
ئۇرۇشقا كىرسە ھەمدەم بېگى ھاجى ،
قالمايدۇ ياۋنىڭ ھېچبىر ئىلاجى .

تۆمۈر سىجاڭ قەشقەردە سۇيقەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ قوشۇنى بىلەن يېڭى شەھەردىكى ماجەنساڭ قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلايدۇ . بۇ ئۇرۇش ئاۋغۇستىنىڭ ئاخىرىدىن دېكابىرنىڭ باشلىرىغىچە داۋام قىلىدۇ . ساۋۇت داموللا مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، سىتىۋالدىجان پولكى بىلەن ئوسمان ئېلى قىسمىغا تايىنىپ « شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى » نى قۇرۇپ ، ھەمدەم بېگى ھاجى قاتارلىقلارنى چەتكە قاقىدۇ . ھەمدەم بېگى ھاجى ۋە ئەخمەتجان لۈيجاڭلار تەكلىماكان ئارقىلىق ئاقسۇ تەرەپكە مېڭىپ خوجىنىياز ھاجىمنىڭ قېشىغا بارىدۇ . ئۇ ھەمدەم بېگى ھاجى لۈيجاڭ ، ماموتخان

لۈيجاڭ ، ئەخمەتجان لۈيجاڭ ، ھاپىز لۈيجاڭ ، توختى لۈيجاڭ قاتارلىق كىشىلەرنى ئۆز قىسمىغا قوبۇل قىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشىلەر خوجىنىياز ھاجىمغا تەۋە بولۇپ ، ئىككىنچى قېتىم قەشقەرگە بېرىپ قەشقەردە مۇھاسىرىدە ياتقان ماجەنساڭ ( ماجۇڭيىڭ ) قىسمىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بارىدۇ .

1934 - يىلى كۈزدە خوجىنىياز ھاجىم شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ ئاقسۇدىن ئۈرۈمچىگە كەلگەندە ، ھەمدەم بېگى ھاجى مەھمۇت سىجاڭ تەۋەلىكىدە قەشقەردە قالىدۇ . شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى قوشۇنلارنى تەرتىپكە سالغاندا قىسىملارنى 6 - دىۋىزىيە قىلىپ ئۆزگەرتىپ ، دىۋىزىيە قوماندانلىقىغا مەھمۇت سىجاڭنى بەلگىلىدى . ئاندىن قەدەممۇ - قەدەم بۇ دىۋىزىيىنىڭ كۈچىنى شىلىپ ئاجىزلىتىشقا باشلىدى . مۇستەقىل قىرغىز پولكى ( ئوسمان ئېلى قىسمى ) ۋە ئۆزبېك پولكى ( يۈسۈپجان ، سىتىۋالدىجان پولكى ) قاتارلىق قوشۇنلارنى قورالسىزلاندۇرۇپ ئادەملەرنى تارقىتىۋەتتى . جۈملىدىن ھەمدەم بېگى ھاجى ، ئەخمەتجان ، توختى لۈيجاڭ قاتارلىقلارنىمۇ « تەلىم - تەربىيە ئالىدۇ » دېگەن نام بىلەن ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ ئۇلارنى نەزەربەنت قىلدى .

ھەمدەم بېگى ھاجى ، توختى لۈيجاڭ قاتارلىقلار بىر مەزگىل ئۈرۈمچى روزى ھاجىم مەسچىتى ئەتراپىدىكى بىر قورودا نەزەربەنت ئاستىدا تۇرغاندىن كېيىن 1938 - يىلى 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىدۇ ۋە بىرىنچى تۈركۈمدىكى قىرغىندا نابۇت قىلىنىدۇ . ئەپسۇسكى ، ئۇنىڭ جەسىتىنىڭ قايسى يەرگە تاشلانغانلىقى بىزگە نامەلۇم .

## ئەمەت تۈەنجاڭ ( ئەمەت مەخسۇم )

ئەمەت مەخسۇم 1903 - يىلى 10 - ئايدا توقسۇندا دىنى

ئۆلىما مەخسۇم ئاخۇنۇم ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . كونا مەكتەپتە ئوقۇپ خەت ــ ساۋاتلىق بولغان .

1933 - يىلى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى شەرقىي شىنجاڭدىن شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭغا كېڭەيگەن چىغدىكى پەيتتە ، شېڭ شىسەينىڭ قوماندانلىرىدىن ياڭ فامىلىلىك شىۋە قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنقى يوق 1100 ئەر كىشىنى ئائىلىسىدىن ئالداپ ئېلىپ چىقىپ توخسۇندىكى بىر قوروغا سولاپ ، قىلىچ بىلەن چاناپ ئۆلتۈرۈۋەتتىدۇ . بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەمەتخان مەخسۇمنىڭ دادىسىمۇ بار ئىكەن . ئۇ بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەن دادىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىش مەقسىتىدە ، قولىغا پالتا ئېلىپ ئىنقىلابقا قاتناشقان . ئىنقىلاب جەريانىدا قەدەممۇ قەدەم ئۆسۈپ تۇەنجاڭ بولغان . 1934 ــ 1935 - يىللىرى شېڭ شىسەينىڭ بۇيرۇقى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ــ ئوتتۇرا ئاسىيا ھەربىي ئوفىتسېرلار ئىنىستىتوتىدا ئوقۇغان . قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قەشقەردىكى 52 ــ پولكنىڭ تۇەنجاڭى بولغان . ئەمەت تۇەنجاڭ ئەسلىدە مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن بولىسىمۇ ، سوۋېتتە ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن ، شېڭ شىسەينىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قېشىدا كۆز ــ قۇلاق بولۇپ تۇرغان . 1940 - يىلى ، ئۇ قەشقەردىكى ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ئارقىلىق جاڭ جېيشى بىلەن بىرلىشىش توغرىسىدا مەركەزگە يوللىغان مەخسۇس تېلېگراممىنى قولىغا چۈشۈرۈپ ، شېڭ شىسەيگە مەلۇم قىلغان .

شېڭ شىسەي ئەمەت تۇەنجاڭغا ئۇلارنى قولغا ئېلىپ ، ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇغان . ئۇ بۇيرۇقنى بىنائەن يولغا چىقىپ ، مارالبېشىغا كەلگەندە ، ئۇنىڭ ئاتلىق پولكىنى ئۆزگەرتىپ پىيادە پولكقا تەشكىللەش ھەققىدىكى بۇيرۇقنى تاپشۇرۇپ ئالغان ۋە دەرھال چىڭخەي ــ شىنجاڭ تاش يولىنى ياساشقا ئەۋەتىلگەن . ئەمەت تۇەنجاڭ قاراشەھەرگە كەلگەندە ، دەرھال

قورالسىزلاندۇرۇلۇپ، پۇتىغا كىشەن، قولىغا كويزا سېلىپ ئۇ-رۇمچىگە ئېلىپ كېلىپ تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلگەن.

## شەرىپقان تۆرە

شەرىپقان تۆرە 1900 - يىلى ئالتاي قىران دەرياسى بويىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ 4 - بوۋىسى كۆگەداي ئالتاي قازاقلىرى-نىڭ تۇنجىسى بولۇپ 1791 - يىلى بېيجىڭغا بېرىپ چەنلۇڭ خاننى تاۋاپ قىلىپ، جىڭ گۇگۇڭلۇق مەنسىپىگە ئېرىشكەن. ئۆز دادىسى جىڭىسقان ئاتا - بوۋىسىغا ۋارىسلىق قىلىپ جىڭ-گوگوڭ بولغان. جىڭىسقاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئەلەن جۇنۋاڭلىق مەنسىپىگە ئىگە بولغان. شەرىپقان ئەلەن جونۋاڭ بىلەن ئاتا بىر، ئانا باشقا بولغانلىقى، ئانا تەرەپ ئاق سۆڭەك بولمىغانلىقى ئۈچۈن مەنسەپكە ئېرىشەلمىگەن، بەلكى سەككىز ياشقىچە قوي باققان.

شەرىپقان كىچىكىدىن ئىلىمغا ھېرىسمەن ئىدى. ئۇ بىر تاتار كىشىدىن رۇس تىلىنى ئۆگىنىدۇ.

1920 - يىلى، ئۇ روسىيىگە ئوقۇشقا بارغان بولسىمۇ، ئەمما ئاق سۆڭەك دەپ ئوقۇشقا ئالمايدۇ. شەرىپقان روسىيىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 1922 - يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ياڭ زېڭشىن ئاچقان موڭغۇل، قازاق مەكتىپىدە ئوقۇيدۇ. شەرىپقان بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ 1927 - يىلى بورۇلتوقايغا ھاكىم بولىدۇ. 1928 - يىلدىن باشلاپ ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتىگە قارشى ھەرىكەت باشلايدۇ. 1930 - يىلى جىن شۇرېن شەرىپقاننى ئۈرۈمچىگە چا-قىرىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى قىلىپ بېكىتىدۇ.

شەرىپقان شۇ كۈنلەردە جىمنەيدە سوۋېت سودا باش-قارمىسى بىلەن سودا كېلىشىمى تۈزىدۇ. 1933 - يىلدىن باشلاپ ئالتايدا مەدەنى مائارىپنى يولغا قويۇپ مەكتەپ سالىدۇ. مەكتەپكە

كېلىپ 12 نەپەر تېخنىك يېتىشتۈرۈپ گېزىت ـ ژۇرنال چىقى-
رىدۇ . كىنو ئاپپاراتى ئېلىپ كېلىدۇ . ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىدىن
ماجى ، ماخەيىڭلار ئالتايغا بېسىپ كىرگەندە ، قوشۇن تەشكىل
قىلىپ ئۇلارنى قوغلاپ ، ئالتاينىڭ ئامانلىقىنى ساقلايدۇ . كېيىن
شېڭ شىسەي شەرىپقاننى ئالتاي ۋالىيسى ، قوشۇمچە گارنىزون
قوماندانى قىلىپ ئۆستۈرىدۇ .

1939 ـ يىلى 10 ـ ئايدا شېڭ شىسەي ئۇنى ئۈچ مىللەت
قۇرۇلتىيىغا تەكلىپ قىلىپ ئۈرۈمچىگە چاقىرتىدۇ ۋە يىغىندىن
كېيىن ئۇنى ئالتايغا قايتۇرماي 1940 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى
قولغا ئېلىپ 1942 ـ يىلى تۈرمىدە ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ . ئۇنىڭ جە-
سىتى 1947 ـ يىلى تېپىلىپ ئۈرۈمچى شامال باغ قەبرىستانلىقىغا
قويۇلىدۇ . كېيىن 1990 ـ يىللاردا كىشىلەر ئۇنىڭ جەسىتىنى
يۆتكەپ ئالتايغا ئېلىپ كېتىپ دەپنە قىلىدۇ .

## باي سىجاڭ

باي سىجاڭ ( ئىسمائىل قاسىم ھاجى ) 1870 ـ يىلى ئاقسۇ
كوناشەھەرنىڭ بوزدۆڭ كەنتىدە چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇل-
غان . ئۇنىڭ دادىسى قاسىم ھاجىم دىيانەتلىك ، ئەمگەك سۆيەر
كىشى بولۇپ ، يازدا يايلاقتا ، قىشتا قىشلاقتا چارۋا باققۇچىلىرى
بىلەن بىللە تۇراتتى . شۇڭا ئۇنىڭ چارۋا باققۇچىلىرىمۇ خوجا-
يىنغا ساداقەتمەنىدى . قاسىم ھاجى چارۋىچىلىقتا تېز بېيىغاندىن
كېيىن كارۋانچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللاندى . ئوغلى ئىسمائىل ئا-
خۇن ( باي سىجاڭ ) دادىسىدەك گەۋدىلىك ساغلام بەدەن ۋە
ئەقىللىق بولۇپ يېتىشتى ، ئۇ پولگان بولۇپ ، كىشىلەر ئارىسىدا
« ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشقاچنى بىر قولىدا مىلتىق ئېتىپ سوقۇۋې-
تىدۇ » دېگەن گەپلەر تارقالغان ئىدى . ئىسمائىل ئاخۇن ئۆز
كارۋانلىرى بىلەن ئىلگىمۇ بىر قانچە قېتىم باردى ۋە كارۋانلارغا

شاگىۋ بولدى . كېيىنرەك پۈتۈن تاغ رايونىنىڭ شاگىۋسى بو-
لۇپ « باي شاگىۋ » دەپ ئاتالدى .
باي شاگىۋ 1932 ـ يىلى ئاقسۇ تارىخىدا بىرىنچى بولۇپ
ناھىيە بازىرىنىڭ غەرب تەرىپىدە « تۆمۈر غازى ئاتا » ناملىق
يىڭىچە مەكتەپ تەسىس قىلدى . بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش
ئۈسكۈنىلىرى تولۇق ، تەنتەربىيە سايمانلىرى مۇكەممەل ئىدى ،
مەكتەپنىڭ دەسلەپكى مۇدىرى خوتەنلىك نۇرمەھەممەت ئىبلى
دېگەن كىشى ئىدى . كېيىن كىشىلەر بۇ مەكتەپنى باي شاگىۋ-
نىڭ نامىدا « مەكتىپى ئىسمائىلىيە » دەپ ئاتاشتى . « مەكتىپى
ئىسمائىلىيە » 1937 ـ يىلى ھۆكۈمەت تەمىناتىدىكى مەركىزىي
مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى . 1946 ـ يىلى ئاقسۇ مائارىپىنىڭ بىردىن-
بىر بۆشۈكى بولغان ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن ئەنە شۇ
« مەكتىپى ئىسمائىلىيە » ئاساسىدا قۇرۇلغان ۋە تاكى 1973 ـ
يىلغىچە 27 يىل تەگرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا مەرىپەت
ئۇرۇقىنى چاچتى . 1973 ـ يىلدىن باشلاپ ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا
مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى .
1933 ـ يىلى ، تۆمۈر تۇەنجاڭ ئاقسۇغا كەلگەندە باي
شاگىۋنىڭ سارىيىدا بىر ھەپتىدەك تۇرۇپ ، ناھىيە بازىرىدىكى
جازانىخورلار ، گۇرۇھكەشلەر ۋە زىناخورلارنى جازالاپ ، قەش-
قەرگە مېڭىش ۋاقتىدا باي شاگىۋنى تۇەنجاڭلىققا تەيىنلىدى .
باي تۇەنجاڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن يېتىم قالغان خەنزۇ باللىرىدىن
بىر قىز ، ئۈچ ئوغۇلنى بېقىۋالدى . بۇ باللار باي تۇەنجاڭنىڭ
كۆيۈمچانلىقى بىلەن ياخشى تەربىيە ئېلىپ ، ئەقىللىق ۋە ساغلام
چوڭ بولۇپ ئۇيغۇرلار بىلەن توي قىلدى . ئۇلارنىڭ كېيىنكى
ئەۋلادلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلاشتى . ھازىر بۇ جەمەتنىڭ ئا-
دەم سانى 100 دىن ئاشىدۇ .
باي تۇەنجاڭ خوجىنىياز ھاجىم باشچىلىقىدىكى مەس-
لەكداشلىرىغا سادىق بولۇپ ، 1933 ـ يىلى كۆزدە رەقىبى مالۇي-

جاڭنىڭ سۈيقەستىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن ( مالۇيجاڭ باي تۇەنجاڭنى « زىياپەت » چاقىرىش ھىلىسىدىن پايدىلىنىپ يو- قاتماقچى بولىدۇ . ئۇ باي تۇەنجاڭنى ئاقسۇغا زىياپەتكە تەكلىپ قىلىپ باغاق كىرگۈزىدۇ . باغاچ ئەكىلىپ بەرگۈچى كىشى باي تۇەنجاڭغا بۇ « زىياپەت » نىڭ ماھىيىتىنى ئېيتىپ قويىدۇ . باي تۇەنجاڭمۇ مالۇيجاڭ ئۇچۇن « زىياپەت » تەييارلاپ مالۇيجاڭنى ئالدى بىلەن « زىياپەت » كە تەكلىپ قىلىدۇ . ما لۇيجاڭ ئە- شەنچىلىك ئادەملىرى بىلەن ئاقسۇدىن چىقىدۇ . « زىياپەت » ئاخۇنباينىڭ ئاشخانىسىنىڭ 2 - قەۋىتىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ . سۆھ- بەت « زىياپەت » داۋامىدا ما لۇيجاڭنى ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى قورالسىزلاندۇرۇپ ، ما لۇيجاڭنىڭ لۇيجاڭلىق ھوقۇقىنى بىكار قىلىدۇ ) ئۆزى لۇيجاڭ بولىدۇ . بۇ ئىش ئاقسۇ ۋە ئاقسۇ كونا شەھەرنى زىل - زىلىگە كەلتۈردى . ئەپسۇسكى ، باي تۇەنجاڭ مالۇيجاڭنى ئەسىرگە ئېلىپ ، لۇيجاڭلىق ۋەزىپىسى تەبرىكلە- نىۋاتقان كۈنى تۆمۈر سىجاڭ قەشقەردە مازىخۇي ( ماجەنساڭ ) تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى .

باي تۇەنجاڭ ئەسىرگە ئالغان مالۇيجاڭنى ۋە ئۇنىڭ ئا- تارمەن - چاپارمەنلىرىنى قوشۇپ ئاقسۇدىكى ئىنقىلابنىڭ ئول- جىسى سۈپىتىدە كۇچارغا ئاپىرىپ خوجىنىياز ھاجىمغا تاپشۇ- رىدۇ . خوجىنىياز ھاجىم باي لۇيجاڭنىڭ كۆرسەتكەن خىزمە- تىنى ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىپ ، مالۇيجاڭغا ئۆلۈم جازاسى بې- رىپ ، باي لۇيجاڭغا سىجاڭلىق ئۇنۋانى بېرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن باي سىجاڭغا ئاقسۇ تەۋەسىدىكى 12 تۈەن قارايدۇ . باي سىجاڭ ئاقسۇ دائىرىسىدە بىردىنبىر ئاتاقلىق گېنېرال بولۇپ قالىدۇ .

خوجىنىياز ھاجىم قوشۇنى بىلەن ماخۇسەن ، ماجۇڭيىڭ قوشۇنى ئوتتۇرىسىدىكى ئولجا تەقسىم قىلىش جەريانىدا شەكىل- لەنگەن قورساق ئۇرۇشلىرى ، 1934 - يىلىدىكى زىددىيەت ، نىزالارنى ئۆزى ئۇچۇن غەنىمەت بىلگەن شېڭ شىسەي تو-

پىلاڭىدىن توغاچ ئوغرىلاشقا تەييارلىنىدۇ. ئاخىرقى كۈنلەردە ھەقىقەتەن، ئىنقىلاب سەركەردىلىرىنىڭ تەقدىرى، سوقۇشۇپ ھالىدىن كەتكەندە ئىنقىلاب مېۋىسى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئوغۇرلاپ كېتىلدى.

1934 - يىلى قىشتا كورلىدىن خوجىنىياز ھاجى قوغلاپ كېلىۋاتقان مافۇيۇەن قوشۇنى باي چېگرىسىدىن ئۆتكەندە، باي سىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى خوجىنىياز ھاجىم ۋە مەھمۇت سىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ، قارايۇلغۇنغا ئۇلارغا توساپ زەربە بېرىشكە بارىدۇ. بۇلار قارايۇلغۇندا مۇستەھكەم پوزىتسىيە تۈزۈپ تۇرغاندا مافۇيۇەن قوشۇنلىرى يېقىنلاپ كېلىدۇ. خوجىنىياز ھاجىم باي سىجاڭغا: « سىز ئاۋۇ دۆڭگە چىقىپ دۈشمەن ئەھۋالىنى كۈزىتىپ بېقىڭ » دەيدۇ. باي سىجاڭ دۆڭگە چىقىپ دۇربۇن بىلەن باي تەرەپكە قاراۋاتقاندا بىر پاي ئوق ئۇنىڭ ئوڭ يانپىشىنى چېقىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ ئوق ئۇنىڭ مەسلەكداشلىرىنىڭ قورسىقىدا پەيدا بولغان جىننىڭ ئاشكارىلىنىشى ئىدى. ئوق كەلگەن تەرەپتە باي سىجاڭنىڭ كۈيئوغلى ئابدۇكېرىم بوجاڭ بار ئىدى. باي سىجاڭ يىقىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىدىن پالۋان بەنجاڭ ( مەمتاۋلا ئىبراھىم، سىجاڭنىڭ تاغىلىق يۇرتدىشى ئىدى ) سىجاڭنى ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ جامغا ماڭماقچى بولغاندا، ئابدۇكېرىم بوجاڭ ئاچچىقلاپ، « ھەي ھارام تاماق، تاشلا ئاتاڭنىڭ ئۆلۈكىنى، ھېلى جېنىڭنى ئالىمەن! » دەپ قورال تەڭلەيدۇ. پالۋان بەنجاڭ ئامالسىزلىقتىن كۆز يېشى قىلىپ سىجاڭنى ئاتتىن چۈشۈرىدۇ. ئابدۇكېرىم بوجاڭ باي سىجاڭنىڭ نىداسىغا قارىماي، بۆرە تېرە جۇۋىسىنى سالدۇرۇۋېلىپ، سىجاڭنى قارنىڭ ئۈستىگە يۇمۇلتىۋېتىدۇ. بۇ ۋەقەدىن كېيىن خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ئەسكەرلىرى باي سىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قولىدىكى قوراللىرىنى، يۈگۈرۈك ئاتلىرىنى تارتىپ ئېلىشقا كىرىشكەندە مافۇيۇەن قوشۇنلىرى يېتىپ

كېلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجىم قوشۇنلىرى يېڭىلىپ چېكىنىدۇ . باي سىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى سەركەردىسىدىن ئاي-رىلىپ بېشى قايغان تەرەپكە يول ئالىدۇ . مەنسۇر باشچىلىقىدىكى قىرغىز ئەسكەرلىرى تاغ تەرەپكە قاراپ كېتىشىدۇ . باي سىجاڭ-نىڭ مەسلەكداشلىرىنىڭ قورسىقىغا « جىن » پەيدا قىلغان مانا بۇ خىللانغان قوشۇن ، باي سىجاڭنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىشى بىلەن تۇزغاقتەك توزۇپ كېتىدۇ . خوجىنىياز ھاجىم ئاقسۇغا چېكىنىپ ئۇچتۇرپان ئارقىلىق قەشقەرگە ماڭىدۇ .

باي سىجاڭنىڭ قار ئۇستىدە مۇزلاپ شېھىت بولغانلىقىنى ئاڭلىغان دادىسى قاسىم ھاجىم قىرغىز چارۋىچىسى ئاسانئالى قا-تارلىقلار بىلەن ئۈچ كۈندە جەسەتنى تېپىپ تۇغۇلغان يۇرتى بۆزدۆڭگە ئاپىرىپ دەپنە قىلىدۇ .

## بەشىنچى باب

### يىجاڭ روزى هاجىم

روزى هاجىمنىڭ ئەسلى ئاتا يۇرتى قەشقەر توققۇزاق بولۇپ ، دادىسى نەۋرىبايىنىڭ جەمئىيەتكە ئارىلاشقان يىللىرى دەل ئىغىر زۇلۇم ـ كۆلپەتكە ئۇچراپ كەلگەن جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقى ، تەيپىڭ ـ تيەنگو ئىنقىلابىي ۋە شەنشى گەنسۇدا پارتلىغان خۇيزۇ خەلق قوزغىلىڭىنىڭ تۈرتكىسىدە كەينى ـ كەينىدىن قوزغىلىپ چىڭ سۇلالىسى ئىستىبداتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قولچوماقلىرى بولغان يەرلىك ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە قارشى كۆرەشكە ئاتلانغان مەزگىللەر ئىدى . نەۋرىباي 1854 - يىلدىكى قەشقەر خان ئېرىق دېھقانلىرىنىڭ قوزغىلىڭى ۋە 1856 - يىلى مەمتىلى رەھبەرلىك قىلغان ئاتۇش مىس كاندىكى يانچىلارنىڭ قوزغىلىڭىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن . بۇ ئىككى قېتىملىق قوزغىلاڭ چىڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتى ۋە يەرلىك فېئودال كۈچلەرنىڭ بىرلىشىپ باستۇرۇشى بىلەن زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى مىڭلىغان ، ئون مىڭلىغان دېھقانلار پاجىئەلىك باستۇرۇلغان . بۇ هال ئادالەتپەرۋەر نەۋرىبايغا قاتتىق تەسىر قىلغانلىقتىن ئۇ ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ هەر قايسى جايلىرىنى كېزىپ ، تەخمىنەن 1860 - يىللىرى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ ، كىچىك كەسپىي تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ جاھاندارچىلىق قىلغان . ئۇ كۆڭۈل قويۇپ جاپاغا چىداپ ئىشلەپ ، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سودا تەرەققىياتى ياخشى بولۇپ هاللىنىدۇ . ئۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئۈرۈمچى كونا ئايرودروم ئەتراپىدا ئەسرلەپ قاغجىراپ ياتقان بوز يەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ

دېھقانچىلىق قىلىدۇ. دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ قوشۇمچە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بـارا ـ بارا تىجارەت، چارۋا ۋە ئاساسەن دېھقانچىلىق كىرىمى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى نوپۇزلۇق زەردار كىشىلەردىن بولۇپ قالـ ـدۇ.

ئۇ يىـللاردا ئۈرۈمچىدە 30 ــ 40 مىڭدەك ئاھالە بولۇپ، شەھەر ئىچىدە ئولتۇراقلاشقانلارنىڭ مۇتلـەق كـۆپ قىسمـى مـانجۇ ــ خەنزۇ ئەمەلدارلار، مانجۇ، خەنزۇ زەردارلار، باي سوـ دىـگەرلەر ۋە بىرقىسىم مانجۇ، خەنزۇ قول ھۈنەرۋەن، سەيچى دېـھقانلار ئىدى. ئۈرۈمچى نوپۇسىنىڭ 60% تىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاھالە شەھەر سىرتىغا يەنى ھازىرقى نەنمىن سىرتىدىن دۆڭ كۆۋرۈككىچە، سايباغ، چوڭ كۆۋرۈك ئەتراپىغا جايلاشقان ئىدى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇششاق تىجارەت، ھـۈنەر كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەمگەكچىلەر، يەنە بىر قىسمى، ئەمگەك كۈچىنى سېتىپ كۈن كەچۈرىدىغان كەمبەـ غەللەر ئىدى. ئۇلار باي ــ پومېشىكلارغا كۈنلۈكچى بولۇپ ئىشـ لەيتتى ياكى خاڭلاردا ئىشلەيتتى. ئۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي تۈـ زۈم ــ فېئودال ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمى بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقى يـەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ زۇلۇمىغا ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىشىغا ئۇچراشتىن تاشقىرى يەنە ئۆز مىللىتى ئىچىدىن چىققان فېئودال ئاقساقاللارنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇناتتى. نەۋرى باي بولسا مۇتـ لـەق كۆپ سانىنى تەشكىل قىلغان ئېزىلگۈچى خەلق تەرىپىدە تۇرغان ئاقساقاللاردىن بىرى ئىدى.

نەۋرىباي ۋەتەنپەرۋەر، ئادالەتپەرۋەر، ئەقىل ــ ئىدرەكـ لىك، ئۆتكۈر سۆزلۈك كىشى بولۇپ، ھۆكۈمەت ۋە خەلق ئىـ چىدە يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ ئوغلى روزى ھاجىم 1870 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. ئوقۇش يېشىدىن بۇرۇن ئاـ ئىلە تەربىيىسى ئېلىپ، ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە كونا مەكتەپتە

ئوقۇغان ھەم بالاغەتكە يەتكىچە بولغان ئارىلىقتا دادىسىغا ئەگى-
شىپ تىجارەت يوللىرىنى ئۆگەنگەن.

روزى ھاجىم كىچىككىدىنلا زېرەك، سېزىمچان، ئۇچرات-
قان ھادىسە ـ ۋەقەلەرنىڭ سىرىنى ۋە سەۋەبلىرىنى بىلىشكە قى-
زىقىدىغان، بىلمىگەننى سوراپ بىلىشتىن تارتىنمايدىغان كىشى
ئىدى. ئۇ، ئەينى زامانلاردا دادىسى قاتناشقان ھەرقانداق ئىج-
تىمائىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا بىللە بولغان، جۈملىدىن ئۇ
سورۇنلاردا بولىدىغان تارىخ، ئەدەبىيات، دىن ۋە ئىجتىمائىي
تۇرمۇش پاراڭلىرى، ھېكايە، چۆچەك قاتارلىقلارنى، بولۇپمۇ
ۋەزىيەت ھەققىدىكى پاراڭلارنى قىزىقىپ ئاڭلايتتى. كىشىنى
ھەيران قالدۇرىدىغىنى، مەيلى قانداق سورۇن بولۇشىدىن قەتى-
ئىي نەزەر پېشقەدەملەر ئوتتۇرىسىدىكى پاراڭلاردىكى بەزى ئې-
نىقسىز مەسىلىلەرگە قارىتا دەرھال نىمە ئۈچۈن؟ دېگەن سو-
ئاللارنى قويۇپ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇراتتى.

روزى ھاجىم ئۆرۈمچىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكى ئۈچۈن،
دائىم مانجۇ ئاقسۆڭەك تۆرىلەر ھەر قېتىم يامۇلدىن ياكى شەھەر
دەرۋازىسىدىن چىقىپ كىرگىنىدە پو ئېتىلىدىغانلىقى، بۇ چاغدا
ھەر مىللەت خەلقى بارلىق ئىشىنى توختىتىپ، يەرنىڭ شېغىل-
لىق ياكى قارا پاتقاق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر تىزلىنىپ بېشىنى
يەرگە قويۇپ ھۆرمەت بىلدۈرىدىغانلىقىنى كۆرەتتى. بۇ ئىش
ئۇنىڭغا ناھايىتى غەلىتە تۇيۇلاتتى. بىر كۈنى ئۇ، چوڭلارنىڭ
بىرىدىن بۇ ئىشنىڭ سىرىنى سورايدۇ. ھېلىقى كىشى چۈشەن-
دۈرۈپ: «مانجۇلار پۈتۈن جۇڭگوغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى
مىللەت، شۇڭا باشقا مىللەتلەر مانجۇ تۆرىلىرىگە باش قويىدۇ.
بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر ئىنتايىن نامۇۋاپىق تۈزۈم بار، ئۇ بول-
سىمۇ، ھەرقانداق بىر مانجۇ ئائىلە ئوغۇل تۇغسا، تۇغۇلغان
كۈنىدىن باشلاپ ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئۇنىڭغا مائاش ۋە ئاشلىق
بېرىلىدۇ. قىز تۇغسا مائاش بېرىلمەي ھەقسىز ئاشلىق بېرىلىدۇ،

ئادەتتىكى مانجۇ پۇقرالارمۇ ھېچقانداق ئالۋان ـ ياساق تۆلىمەيدۇ. باشقا مىللەتلەر مانجۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە دەخلى قىلسا قانۇنىي جازاغا تارتىلىدۇ. نەرسە ـ كېرەكلىرى تۆلىنىدۇ. مانجۇلار باشقا مىللەتلەرنىڭ مال ـ مۈلكىگە زىيان يەتكۈزسە تۆلىمەيدۇ. بۇ مانجۇ ھۆكۈمىتىنىڭ مانجۇلارغا بەرگەن ئالاھىدە ئىمتىيازى ...» دېگەنلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

روزى ھاجىم مەكتەپ يىللىرىدا ئىشتىياق بىلەن ئوقۇغان «زەپەرنامە» (1860 ـ يىلى شائىر ۋە تارىخچى مۇغەننى تەخەللۇسىدا يازغان ئەسەر). 1898 ـ يىلى ئاتۇشلۇق مەھمۇت ئەخەت (مەخمۇت ھېكىم بەگ)، شەيخ ئارۇپ يازغان «تارىخى ياقۇپبەگ» قاتارلىق ئەسەرلەردە ئوقۇغانلىرىنى، ئاڭلىغانلىرى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ، ئەكسىيەتچىلىك ۋە ئىلغارلىق، يۇرۇقلۇق ۋە زۇلمەتلىك، ئادالەتلىك ۋە قەبىيلىكنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى ئايرىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، چىڭ خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنىڭ لازىملىقىنى ھېس قىلىدۇ ھەمدە قەشقەر خەلقىنىڭ مەنچىڭ ئىستىبداتلىرى ۋە يەرلىك زالىملارغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىگە ھېسداشلىق قىلىدۇ. ئەجداتلارنىڭ كۈرەش روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلىشقا بەل باغلايدۇ. دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، دادىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ قاتارغا قوشۇلىدۇ. روزى ھاجى ئادىل پىكىرلىك، راستچىل كىشى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە ھەر تەرەپلىمە قابىلىيىتىگە قاراپ ھەر مىللەت تىجارەتچىلىرى ئۇنى ئۆزلىرىگە شاڭزۇڭ (ئاقساقال) قىلىپ بەلگىلەيدۇ. ئۇ شاڭزۇڭ بولغان مەزگىلدە تىجارەتچىلەر ئىچىدىكى ئىلىم ـ سېتىم ۋە باشقا تالاش ـ تارتىش ئىشلىرىنى توغرا مەيداندا تۇرۇپ، ئادىللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئۇ، مەيلى قانداقلا ئىش قىلمىسۇن مىللەت ئايرىماي ئوخشاش مۇئامىلىدە بولغاچقا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ.

روزى هاجىم جەمئىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ ئۆزۈن ئۆتمەيلا ، كېسەل ، مېيىپ ، ئىگە ـ چاقىسىز قېرى ـ يېتىملارغا ئاتىدارچىلىق قىلدى . ئۇلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرمۇشىنى تەمىن ئەتتى ، ئۆلگەنلەرنى ئۆز ئىقتىسادىي بىلەن يەرلىكىدە قويدى . ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ئازغىنە ئىقتىسادىي بىلەن ئۇنچىلا كۆپ يېتىم ـ يېسىر ، نامراتلارنى قۇتقۇزۇشنىڭ تەس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ، بىر ياخشى تەدبىر ئويلاپ چىقىپ ، مەسچىتكە ساخاۋەت ساندۇقى ئورنىتىپ قويدى . خالىس سەدىقە قىلغۇچىلار پۇلنى ساخاۋەت ساندۇقىغا سالدى . بۇ ئۇسۇل بىلەن يىغىلغان پۇل قىيىنچىلىقى ئەڭ ئېغىر بولغانلارغا ئىشلىتىلىپ كۆپلىگەن يوقسۇللارنىڭ قىيىنچىلىقى ھەل قىلىندى . روزى ھاجىمنىڭ بۇ تەكلىپ ـ تەدبىرى ئۈرۈمچىدىكى كەڭ كەمبەغەللەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى . كېيىنچە بۇ دىنىي ساھەدىكى زاتلار ۋە ئۈرۈمچىنىڭ ھەر قايسى ساھەسىدىكى تەرەققىپەرۋەر زاتلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ بىر دارىلئاجىزىن قۇرۇلدى . بۇ ، شىنجاڭدىكى تۇنجى خەلق باشقۇرغان ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئورنى بولۇپ ، ئۈرۈمچىدىكى يېتىم ـ يېسىر ، مېيىپ ، يوقسۇللار ئۈچۈن كۆپلىگەن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردى .

1905 ـ يىلدىن باشلاپ ، ئەزگۈچىلەر بىلەن ئېزىلگۈچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تەدرىجى كەسكىنلەشتى . شىنجاڭنىڭ سەييارە سىلاۋچىسى لىيەنكۈي كونا دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ بوران ـ چاپقۇنىنى توسۇش ئۈچۈن ، شىنجاڭ خەلقى ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن ئېكسپىلاتاتسىيىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى ، تۈرلۈك باج ـ سېلىقلارنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇشتىن تاشقىرى ، يېڭىدىن ھەر خىل ئالۋان ـ ياساقلارنى كۆپەيتتى . زاۋاللىققا يۈز تۇتقان چىڭ خاندانلىقىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن ، ئەڭ رەزىل ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىپ ھەر مىللەت يوقسۇل ئەمگەكچى خەلقنى تېخىمۇ دەھشەتلىك ئېكس-

پىلاتاتسىيە قىلدى . بۇنىڭ بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى چىرىكلەشكەن ھۆكۈمەتكە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتى ، نارازىلىقى تېخىمۇ ئۇلغايدى . 1907 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ، قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر خەلقى رەجەپ ئاكىنىڭ رەھبەرلىكىدە قۇمۇل ۋاڭىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى . ليەنكۈي بارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنى قوراللىق باستۇردى . لېكىن ، خەلقنىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيىتىگە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنى بېسىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . بەلكى بۇ كۈرەش تەدرىجى پۈتۈن شىنجاڭغا كېڭەيدى . ليەنكۈي ھەممىلا يەردە ئەۋج ئېلىۋاتقان زۇلۇمغا قارشى كۈرەش يالقۇنىنى ئۆچۈرۈش غەرىزىدە 1909 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئەسكەر چىقىرىپ ئۈرۈمچىدىكى يۈزلىگەن بىگۇناھ پۇقرالارنى ئۆلتۈردى . 1910 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ، يەنە زور تۈركۈمدە ئەسكەر چىقىرىپ ، ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنىدىكى مۇھاپىزەتچى قىسىملارنىڭ ئىسيانىنى قوراللىق باستۇردى . 1910 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ، ليەنكۈي زۇلۇمغا قارشى كۆتۈرۈلگەن دولقۇنىنىڭ زەربىسىدە تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى . سەييارە سىلاۋچىلىققا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن يۈەن داخۇا قەبىھلىكتە ئۇچىغا چىققان ئەبلەخ بولۇپ ، خەلقنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىنى باستۇرۇشتا ليەنكۈيگە قارىغاندا تېخىمۇ زەھەرلىك ۋاستىلەرنى قوللاندى .

يۇقىرقىلارنىڭ ھەممىسى روزى ھاجىمنى تېخىمۇ ئويغىتىدۇ ، ئۇنىڭ كاللىسىدا ، پەقەت ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغاندىلا ئاندىن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغىلى بولىدىكەن ، دېگەن تونۇش پەيدا بولىدۇ . روزى ھاجىم زور كۈچ سەرپ قىلىپ تۈرلۈك ئامال بىلەن « گېلاۋخۇي » چىلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ ، ئۇلارغا ئۆزى بىلەن بىر يولدا ھاكىممۇتلەقلىق ، مۇستەبىت ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ . ئۇلار روزى ھاجىمغا : « بىز گەرچە

مەخپىي تەشكىلات بولساقمۇ ، لېكىن بىز ، بىز بىلەن ئورتاق نىشانغا ئىگە بارلىق ئادەملەر بىلەن بىرلىشىمىز ، سىلەرنىڭ ، بىزنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈرىشىمىزنى قوللىشىڭىزلارنى قارشى ئالىمىز » دەيدۇ ھەم پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا مىسلىسىز بىر چوڭ ئىنقىلابىي بورانىنىڭ كۆتۈرۈلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ . شۇندىن ئېتىۋارەن روزى ھاجىم جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭ سىياسىي قىياپىتىنى ئوچۇق ـ ئاشكارىلاپ ، تۈرلۈك ئاممىۋى سورۇنلار ھەتتا نەچچە ئادەم سۆھبەتلەشكەن سورۇنلاردىمۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ چىرىكلەشكەن ھۆكۈمىتى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى ئىنقىلابىي كۈرەشنى كۈتۈۋېلىش ئىددىيىسىنى ئاشكارىلايدۇ .

ئۇزۇن ئۆتمەي روزى ھاجىم ئارزۇ قىلغان كۈنلەرمۇ يېتىپ كېلىدۇ . ئۇ ، ئىنقىلابىي پارتىيە ئەزالىرىدىن ليۇ شەنجۈن قاتارلىق كىشىلەر بىلەن نەنسەن ، ئۈرۈمچىدىكى 35 تۇتۇن ( كونا ئايرودروم ) ، شىمگو قاتارلىق جايلاردا ئۇچرىشىپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ ئىنقىلابىي قوزغىلاڭنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىلىرىنى مۇزاكىرە قىلىدۇ . ئاخىرقى ھېسابتا روزى ھاجىم سانجى ، ماناس ، ئۈرۈمچى ، نەنسەن ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ، قوزغىلاڭنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە مەسئۇل بولىدۇ . ئۇ ، ئىنقىلابىي پارتىيىدىكىلەرنىڭ ھەرىكەتلىنىش ئۈچۈن ئىقتىسادقا جىددىي ئېھتىياج ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ، قىلچە ئىككىلەنمەستىن ، نەچچە يۈز يۈەن كۆمۈش پۇل ياردەم بېرىپلا قالماستىن ، بەلكى ئۈرۈمچىدىكى ھاللىق سودىگەرلەر ۋە ۋەتەنپەرۋەر ، تەرەققىيپەرۋەر زاتلاردىن مۇھەممەت قارى ، ھاجى نەمەت ئاخۇن ، ئابلا ئاخۇن تۆگە ، ئابلا ئاخۇن ئىشان ، خوتەنلىك مەخسۇت ئاخۇن ، مەنسۇر باي ، تۇرسۇن بابا ، ھۆسەيىن باي ، سەپەر ئاخۇن ، خوتەنلىك ساقى ئاخۇن باي ۋە ئۆزىنىڭ

ئاكسى پالتاخۇن ، تۇردى ئاخۇن ( كېيىنكى ۋاقىتتا شاڭزۇڭ بولغان ) قاتارلىقلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ كۆپلىگەن ئىئانە پۇل ، ئاشلىق ، يەم ـ خەشەك ، مال ـ چارۋا قاتارلىقلارنى توپلاپ ، ئىنقىلابنى پائال قوللاپ ، قوزغىلاڭنىڭ تەييارلىقى ئۈچۈن ئېھتىياجلىق ماددىي بۇيۇم ۋە ئىقتىساد بىلەن تەمىن ئېتىدۇ .

روزى ھاجىم ليۇ شەنجۇن ئارقىلىق ئىلى ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى ياڭ زەنشۈي بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ ، ئىلىدىكى يەرلىك نوپۇزلۇق زاتلاردىن ھېكىمبەگ ، ھۆسەنباي ھاجى ، ياقۇپبەك قاتارلىقلارنىڭ ئىنقىلابقا ھېسداشلىق قىلىشى ۋە ماددىي ، مەنىۋى ياردەم بېرىشىنى قولغا كەلتۈرىدۇ . نەتىجىدە ھېكىمبەگ ئىلى سەكسەنيۈزىدىكى دېھقانلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ، ئۆزىنىڭ ئۇ يەردىكى ئاشلىق تۈلۈگىنى ياردەم بېرىشكە ۋەدە بېرىدۇ . ھۆسەنباي ، ياقۇپبايلار ئىنقىلابىي ئارمىيىنى قىشلىق كىيىم ـ كېچەك ، ئېگەر ۋە باشقا ئۇرۇشقا كېرەكلىك بۇيۇملار بىلەن تەمىنلەيدۇ .

ليۇ شەنجۇن باشچىلىقىدىكى « گېلاۋخۇي » ئىنقىلابىي پارتىيىسىدىكىلەر ئۇرۇمچىدىكى « گۇەن يىنگې » قەدىمىي بۇتخانىسىدا تۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا ، ئەكسىيەتچىلەر تەرەپ ـ تەرەپكە پايلاقچىلارنى قويۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ، ئۇزۇۋقلۇق بىلەن تەمىنلەش ئىنتايىن قىيىن ئىدى . روزى ھاجى نەنگۇەن ئەتراپىدىكى ناۋايلارنىڭ بارلىق نېنىنى سېتىۋېلىپ ، ئۇلارغا نانلىرىنى بىر ـ بىرلەپ قەدىمىي بۇتخانىغا ئاپىرىپ بېرىشىنى تاپشۇرىدۇ . ناۋايلار ئەتىسى « نان ساتىمەن » دەپ توۋلاپ بۇتخانىدىن ئادەم چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپ ، دەرۋازا ئېچىلىپ ئادەم چىققان ھامان ھەممە نېنىنى ئۇلارغا بېرىدۇ . 1911 ـ يىلى 28 ـ دېكابىر ، ئىنقىلابىي پارتىيىدىكىلەر قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشتىن بۇرۇن ، ھەربىي ھەرىكەتكە قولايلىق بولۇش ئۈچۈن ، ليۇ شەنجۇن بىلەن روزى ھاجى مەسلىھەتلىشىپ قوزغىلاڭنىڭ قوماندانلىق شتابىنى نەن-

گۇەن فۇشۇخاڭدىكى خۇيزۇ لىۇ ھاجى ( لىۇجىنسەي ) نىڭ تۆگمىنىدە قۇرىدۇ . بۇ قاينام ــ تاشقىنلىق قورالىق قوزغىلاڭ گەرچە يۆەن داخۇانىڭ جاللاتلىرى تەرىپىدىن قانلىق باستۇرۇلۇپ ، مۆلچەرلەنگەن غەلىبىگە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ ، لېكىن روزى ھاجىمنىڭ ھەر مىللەت خەلقلىرىنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ ، قوزغىلاڭغا ياردەم بەرگەن تەسىرلىك ئىش ــ ئىزلىرى ئۆرۈمچى تارىخىدا مەڭگۇ نۇر چېچىپ تۇرىدۇ .

ئۆرۈمچىدىكى قورالىق قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئىلىدىكى پىدائىيلار قوشۇنى 1912 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ، ياڭ زەنشۆيىنىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىشى نەتىجىسىدە ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسىنى ئىشغال قىلىپ ، جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلايدۇ . ئىلى ئىنقىلابىي پارتىيىسىدىكىلەر جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن ، روزى ھاجىم ئىنتايىن ھاياجانلىنىدۇ . شۇ كۈنىلا جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىگە خەت يېزىپ ، ئۇلاردىن ھەر مىللەت خەلقى قاتناشقان بىرلىكسەپ تەشكىللەپ ، ئىنقىلابنىڭ ئوتىنى پۈتۈن شىنجاڭغا تۇتاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ ھەمدە شىنجاڭدا جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆرۈمچىدىكى تەرەققىيپەرۋەر زاتلاردىن ( يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان زاتلار ) يىققان ئىئانە بۇيۇملارنى ئابلا ئاخۇن ، ناسىر ھەسەن ( ناسىربەگ ) قاتارلىق كىشىلەردىن ئىلى ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىگە ئەۋەتىدۇ . لېكىن بەختكە قارشى ياردەمگە ئەۋەتىلگەن بۇ ماددىي بۇيۇملار شىخو ناھىيىسىگە يېتىپ بارغىچە يۆەن داخۇا قوشۇنى تەرىپىدىن تۇساپ قېلىنىدۇ .

قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت يۇقىرىدا چىڭ خاندانلىقىنىڭ قوللىشىغا يۆلەنسە ، تۆۋەندە يۆەن داخۇانىڭ قورالىق ھىمايە قى-

لىشىغا تايىنىپ ، قۇمۇل خەلقى ئۇستىدىن شەپقەتسىز زۇلۇم يۈرگۈزگەن ئىدى . ئۈرۈمچى ۋە ئىلىدا يۈز بەرگەن شىنخەي قوراللىق ئىنقىلابىي ۋەقەسى شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇپ ، ئىنقىلابىي خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ئاشۇردى . شىنجاڭنىڭ ئاخىرقى سەييارە سىلاۋچىسى يۈەن داخۇا مىنگو قۇرۇلغان بىرىنچى يىلى يەنى 1912 - يىلى 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ ئىچكىرىسىگە كېتىدۇ . شۇنىڭغا ئەگىشىپلا قۇمۇل ۋاڭ شامەخسۇتنىڭ ئەمەلدارلىرى قۇمۇلنىڭ قوراي جىلغىسىغا باج ئېلىش ئۈچۈن چىققاندا چېكىدىن ئاشقان زۇلۇمغا چىدىغۇچىلىكى قالمىغان يەرلىك دېھقانلارنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغايدۇ . تۆمۈر خەلپە 300 دىن ئارتۇق دېھقانلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ زالىملارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ . بۇ چاغدا قېچىپ قۇمۇلغا بېرىۋالغان يۈەن داخۇا يەرلىك ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ قوزغىلاڭنى باستۇرۇش خام خىيالىدا بولغان بولسىمۇ ، لېكىن ئىسيانچىلار تەرىپىدىن يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىلىدۇ .

روزى ھاجىم بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، دەرھال ئىنىسى ئەمەتخان يىڭجاڭ ( ئەمەتخان دارىن دەپمۇ ئاتالغان ) نى بىر قانچە كىشىگە قوشۇپ قۇمۇلغا ئەۋەتىپ ، تۆمۈر خەلپىنى قوللايدۇ ھەمدە تۆمۈر خەلپە بىلەن قۇمۇلدىكى ئىنقىلابىي پارتىيە كىشىلىرىنى ئۇچراشتۇرۇپ ، يۈەن داخۇانىڭ قوزغىلاڭنى باستۇرۇش سۇيىقەستىنى ئۇزۇل - كېسىل تارمار قىلىدۇ .

يۈەن داخۇا ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىش ۋاقتىدا ياڭ زېڭشىننى ئۆلكىلىك دودۇلىقىغا كۆرسەتكەن ئىدى . ياڭ زېڭشىن قۇمۇلدىكى تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭىغا نىسبەتەن تېخىمۇ زەھەرلىك ئۇسۇللارنى ئىشقا سالىدۇ . ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ سۈلھى قىلغاندىن كېيىن ، تۆمۈر خەلپە ۋە قوزغىلاڭنىڭ يەنە بىر رەھبىرىي تۇرپان ئاستانىلىق مۆيدىن ئاخۇننى ئۈرۈمچىگە ئالداپ

ئېلىپ چىقىدۇ. ئۇلار ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، ياڭ زېڭ-
شىن تۆمۈر خەلىپىگە يىڭجاڭلىق ۋەزىپىسى بېرىدۇ. تۆمۈر خە-
لىپە ئۈرۈمچىگە چىققاندىن كېيىن، روزى هاجىم ئۇنىڭ بىلەن
كۆپ قېتىم ئۇچرىشىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى چىڭىتىش،
هوشيار بولۇش، هەرقانداق ئىشتا ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇ-
تۇشنى تاپشۇرىدۇ. لېكىن هىيلىگەر سۇيىقەستچى ياڭ زېڭشىن بىر
تەرەپتىن روزى هاجىمنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك كېڭەش پالاتاسى-
نىڭ مۇئاۋىن يىجاڭى دەپ ئېلان قىلىپ، ئۇنى قومۇلدىكى
ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئەۋەتىۋېتىپ، يەنە بىر تەرەپتىن،
1913 - يىلى 9 - ئايدا، خۇيزۇ باتالىيونىنىڭ باشلىقى مافۇشىڭغا
( ماتىنەي ) بۇيرۇق چۈشۈرۈپ تۆمۈر خەلىپىنى ئۆلتۈرىدۇ.
ئىنقىلابىي زات مۆيدىن ئاخۇنغىمۇ قارا چاپلاپ دارغا ئېسىپ ئۆل-
تۈرىدۇ.

روزى هاجىم تۆمۈر خەلىپىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرى-
غانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ قومۇلدىن دەرھال ئۈرۈمچىگە قايتىپ
كېلىپ، ياڭ زېڭشىنىنىڭ قوزغىلاڭنىڭ داھىيسىغا زىيانكەشلىك
قىلغان جىنايىتىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرىدۇ، ياڭ زېڭشىن
ئاللاقانداق يالغان سۆزلەر بىلەن: « بۇ ئىشتىن مېنىڭ قىلچە
خەۋىرىم يوق، ۋەقەدىن كېيىن بىلىشىمچە، تۆمۈر ئەسكىرىي
قىسىمنى باشلاپ ئىسيان كۆتۈرۈشكە تەمشەلگەندە سېزىلىپ
قېلىپ مافۇشىڭ تەرىپىدىن نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ »
دەپ مەسئۇلىيەتنى مافۇشىڭغا ئىتتىرىپ قويۇپ، روزى هاجىم-
دىن ئەپۇ سورايدۇ.

روزى هاجىم مۇئاۋىن يىجاڭ بولغاندىن كېيىن، مىللەت-
لەر ئىتتىپاقلىقىنى ئاكتىپ كۈچەيتىپ، خەلققە ياخشى ئىش قى-
لىپ بېرىدۇ. ئۇ خەنزۇ سودىگەرلەر ئاقساقىلى ( شاگزۇڭ ) ياڭ
شاۋجۇ بىلەن بىرلىكتە نەنمىنىنىڭ سىرتىغا ئۇيغۇر، خەنزۇ تى-
جارەتچىلىرى بىرلىكتە تىجارەت قىلىدىغان ئۇستى يېپىق چوڭ

بازار ياساشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇستى يېپىق بازار پۈتكەن-دىن كېيىن «شەھەر ئىچى» ۋە «شەھەر سىرتى» دىكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي ئازارلىق ھەل قىلىنىدۇ.

روزى ھاجىم ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىززەت-ھۆرمە-تىگە سازاۋەر بولغانلىقى ئۈچۈن، مەركىزىي ھۆكۈمەت ئۇنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەكىلى دەپ قاراپ، روزى ھاجىمنىڭ قوراسىنىڭ دەرۋازىسىغا «خەلق ۋەكىلى» دېگەن ۋىۋىسكىنى ئېسىپ قويىدۇ ھەمدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەس-لىھەتچىسى قىلىپ بەلگىلەيدۇ.

روزى ھاجىم قاتارلىق كىشىلەر چەت ئەل چىركاۋلىرى-نىڭ شىنجاڭدىكى ھەرىكەتلىرىنى چەكلەشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئالدى بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تەشۋىق ئېلىپ بې-رىپ، يات دىنلارنىڭ سىڭىپ كىرىشىنى توستى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئادەم ئەۋەتىپ قايمۇققان پۇقرالارنىڭ چەت ئەل چىركاۋلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتناشماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلدى. ئۇ يەنە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى نوپۇزلۇق ئەربابلارغا خەت يېزىپ، ئۇلارنى جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭغا دىن تارقىتىش يولى بىلەن سىڭىپ كىرىشىنى توسۇش ھەققىدە ئاگاھلاندۇردى. قەشقەر خەلقى روزى ھاجىمنىڭ بۇ ھەققانىي تەشەببۇسىنى قوللاپ، چەت ئەل چىركاۋلىرىنىڭ قەشقەر تە-ۋەسىدەدىن تارقىتىش، چىركاۋ سېلىش ھەرىكەتلىرىنى توس-تى.

ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىكى باج ئىنتايىن ئېغىر، تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. جايلارنىڭ بېجى يەرلىك ھاكىم ئە-مەلدارلار ياكى فېئودال باي - پومېشچىكلارغا كۆتۈرە بېرىلگەن بولۇپ، باج يىغقۇچى زالىملارنىڭ خەلقنىڭ قان - تەرىنى شو-رىشىغا تېخىمۇ قولايلىق يارىتىلغان ئىدى. مەسىلەن: قەشقەر-نىڭ باج سېلىقى ئىبراھىم لوزۇڭغا كۆتۈرىگە بېرىلگەن بولۇپ،

ئىبرايىم لوزۇڭ بىر قانچە 10% قوشۇپ تۆۋەنگە چۈشۈرسە، بەگ، مىڭ بېشى ھەتتا ئون بېشىغا كەلگىچە بۇ باج قاتلامۇ ـ قاتلام نەچچە ھەسسە ئېشىپ يىغىۋېلىناتتى، ئەينى زاماندىكى ئېغىر باج، سېلىقلار ھەققىدە تۆۋەندىكىچە قوشاقلار يېزىلغان:

ئەگەر ئامبال ئالماق بولسا يۈز،
چىقىپ تۇڭچى بىر يۈزنى ھەر يۈز.
بېگىم ئاڭلاپ ھەر يۈزنى قىلىپ مىڭ،
قىلىپ بۇ مىڭنى پاششاپلار بەلكى ئون مىڭ.

چىقارسا شەھەردىن سەھراغا پۈتۈكلەر،
پۈتۈكلەرنى ئېلىپ ماڭار ئاتى ئىتتىكلەر.
پۈتۈكنى كۆربان مىڭ باشى ـ يۈز باش،
قىلاتتى بىرنى ئون ھەتتاكى ئون باش.

يۇقىرقى مىساللاردىن شۇ زاماندىكى باج، سېلىقنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى، باج يىققۇچى ئەمەلدارلارنىڭ خەلقنى دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيە قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەنە شۇنداق پەيتتە قەشقەرلىق ئۆمەر باي ياڭ زېڭشىنغا نۇرغۇنلىغان سوۋغا، تارتۇقلارنى قىلىش ئارقىلىق مەزكۇر باجنى ئىبراھىم لوزۇڭدىن بىر قانچە ھەسسە ئارتۇق تاپشۇرۇشقا ۋەدە بېرىپ، ئۆزىگە كۆتۈرە بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ياڭ زېڭشىن سوۋغا ـ سالاملارنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، باج يىغىش ھوقۇقىنى ئۆمەر بايغا كۆتۈرىگە بېرىشكە قوشۇلىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان روزى ھاجىم دەرھال توسقۇنلۇق قىلىپ، ئۆمەربايىنىڭ باجنى ئۆرلىتىپ پايدا ئېلىش سۇيىقەستىنى ئېچىپ تاشلاپ، قەشقەر خەلقىنى بىر قېتىملىق باج ئۆرلەش ئاپىتىدىن ساقلاپ قالىدۇ.

ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان يىللاردا شىنجاڭنىڭ پۇل تۈزۈمى ئىنتايىن قالايمىقان بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە

شىمالىي شىنجاڭ، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا ئىشلىتىلىدىغان پۇل ئوخشىمايتتى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ پۇلى شىمالىي شىنجاڭدا، شىمالىي شىنجاڭنىڭ پۇلى جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۆتمەيتتى. پۇلنىڭ تۈرىمۇ كۆپ ئىدى. مەسىلەن: ئۈرۈمچىدە بىر سەرلىك كۆمۈش تەڭگە بار ئىدى. يەنە بىر سەرلىك تىزا (قەغەز پۇل) مۇ بار ئىدى. بۇ 400 داچەنگە تەڭ كېلەتتى (10 داچەن بىر تومپۇر 〈تىيىن〉 غا، بىر داچەن ئىككى سىرىق ياماققا ئۆتەتتى). قەغەز پۇلنىڭمۇ بىر قانچە تۈرى بار ئىدى. بىر خىلى «گوۋازا»، بىر خىلى «شىلىڭ پىياۋ» دەپ ئاتىلاتتى. يەنە ئاق دابوغا بېسىلغان «ياغ تىزا» دېگەن پۇلمۇ بولۇپ، 10 دانىسى بىر سەر قەغەز پۇلغا ئۆتەتتى. بۇنىڭدىن سىرت بەزى سودا فىرمىلىرى ۋە بايلارنىڭ ئۆزى بېسىپ تارقاتقان چوكا پۇل (بامبۇكقا خەت ئويۇپ قويغان پۇل) نىڭ بىرى بىر مىسقال بولۇپ، 10 دانىسى بىر سەر كۆمۈش تەڭگىگە باراۋەر كېلەتتى. يۇقىرقى پۇللار پەقەت ئۈرۈمچىدىلا خەجلىنەتتى، باشقا جايلاردا ئۆتمەيتتى.

قەشقەردە بىر سەر، بەش مىسقال، ئۈچ مىسقال، ئىككى مىسقال، بىر مىسقاللىق «زەربى كاشغىر» دېگەن خەت بېسىلغان تەنگە پۇل ۋە «خاپىيوۋ» (قەشقەر تىزىسى 喀票) دېگەن تىزا پۇل بولۇپ قەشقەردىلا خەجلىنەتتى، ئۈرۈمچى پۇلى بىلەن قەشقەر پۇلىنىڭ قىممىتىمۇ ئوخشىمايتتى. قەشقەرنىڭ بىر سەر پۇلى ئۈرۈمچىنىڭ ئۈچ سەر، بەك تۆۋەن بولغاندا ئىككى يېرىم سەرگە توغرا كېلەتتى.

ياڭ زېڭشىن ئەينى ۋاقىتتىكى باج تۈزۈمىنىڭ يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە خەلق تۇرمۇشى ئۈچۈن ئىنتايىن قولايسىز ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ بۇ خىل ناچار ئىللەتلەر بىلەن كارى بولمىدى، ئىسلاھ قىلىشنى ئويلاپمۇ قويمىدى. روزى ھاجىم بۇ مەسىلە ئۈستىدە كۆپ باش قاتۇرۇپ،

زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ ، جەنۇبىي شىنجاڭ سودىگەر-
لىرىنىڭ بۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بەردى . بۇ مەسى-
لىنى ئۇ تۆۋەندىكىچە ھەل قىلدى : جەنۇبىي شىنجاڭ سودىگەر-
لىرى ئۇرۇمچىدە ئۆز ماللىرىنى سېتىپ تاپقان ئۇرۇمچى پۇلىنى ،
قەشقەر ھۆكۈمەتكە تاپشۇرىدىغان باج ھېسابىدا ئۇرۇمچى مالىيە
ئىدارىسىغا تاپشۇرىدۇ . مالىيە ئىدارىسى سودىگەرلەرگە تالون
يېزىپ بېرىدۇ . سودىگەرلەر قەشقەرگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن
شۇ تالونغا ئاساسەن قەشقەرنىڭ باج ، سېلىقىنى كۆتۈرىگە ئال-
غان ئادەمدىن تېگىشلىك قەشقەر پۇلىنى ئېلىۋالىدۇ . بۇنىڭ بى-
لەن سودىگەرلەرنىڭ قىيىنچىلىقى ھەل قىلىنىپلا قالماستىن ،
ماددىي مال ئالماشتۇرۇشمۇ كېڭەيدى .
ياڭ زېڭشىن ئىزچىل تۇردە « ئاز سانلىق مىللەتلەر بى-
لەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئىدارە قىلىش » تىن ئىبارەت ئەك-
سىيەتچىل مىللىي سىياسەتنى يۈرگۈزۈپ ، ھەر قايسى مىللەت-
لەرنىڭ دوستانە ئالاقىسىغا ئېغىر ھالدا بۇزغۇنچىلىق سېلىپ
كەلگەن ئىدى . روزى ھاجىم ھەرقايسى مىللەت خەلقىنىڭ ئىت-
تىپاقلىقىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ ، دوستانە بېرىش - كېلىشنى
تەشەببۇس قىلدى . ئۇ ، ھەر قانداق سورۇندا سۆز قىلغاندا
« دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىر ئائىلە ، ھەر قايسى مىل-
لەت ئۆز مىللىتىنىڭ ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىر ۋا-
قىتتا باشقا مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىدىغان
سۆز ھەرىكەتلەرنى ھەرگىز قىلماسلىقى لازىم » دەيتتى . ھەر
قېتىملىق ھېيت - بايراملاردا خەنزۇ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆيـ-
لىرىگە ھېيتلاپ بېرىپ تەبرىكلەيتتى ھەمدە كەمبەغەل خەنزۇ
ۋە باشقا مىللەت ئائىلىلىرىگە قوي گۆشى ، قوي مېيى ئەۋەتىپ
بېرىپ ئۇلاردىن ئەھۋال سورايتتى . كىشىنى تەسىرلەندۈرىدى-
غىنى شۇكى ، بىر يىلى نەنگۇەندىكى بىر ئۇيغۇر سودىگەرنىڭ
دۇكىنىغا ئوت كەتكەندە ، شەھەر ئىچىدىكى خەنزۇ خەلقى

تەشكىللىگەن ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى دەرھال نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپ ئوتنى ئۆچۈرىدۇ. ئەتىسى روزى ھاجىم ئۆز ئۆيىدىكى ئاقسۇنىڭ ئىپسىل گۈرۈچى ۋە بودىغان قازاق قويىدىن تۆتىنى ئېلىپ ھەمدە قاسساپ، ئاشپەز ۋە ئوت كەتكەن دۇكاننىڭ ئىگىسىنى باشلاپ ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىگە بېرىپ ئوت ئۆچۈرۈشكە قاتناشقان خەنزۇ قېرىنداشلاردىن سەمىمى ھال سورايدۇ. روزى ھاجىم بىلەن ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىنىڭ باشلىقى خەن كۆپچىلىككە ھەمراھ بولۇپ بىر تەرەپتىن تائام يىسە، بىر تەرەپتىن قىزغىن سۆھبەتلىشىدۇ. بۇ قىزغىن كەيپىياتقا تولغان جانلىق مەنزىرە كىشىگە ئىناق بىر ئائىلە كىشىلەرنى ئەسلىتىدۇ.

روزى ھاجىم ياڭ زېڭشىنغا كۆپ قېتىم جەمئىيەتتە خەلقنى زەھەرلەيدىغان پاھىشەخانا، قىمارخانا، ئەپيۇنخانا، نەشخانا قاتارلىق جايلارنى تۈگىتىش تەكلىپىنى بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ياڭ زېڭشىن پىسەنت قىلمىغانلىقتىن ئۇرۇمچىنىڭ نەچچە ئون يېرىدە بۇ خىلدىكى جەمئىيەت كەيپىياتىنى بۇزىدىغان ناچار ئورۇنلار بولۇپ، قالاقلىق، پەسكەشلىك ھەرىكەتلىرى ئەۋج ئالغانىدى. لېكىن روزى ھاجىم بۇنىڭ بىلەن كۆرەشتىن توختاپ قالمايدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ يېقىنلىرى ۋە ھەر ساھەدىكى نوپۇزلۇق ئەربابلاردىن تۇرمۇشتا چىرىكلەشمەسلىكنى، خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان يامان ئىش، ناچار ئىستىللارنى توسۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. چەت يۇرتلاردىن كەلگەن سودىگەرلەر ياكى يولۇچىلاردا بۇنداق ئەھۋال كۆرۈلسە، ئۇ، دىنىي ئۆلىمالىق سالاھىيىتى بىلەن ئۇلارغا نەسىھەت قىلىدۇ، ئەگەردە ئۇلار يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتمىسا ئۇلارنىڭ دەسمايىسىنى تارتىۋېلىپ، ئۆزلىرىنى قۇرۇق قول يولغا سالغاندىن كېيىن، ماللىرىنى سېتىپ پۇلنى يۇرتىغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. روزى ھاجىمنىڭ بۇ تەدبىرى بىر قە-

سىم كىشلەرنى يامان ئىشلاردىن قۇتقۇزۇپ قالىدۇ ، شۇنداقلا جەمئىيەت كەيپىياتىنى بۇزىدىغان ناچار ئادەت ـ ئىستىللارنى تۈزىدۇ .
روزى ھاجىم شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش جەھەتتە كۆپ كۈچ سەرپ قىلدى . 1910 ـ يىلدىن باشلاپ ، شىنجاڭنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى تەرەققىي قىلىشقا باشلىغانىدى . شىنجاڭ سودىگەرلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا را- يونلىرى ئارقىلىق روسىيىنىڭ چوڭ ـ كىچىك شەھەرلىرىگە بې- رىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللاندى ، ھەتتا ئوتتۇرا شەرقنىڭ بۇ- لۇڭ ـ پۇشقاقلىرىغىچە باردى . شىنجاڭ سودىگەرلىرى بۇ جەر- ياندا چەت ئەلنىڭ سانائەتلىشىش تەرجىبىلىرىنى ئۆگەندى . مەسىلەن : شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن شىنجاڭ تاشقى سودى- سىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ھۈسەيىن باي ئىلىدا كۆن ـ بۇلغارى زاۋۇتى قۇرۇشنى ئويلاپ روزى ھاجىمغا مەسلىھەت سا- لىدۇ . روزى ھاجىم بۇنى قوللاپلا قالماستىن ، بەلكى ياڭ زېڭ- شىنغا خىزمەت ئىشلەپ ، ئۇنى بۇ ئىشنى قوللاش ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشكە كۆندۈرىدۇ . نەتىجىدە ئۆزى كېپىل- لىك قىلىپ ھۈسەيىن بايغا ئۆلكە خەزىنىسىدىن 100 مىڭ سەر كۈمۈش قەرز ئېلىپ بېرىدۇ ھەمدە زاۋۇت قۇرۇلۇشى ، ئىس- تانوك ـ زاپچاسلارنى سېتىۋېلىش ، يۆتكەش ، قۇراشتۇرۇش جەھەتلەردە زور كۈچ بىلەن ياردەم قىلغاچقا ، زاۋۇت قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىپ ، خۇرۇم ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىدۇ . 1923 ـ يىلى مىللىي ۋە خەنزۇ سودىگەرلەرنىڭ ئاقساقاللىرى- دىن ( شاڭزۇڭ ) روزى ھاجىم بىلەن ياڭ شاۋجۇ بىرلىكتە ئىمزا قويۇپ شىنجاڭدا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ . ياڭ زېڭشىن بۇنىڭغا سوغۇق پوزىتسىيە تۇتىدۇ ۋە بۇ ئىشنى ئارقىغا سۆرەيدۇ . كېيىن ھەر ساھەدىكى ئەرباپلار بىر- لىكتە ئىمزا قويۇپ بۇ ئىشنى يەنە سۈيلىگەندىن كېيىن ، ياڭ

زىگشىن فابرىكىنىڭ تەييارلىق پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ . پىلانىدا ، فابرىكا ئۈچۈن چىقىم قىلىنىدىغان خىراجەت بىر مىليون سەر ئۆلكە پۇلى بولۇپ ( بۇ 400 مىڭ سەر كۇمۇشكە توغرا كېلەتتى ) ، بۇنىڭ يېرىمىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت چىقىرىش ، قالغان يېرىمىغا فابرىكا قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار مەسئۇل بولۇپ پاي قىلىپ خەلققە قويۇش ئوتتۇرىغا قويۇلغان . روزى ھاجىم ئالدى بىلەن 25 مىڭ سەر پاي قوشىدۇ ھەمدە ھەر سائەدىكى زاتلارنى پائال ھەرىكەتلەندۇرىدۇ . بۇنىڭ بىلەن 200 مىڭ سەر پاي تېزلا يىغىلىدۇ . ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن 1926 ــ يىلى ، ھازىرقى خەلق باغچىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدە فۇمىن توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلىنىپ ، 1928 ــ يىلى قۇرۇلۇش پۈتۈپ رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىدۇ . 200 دەك ئىشچى ــ خىزمەتچىسى بولغان بۇ فابرىكا 1933 ــ يىلى ماجۇڭيىڭ ئۈرۈمچىگە ئىككىنچى قېتىم قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندا كۆيدۈرۈۋېتىلىدۇ .

ياڭ زىڭشىن تەختكە چىققاندىن كېيىن ، خەلقنى جاھالەتتە قالدۇرۇش ، ئىشىكنى تاقىۋېلىپ ھۆكۈمرانلىق قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئېچىلغان ھەر خىل مەكتەپلەرنى تاقىۋەتتى . خەلق بۇنىڭغا قەتئىي قارشىلىق قىلغانلىقتىن كېيىنچە زورمۇزور بىر نەچچە مەكتەپنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولدى . بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقىنى خەنزۇ مەكتەپلەر بولۇپ ، مىللىي مەكتەپلەر قايتا ئەسلىگە كېلەلمىدى . ئۇ يىللىرى ئۈرۈمچىدە خەلق باشقۇرغان مەكتەپلەردىن گەرچە بىر نەچچىسى بولسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە ئۇنى مەكتەپ دېگۈچىلىكى يوق ئىدى . ئۇنىڭ بىر خىلى مەسچىتلەردە ئېچىلغان كونا مەكتەپلەر بولسا ، يەنە بىر خىلى چەت ئەل سودا فىرمىلىرى ئاچقان ئەجنەبىي مەكتەپ بولۇپ ، مەخسۇس مىللىي

ئارازچىلىق ئىدىيىسىنى تارقىتاتتى. روزى ھاجىم ياش زىيالىيلارغا كۆپ قىيتىم: «بىز جۇڭگولۇق، ياش ئۆسمۈرلىرىمىز ئازراق بولسىمۇ جۇڭگونىڭ بىلىمىنى ئىگەللىشى لازىم» دەپ تەكىتلەپ بەرگەن بولسىمۇ، بىراق جاھىل، چىرىكلەشكەن ياش زىيالىيلار بۇنداق ھەققانىي سادالارنى قانداقمۇ ئاڭلىسۇن؟

روزى ھاجىم ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ مەكتەپ ئېچىش قارارىغا كېلىدۇ. 1921 – يىلى ئۈرۈمچى نەنگۈەندىكى چوڭ مەسچىت (بۇ مەسچىت ئەسلىدە خېلى بۇرۇنلا جامائەت تەرىپىدىن سېلىنغان بولۇپ، ئەسلى دەرۋازىسى ھازىرقى بانكا قورۇلۇشى بىلەن مەسچىت ئارىلىقىدىكى كونا يولدا ئىدى) نىڭ دەرۋازىسىنى چوڭ يولغا يۆتكەپ، ئەسلىدىكى دەرۋازا ئورنىغا ئىككى قەۋەتلىك ئىمارەت سېلىپ بىر مەكتەپ ئاچىدۇ. بۇ مەكتەپ دەسلەپتە «تورانى»، كېيىن «ئەختەرىيە» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ مەكتەپ جەدىدىيە بولۇپ دىنىي مەكتەپلەرگە ئوخشىمايتتى. گىراماتىكا، ئىلمىي تەجۋىد، ئىلمىي ھېساب، جۇغراپىيە، ئانا تىلى، تارىخ، رۇس تىلى، رەسىم، تەنتەربىيە، ناخشا قاتارلىق دەرسلەر ئوقۇتۇلاتتى. مۇئەللىملەر ئابدۇخالىق زادە، نۇرىدىن ئەپەندى، شەمشىدىن، پەرىدىن قاتارلىقلار ئىدى. شۇ مەكتەپتە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلاردىن ھازىر ئۈرۈمچىدىكى 80 ياشتىن ئاشقان باقى ئاخۇن تۇردى ئوغلى ئۇنىڭ جانلىق گۇۋاھچىسى.

يۇقىرىقىلاردىن سىرت روزى ھاجىم يەنە خەلق ئۈچۈن نۇرغۇن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ بەرگەن. مەسىلەن: كورلا، ماناس كۆۋرۈكىنى سېلىش ۋاقتىدا ھۆكۈمەتكە ئالاھىدە تەكلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ سادىق كاسسىرى ھەزىم ئاخۇننى ئىقتىسادىي مەسىلىنى چىڭ تۇتۇش ئۈچۈن نازارەتچى قىلىپ ئەۋەتكەن. ئۈرۈمچىدىكى يېڭى مەھەللە، كونا نەنمىندىكى كۆۋرۈكلەرنى ئۆز ئىقتىسادىي بىلەن ياسىغان. كونىلار-

نىڭ كۆپ تەرىپلىشچە روزى ھاجىم چوڭ ساخاۋەتلىك كىشى بولۇپ ، نەزىر ، ھوشۇر ـ زاكاتلارنى مىللەت ئايرىماستىن كەمبەغەللەرگە بەرگەن ، مۇتەئەسسىپ موللىلارنىڭ ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە قارشى توقۇغان تۈرلۈك پەتىۋالىرىنى بۇزۇپ تاشلىغان .

روزى ھاجىم 1927 ـ يىلى ياڭ زېڭشىن ئۆلۈشتىن بىر يىل ئىلگىرى ھەج تاۋاپ قىلىپ ھاجى بولغان . 1928 ـ يىلى ، ياڭ زېڭشىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىنمۇ ئۆلكىلىك كېڭەش پالاتاسىنىڭ مۇئاۋىن يىجاڭلىق ۋەزىپىسىنى داۋاملىق ئۆتەپ كەلگەن . شۇ يىلى 8 ـ ئايدا جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن ، ياڭ زېڭشىندىنمۇ بەتتەرلىشىپ ، دېھقانلار قولىغا ئۆتكەن يەرلەرنى ۋاڭ ، گۇڭلارغا قايتۇرۇپ بېرىشنى يولغا قويغانلىقتىن قۇمۇل خەلقىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغايدۇ . ھۆكۈمەتكە قارشىلىق كۆپىيىدۇ . روزى ھاجىم ۋاڭ ، گۇڭلۇق تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قەتئىي قارشى تۇرۇپ ، دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشتە چىڭ تۇرغانلىقتىن جىن شۇرېن بىلەن پىكىر ئىختىلاپى توغۇلۇپ زىددىيەت كۈچەيگەنلىكتىن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلىدۇ لېكىن ئۇ ، پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ .

1932 ـ يىلى روزى ھاجىم 62 يېشىدا ئۈرۈمچىدە كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولىدۇ . ئۇنىڭ بارلىق تەئەللۇقاتى « ئاپېرىل ئۆزگىرىشى » دىن كېيىن تەختكە چىققان شېڭ شىسەي تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنغانىدى . 1946 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن 11 ماددىلىق بىتىمگە ئاساسەن مۇسادىرە قىلىنغان مۈلۈكلەر قايتۇرۇلغاندا ، روزى ھاجىمنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ پەقەت بىر قىسمىلا قايتۇرۇلغان . قايتۇرۇلغان بۇ مۈلۈكنىڭ كۆپ قىسمىنى ئازادلىقتىن كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى ئۈرۈمچى يوللىرىنى ياساش ، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىشكە

ئىئانە قىلدى . قالغان ئاز قىسمىنى لىچۈن سانائەت شىركىتىگە پاي قوشقان . ھازىر ئۇرۇمچىدە روزى ھاجىمنىڭ رەپىقىسى ، ئا-لىي مەلۇماتلىق ئوغۇل ، قىز ، نەۋرە ، چەۋرىلىرى بار .

قوشۇمچە :

مەن شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقات كومىتېتىنىڭ ھاۋالە قىلىشى بىلەن ، روزى ھاجىمنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ياخشى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن ھەر تەرەپتىن نۇرغۇن ئىزلەندىم . ئەھۋالنى بىلىدىغان كىشىلەرنى زىيارەت قىلدىم . بۇ جەرياندا روزى ھاجىمنىڭ يېقىن ئادىمى ، ياش زىيا-لى ، جىن شۇرېنلارنىڭ تەرجىمانى مەرھۇم ناسىر ھەسەن ( ناسىر بەگ ) ، شىڭ شىسەي قۇگۇەنلىرىدىن بەكرى قۇگۇەن ( قازا قىلدى ) ، روزى ھاجىم ( قازا تاپتى ) ، خەنزۇ پېشقەدەم-لەردىن جاۋ جەنخۇڭ شۇنىڭدەك پېشقەدەم باقى ئاخۇن ئاكىلار-دىن روزى ھاجىم توغرىسىدا مەلۇمات ئالدىم .

پېشقەدەم جاۋ جەنخۇڭ روزى ھاجىمنى تەرىپلەپ مۇنداق دېدى : « مەن 90 دىن ئاشتىم ، كۆپ ئادەملەرنى ئۇچراتتىم . بىراق روزى ھاجىمدەك ئادىل ، ئەقىل ـ پاراسەتتە تاكامۇللاش-قان ، ۋەتەن ، خەلقنى سۆيىدىغان كىشىنى كەم ئۇچراتقان » . بۇ بىر قاتار ئىزلىنىشلەر ئارقىلىق مەن روزى ھاجىمدەك ۋەتەن-پەرۋەر ئىلغار زاتقا ئۇرۇمچى تارىخىدىن ئورۇن بېرىش لازىملى-قىنى ، بولۇپمۇ شىنجاڭ ئىنقىلابىنىڭ تارىخىغا ئۇنىڭ پارلاق ئىش ـ ئىزلىرىنى كىرگۈزۈش لازىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم .

## ناسىر بەگ

ناسىر بەگ ھەسەن ئوغلى ، 1891 ـ يىلى كورلىدا تۇغۇل-

غان . ئۇ ئائىلە تەربىيىسىنى ئالغاندىن كېيىن دەسلەپ دىنىي مەكتەپتە ، كېيىن 1902 ـ يىلىدىن 1908 ـ يىلىغىچە خەنزۇچە شۆتاڭدا ئوقۇغان . ئۇ ، كىچىكىدىنلا كىچىك پېئىل ، مۇلايىم ، چىقىشقاق ۋە زېرەك بولغاچقا ، كورلا ، قارا شەھەر ئەتراپىدا يۇرۇپ موڭغۇللار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش جەريانىدا موڭغۇل تىل يېزىقىنى ئۆگىنىۋالىدۇ . ئۇنىڭ خەنزۇ ، موڭغۇل ۋە ئۆز تىلىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل تىل يېزىقنى بىلىشى شۇ زامانىنىڭ شارائىتىدىن ئېيتقاندا بىر « مۆجىزە » ئىدى . ناسىر ھەسەن ئەشۇ تالانتى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلىدۇ .

ناسىر ھەسەننىڭ خەنزۇ ، موڭغۇل تىلىنى بىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان قارا شەھەردىكى موڭغۇل ۋاڭ ناسىر ھەسەنگە يۇقىرى مائاش بېرىپ ئۆزىگە تەرجىمان قىلىۋالىدۇ . ئۇ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ۋاڭ ئوردىسىدىكى ئوردا ئەمەلدارى بولۇپ ئىشلەيدۇ ، كىشىلەرمۇ ئۇنى ئەمەل دەرىجىسى بەگ نامى بىلەن ئاتايدۇ .

1910 ـ يىللىرى چىڭ سۇلالىسى بەربات بولغان ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ چىرىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەش ئەۋجىگە چىققان ، سۇن جۇڭسەن رەھبەرلىك قىلغان ئۇلۇغ شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ بورىنى شىنجاڭغىمۇ يېتىپ كەلگەنىدى . ئۈرۈمچىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە سودىگەرلىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى چىرىك ھاكىمىيىتىگە قارشى ھەرىكەتكە كېلىدۇ . ئۇلار ئۈرۈمچىدىكى ھۆكۈمەت ئارمىيىسى ئىچىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ چىرىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تەشكىلاتىنىڭ بارلىقىنى بىلىپمۇ ئۇلار بىلەن ئالاقە باغلاش ۋە تىل مەسىلىسىدە قىسىلىدۇ ...

بۇ چاغدا ئۈرۈمچىدىكى سودىگەرلەرنىڭ شاگىرتى روزى ھاجىم ئۇنىڭدىن بىر قانچە يىل ئىلگىرى قارا شەھەر موڭغۇل ۋاڭى بىلەن بولغان سۆھبىتىگە ( تىجارەت ئىشلىرىدا )

تەرجىمانلىق قىلغان ناسىر بەگنى ئەسكە ئېلىپ، ئۇنى ئۈرۈم-چىگە ئېلىپ كېلىش قارارىغا كېلىدۇ ھەمدە بۇ ئىشنى ئۈرۈمچى-دىكى ئۇيغۇر سودىگەرلىرىدىن يۈسۈپ ھاجىم، ساقى ئاخۇنباي، تۇردى ئاخۇن شاڭزۇڭ، ياڭخاڭدىكى بىر بۆلۈم ئۆزبېك، تاتار مۇتىۋەر سودىگەرلەر ۋە مەرىپەتپەرۋەر زاتلار بىلەن مەسلىھەت-لىشىپ، ناسىر بەگنى 1911 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىدۇ.

ناسىر بەگ ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن روزى ھاجىم باشلىق يەرلىك زاتلارنىڭ ئىنقىلابچىلارنى ئىزلەش ۋە ئۇلار بى-لەن ئالاقىلىشىشتا تەرجىمانلىق، ئالاقىچىلىك رولىنى ئوينايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىنقىلابچىلار بىلەن يەرلىك كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئىنقىلابىي بىرلىك ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئورنىتىلىدۇ. كېيىن مەركىزىي ھۆكۈمەت ئۈرۈمچىدە قوراللىق قوزغىلاڭ ئۇيۇشتۇ-رۇش ئۈچۈن ليۇ شەنجۈننى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىدۇ.

ليۇ شەنجۈن 1911 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئۈرۈم-چىگە كېلىپ قوزغىلاڭچى قوشۇن تەشكىللەشكە كىرىشىدۇ. ئۈرۈمچىدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۈملىدىن روزى ھاجىم، ساقى ئاخۇنباي، تۇردى ئاخۇن شاڭزۇڭ قاتارلىق كىشىلەر قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن 25 مىڭ سەر ئۆلكە پۇلى ياردەم قىلىدۇ. يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئىنقىلاب-چىلار بىلەن بولغان مۇشۇ بىر قاتار ئىشلىرىدا ناسىربەگ ئالاھىدە زور رول ئوينايدۇ.

ليۇ شەنجۈن ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن ھەر مىللەت خەلقى ۋە ۋەكىللىرى بىلەن قوزغىلاڭغا جىددىي تەييارلىق كۆ-رۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىلىدىكى ئىنقىلابچىلار ۋە قوراللىق قوشۇننىڭ رەھبىرى ياڭ زەنشۈي بىلەن مۇناسىۋەت باغلايدۇ. بۇ چاغدا ھەر قايسى جەھەتلەردىكى ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتقان ھالدا ئالاقىچىلىككە ناسىر بەگ تاللىنىدۇ. ئۇ ئىلىغا ئۈرۈمچى-دىكى ئۇيغۇر مۇتىۋەرلىرىدىن روزى ھاجىم، ساقى ئاخۇنباي،

تۇردى ئاخۇن شاگىرۇتلارنىڭ ئىلىدىكى ھۇسەنباي ھاجىم ، يا-قۇپباي ، ھېكىم بەگ ھاجىغا يوللىغان مەكتۇپى ۋە ئاغزاكى تاپ-شۇرغان ئىنقىلابىي پائالىيەتنى قوللاش ھەققىدىكى پىكىر باياتلى-رىنى ئېلىپ باردى . نەتىجىدە ئىلىدىكى بۇ ئۈچ مەشھۇر زات باشلىق ھەر مىللەت خەلقى ئىنقىلابنى قىزغىن قوللايدۇ ۋە نۇرغۇن ئىقتىسادىي ، ماددىي ياردەم بېرىدۇ . ئىلىدىكىلەرنىڭ ياڭ زەنشۈي باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابچىلار بىلەن بولغان مۇنا-سىۋىتىدە ۋاڭ قادىر ( خۇيزۇ ) تەرجىمانلىق ، ئالاقىچىلىك قى-لىدۇ . شۇنداق قىلىپ ئىلى ۋە ئۈرۈمچىدە قوزغىلاڭ باشلىنىدۇ .

ناسىر بەگ بۇ قېتىم ئىلىغا بارغاندا ئۈرۈمچىدىكى ئىن-قىلابچىلار بىلەن ئىلىدىكى ئىنقىلابچىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ، ئىلىدىكى يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئىنقىلابچىلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلىشى ۋە ئىنقىلابنى قوللىشى جەھەتلەردە ئالاھىدە رول ئوينايدۇ .

1911 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ، ئۈرۈمچىدە ليۇ-شەنجۈن باشچىلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان قوزغىلاڭ 30 ـ چىسلا مەغلۇپ بولىدۇ . ئىنقىلابچىلار بۇ ئىككى كۈنلۈك ئۇرۇش جەر-يانىدا ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئارقا قورۇسى ئەتراپىغا جايلاشقان تۆگمەنلەرگە يوشۇرۇنۇپ جەڭ قىلىدۇ . ئەنە شۇنداق خەۋپلىك چاغلاردا ناسىربەگ ئۈرۈمچى-دىكى يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئىنقىلابچىلارنى قوللاپ ئەۋەتكەن يېمەك ـ ئىچمەك قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ يەتكۈزۈپ بېرىلىش ئەھۋالىدىن مەلۇمات بېرىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدۇ .

1912 ـ يىلى ( مىنگونىڭ 1 ـ يىلى ) 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ، ئىلى جۇمھۇرىيەت ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ ، ئىنقىلابچىلار ئۆلكە مەركىزىگە قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ . ئىنقىلابچىلار جىڭغا كېلىپ ئورۇنلاشقاندا ناسىر بەگ ، ئابلا ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەر ئۈرۈمچىدىكى يەرلىك خەلقنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئۇلاردىن ھال

سوراشقا باردۇ . لېكىن شىخوغا بارغاندا يۈەن داخۇا ئىلى ئار-مىيىسىگە قارشى چىققارغان قوشۇننىڭ توسقۇنلۇقى بىلەن شى-خودىن قايتىدۇ .

1912 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ، ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنىڭ دودۇ-لىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن ، 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئىلى جۇمهۇرىيەت هۆكۈمىتى بىلەن 11 ماددىلىق بىتىم ئىمزالاپ جۇم-هۇرىيەت تۈزۈمى يۈرگۈزىدۇ . بۇ چاغدا خەلق سايلىمى بىلەن روزى هاجىم يىجاڭلىققا سايلىنىدۇ . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن روزى هاجىم ناسىر بەگنى ئۆزىگە تەرجىمان قىلىپ ئىشلىتىدۇ . بۇ جەرياندا ناسىربەگ ياڭ زېڭشىننىڭ كۆزىگە چېلىقىدۇ ـ دە ، ياڭ زېڭشىن ئۇنى ئۆزىگە تەرجىمان ۋە فۇگۇەن قىلىپ تەيىنلەيدۇ . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ناسىر بەگ رەسمىي هۆكۈمەت خىزمىتىنى ئىشلەشكە كىرىشىدۇ .

1912 ـ يىلىدىن 1928 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك يى-خۇيدا ئىش بېجىرگۈچى ، ۋېيىۈەنجاڭ ، مەسلىهەتچى ، قوشۇمچە يىخۇي تەرجىمانى بولىدۇ . كېيىن ئۇ ياڭ زېڭشىننىڭ فۇگۇەنچۇ ( ئادىيۇتانتلار باشقارمىسى ) ۋە مەسلىهەتچىلەر ئىشخانىسىدا ئىش-لەيدۇ .

1928 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ياڭ زېڭشىن ئۆلتۈ-رۈلۈپ جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن ، 1933 ـ يىلغىچە جىن شۇرېنغا فۇگۇەن ، ئۆلكىلىك هۆكۈمەتتە مەسلىهەتچى ، قوشۇمچە تەرجىمان بولۇپ ئىشلەيدۇ .

ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن 1933 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا شېڭ شىسەي تولۇق هوقۇق ئىگىلىگەندىن كېيىن ، 1938 ـ يىلىغىچە شېڭ شىسەيگە شاۋشياۋ ( فۇ تۇەنجاڭ ) دەرىد-جىلىك فۇگۇەن بولۇپ ، كېيىن جۇڭشياۋ ، شاڭشياۋلىققا ئۆس-تۈرۈلىدۇ .

1938 ـ يىلدىن 1939 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ مۇ-

سادىرە ھەيئىتىدە ھەيئەت بولىدۇ . 1940 ـ يىلدىن 1941 ـ يىلـ
غىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا باشلىقى ۋە مۇسادىرە قىلىۋېلىنغان
نەرسىلەرنى قايتۇرۇش ھەيئىتىدە ئىشلەيدۇ .
1941 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى قولغا ئېلىنىپ 1945 ـ يىلغىچە
شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە ياتىدۇ . ۋۇجۇڭشىن ئۆلكە رەئىسى
بولغاندىن كېيىن ، سىياسىي جىنايەتچىلەر قاتارىدا تۈرمىدىن
بوشىتىلىپ ، 1946 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۈرۈمچى يەرلىك ماللار
شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولىدۇ .
1946 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1953 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە مۇـ
ئاۋىن شەھەر باشلىقى ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى .
1950 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1955 ـ يىلى 1 ـ ئايدا شەھەرلىك
سىياسىي كېڭەش رەسمىي قۇرۇلغانغا قەدەر 1 ـ نۆۋەتلىك شەـ
ھەرلىك سىياسىي كېڭەش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى
بولغان . 1955 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن ئاخىرقى ئۆمرىگىچە ( 1979 ـ
يىلغىچە ) جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئۈرۈمچى
شەھەرلىك 1 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ ، 4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن
رەئىسى بولغان . 50 ـ يىللاردا يەنە شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىـ
نىڭ ۋەكىلى ، سايلام ھەيئىتى ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق
سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ، باش سودىيە قاتارلىق
ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن .
1962 ـ يىلى مەرھۇم ناسىربەگنىڭ ئۆز يار ـ بۇرادەرلىـ
رىدىن شاكىر ئەلەم ، تېۋىپ باي ئاخۇن ۋە پەتتاخ شەنجاڭ قاـ
تارلىقلار بىلەن بولغان بىر قېتىملىق شەخسىي سۆھبىتىدە مەنمۇ
بىللە بولغانىدىم . بۇ تۆت تارىخىي شەخس ئۆتمۈش ھەققىدە
سۆھبەتلىشىپ ، سۆز ناسىربەگكە كەلگەندە ، « مەن ياڭ زېڭـ
شىن دەۋرىدە ھۆكۈمەت ئىشىغا ئارىلاشتىم . ياڭ ، جىن ، شېڭ ،
گومىنداڭدىن ئىبارەت تۆت دەۋرنىڭ مۇستەبىت سىياسىتىنى
باشتىن كەچۈردۈم . ئۇنىڭ پۇت ـ قول چوماقلىرى بولدۇم . بۇ

دەۋىرنىڭ ماڭا تاپشۇرغان ۋەزىپىسىنى قىلماي بولمىدى . لېكىن خەلق ۋە ئادالەت تەرەپتە تۇرۇشنى ئادەت قىلىم . خىيانەتچى-لىك ، پارىخورلۇق ، بيۇروكراتلىقتەك يامان ئىللەتلەرنى ئۆزۈمگە يۇقتۇرمىدىم . شۇڭا مەن ئارىلاشقان ياك زېگشىن بىلەن تۆمۈر خەلپە سۆھبىتى ، جىن شۈرېن بىلەن خوجىنىياز ھاجىم ئوت-تۇرىسىدىكى ۋە شېڭ شىسەي بىلەن خوجىنىياز ھاجىم ئوتتۇ-رىسىدىكى سۆھبەت ، كېلىشىملەردە ھېچقايسى تەرەپكە يان باسمىدىم ، ۋەزىپە ئۆتىدىم . ئەمما كىشىلەر بىلەن بولغان ئىنسانى مۇئامىلىنى بىرىنچى دەپ بىلدىم . ئازادلىقتىن كېيىن يەنىلا چوڭ - چوڭ ۋەزىپىلەردە بولدۇم . پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئە-مىر - پەرمانلىرىنى بىجانىدىل بېجىردىم . ھال - ئەھۋال ئېيتقان كىشىلەرنىڭ ھالىغا يەتتىم . دېمەك ، ئۆمرۈم بويى ئاما بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ ھەممىنى تەڭ رازى قىلدىم . شۇڭا ئالاھىدە تالانت ۋە تەدبىرلىك بولمىسامۇ ھەر قايسى دەۋىرنىڭ تەلىپىدىن چىقتىم » دېگەنىدى .

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى ناسىربەگ ئۆز ھاياتىدا ئازاتلىق-تىن كېيىنكى دەۋر بىلەن بەش دەۋىرگە خىزمەت قىلىش جەر-يانىدا نۇرغۇنلىغان ئىسسىق - سوغۇقلارنى ئۆز بېشىدىن كە-چۈرگەن ، كۆپنى كۆرگەن ، كۆپنى بىلىدىغان ، تەجرىبىلىك ، خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياققان جامائەت ئەرباتى . ئەپسۇسكى كې-يىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ بىلەن تولۇقراق سۆھبەتتە بولۇپ ، ئۇ-نىڭ ھاياتىدىن خاتىرە قالدۇرالمىدۇق .

ناسىر بەگ 1979 - يىلى ئۈرۈمچىدە كېسەل سەۋەبىدىن 88 يېشىدا ۋاپات بولدى . مەرھۇمنىڭ جەسىتى پارتىيە ، ھۆكۈ-مەتنىڭ غەمخورلۇقى ۋە جامائەتچىلىكنىڭ زور قايغۇسى ئىچىدە ئەلدىن ئايرىلدى . لېكىن ئۇنىڭ مۇلايىم ، ئىللىق پەزىلىتى ئاما ئىچىدە زور تەسىر كۆرسىتىپ قالدى .

# نىياز دوتەي

نىياز دوتەي ( نىياز ھېبىزوللا شەرىپى ) 1894 ـ يىلى تۇرپان ئاستانە يېزىسىدا مەرىپەتپەرۋەر دىنى ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. نىياز دوتەي ئۆز يېزىسىدا ئوقۇپ ساۋاتلىق بولغان.

ئۇ 1930 ـ يىللاردا تۇرپاندا قوزغالغان دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ ئاكتىپ قاتناشقۇچىسى بولۇپ، ئىنقىلاب جەنۇبىي شىنجاڭغا كېڭەيگەندە تۆەنجاڭلىققا كۆتۈرۈلگەن. 1934 ـ يىلى قوزغىلاڭچىلار ئاقسۇنى ئىشغال قىلغاندا نىياز تۆەنجاڭ خوجىنىياز ھاجىم تەرىپىدىن ئاقسۇغا ۋالى قىلىپ بەلگىلىگەن. خوجىنىياز ھاجىم ئاقسۇدا بولغان مەزگىلدە « قوراللىق ئىنقىلاب تۇگىدى، جاھان تىنجىدى، مەكتەپ ئاچايلى، بالىلارنى ئوقۇتايلى » دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭ بىلەن ئاقسۇدىن باشلاپ پۈتۈن شىنجاڭدا يېڭى مەكتەپ ئېچىش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن، بۇ چاغدا تەرەققىپەرۋەر نىياز دوتەي ۋالى بارلىق ئىش ـ ھەرىكىتىنى مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىغا سەرپ قىلغان ۋە باشلامچى بولۇپ تۇنجى قىزلار مەكتىپى تەسىس قىلغان. بۇنىڭ بىلەن قالماستىن ئاتاقلىق ئوقۇتقۇچىلاردىن مەمتىمىن قارى ( سوپىزادە )، موسا داموللا قاتارلىقلارنى تەكلىپ قىلىپ، ئاقسۇ مائارىپى تەرەققىياتىغا ئۇل سالغان. شۇڭا ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى نىياز دوتەينىڭ تۆھپىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

1935 ـ يىلغا كەلگەندە ئاقسۇ دىيارىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا 30 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى چىقىرىپ، ئۇلارنى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقان.

نىياز دوتەي 1934 ـ يىلىدىن 1937 ـ يىلىغىچە ئاقسۇدا دوتەي بولۇش جەريانىدا خەلق قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. جۈملىدىن خەلق ئۇ تەسىس قىلغان مەكتەپكە « مەكتىپى

نــىيازىيە » دەپ نام بېرىش بىلەن دوتەي ئەملىنى ئىسمغا قو-
شۇپ قوللانغان . 1937 ـ يىلى شېڭ شىسەي نىياز دوتەينى
تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇل قىلىپ تەيىنلەيدۇ . نىياز
دوتەي تاشكەنتتە بولغان مەزگىلدە ، تاشكەنتتىكى شىنجاڭلىق
مۇھاجىرلار ، ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن كۆپ ياخشى ئىشلارنى قى-
لىدۇ . كېيىن شېڭ شىسەي نىياز دوتەينى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ
قولغا ئېلىپ ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە قامايدۇ . بالىللىرىنى « خائىن-
نىڭ بالىلىرى » دەپ پالايدۇ . شۇ چاغدا نىياز دوتەي بىلەن
تۈرمىدە بىللە بولغان ئەسەيدۇللا دېگەن بىر كىشىنىڭ دېيىشىچە
نىياز دوتەي شۇ چاغدا تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلگەنىكەن .

## تاھىر بەگ

تاھىر بەگ پىچان لۈكچۈنلۈك بولۇپ ، ياش ۋاقتىدا
خەنزۇچە ( شۆتاڭ ) ئوقۇغان . جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندا شىنجاڭ
ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ نەنجىڭگە بېرىپ زۇڭتۇڭ سايلىمغا
قاتناشقان . 1929 ـ يىلى سودىگەرچىلىك بىلەن موسكۋاغا بار-
غان . ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن شىنجاڭ مىللىي ئىشلار
ھەيئىتىگە باشلىق بولغان . 1938 ـ يىلى زالىم شېڭ شىسەي تە-
رىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدە ۋاپات بولغان .

## يۇنۇسبەگ

يۇنۇسبەگ تۇرپانلىق . ياشلىق دەۋرىدە سىياسىي قانۇن
مەكتىپىنىڭ بىرىنچى قارارىدا ئوقۇپ ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن
كېيىن 1933 ـ يىلى قەشقەرگە ۋالى بولغان . 1934 ـ يىلى ئۈ-
رۈمچىگە قايتىپ كېلىپ ، دېھقانچىلىق ـ كانچىلىق نازارىتىگە
نازىر بولغان . 1938 ـ يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تۇرمىگە

ئېلىنىپ، تۈرمىدە ۋاپات بولغان.

## جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق بەش شىبە كونسۇلى

1860 ــ يىلى چارروسىيە ھۆكۈمىتى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن تەڭ ھوقۇقلۇق شەرتنامىلار ئىمزالاپ، شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى، ئىلى، قەشقەر، ئالتاي، چۆچەك قاتارلىق شەھەرلىرىدە كونسۇلخانا قۇرغانىدى. 1917 ــ يىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن بۇ كونسۇلخانىلار ئۆزلىكىدىن تاقالغان. 1922 ــ يىلى روسىيە ھۆكۈمىتى ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، چارروسىيىنىڭ شىنجاڭدىكى تاقالغان بەش كونسۇلخانىسىنى قايتا ئېچىش ۋە شىنجاڭنىڭ روسىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شەمەي، ئالما ــ ئاتا، زەيسان، تاشكەنت، ئەنجان قاتارلىق بەش شەھەردە كونسۇلخانا ئېچىشىغا يول قويۇش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالىغان ۋە 1924 ــ يىلىدىن باشلاپ جۇڭگو ھۆكۈمىتى مەزكۇر بەش شەھەردە كونسۇلخانا تەسىس قىلغان.

## گوەن چىڭلەن

شىبە، 1889 ــ يىلى تۇغۇلغان. ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىن 1903 ــ يىلغىچە كۈرە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. شۇ يىلى چىڭ ئوردىسى ئۇنى ئالما ــ ئاتا گىمنازىيىسىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىدۇ. 1910 ــ يىلى گىمنازىيىنى ئەلا پۈتتۈرۈپ، ئالتۇن مىدال ئېلىپ ئىلىغا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي شىنخەي ئىنقىلابىدا چىڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلىدۇ. گوەن چىڭلەن ئىلى 3 ــ سۇمۇلدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ.

1914 ــ يىلى ئۇ ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلىپ كېلىپ، دىپلو-

ماتىيە ئىدارىسىنىڭ چېگرا سودا ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى بولۇپ ئىشلەيدۇ . 1923 ـ يىلى ئالما ـ ئاتاغا ئەۋەتىلىپ ، جۇڭگونىڭ ئالما ـ ئاتادا تۇرۇشلۇق سودا باشقارما باشلىقى بولىدۇ . 1924 ـ يىلى جۇڭگو ـ سوۋېت دىپلوماتىيە ئورناتقاندىن كېيىن ئالما ـ ئاتادا تۇرۇشلۇق كونسۇل بولىدۇ . 1926 ـ يىلى خىزمەت ۋاقتى توشۇپ ئۆلكىگە قايتىپ خارجى ئىشلار ئىدارىسىدە ئىشلەيدۇ . 1949 ـ يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا مەخسۇس رۇس تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولىدۇ . ئازادلىقتىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىدا مەسلىھەتچى بولۇپ ئىشلەيدۇ . مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە « تۆت كىشىلىك گۇرۇھنىڭ » زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ ، 1972 ـ يىلى ۋاپات بولىدۇ .

سادۇچىن

شىبە ، 1885 ـ يىلى تۇغۇلغان . ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىن ئىلى كۈرە مەكتىپىدە ئوقۇغان . 1903 ـ يىلى چىڭ ئوردىسى ئونى ئالما ـ ئاتاغا ئوقۇشقا ئەۋەتكەن . 1910 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئىلىغا قايتىپ كەلگەن ۋە داۋشىڭ يىڭخاڭ ( رۇس ـ خىتايىسكى غالىبىيەت بانكىسى ) دا تەرجىمان بولغان . 1914 ـ يىلى داۋشىڭ بانكىسىدىن پۇل قەرز ئېلىپ غۇلجىدا چاڭ شۇجۇڭ سودا شىركىتى قۇرىدۇ . 1919 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلىپ ياڭ زېڭشىنگە رۇسچە تەرجىمان بولىدۇ . 1926 ـ يىلى ئالما ـ ئاتادا تۇرۇشلۇق جۇڭگو كونسۇلى قىلىپ تەيىنلىنىدۇ . 1928 ـ يىلى رۇسىيە ھۆكۈمىتى خۇسۇسىي سودىغا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارغاندا ، روسىيەدە سودا قىلىۋاتقان ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى دىپلوماتىيە يولى بىلەن قوغداپ ، سودىگەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىنى شىنجاڭغا قايتۇرۇپ كېلىدۇ . 1929 ـ يىلى خىزمەت ۋاقتى توشۇپ قايتىپ

كېلىدۇ. ئۇ روسىيەدىن غۇلجا، تارباغاتايغا كېلىدىغان جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ. 1934 - يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئىلى دەرياسىدا پاراخوت قاتناش سۆھبىتى ئۈچۈن موسكۋاغا ئەۋەتىلىدۇ. 1935 - يىلى جۇڭگونىڭ ئەنجاندا تۇرۇشلۇق كونسۇلى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. 1937 - يىلى شېڭ شىسەي ئۇنى قاماققا ئېلىپ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىدۇ. 1944 - يىلى تۈرمىدىن چىقىپ غۇلجىغا بېرىپ، شىبە تىلىدا نەشر قىلىنغان «ئازادلىق ئاۋازى» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

1949 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمى ھەيئىتى بولىدۇ. 1960 - يىلى ۋاپات بولىدۇ.

## باتۇچىن

باتۇچىن سولۇن (داغۇر) 1884 - يىلى تۇغۇلغان. ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىن ئىلى كۈرە مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1903 - يىلى مانجۇ ھۆكۈمىتى ئالما - ئاتا گىمنازىيىسىگە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. 1910 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كېلىپ، ئۆرۈمچىدە دىپلوماتىيە ئىدارىسىدە ئىشلىگەن. كېيىن چېگرىدىن كىرگەن ئاق گۋاردىيىچى دۇتوپ قوشۇنى (دۇتوپ چارروسىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا قىسمىنىڭ ئاتامانى. ئۇ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئابدۇللا روزى باقىيوۋ باشچىلىقىدىكى تارانچىلار ئۇيغۇر پولكىدىن يېڭىلىپ ئىلى، چۆچەك قاتارلىق جايلارغا قېچىپ كەلگەن) نىڭ خىزمىتىنى ئىشلىگەن.

ئۇ 1930 - يىلى جۇڭگونىڭ ئالما - ئاتادا تۇرۇشلۇق كونسۇلى بولغان. 1934 - يىلى خىزمەت ۋاقتى توشۇپ قايتىپ كەلگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي شېڭ شىسەي ئۇنى قاماققا ئالغان. 1949 - يىلى تۈرمىدىن چىقىپ ئۆز ئۆيىدە تۇرغان. 1949 - يىلىدىن كېيىن ئىلى سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئىتى بولۇپ

ئىشلەيدۇ . 1957 ـ يىلى كېسەل بولۇپ ۋاپات بولغان.

## گۇاڭلۇ

شىبە ، 1895 ـ يىلى تۇغۇلغان . باشلانغۇچ مەكتەپ پۈت-
تۈرگەندىن كېيىن ، بېيجىڭدىكى رۇسچە مەكتەپكە بېرىپ ئو-
قۇيدۇ . 1930 ـ يىللىرى ، نەنجىندىكى شىنجاڭ باشقارمىسىدا
ئىشلەيدۇ . 1932 ـ يىلى گومىنداڭنىڭ قانۇن پالاتاسىنىڭ ئەزاسى
بولىدۇ . 1933 ـ يىلى شىنجاڭغا قايتىپ كېلىدۇ . 1935 ـ يىلى
جۇڭگونىڭ تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى بولىدۇ . 1937 ـ
يىلى شېڭ شىسەي ئۇنى قولغا ئالىدۇ . 1944 ـ يىلى تۈرمىدىن
چىقىپ غۇلجىغا بارىدۇ . ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى گۇاڭلۇ ، تەل-
ئەت مۇسابايوۋ ، ئىلياس ( خۇيزۇ ) لارنى تىكەس ، توققۇز تارا
قاتارلىق جايلارغا تەشۋىقات ۋە تەكشۈرۈش خىزمىتىگە ئەۋە-
تىدۇ . گۇاڭلۇ بۇ ناھىيىلەردىكى بىر قىسىم ئەمەلدارلارنى ئې-
لىپ ، تەلئەت مۇسابايوۋ ، ئىلياسلار بىلەن بىرگە يۇلتۇز ئارقى-
لىق ئۈرۈمچىگە قېچىپ كېلىپ ئۈچ ۋىلايەت ئەھۋالىدىن جاڭ
جېيشىغا مەلۇمات يوللايدۇ . جاڭ جېيشى ئۇنى مۇكاپاتلايدۇ ۋە
ئۆلكىلىك شېخۇيچۇغا مەسئۇل قىلىدۇ . 1946 ـ يىلى نەنجىنگە
بارىدۇ . ئازادلىق ئۇرۇش ۋاقتىدا ، تەيۋەنگە قېچىپ كېتىدۇ . ئۇ
1973 ـ يىلى تەيۋەندە ئۆلىدۇ .

## يىن دېشەن

شىبە ، 1886 ـ يىلى تۇغۇلغان . ئائىلە تەربىيىسىدىن كې-
يىن ، ئىلى كۈرە مەكتىپىدە ئوقۇغان . 1903 ـ يىلى مانجۇ ھۆكۈ-
مىتى تەرىپىدىن ئالما ـ ئاتا گىمنازىيىسىگە ئوقۇشقا چىقارغان .
1910 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ ، نەن-
جىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە ئىشلىگەن . 1929 ـ يىلى

نەنجىن ھۆكۈمىتى ئۇنى جۇڭگونىڭ ئالما ــ ئاتادا تۇرۇشلۇق كونسۇلى قىلىپ بەلگىلەيدۇ. بىر يىل بولمىغان ۋاقىتتا يەنى 1930 ـ يىلى مانجۇرىيەدە جۇڭگو ــ روسىيە قوراللىق توقۇنۇشى يۈز بېرىدۇ. بۇ كۈنلەردە روسىيىدىكى ھەرقايسى جۇڭگو كونسۇلخانىلىرى ئالدىدا روسىيىلىكلەر نامايىش قىلىپ كونسۇل دەرۋازىلىرىنى چاقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن روسىيىدىكى ھەرقايسى كونسۇللار قايتىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا يىن دىشەن پولەك ئايال بىلەن توي قىلىپ نەنجىندە تۇرىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن، بېيجىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ رۇس تىلى پىروفېسسورى بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1957 ـ يىلى ئوڭچى بولۇپ غۇلجىغا قايتۇرۇلىدۇ. 1958 ـ يىلى كېسەل بولۇپ ۋاپات بولىدۇ.

## ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش، جۇڭگو ــ سوۋېت ئىككى دۆلەت ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا پىداكارلىق بىلەن كۈرەش قىلغان، ئۆز تارىخىدا ئەينى زامان فېئودال ھۆكۈمران كۈچلەرنىڭ تۈرلۈك تەھدىتى ۋە بېسىملىرىدىن قورقماي، قەشقەردە ھازىرقى زامان مائارىپىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشىدا تەشەببۇسكار رول ئوينىغان، خەلقنىڭ ئويغىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن پائال ھەرىكەت قىلغان ۋە بۇ جەھەتتە بەلگىلىك تۆھپە ياراتقان ئاكتىپ زاتتۇر.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قەشقەرلىك بولۇپ، ئوقۇمۇشلۇق مەرتىپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ چوڭ دادىسى ئابدۇقادىر ئاخۇن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرغىچە قەشقەردە قازىكالان نامى بىلەن خەلققە تونۇشلۇق بولغان جامائەت ئەربابى بولۇپ پارس، ئەرەب، ئوردو ۋە تۈركىي تىللىرىنى مۇكەممەل

ئىگەللەپ، ئەتراپلىق ئىلىم تەھسىل قىلغان شەرقشۇناس، ئادالەتپەرۋەر كىشى ئىدى.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئابدۇقادىر قازىكالاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئابلىمىت ھاجىمنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ بالىلىق دەۋرىنى مەرىپەتپەرۋەر دادىسىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، 1905 - يىللىرىغىچە قەشقەر شەھىرىدە ئىپتىدائىي مەكتەپتىن تاكى ئالىي بىلىم يۇرتى بولغان قەشقەر خانلىق مەدرىسىگىچە ئوقۇدى. بالىلىق دەۋرىدە ئۇ شوخ، تېتىك، زېرەك، غەيۇر، مىجەزى چۇس ئىدى. ئۇ تاشقى دۇنيادا كۆتۈرۈلۈۋاتقان يېڭى مەدەنىيەتكە قىزىقىپ، سودىگەرلەردىن دۇنيادىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئۆگىنىش بىلەن ئاڭلاشنى بىرلەشتۈرۈپ، زامانداشلىرى ئارىسىدا ئىقتىدارلىق بولۇپ يېتىلدى. شۇڭا ئۇنى زامانداشلىرى سۆزمەن زاكۇنچى دەپ ئاتايتتى.

1892 - يىلى باۋۇدۇن مۇسابايوۋلار چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى چىقارغان ۋاقىتتا، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇممۇ ئىمتىھانغا قاتنىشىپ ئىمتىھاندىن ئۆتىدۇ. لېكىن يېشىنىڭ كىچىكلىكى تۈپەيلىدىن چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشتىن قېپقالدى.

1905 - يىللىرى دۇنيا ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولغان، كاپىتالىزم تەرەققىي قىلىپ جاھانگىرلىك باسقۇچىغا كۆچكەن ۋاقىتلار ئىدى. ئۇ يىللاردا شىنجاڭدا روسىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق جاھانگىر دۆلەتنىڭ كونسۇللىرى بار بولۇپ، شىنجاڭدا ئەنگلىيە بىلەن چارروسىيىدىن ئىبارەت ئىككى كونا جاھانگىر دۆلەتنىڭ سىياسىي رىقابىتىدىن باشقا سودا رىقابىتىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. ئەنگلىيە سودىسى جەنۇبىي شىنجاڭدا ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. چارروسىيە 19 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن باشلاپ شىمالىي شىنجاڭ ۋە شەرقىي شىنجاڭ ( ئىلى، ئالتاي، چۆچەك، ئۈرۈمچى، قۇمۇل، تۇرپان ) دىن ئىبارەت بۇ جايلار-

نىڭ سودىسىنى كونترول قىلىۋالغان ئىدى.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم 1907 ـ يىلىدىن 1911 ـ يىلىغىچە ئىككى رەت روسىيىگە سودا ـ تىجارەت بىلەن چىقىدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن تىجارەت قىلسا، بىر تەرەپتىن روسىيىنىڭ چوڭ ـ كىچىك شەھەرلىرىنى زىيارەت قىلىپ، ئىگىلىك يارىتىش تەجرىبىسىنى ئۆگىنىدۇ. ئۇ 1905 ـ يىلىدىكى روسىيە فېۋرال ئىنقىلابىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن «كالتا چاپانلار تەشكىلاتى» نىڭ ئەركىنلىك، ئازادلىق ۋە پەنگە يۈرۈش قىلىش يولىدىكى كۈرەشلىرى ۋە باشقا ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىدىن زور تەسىر ئالىدۇ.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ روسىيىدىن ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن ۋاقتى دەل ئۇرۇمچى ۋە ئىلىدا شىنخەي ئىنقىلابىي پارتلىغان، ئۇزۇن ئۆتمەي قۇمۇل ۋە تۇرپان رايونىدىكى دېھقانلار قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن مەزگىل ئىدى.

زېمىندا بولۇۋاتقان بۇ ئىشلارنى كۆرگەن ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قەشقەردىكى ئۆز تەڭتۇشلىرىدىن بولغان بىر بۆلۈم ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر بىلەن بىرلىشىپ، خەلقنى ئويغىتىپ، پەننىي مەكتەپ ئېچىپ، خەلقنى نادانلىق ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن روسىيىدىكى خەلقلەرنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان تۇرمۇشى، ئاچقان پەننىي مەكتەپلىرى ۋە ئۇ يەردىكى تەرەققىياتلارنى تەشۋىق قىلدى.

1913 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۇ يۈسۈپ قوقەنى، ۋېلىخان باي، سوپا نىياز ھاجىم، مامۇت ھاجىم ماشىنچى، نىياز ھاجىم تەمبۇر، ئىمىن تامچى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن ھەمدەملىشىپ، قەشقەر شەھىرى جانان كوچىسىدىكى يۈسۈپ ئاخۇن دېگەن كىشىنىڭ قورۇسىدا قەشقەر يېقىنقى زامان تارىخىدا تۇنجى قېتىم بىر سىنىپلىق يېڭى مەكتەپ ئاچىدۇ. بۇ سىنىپتا 26 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇيدۇ. بۇ يىللاردا پىشقان ئوقۇتقۇچىلارنى تېپىش

قېيىن بولغاچقا، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم تەرەققىپەرۋەر زات ئاكا - ئۇكا مۇسا بايوفلار بىلەن ئىلى ئارقىلىق تۈركىيىدىن ئەخمەت كامال، ئابابەكرى ئەپەندى، ئىمىر موللا، ئابدۇراخمان ئەپەندى، مۇكەررەم قارى قاتارلىق بەش كىشىنى قەشقەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىدۇ. مەزكۇر مەكتەپ سىناق تەرىقىسىدە ئالتە ئاي داۋام قىلغاندىن كېيىن، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم تاشمىلىق بېگى تاش بەگ، ئىلغار پىكىرلىك قارى ھاجىم، شىرىپ ئاخۇن قاتارلىقلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بۇلارنىڭ ياردەم بېرىشى ۋە قوللىشى ئاستىدا تاشمىلىققا ئىككى سىنىپلىق پەننىي مەكتەپ ئاچىدۇ. بۇ دەل ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان چاغلار ئىدى. ياڭ زېڭشىن ئىستىبداتلىقتا ئۇچىغا چىققان تۈلكە بولۇپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ۋە ئۇزۇن مۇددەت خەلق ئۈستىدىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇشنى ئويلايدىغان قارا نىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن، قەشقەردىكى بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ ئەمدىلا ئېچىلغان يېڭى مەكتەپنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇنىدۇ.

شۇ يىللىرى ئەنگلىيە كونسۇلىنىڭ خىزمەت ۋاقتى توشۇپ ئەنگلىيىگە قايتىدىغان ۋاقتىدا، قەشقەر شەھەر ئەتراپىدىكى نەچچە ئونلىغان ئوغۇل - قىزلارنى دەلاللار ئارقىلىق ئالداپ ھىندىستانغا ئېلىپ كەتمەكچى بولىدۇ ۋە تاشمىلىققا ئېلىپ بارىدۇ. تاشمىلىق بېگى تاش بەگ بۇ ۋەقەنى بىلگەندىن كېيىن ئۇلارنى توسۇپ قويىدۇ. بۇ ئىشقا ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى قولچىلىق قىلىپ ئارىلاشمايدۇ، ئۇ چاغدا ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم مەردانىلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ تاش بەگنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى قوللاپ، ئوغرىلاپ مېڭىلغان كىشىلەرنى ئەنگلىيىلىك ئەسكەرلەردىن تارتىۋالىدۇ. لېكىن ئەنگلىيە كونسۇلى ئۆزىنىڭ بۇ خاتا قىلمىشىغا تۆۋە قىلماق يوق، ئەكسىچە ياڭ زېڭشىن

ھۆكۇمىتىگە ئەرز قىلىدۇ. نەتىجىدە ياڭ زېڭشىن ھۆكۇمىتى تاش بەگنى جازالىماقچى بولىدۇ. بۇ چاغدا ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم شەھەر خەلقىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ياڭ زېڭشىنىنىڭ ناھەق قىلمىشىغا نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. بۇ نارازىلىق بىلەن ۋەقە پەسەيگەن بولىسمۇ، لېكىن ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ھۆكۈمەتنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ بولۇپ قالىدۇ. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان بىرقىسىم ئەكسىيەتچى كۈچلەر ۋە خەلقنى ئىشلىتىش بىلەن جان بېقىۋاتقان روھانىي فېئودال قارا كۈچلەر ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ: «ئىككى يېڭى مەكتەپ ئېچىپ جەدىتلىكنى تەرغىب قىلدى، ھەربىي مەشىق ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ» دەپ ھۆكۈمەتكە مەلۇمات بېرىدۇ. نەتىجىدە ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمغا يېڭى مەكتەپلەرنى تاقاش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. مۇئەللىم ئەخمەت كامال قولغا ئېلىنىپ ئۈرۈمچىگە كەلتۈرۈلىدۇ، تاشمىلىقتا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان تۆت نەپەر مۇئەللىم يۇشۇرۇنچە تۈركىيىگە كېتىدۇ. ياڭ زېڭشىن ئەخمەت كامالنى ئىچكىرى ئۆلكىلەر ئارقىلىق تۈركىيىگە كېتىشكە زورلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن قەشقەردە ئېچىلغان يېڭى مەكتەپ توختايدۇ. ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ۋەزىيەتنى بايقىغاندىن كېيىن، بىر مەزگىل ياڭ زېڭشىنىنىڭ نەزەرىدىن چەتتە تۇرۇش ئۈچۈن ۋاقىتلىق روسىيىگە چىقىپ كېتىدۇ.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم بۇ قېتىم روسىيىگە چىققان ۋاقىت 1-دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقان، روسىيىدە سوۋېت ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان، ئوتتۇرا ئاسىيادا بولسا ئىلگىرىكى «كىتابخانىلار»، «تەرەققىيپەرۋەرلەر تەشكىلاتى». ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ ۋە باشقا مىللەتلەردىن تەشكىل تاپقان «مۇسۇلمان ئىشچىلار بىرلەشمىسى» تەشكىلاتىغا ئۇيۇشۇۋاتقان ۋاقىتلار ئىدى. ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ بۇ قېتىم روسىيەدە كۆرگەنلىرى

ئىلگىرىكىدىن ناھايىتى زور پەرقلىق ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئىدىيىسىدىكى ئۆزگىرىشمۇ ناھايىتى زور بولدۇ. ئازادلىق ـ ئەركىنلىكنىڭ ئىنقىلاب يولى بىلەن بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاق ۋە قائىدىلىرىنى ئۆگىنىدۇ. مۇشۇ جەرياندا سوۋېت روسىيىنىڭ بەزى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ ۋە ئۇيغۇر ۋەكىلى بولۇپ بەزى يىغىنىغا قاتنىشىدۇ.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندە، قەشقەرنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقى جۇدوتەيدە ئىدى. جۇدوتەي خۇددى ياڭ زېڭشىنىغا ئوخشاش كونا ئىستىبدات، خۇدۈكچى گۇمانخور ئادەم ئىدى.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم روسىيىدىن كېلىپلا، قەشقەردە ئىلغار پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا كىرىشىدۇ. ئۇ چاغدا ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ تەدبىرچانلىقى، تەجرىبىسى يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ ئىلغار پائالىيەتلىرى ھۆكۈمەتكە مەلۇم بولىدۇ. ئۇنىڭ بەش نەپەر ئىلغار دوستى قولغا ئېلىنىپ ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كېتىدۇ. ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم باشقا بۇرادەرلىرى بىلەن يەنە روسىيىگە قېچىپ چىقىشقا مەجبۇر بولىدۇ. روسىيىدە بولغان مەزگىلىدە بىر قاتار تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەيدۇ. 1923 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرى قەشقەرگە قايتا كېلىپ، سىياسىي پائالىيەتنى ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي پائالىيەت ئارقىلىق ئېلىپ بېرىشقا ئۆزگەرتىدۇ. ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم 1924 ـ يىلىدىن باشلاپ بىرىنچىدىن، پەننىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن خەلقنى ئاقارتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلسا، ئىككىنچىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى يېڭىلىقلارنى سۆزلەش ئارقىلىق ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى تەشۋىق قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودا دۇگۋارى تۈزۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سانائەت ماللىرىنى

كۆپلەپ كىر گۈزىدۇ .نەتىجىدە ئەنگلىيە ئىگەللىۋالغان بازار زى-يانغا ئۇچرايدۇ . مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن خېرىدار جەلپ قىلىپ ئەنگلىيە سودىسىنى سىقىپ چىقاردى . يەنە بىر تەرەپتىن ، سو-ۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش قوراللىرى ، كۆكۈل ئېچىش ۋە تەنتەربىيە ، مەدەنىي بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنى ، يېڭىچە كى-يىملەرنى ئېلىپ كېلىپ خەلققە مەدەنىيەت تارقىتىدۇ . ئابدۇكې-رىمخان مەخسۇم ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن يوشۇرۇن ۋە ئاش-كارا قىلىنىۋاتقان ھەر خىل بېسىم ۋە كەمسىتىشلەرگە قىلچە پەرۋا قىلماي ، تېخىمۇ ئىچكىرىلىگەن ھالدا مەشھۇر ئالىم ئابدۇ-قادىر داموللام بىلەن بىرلىكتە چەت ئەل مىسسىئونېرلىرىنىڭ دىن تارقىتىش ھەرىكەتلىرىگە قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ . بۇ ھەرىكەت ئۇلارنىڭ ئەجەللىك يېرىگە تەگكەچكە ، ئۇلار ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئۈستىدىن يالغان زېڭشىن ھاكىمىيىتىگە قارا مەلۇمات يوللايدۇ . ئۇزاق ئۆتمەي يالغان زېڭشىن ھۆكۈمىتى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ، يۇسۇپ قوقەنى ، ۋېلىخان باي ، سوپى نىياز ھاجى ، مامۇت ھاجى ماشىنچى ، نىياز ھاجى تەمبۇر ، ئىمىن تامچى قاتارلىق كىشىلەرنى قولغا ئېلىپ ئۇلارنى ئاقسۇغا پالايدۇ . ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم 1924 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ تۈرمىدە يېتىپ ، 1933 ـ يىلى 3 ـ ئايدا تۆمۈر ئېلى ( تۆمۈر سىجاڭ ) قوشۇنلىرى ئاقسۇنى ئازاد قىلغاندا ئاندىن ئۆز يۇرتى قەشقەرگە يېنىپ كېلىدۇ . يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان ھۆكۈمەت دائىرىسىدە ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم مائارىپ مەسئۇلى ھەم تۆمۈر ئېلى ( سىجاڭ ) ئاچقان نو بېشىدىكى پەننىي مەك-تەپكە مۇدىر بولۇپ ئىشلەيدۇ . 1930 ـ يىللاردا تارىختا ئاجايىپ يېڭىلىقلار يۈز بېرىپ ، شىنجاڭدىمۇ تارىخىي خاراكتېرلىك تەۋ-رىنىش ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى . بۇ ئۆزگى-رىشلەردە ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ ئوينىغان رولى ئالاھىدە زور ئىدى . ئۇ بۇ مەزگىللەردە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا زور

ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى . ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا ئىشلەۋاتقان رەئىس سوپى نىياز ھاجى ۋە مۇئاۋىن رەئىس نىياز ھاجى تەمبۇرلار بىلەن بىر پىكىردە بولۇپ ، خەلقنىڭ ئويغىنىشى ئۈچۈن جان پىداكارلىق بىلەن ئىشلىدى .

1937 - يىلى 4 - ئايدا مەھمۇت مۇھىتى ( مەھمۇت سىدىلىك ) قەشقەرنى تاشلاپ چەت ئەلگە كەتكەندىن كېيىن ، ماخۇسەن قىسىملىرى قەشقەرنى ئىشغال قىلىپ ، قەشقەردە بۇلاڭ - تالاڭ ۋە قىرغىنچىلىق يۈز بەرگۈزمەكچى بولۇشىدۇ . بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ماخۇسەن قىسىملىرىغا قەتئىي تەلەپ قويۇپ ، شەھەر خەلقىنى بۇلىماسلىقنى ئېيتىدۇ . ماخۇسەن قىسىملىرى ئۈچۈن بايلاردىن پۇل - مال يىغىپ بېرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن خەلق ئامان قالىدۇ . بۇ چاغدا ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قەشقەردە ھاكىملىق مەنسىپىدە ئىدى . 1937 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قەشقەگە مۇۋەققەت ۋالىي بولىدۇ . ئۇ ۋالىي بولغان مەزگىلدە پەن - مائارىپ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ . ئاخبارات ، مەتبۇئات ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرگە ، ئۆزىمۇ شېئىر يېزىپ خەلقنى ئويغىتىدۇ .

1937 - يىلى شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى ئېغىر سىياسىي كىرزىسكە چۈشۈپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلانغان جاھانگىرلار شىنجاڭنىڭ ھەر خىل ئاخبارات ۋە ئاسارە - ئەتىقىلىرىنى ئوغرىلاش بىلەن شۇغۇللاندى . بولۇپمۇ ئەنگلىيە ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن بۇ ئىشنى ناھايىتى چىڭ تۇتقان ئىدى . ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ بۇ خىل جىنايى ھەرىكەتلىرىنى سەزگەندىن كېيىن ، تاشمىلىق ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى ، قوشۇمچە بەگ قاسىم تاش ھاجىمنى چاقىرتىپ ئەھۋال ئىگەللەش بىلەن بىرگە ، ئەنگلىيە پوچتىلىرىنىڭ مېڭىش يوللىرىنى قامال قىلىپ ، ئوي تاغ ئەتراپىدىكى مۇخ جىلغىسىدا ئەنگلىيە

پـوچتىلىرى ئوغرىلىقچە ئېلىپ ماڭغان يادىكارلىقلارنى تارتىۋا-لىدۇ .

1938 - يىـلى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم تەكلىپكە بىنائەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا دوستانە زىيارەتتە بولدى . بۇ چاغدا شىن-جاڭدا شېڭ شىسەي خەلققە گۇمان نەزەرى بىلەن قاراپ ، 1942 - يىلنىڭ باشلىرىدا ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنى ئائىلىسى بىلەن بىرگە ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىپ تەقىپ ئاستىغا ئالىدۇ .

1944 - يىلى 7 - ئايلاردا ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى شېڭ شىسەينىڭ ئۈرۈمچى ئىك-كىنچى تۈرمە قارمىقىدىكى تۈرمىدىن بوشىنىپ چىقىدۇ .

ئۇ تۈرمىدىن چىققان كۈنى كەچ ، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئەخمەتجان قاسىمىنى سەنشىخاڭزىدىكى ماتا سارىيىدىن چاقىرتىپ كېلىپ ، ياڭخاڭ تاتار مەسچىتى ئارقىسىدىكى خوجا ئەخمەت قورۇسىدا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىدۇ . ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ( 1943 - يىلنىڭ ئاخىرى ) ، شېڭ شى-سەي تۈرمىسىدىن چىقىپ ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارمىقىدىكى سانايى-نەفىسىدە تەقىپ ئاستىدا خىزمەت قىلىۋاتقان قاسىمجان قەمبى-رىنى ساز ۋە سازەندە ئېلىپ كېلىش باھانىسى بىلەن ئىلىغا كې-تىشىگە ياردەم بېرىدۇ .

1944 - يىلى 9 - ئايدا شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن كېتىپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا 11 - ئايدا ۋۇجۇڭشىن رەئىس بولۇپ كەلدى . ئۇ ، شىنجاڭغا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا زىياپەت يىغىنى چاقىرىپ ، ئۈرۈمچىدىكى ھەر ساھە ، ھەر مىللەت يەرلىك كادىرلارنى ، بىر بۆلۈك زىيالىلارنى ، خەلق ئىچىدىكى ئاتاقلىق شەخسلەرنى چا-قىرتىدۇ ، شۇنداقلا بۇ زىياپەتكە ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىمۇ تەكلىپ قىلىدۇ . زىياپەتتە ۋۇجۇڭشىن سۆز قىلىپ : « ھازىر ئۈرۈمچىدىكى تۈرمىدە ئىككى مىڭدىن ئارتۇق جىنايەتچىلەر بار ، بۇنىڭ ئىچىدە يەكەنلىك ئىشاندىن 32 نەپىرى بار ئىكەن ،

بۇلارنى يۇگۇن ئازاد قىلىمەن ، قالغان سىياسىي مەھبۇسلارنى قايتا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىمەن ، بۇنىڭدىن كېيىن مەن شىنجاڭدا ئوق ئىشلەتمەيمەن . جادۇ ئېلىپ كەلدىم ..... بۇنىڭدىن كېيىن يېزا ئىگىلىك ، سانائەت ، مەدەنىي - مائارىپ ، خەلق تۇرمۇشى قاتارلىق ئىشلارنى ياخشىلايمەن ... » دېگەن . سۆز نۆۋىتى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمغا كەلگەندە ، ئۇ مەردانىلىق بىلەن : « ماۋۇ ( ۋۇجۇڭشىننى كۆرسىتىپ ) 32 نەپەر ئىشانى قويۇپ بەرسە شىنجاڭ خەلقىغە نىمە پايدىسى بار ئىكەن ؟ قويۇپ بەرمىسچۇ ؟ 2000 دىن ئارتۇق سىياسىي مەھبۇسىنىڭ گۇناھى نېمىكەن ؟ نېمە ئۇچۇن ئۇلارنى قويۇپ بەرمەيدىكەن ؟ ئۇلار گۇناھسىز ! قويۇپ بەرسۇن ! ۋۇجۇڭشىن ئېغىزىدا ياخشىلايمەن دېگەن ئىشلارنى ھەقىقەتەن قىلغاندا ئاندىن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىمەن ، مېنىڭ دەيدىغانلىرىم شۇ ، زىيابەت ئۇچۇن ئۇن ، ياغ ، گۆش ، سەي قاتارلىقلارنى تەييارلىغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت دېھقان - چارۋىچىلارغا رەھمەت ! ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭغا كەلمەي تۇرۇپ جادۇ تەييارلاپتۇ . ئۇ بەكمۇ ئاۋارە بوپتۇ ، شىنجاڭ خەلقى گۇناھسىز ! ۋۇجۇڭشىن ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ سىياسىتىنى ئۆزگەرتسۇن . شۇ چاغدا ئوتتۇرىدىكى ئاداۋەت كۆتۈرۈلىدۇ ... بولمىسا بىگۇناھ شىنجاڭ خەلقىنى قىرىپ تۈگىتەلمەيدۇ . شىنجاڭدىكى خەلقنىڭ ئىگىسى بار ! » دەپ جاراڭلىق سۆزلەيدۇ .

1945 - يىلى 2 - ئايدا ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قەشقەرگە قايتىپ بېرىپلا جىددىي پائالىيەتكە كىرىشتى .

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم شەھەر زىيالىيلىرى ۋە ھەر ساھەدىكى ئىلغار پىكىردىكى كىشىلەر ، ئوقۇتقۇچىلار ۋە سىفەن ئوقۇغۇچىلىرىنى ئاساس قىلغان بىر گۇرۇپپا ، ئوپال ، تاشمىلىق ، بولاقسۇ ئەتراپىدا قاسىم تاش ھاجى باشچىلىقىدا يەنە بىر گۇرۇپپا تەشكىل قىلدى . بۇ ئىككى گۇرۇپپا ئەسلىدىكى ئازاد-

لىق تەشكىلاتىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى ۋە قورالliق قوزغىلاڭغا هازىرلىق قىلدى. ئۇلۇغچاتنىكى قىزىل ئۆي، بورتوقاي قاتارلىق جايلارنى ئاساس قىلغان هالدا مۆتىۋەرلەردىن ساتىباي، سايىت بەگ، ئىلغار قىرغىز زىيالىي مەرھۇم مۇھەممەت ئەيسالار باشچىلىقىدا يەنە تاغ پارتىزانلار ئەترىتى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە مۇھەممەت ئەيسا ئالاقىچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. تاشقورغاندا كارۋانشاھبەگ، ئوبۇلقاسىم بەگ، تاشتۆمۈر، تاھىربەگ، زاھىر بەگ ۋە لەشكەر، گۈلجاماللاردىن تەركىب تاپقان يەنە بىر گۇرۇپپا قۇردى. ئاتۇشتا ئابلا مەھمۇدى، ئابلا مەخسۇم، رىشاتخان باشچىلىقىدا بىر گۇرۇپپا؛ مارالبېشىدا ئابدۇرېھىم سابىر، ئابدۇرېھىم لىتىپ، مۇسا سايىت، ئابدۇقادىر هاجى قاتارلىقلار قاتنىشىدا بىر گۇرۇپپا؛ مەكىتتە مەھەممەتخان هاجى، ئابدۇقادىر خەلچەم، ئابدۇقادىر رايىدىن قاتارلىقلار باشچىلىقىدا بىر گۇرۇپپا؛ يەكەندە ئابلاجان، رايىجان باشچىلىقىدا سەمەت ئەمەت، مۇھەممەت توختى قاتارلىقلار قاتنىشىدا بىر گۇرۇپپا؛ قاغىلىقتا قاسىم بەگ، قەيىيۇ خوجاڭ، هاشىم خوجاڭ، تۇردى قادىر بەگ، ئىسھاقجانلاردىن تەركىب تاپقان بىر گۇرۇپپا؛ يېڭىساردا غوپۇرجان، سابى قارى باشچىلىقىدا بىر گۇرۇپپا؛ پەيزىۋاتتا بىر گۇرۇپپا قۇرۇلغان. بۇ گۇرۇپپىلار خەلقنى ئويغىتىش ئۈچۈن گېزىت چىقىرىش، تەشۋىق ۋەرەقلىرىنى تارقىتىش، شوئار چاپلاش، هەر قايسى سورۇنلاردا سوۋېت - گېرمان ئۇرۇش ئەھۋالىنى هەمدە جياڭ جېيشىنىڭ جۇڭگو خەلقىغە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلەرنى سۆزلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خەلققە تىنچلىق، دېموكراتىيىنى تەشۋىق قىلىدۇ ۋە شارائىتى ياخشى بولغان تاغ رايونىدا هەم يېڭىسار، قاغىلىق، تاشقورغان، مارالبېشى قاتارلىق جايلاردا قوراللىق قوزغىلاڭغا هازىرلىق قىلىدۇ.

1945 - يىلى 7 - ئايدىن باشلاپ ئابدۇكېرىمخان مەخ-

سۇمنىڭ ھەر قايسى يەرلىك تەشكىلات ۋە تاشقورغاندا ھەرىكەت قىلغۇچى ئەترەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئايرىش ئۈچۈن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ قوماندانى ياڭ دېلياڭ ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنى مۇھاپىزەت قىلىش نىقابى بىلەن ئۇنى باغ ھويلىدىن شەھەر خام بازىرىدىكى ئۆيگە كۆچۈرۈپ نازارەت قىلىدۇ. بۇ ھال ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ ۋە دۈشمەنىنىڭ ئەسەبىيلىكىگە خاتىمە بېرىش ۋە ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئابلىز مۇھەممەدىنى قەشقەرگە ئەۋەتىدۇ. ئابلىز مۇھەممەدى قەشقەرگە يېتىپ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا، گومىنداڭ ئارمىيىسى ئۆز ئىچىدىكى ئىنقىلابچىلار (قوراللىق قوزغىلاڭ باشلانغاندا ئىچىدىن ماسلىشىدىغان ئىنقىلابچىلار) دىن ئىسكادرون كوماندىرى خوجا ئەخمەت (خەنزۇچە ئىسمى خاۋىنچاڭ) باشلىق 11 كىشىنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ ۋەقە ئاقسۇدا لوتپۇللا مۇتەللىپ باشچىلىقىدىكى ئۈچقۇن تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى ئۆلتۈرۈلگەن كۈنگە توغرا كەلدى.

ئابلىز مۇھەممەدى قەشقەرگە كەلگەندە قولغا ئېلىنىدۇ. گومىنداڭنىڭ قايتا قولغا ئېلىش ھەرىكىتى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋېتىدۇ. مۇشۇنداق شارائىت ئاستىدا ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئىشپىيونلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا يەنىلا ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. نەتىجىدە، 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تاشقورغاننى بازا قىلغان جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭى پارتلاپ، گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ قىسىملىرىغا ئەجەللىك زەربە بېرىپ، ئۇن ناھىيىنى ئىشغال قىلىدۇ.

1946 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، 11 ماددىلىق تىنچلىق كېلىشىم ئىمزالىنىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلىدى. ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈ-

مەت ئەزاسى ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى ، قوشۇمچە قەشقەر ئامانلىق ساقلاش باش قوماندانى بولىدۇ . ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ۋالىي بولغاندىن كېيىن ، پۈتۈن كۈچى بىلەن خەلقچىل سايلامنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ . قەشقەردىكى سايلام ھەرىكىتىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ . بۇ يىللاردا جاي ـ جايلاردىكى خەلقچىل زاتلار ، ۋەتەنپەرۋەر زىيالىيلار ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قىسمى ۋە قىيناشلىرىغا ئۇچرىغان ئىنقىلابىي كىشىلەر ، تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابىغا قاتناشقان جەڭچى ، ئوفىتسېرلار ، جەنۇبىي شىنجاڭ ياشلار ھەرىكىتىنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ ھىمايىسىدە بولىدۇ .

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ھىمايە قىلاتتى ، شىنجاڭدا خىزمەت قىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ ئىشلىگەن ، بولۇپمۇ قەشقەر رايونىدا ئىشلىگەن خۇجىيەن ، شۇلياڭ ۋە لى رېلياڭ ( ئەسلى ئىسمى لى يۈكپاڭ ) قاتارلىقلار بىلەن بىر نىيەت ، بىر مەقسەتتە بولغان . ئۇ يەنە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي رەھبەرلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان .

1947 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلگەندە ، ئۇلار بىلەن ئىنتايىن قىزغىن سۆھبەتتە بولۇپ ، كۆز ئالدىدىكى ۋەزىيەت ھەققىدە ئەستايىدىللىق بىلەن سۆھبەتلەشكەندى .

1947 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى 11 ماددىلىق تىنچلىق كېلىشىمنى بۇزۇپ ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىلغار پىكىرلىك ياشلارنى قولغا ئالدى . بۇ چاغدا گومىنداڭنىڭ بىر روتا ئادىمى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ ئۆيىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ قورشاپ ، ئۇنى قاتتىق نازارەت قىلدى . ئۇلار نازارەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئائىلە

سىدىكى كىشىلەرنىڭ بېرىش ـ كېلىش ئىشلىرىنىمۇ چەكلىدى. چېقىش ـ كىرىش بولۇپ قالسا رازۋېتچىكلار بىللە ماڭدى، لې-كىن ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قولغا ئېلىنغان ئىنقىلابچىلارنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش يولىدا كۈرەش قىلدى. گومىنداڭنىڭ قەش-قەردىكى ھەربىي ـ مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى ۋە ئۆلكىدىكى ھەربىي ـ مەمۇرىي دائىرىسىگە داۋاملىق خەت ۋە تېلېفون ئارقى-لىق قامالغانلار ئۈستىدىكى ھەر خىل قىيىن ـ قىستاق ئازابلارنى بىكار قىلىش ۋە ئۇلارنى قويۇپ بېرىش توغرىسىدا تەلەپ ۋە شەرتلەرنى قويدى. بولۇپمۇ 1949 ـ يىلى بۇرھان شەھىدى ئۆلكە رەئىسى بولغاندىن كېيىن، بۇرھان شەھىدىگە كۆپلىگەن خەت-لەرنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى بايان قىلىپ شىن-جاڭدا تىنچلىقنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى، تۈرمىدىكىلەرنىڭ ۋاقتىدا قويۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلدى.

1949 ـ يىلى 25 ـ سىنتەبىردە، شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئارمىيە دائىرىلىرى ھەقىقەتكە ئۆتكەنلىكىنى جاكارلىدى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى. ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم يەنە قەشقەرگە ۋالىي بولۇپ تەيىنلەندى. ئابدۇكېرىمخان مەخ-سۇم 1949 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، ستالىن تۇغۇلغانلىقى-نىڭ 71 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن قەشقەر ۋالىي مەھكى-مىسىدە زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، ستالىن، ماۋزېدۇڭلارغا چىن دى-لىدىن مەدھىيە ئوقۇدى. 1950 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىدىن كونسۇل تاجالكىن، مۇ-ئاۋىن كونسۇل باتۇرۇفلار سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پار-تىيىسى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن، ئۆز دۆلى-تىدىن ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ جۇڭگو ـ سوۋېت ئىككى دۆلەت دوسلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى تۆھپىسى ئۈچۈن مەخسۇس ئەۋەتىلگەن لېنىن ۋە ستالىن ئوردېنىنى تەقدىم قىلدى.

1950 - يىلى 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي ھۆكۈمىتى 1225 - نومۇرلۇق خىزمەتكە تەيىنلەش ئۇقتۇرۇشى چىقىرىپ ، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنى غەربىي شىمال رايونلۇق ھەربىي — مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ خەلق تەپتىش ۋەكىلى قىلىپ بەلگىلىدى . 1951 - يىلى 5 - ئايدا ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنى ئۆلكىلىك 1 - نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ رەسمىي ۋەكىلى قىلىپ تەيىنلەپ تەكلىپ ئەۋەتتى . 1952 - يىلى ئابدۇ- كېرىمخان مەخسۇم يېشىنىڭ چوڭىيىپ قېلىشى ۋە تەن — سالا- مەتلىكىنىڭ ياخشى بولماسلىقى سەۋەبلىك خىزمىتىدىن ئىستېپا سورىدى . 1953 - يىلى 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ، مەركىزىي ھۆ- كۈمەت 5592 - نومۇرلۇق خىزمەتكە تەيىنلەش ئۇقتۇرۇشىنى چىقىرىپ ، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنى غەربىي شىمال رايونلۇق مەمۇرىي مەھكىمە خەلق تەپتىش ۋەكىلى قىلىپ تەيىنلىدى . 1954 - يىلى 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى قىلىپ سايلاپ گۇۋاھنامە ئەۋەتتى .

قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم بىر ئۆمۈر ھاياتىنى سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم ئىشلىرى ، شىنجاڭدا تىنچلىق بىرلىكىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ، ۋەتەننىڭ ئازادلىقى ، خەلقنىڭ مەرىپەت ئىگەللەپ جاھالەتتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن بې- غىشلىدى . ئۇ شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىقى ۋە ئەركىنلىكى ئۈ- چۈن جاھانگىرلىك ، فېئودالىزم كۈچلىرى بىلەن تىغمۇ تىغ ئې- لىشىپ ئاجايىپ تۆھپىلەرنى ياراتتى .

ئۇ ئۆز مەقسەتلىرى يولىدا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە جاپالىق ئىشلەپ ، ئاخىر 1955 - يىلى 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى كېسەل مۇنا- سىۋىتى بىلەن 85 يېشىدا قەشقەردە ۋاپات بولدى .

# تاشاخۇنۇم

تاشاخۇنۇم ( ئەسلى ئىسمى ئابدۇرىشىت ) ئەزىزى ، ئاتۇش سۇنتاغ يېزا ، ۋاق ـ ۋاق كەنتىدىكى ئوقۇمۇشلۇق دىنىي زات ئەزىز ئاخۇنۇم ئائىلىسىدە ، 1855 ـ يىلى دۇنياغا كەلگەن . ئۇ ، ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىن ئىپتىدائىي بىلىمنى ئائىلىسىدىن ئالغان . كېيىن ئاتۇش مەشھەتتىكى كونا مەكتەپتە ئوقۇغان .

تاشاخۇنۇم كىچىكىدىن زېرەك ، كۆرگەنلا نەرسىگە قىزىقىپ سىرىنى بىلىش ئۈچۈن تىرىشىدىغان ۋە ئۆگىنىدىغان ، تەدبىرچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ يېتىلىدۇ . ئۇ ئوقۇش جەريانىدا ئۇيغۇر ، پارس ، ئەرەب تىل ـ يېزىقىنى پۇختا ئۆگەنگەندىن سىرت ، ئەرەب تىلى ـــ قۇرئان تەپسىرىنى پۇختا ئىگەللەيدۇ .

تاشاخۇنۇم ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىدا ھەر قايسى سورۇنلاردا دىنىي مۇتائىلە ۋە تەپسىر ( قۇرئان تەپسىرى ) دە ، بىلىمىنىڭ كۆپلىگى ، ناتىقلىقى بىلەن كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغانىدى . تەپسىر بىلەن شۆھرەت قازىنىپ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ ، جۈملىدىن تاشاخۇنغا دىنىي قائىدە بويىچە « ئاخۇنۇم » ئۇنۋانى بېرىلىپ ، تاشاخۇن « تاشاخۇنۇم » دەپ ئاتىلىدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن تاشاخۇنۇم بىر تەرەپتىن جامائەت سورۇنلىرىدا بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن سودا بىلەن شۇغۇللىنىدۇ . كېيىنكى ۋاقىتتا تاشاخۇنۇمنىڭ سودىسى تەرەققىي قىلىپ ، دەسلەپ شىمالىي شىنجاڭ ، ئىلى ، چۆچەككە ، كېيىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭىيىدۇ .

تاشاخۇنۇم ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپا ئەللىرىدە سودا بىلەن شۇغۇللانغاندا خەلقئارا بازار ئەھۋالى ، ياۋروپا سانائەت كاپىتالىزمىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆزەتتى . كېيىن ئۇ تولۇپ ـ تاشقان ئىشەنچى بىلەن ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ شىنجاڭنى سانائەتلەشتۈرۈش ( يەنى ئۆزى ) شىنجاڭدا كارخانا قۇرۇشنى

پىلانلاپ 1894 ـ يىلى ئۇ ، چارروسىيە ھۆكۈمىتىدىن ئۆزىنىڭ شىنجاڭدا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇرۇشىغا ياردەم بېرىشىنى ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ ، ئەمما چارروسىيە ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپ ، ئۇنىڭ فابرىكا قۇرۇشىغا يول قويماي ، « شەرت ـ شارائىت يېتىلمىدى .... » دېگەننى باھانە قىلىپ ئۇنى قۇرۇق قول قايتۇردى .

بۇ يىللاردا تاشاخۇنۇم شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ ، ئەينى يىللاردا چوڭ دادىسى ئابدۇرىشىت ( مىراب ) ئاخۇنۇم قۇرغان ئاتۇش كېچىڭزى دېگەن يەردىكى سەگەر ، چوتا ، ھەمزەك ، شاتىۋا قاتارلىق يەرلىك گۈللۈك رەخت ئىشلەش كارخانىسىنى كېڭەيتىپ قۇرندۇ ۋە داۋاملىق ئوتتۇرا ئاسىيا سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ . 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ، تاشاخۇنۇم موسكۋادىن رىگا ، لاتىۋىيە ، ئېستونىيە ، خېلىنسكى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ، ئۇ يەردىن فىنلاندىيىگە بېرىپ زاۋۇت ، فابرىكىلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىدۇ . كېيىن بالتىق دېڭىزى ئارقىلىق ۋارشاۋاغا بېرىپ ۋارشاۋادىن بېلورۇسىيىگە كېلىپ ، موسكوۋا ، پېتىربورگ ئارقىلىق ۋەتەنگە قايتىدۇ .

تاشاخۇنۇم چەت ئەلنىڭ قايسى بىر يېرىگە بارمىسۇن چەت ئەلنىڭ زامانىۋىلىشىش ئەھۋالىنى كۆرۈپ تەجرىبە ئالىدۇ . ئۇ يەرلەردىن شىنجاڭدا فابرىكا قۇرۇش ئۈچۈن ياردەم قىلىپ فابرىكا ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ . بىراق ھەر قايسى دۆلەتلەر ئۆز دۆلىتىنىڭ سودا ۋە سانائەت مەنپەئەتىنى كۆزلەپ « قوشنا ئەللەرگە سانائەت ئەسلىھەلىرىنى سېتىپ بەرمەسلىك نىزامى » بويىچە ، ئۇنىڭ سەممىي تەلىپىنى رەت قىلىدۇ .

مۇشۇنداق توسالغۇلار بىلەن بارغانلا جايدىن تەجرىبە ئالىدۇ . لېكىن قۇرۇق قول قايتىپ كېلىدۇ . يەنە بىر مۇھىم ئىش تاشاخۇنۇم بارغانلا جايدا شىنجاڭنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ،

ئىجتىمائىي ، مەدەنىي ۋە باشقا جەھەتتىكى ئومۇمىي ئەھۋال ۋە ئاساسىي مىللەت بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى ، قول - ھۈنەرۋەنچىلىكىنى تەشۋىق قىلىشنى ئۇنتۇمايدۇ . بۇ نۇقـ تىدىن ئۇيغۇر خەلقىنى ئالدىنقى ئەسىردە چەتكە تەشۋىق قىلغان ۋە تونۇتقان تۇنجى ئادەم تاشاخۇنۇم دېيىشكە بولىدۇ .

تاشاخۇنۇم بۇ قېتىم فىنلاندىيىگىچە بولغان سودا ۋە سا- ياھەتنى ۋە سانائەت قۇرۇش ئۈچۈن بولغان ئىزدىنىشنى تاماملاپ قايتقاندىن كېيىن ، شىنجاڭدا ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى توقۇمىچىلىق ، بوياقچىلىق ، ئاق رەختكە گۈل بېسىش قاتارلىق كەسىپلەرنى ئىسلاھات قىلىندۇ ۋە بۇ كەسىپلەرنى ئومۇملاشتۇردۇ .

1910 - يىللار تاشاخۇنۇمنىڭ ھەممە ئىشى گۈللەپ ياشـ نىغان ، سودىدا روناق تېپىپ ، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا نام - شۆھرەتكە ئىگە بولۇپ ، ئاتاقلىقلار ئىچىدىكى ساناقلىق كىشى- لەرنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشاخۇنۇمنىڭ ئوغۇللىرى يېتىلىپ ياراملىق بولۇپ تەربىيىلىنىدۇ .

1910 - يىلى ئۇ تەكلىپكە بىنائەن ، روسىيىنىڭ نىژنى گورت دېگەن يېرىدە ئۆتكۈزۈلگەن نىژنى خەلقئارا سودا يەر- مەنكىسىگە قاتنىشىدۇ . بىراق ، ياۋروپالىق كاپىتالىستلار ۋاقتىدا يېتىپ كەلمىگەنلىكتىن ، تاشاخۇنۇم يەرمەنكىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈپ ، قوشۇمچە تىجارەت قىلىش بىلەن بىرگە ئىلىم - پەن ئۆگىنىدۇ . ئىلگىرى ئۆگەنگەن ( ئوقۇغان ) ئىلمى نۇجۇم ( ئاسترونومىيە ) نى زامانىۋى پەن ئىلمى ئارقىلىق تولۇقلايدۇ ۋە ئىلگىرى ئۆگەنگەن تاش ساناپ ھېسابلاش ئۇسۇلىنى چوت بىلەن ( سۇەنپەن ) ھېسابلاش ، سودىدا مانافاكتورلۇق ( ھا- زىرقى زامان ھېسابات قائىدىسىنى ئىشلىتىش ) ھېسابات ئۇسۇ- لىنى قوللىنىشنى ئۆگىنىدۇ .

بۇ مەزگىلدە ئۇ يەنى روسىيىدە ئېقىپ يۈرگەن سەرەڭگە زاۋۇت خوجايىنى ياكوۋ دېگەن بىر ئەرمەن بىلەن تونۇشۇپ قا-

لىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن توختام تۈزۈپ سەرەڭگە زاۋۇتىنى شىن-جاڭغا ئېلىپ كېلىپ، يەكەندە سەرەڭگە زاۋۇتى قۇرىدۇ. بۇ كۈنلەردە تاشاخۇنۇمغا ھەققەتەن ئامەت كەلگەن بولۇپ، «تۇپا ئالسا ئالتۇن، كۈل ئالسا كۆمۈش بولىدۇ»، يەنى ھەممە ئىشىدا پايدا كۆرۈلىدۇ.

بۇ جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلۇپ ياڭ زېڭشىن تەختكە چىق-قان، يەنى مىنگونىڭ 3- يىلى ئىدى. بۇ چاغدا پۈتۈن شىن-جاڭنىڭ ئىقتىسادىي قالايمىقان بولۇپ، ئىگىلىكى ۋەيران بولغان چاغ ئىدى.

ياڭ زېڭشىن چىقارغان ئۈرۈمچى پۇلىنى ئۈرۈمچىدىلا، قەشقەر پۇلىنى قەشقەردە (ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئىلىدا چىقارغان پۇلمۇ ئىلىدىلا ئاققان) خەجلەشكە بولاتتى.

ئۈرۈمچى پۇلى قەشقەردە، قەشقەر پۇلى ئۈرۈمچىدە ئۆت-مىگەن. ئىگىلىك خارابلىشىپ، يۇرت خانۇ – ۋەيران بولغان مۇشۇنداق مۇھىتتا، قەشقەرنىڭ دوتىيى جۇ (ئامبال) تاشاخۇ-نۇمنىڭ قەشقەر پۇل مۇئامىلىسىنى تەرتىپكە سېلىشقا ياردەم بې-رىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. نۆۋەتتە تاشاخۇنۇم ئىقتىساد ئاجرىتىپ تەڭگە (كۆمۈش) پۇل قويۇش ئارقىلىق قەشقەردىكى پۇل پا-خاللىقىنى ياخشىلاش مەقسىتىدە، 20% ئامبال دەسمايىسى 80% تاشاخۇنۇم دەسمايىسى بىلەن تەڭگە زاۋۇتى قۇرۇپ، پايدىنىڭ 25% ئامبالنىڭ، 75% تاشاخۇنۇمنىڭ قىلىپ ئالىدىغان بولىدۇ ۋە ھۆكۈمەت نازارىتى ئۈچۈن تەڭگە دوتەي يامۇلىدا قويۇلىدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەت تاشاخۇنۇم تەڭگە زاۋۇتى قۇرغاندىن كې-يىن، ئاتۇش دىيارىغا بىر زامانىۋى دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، ئورمانچىلىق مەيدانى قۇرۇشنى پىلانلىغان ۋە قەشقەر دوتىيىنىڭ رۇخسىتى بىلەن كاتتا يىلاق دېگەن جاينى دېھقانچىلىق، باغۋەن-چىلىك مەيدانى قىلىپ قۇرۇپ چىقماقچى بولىدۇ.

كېيىن، تاشاخۇنۇم سەرەڭگە، تەڭگە زاۋۇتلىرىدا زىيان

تارتىپ ۋەيران بولىدۇ . بۇ يىللاردا تاشاخۇنۇمنىڭ نەجمىدىن، ھىلالىدىن دېگەن ئوغۇللىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىن غۇلجىغا قايتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ يەردە پىلە بېقىپ، مەشۇت چىقىرىدۇ ۋە باغ بىنا قىلىدۇ .

تاشاخۇنۇم ئەڭ ئاخىردا غۇلجىغا ئوغۇللىرىنىڭ يېنىغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ . 1928 - يىلى 73 يېشىدا غۇلجىدا ۋاپات بولىدۇ .

## مۇسا بايوۋ

مۇسا بايوۋ — ئەسلى ئىسمى مۇساباي، ئۇ 1809 - يىلى ئاتۇش ئىكساقتىكى قەدىمىي قورۇقچى ( كارۋان چۈشكىنخانا ) دا پاناھلىنىپ، دېھقانچىلىق ۋە كۇلالچىلىق قىلىۋاتقان ئەسلى قەشقەر بەشكىرەم خان ئۆيلۈك ئابدۇرۇسۇلباي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . مۇسا باي ئائىلە تەربىيىسىدىكى ۋاقىتلاردا، ئابدۇرۇسۇل باي كۇلالچىلىق قىلىۋاتقان بۇ قەدىمىي قورۇقچىغا كۆمۈلگەن ئالتۇننى تېپىۋېلىپ بىردىنلا بېيىپ كەتكەن . ئابدۇرۇسۇلباي شۇنىڭدىن كېيىن ئىكساقتا كۆپ يەر ئاچقان . قورۇقچىنى باغ — ھويلا قىلغان ۋە ئائىلىسىنى قالدۇرۇپ ئۆزى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋرۇپا ئەللىرىدە تىجارەت بىلەن بولغان . بۇ يىللاردا مۇساباي ئاتۇش مەشھەت، قەشقەر خانلىق مەدرىسلەردە ئوقۇپ يۇقىرى دىنىي بىلىم ئالغان . كېيىن مۇساباي دادىسى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا، ياۋرۇپا ئەللىرىدە بىرگە تىجارەت قىلغان . ئاشۇ يىللاردا ئابدۇرۇسۇلباي ئىلىدا 70 — 80 مىڭ دەك چارۋا، 3000 مو ئەتراپىدا يەر سېتىۋېلىپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن تەڭ شۇغۇللانغان .

1868 - يىللاردا، ئابدۇرۇسۇلباي كېسەل بولۇپ ۋاپات بولىدۇ . بۇ يىللاردا مۇساباي، ئوغۇللىرى ھۈسەنباي بىلەن باۋۇدۇنباينى ئىلىغا ئېلىپ چىقىپ، چەت ئەلدىكى تىجارىتىنى

داۋاملاشتۇرىدۇ. مۇساباي 1870 - يىللىرىدا گىرمانىيەدە ئېچىلغان بىر خەلقئارا يەرمەنكىدە شۆھرەت قازىنىپ، ياۋرۇپالىقلار تەرىپىدىن «مۇسابايوۋ» دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خەلقئارا سودىگەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 1871 - يىلى چارروسىيە ئەسكەر چىقىرىپ ئىلىنى ئىسىۋالغان ۋاقىتلاردا، پۈتۈن ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئىچكى - تاشقى سودىسى مۇسابايوۋ بىلەن ۋىلىباي يولداشوۋ قولىدا بولغانىكەن. 1881 - يىلىدىن 1883 - يىلىغىچە ئىلى ئۇيغۇرلىرى يەتتە سۇغا كۆچۈرۈلگەندە ۋىلىباي يولداشوۋ بىلەن مۇسابايوۋ چىلىك سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن چارروسىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئىلىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش، ئاھالىنى كۆچۈرۈش ئىشلىرىدا تۆھپە ياراتقان. ۋىلىباي يولداشوۋ كۆچمەنلەرنى ئېلىپ يەركەنتكە كەتكەن. مۇسابايوۋ ئىلىدا قېلىپ چارروسىيە بىلەن بولغان سودىنى داۋاملاشتۇرغان ۋە چىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ قولىلىشىدا كان ئېچىش، بوز يەر ئېچىش قاتارلىق مەنپەئەتلەردىن بەھرىمان بولغان ۋە كۆكسۇلو، ئاقدالا، كۆكدالا دېگەن يايلو - قىشلاقلارنى تەمرات قىلغان.

1885 - يىلى ئىلى كۈرەدە 200 كىشىلىك قول - سانائەت كارخانىسى (قول بىلەن كۆن خۇرۇم ئىشلەش) قۇرغاندىن كېيىن ئۆزى جامائەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. قەشقەر خانىلىق مەدرىسىنى چوڭ رېمونت قىلغان. باۋۇدۇنباينىڭ قەشقەر ۋە ئىلىدا پەننىي مەكتەپ قۇرۇشنى قوللىغان ۋە باللىرىغا: «پۇلنىڭ خوجايىنى بولماي، ئىلىمنىڭ خوجايىنى بولۇڭلار» دېگەن ۋەسىيەتنى قالدۇرۇپ، 1895 - يىلى قەشقەردە ۋاپات بولغان.

## ئۆمەرباي ھاجى ئاخۇنبايوۋ

ئۆمەرباي ھاجى 1870 - يىلى قەشقەر شەھىرىدىكى ئا-

خۇنبايوۋ ئوغلى ئىسمائىل ( پاختا ) ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . قەشقەر چاسا ۋە خانلىق مەدرىسلەردە دىنىي بىلىم ئالغان . 1896 - يىلدىن باشلاپ ئاكىسى كېرىمباي ھاجىم بىلەن چارروسىيە ، ئەنگلىيە ، ھىندىستان ، ئافغانىستان ، پاكىستان قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ سودا شەھىرىدە ۋە ئىچكى ئۆلكىنىڭ سىچۈەن ، جىڭدۇ ، سۇجۇ ، خاڭجۇ ، خەنكۇ ، ۋۇۋى ، جاڭيې قاتارلىق جايلاردا سودا ساراي ، دۇكان قۇرۇپ ۋاكالەتچىلەر تۇرغۇزۇپ سودا قىلغان .

1921 - يىلى ئاكىسى كېرەم ئاخۇن باي ھاجىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئاكىسى ۋارىسلىق قىلىشۋاتقان ، ئاخۇنبايوۋ چوڭ ئائىلىسىنىڭ بارلىق مال - مۈلكى ، تىجارىتىگە ۋارىسلىق قىلغان ھەم ئاكىسى كېرەم باي ھاجىنىڭ 1916 - يىلدىن باشلاپ ئۆتەۋاتقان قەشقەرىيە ( جەنۇبىي شىنجاڭ ) مىللەتلەر مەجلىسىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان . شۇنىڭدىن باشلاپ ، 1937 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئاخىرى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغىچە جەنۇبىي شىنجاڭ مىللەتلەر مەجلىسىنىڭ رەئىسى بولۇش بىلەن بىرگە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا سودا بىلەن شۇغۇللانغان . ئۇنىڭ ئىچكى - تاشقى سودىسى غايەت زور بولغان .

ئۆمەر باي ھاجىنىڭ روسىيىدە تۇرۇشلۇق سودا ۋەكىلى مامۇت ئاخۇن ( قاپاق ) ئاكىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا ، 1929 - 1930 - يىللاردىكى بىر يىللىق روسىيىگە چىقارغان مال سوممىسى 11 مىليون روبلى ( ئۇ يىللاردا روبلىنىڭ قىممىتى ئۈستۈن بولغاچقا ، روبلى خەلقئارا پۇل ياكى ئالتۇن پۇل ھېسابلىنىپ ، روسىيە بىلەن بولغان مۇئامىلە روبلى بىلەن ئۆلچىنەتتى ) بولغان . ئاشۇ يىللاردا بىر روبلى بىر سوم تىللا ھېسابلىناتتى . 10 روبلىغا 10 سوملۇق بىر تىللا كېلەتتى . بۇنىڭدىن باشقا ھىندىستان ، پاكىستان ، ئافغانىستان ، كەشمىر ، راۋالپىندى ۋە ئىچكى ئۆل-

كىدىكى سومىسىمۇ غايەت زور بولغان.
ئۆمەرباي ھاجىنىڭ چەت ئەلدىلا 36 سودا ساراي، دۇ-كانلىرى بولغان. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ناھىيە، ۋىلايەتلىرىدىمۇ سودا ساراي، دۇكان، خام ئەشيا سېتىۋالغۇ-چىلىرى بولۇشىدىن تاشقىرى، شىنجاڭدا توققۇز ئورۇندا توققۇز مويكا، تۆت ئورۇندا پاختا ـ يۇڭ پىرىسلاش زاۋۇتى، ئىككى ئورۇندا سۇ كۈچى بىلەن ئىشلەيدىغان چىگىت ئايرىش زاۋۇتى، ھەرقايسى ناھىيە، ۋىلايەتلەردە قول بىلەن چۆرۈپ پاختىدىن چىگىت ئايرىيدىغان 180 دىن ئارتۇق ماشىنا (سوۋېتتىن كىرگۈزۈلگەن)، شىنجاڭ دائىرىسىدە مال توشۇيدىغان 200 دىن ئارتۇق ھارۋا، ئىچكى ئۆلكىگە مال توشۇيدىغان 40 گودوك (تۆت ئاتلىق) ھارۋا، چارروسىيە ۋە ھىندىستان، پاكىستانلاردا مال توشۇيدىغان 1000 دىن ئارتۇق ئات قاتارلىق ۋەجى بولغان.
ئۇقۇشىمىزچە ئۆمەرباي ھاجى ھەرقانداق شارائىتتا نەچچە يۈز مىڭ سەر تەڭگە، يامبۇ، ئەنگلىيە، چارروسىيە قا-تارلىق دۆلەتلەرنىڭ تىللا، چىرۋون، روبلى قاتارلىق پۇللىرىنى ساقلاپ كەلگەن. پۇل پاخاللىقى يۈز بېرىپ باھا ئۆرلەيدىغان بولسا (شۇ چاغلاردا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مال باھاسى ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن ئۆلچىنەتتى. چۈنكى بىر قوي ياكى بىر تاغار بۇغداي، قوناق ساتقان دېھقان، چارۋىچى تەڭگە باھاسىغا قاراپ ساتاتتى ۋە پۇلغا تەڭگە ئالاتتى)، ئۇ ئۆزى يالغۇز ياكى قەشقەر بايلىرى بىلەن بىللە بىر نەچچە مىليون سەر تەڭگىنى مۇۋاپىق باھادا سېتىپ بېرىپ، باھانى تەڭشەيتتى. باھا توختىغاندا قايتا سېتىۋالاتتى. ھازىرقى ھايات شاھىتلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە ئۆمەر باي ھاجى ئائىلىسىنىڭ جايلاردا 30 مىڭ مودىن ئارتۇق (سېتى-ۋالغان، بوز يەر ئاچقان) تېرىلغۇ يېرى بولۇپ، ئېلىنغان ھوسۇل شۇ جايدىكى ئىسكىلاتلاردا ساقلىنىپ، سېرىقتال ۋاقتىدا ۋە ئاشلىق باھاسى ئۆرلىگەندە خەلققە ئەرزان باھادا سېتىپ بې-

رىلگەن . ئۇرۇق ئۇچۇن ھەقسىز تارقىتىپ بېرىلگەن . ئاپەت ـ قەھەتچىلىك بولغان يىللاردا خەلققە ھەقسىز تارقىتىپ بەرگەن .

بۇنىڭدىن باشقا قەشقەردە ئاشلىق كەم بولىدىغان ئەتىياز پەسلىدە يەكەندىن ھەر ھەپتىدە 2000 تاغاردىن ئارتۇق ئاشلىق ئېلىپ كېلىپ ، ئۆز باھاسىدا سېتىپ خەلقنى تەمىنلەپ كەلگەن . دىنىي ـ پەننىي مەكتەپنى قوللاپ كەلگەن . تارىختىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتلەر پەننىي مەكتەپ ئېچىشىمىزغا يول قويمىغان بەلكى قارشى تۇرغان . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار يېڭى مەكتەپنى چەكلەش سىياسىتىنى « مىللەتلەر مەجلىسى رەئىسى » بولغان ئۆمەر باي ھاجىم ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلغان . ئۆمەرباي ھاجىم ئېغىزىدا ھە ـ ھۇ دېسىمۇ ، ئەمىلىيەتتە ئابدۇرېھىم بايۋەتچى ، ئابدۇل ئاخۇن بايۋەتچى ، ئابلىز ھاجىم بايۋەتچى قاتارلىق تۇغقانلىرى ئارقىلىق تۆشۈك دەرۋازىسى ، نەزەر باغ يولىدىكى مەكتەپ ، 1917 ـ يىلى توقام مەدرىسىدە يۇسۇپ زىيا ئاچقان بوغالتىرلىق مەكتىپى ، ھازىرقى ۋىلايەتلىك نېفىت شىركىتى ئورنىدىكى ئالتە سىنىپلىق مەكتەپ ، كېرەمباغ ئۇدۇلىدىكى ( ھازىر ئورنى قالمىدى ) كەنجاخۇن خەلپىتىم ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان مەكتەپ ، ھازىرقى شەھەرلىك 6 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ قاتارلىقلار ئۆمەرباي ھاجىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن سېلىنغان مەكتەپلەردۇر . ئۇندىن باشقا ئۆمەرباي ھاجىم بىر قانچە مەدرىسلەرنىڭ ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش راسخوتلىرىنى بېرىپ كەلگەن .

پەن زوخۇەن يېزىپ قالدۇرغان ، سىياسىي كېڭەش تارىخىي ماتېرىياللىرى 1 ـ سانىدا ئېلان قىلغان « ئازادلىقتىن بۇرۇنقى شىنجاڭ سودىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى » دېگەن ماقالىسىدا : « شىنجاڭ سودىسىدا ، ھۇسەنباي ، ئۆمەربايلار ھەممىدىن چوڭ سودىگەرلەر ئىدى . بۇ ئىككى ئائىلىنىڭ سودىسى ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئىچىدىلا ئەمەس ، بەلكى دۆلىتىمىزدىكى

سودىگەرلەر ئىچىدىمۇ بىرىنچىلىككە ئۆتەتتى » دېگەن باھاسى ئۆمەر باي ھاجى سودىسىغا بېرىلگەن توغرا باھادۇر . ئۆمەر باي ھاجى 1937 - يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ ، تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلدى .

## مۇھەممەت ئېلى ھاجىم شاڭخەي

مۇھەممەت ئېلى ھاجىم شاڭخەي قەشقەر شەھىرى جانقورغانلىق كاتتا سودىگەر تۇردى ئاخۇننىڭ 3 - ئوغلى بولۇپ ، ئۇ 1870 - يىلى تۇغۇلغان . ئۇ ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىن دىنىي بىلىم ئالغان . 1898 - يىللاردىن باشلاپ ئاكىسى ئەبرازباي ، ئەسرا بايلار بىلەن بىرگە چارروسىيىدە سودا بىلەن شۇغۇللانغان . كېيىن قەشقەرلىق ئاخۇنباينىڭ نەۋرىسى كېرەم ئاخۇن ھاجىنىڭ ( كېرەم ئاخۇن بايۋەتچى ) نىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى سىچۈەن ، چېڭدۇ ، خاڭجۇ ، سۇجۇدا تۇرۇشلۇق سودا ۋەكىللىرى بىلەن بىللە ئىچكى ئۆلكىلەرگە سودا قىلىپ كىرگەن . كېيىن كېرەم ئاخۇن ھاجىمنىڭ سۇجۇ ، خاڭجۇدىكى سودىسىنى ۋاكالىتەن باشقۇرغان ھەم ئۆزى يەككە تىجارەت قىلغان . ئۇ سۇجۇدىن شاڭخەيگە قاتناپ سودا قىلىش جەريانىدا شاڭخەي شەھىرىنىڭ ھازىرقى فۇجۇلۇ دېگەن يېرىدىكى پاكىستان مەسچىتى يېنىدىن ئىككى پارچە يەر سېتىۋېلىپ ، سودا - ساراي ۋە ئۇيغۇر ئاشخانىسى ئاچقان . بۇ كۈنلەردە پاكىستانلىقلار بېجىرىپ بەرگەن ۋىزا بىلەن ئىچكىرىسىنىڭ يىپەك توقۇلمىلىرىدىن تاۋار ، دۇردۇن ، خام يىپەك ۋە شىنجاڭدىن ئېلىپ كەلگەن بۇغا ، بۇكەن مۈڭگۈزى ، ئەلتىرە ( مارىيە ) ، كۇچا كۆرپىسى قاتارلىق ماللارنى ئېلىپ دېڭىز يولى بىلەن تۈركىيىگە ۋە باشقا دۆلەتلەرگە بېرىپ سودا قىلغان ۋە تۈركىيىدە بىر تۈرك ئايالغا ئۆيلەنگەن . كېيىن ياپونىيە ئارقىلىق نەنجىڭگە قايتىپ كەلگەن . نەنجىڭدە كىچىك تىپتىكى بىر سەرەڭگە زاۋۇتى ۋە سوپۇن زا-

ۋۇتـى قۇرۇپ كارخانا باشقۇرغان ۋە شاگخەيدىكى سودا ـ سا-
رىيى ۋە ئاشخانىسىنى ئىشقا سېلىپ ، شىنجاڭ ۋە چەت ئەللىك
مۇسۇلمان سودىگەرلەرنى جەلپ قىلغان . 1931 ـ يىلى قۇمۇل
دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلاپ ، شىنجاڭ ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە قال-
غاندىن كېيىن ، ئۇ شىنجاڭغا قايتىپ كېلىشكە ئامالسىز قالىدۇ .
1937 ـ يـىلى كېرەم ئاخۇن ھاجىنىڭ ئىنىسى ئۆمەرباي ھاجى
ئاخۇنبايوۋ ۋە ئۆزىنىڭ ئاكىسى ئەبراز باي ، ئەسرا بايلارمۇ
شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ . شۇڭا ئۇ ،
نەنجىن ۋە شاگخەي ئارىلىقىدا تىجارەت قىلىدۇ . ياپون باسقۇن-
چىلىرى شاگخەي ۋە نەنجىنلارنى بېسىۋالغاندا ھەرئىككى جاي-
دىكى مال ـ مۈلكى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنىپ ئۆزى ئامان قالىدۇ .
شاگخەي ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن ئاندا ـ ساندا تىجارەت قى-
لىپ ، 1949 ـ يىلى ئۆلكە ئازاد بولۇش ئالدىدا شىنجاڭغا قايتىپ
قەشقەرگە كېلىدۇ . 1950 ـ يىلى تۈركىيە ، ياپونىيىدە سودا قىل-
غانلىقى ئۈچۈن چەت ئەل جاسۇسى دېگەن نام بىلەن قولغا ئې-
لىنىپ 15 يىل كېسىلىپ كېتىدۇ . 1952 ـ يىل ئاخىرىدا كېسەل
بىلەن 82 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ .

مۇھەممەت ئېلى ھاجىم شاگخەي بىزگە مەلۇم بولغان
ئۇيغۇرلار ئىچىدە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا شاگخەيدە سودا
سارىي قۇرغان تۇنجى ئۇيغۇر سودىگىرى ئىدى . ئۇنىڭ شاگ-
خەي فۇجۇلۇدا قۇرغان سودا ـ سارىيى 100 يىلدىن بۇيان ئۇي-
غۇر سودىگەرلىرىنىڭ چۈشىدىغان سودا ـ سارىيى . فۇجۇلۇ-
دىكى ھازىرقى خۇيزۇلار باشقۇرغان ئاشخانا ئۇيغۇرلار ( مۇسۇل-
مانلار ) ئاشخانىسى ئىدى .

پېشقەدەملەر ۋە ھازىرغىچە شاگخەيگە بارغان مەيلى سو-
دىگەر ، مەيلى ساياھەتچىلەر بولسۇن بۇ كىشىنىڭ نامىنى تىلغا
ئېلىپ ، مۇھەممەت ئېلى ھاجىم شاگخەي دەپ ئاتاپ كەلمەكتە .

## مەرپەتپەرۋەر ئاكا ـ ئۇكا كارخانىچى
## ھۆسەنباي ـ باۋۇدۇنباي

ھۆسەنباي 1844 - يىلى ، باۋۇدۇنباي 1851 - يىلى ئاتۇش ئىكساقتا ئاتاقلىق كارخانىچى مۇسا ھاجىم ( مۇسابايوۋ ) ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . ئۇلار يۇرتى ئىكساقتىكى دىنىي مەكتەپتە بىلىم ئالغان . مۇساھاجىمنىڭ دادىسى ئابدۇرۇسۇلباي ۋاپات بولۇپ ، پۈتۈن ئىگىلىك مۇساھاجىمغا قالغاندىن كېيىن مۇسا ھاجىم ئوغلى ھۆسەنباي بىلەن باۋۇدۇنباينى ئىلىغا ئېلىپ چىقىپ تىجارەتكە سالغان . مۇشۇ جەرياندا ، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى پۇختا ئۆگەنگەن . ئۇلار دەسلەپتە مۇسا ھاجىمنىڭ چارروسىيە بىلەن بولغان خۇسۇسىي سودىسىدا چارروسىيىدە تۇرۇشلۇق سودا ۋەكىلى بولغان ۋە نىژنى نوۋگورودتا يەرمەنكىگە قاتنىشىپ بىر قېتىملىق پاختا سودىسىدا 100 مىڭ تىللا ، يەنى بىر مىليون رۇبلىلىق پايدىغا ئېرىشكەن . شۇنىڭدىن كېيىن مۇسا ھاجىم بۇلارنى ئىلىغا قايتۇرۇپ كېلىپ ، ئىلى كۆرەدە قۇرغان 200 ئىشچىسى بار كۆن ـ خۇرۇم كارخانىسىغا ئىشلىتىپ ، تاشقى سودا ئۈچۈن خام ئەشيا سېتىۋېلىش ۋە ئېكسپورت ، ئىمپورت سودىسىغا سەرپ قىلغان .

مۇسا ھاجىم قېرىلىق سەۋەبىدىن تىجارەتنى بالىلىرىغا قالدۇرۇپ ، جامائەت ئىشلىرى بىلەن بولغان كۆنلەردە ، ئائىلە نىزامى بويىچە ھۆسەنباي مۇساھاجىمنىڭ ئالتە ئوغلىنىڭ چوڭى بولۇشى سۈپىتى بىلەن پۈتۈن ئىگىلىكنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولغان .

1895 - يىلى ئىنىلىرىنىڭ ياردىمىدە ئىلىدا « مۇسا بايوۋ بۇرادەرلەر شىركىتى » نى قۇرغان . 1870 - يىلى ئىنىسى باۋۇدۇنباينىڭ پەننىي مەكتەپ قۇرۇش پىلانىنى قوللاپ شىنجاڭ تارىخىدىكى تۇنجى ئىكساق « ھۆسەيىنىيە » پەننىي مەكتەپىنىڭ

سىلىنىشىغا يار ـ يۆلەك بولغان . 1904 ـ يىلى باۋۇدۇنبايىنىڭ تەشەببۇسى ۋە قول سېلىپ ئىشلىشى جەريانىدا گېرمانىيىدىن بىر يۇرۇش زامانىۋى كۆن ـ خۇرۇم ئىشلەش زاۋۇتىنى سېتىۋې. لىپ ، غۇلجىغا يۆتكەپ كېلىپ ، شىنجاڭ تارىخىدىكى تۇنجى خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى زامانىۋى زاۋۇتنى قۇرۇشقا كىرى. شىپ ، 1909 ـ يىلى ئىشقا كىرىشتۈرگەن ۋە ئۈچ قارار ئىشچىلار تېخنىك مەكتىپى ، « ئاياللار قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك مەكتىپى » ئېچىپ ، ئۇيغۇر يېڭى زامان مائارىپ تارىخىدا بۆسۈش ھاسىل قىلغان . شىنجاڭنىڭ چارۋا نەسلىنى ياخشىلاش ئۈچۈن 1920 ـ يىلدىن باشلاپ چەت ئەلدىن نەسىللىك ئات ، بۇقا ، سىيىر ۋە مېرنوس قويىنى تۇنجى بولۇپ شىنجاڭغا ئېلىپ كىرىپ ، شىنى. جاڭ چارۋىلىرىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاشتا كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقان .

ھۇسەنباي ـ باۋۇدۇنبايلار كۆپ قېتىم خەلقئارا ( گېرما. نىيە ، موسكۋا ، فرانسىيە ) يەرمەنكىلىرىگە قاتنىشىپ ، ئۇيغۇر سودىسىنىڭ شۆھرىتىنى ئاشۇرغان . پەن زوخۇەنىنىڭ « ئازاد. لىقتىن ئىلگىرىكى شىنجاڭ سودىسى » دېگەن ماقالىسىدا : « شىنجاڭ سودىسىدا ئىلىدا ھۇسەنباي بىلەن قەشقەردە ئۆمەرباي ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئىچىدىلا ئەمەس بەلكى دۆلىتىمىزدىكى سودىگەرلەر ئىچىدىمۇ بىرىنچىلىككە ئۆتەتتى »[1] دەپ يازغىنى. دەك تەرتىپكە سازاۋەر ، مەرىپەتپەرۋەر كارخانىچىلار ئىدى .

ھۇسەن باي 1926 ـ يىلى ، باۋۇدۇنباي 1928 ـ يىلى كې. سەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى . ئۇلار ياراتقان ئىگىلىك شىنجاڭ سودا تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئېلىپ قالدى .

## ئوبۇلھەسەن ھاجى

ئوبۇلھەسەن ھاجى مۇسا بايوۋ 1856 ـ يىلى ئاتۇش ئىكى.

① « شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى » 1 ـ سان 204 ـ بەتتىكە قارالسۇن .

ساقنا تۇغۇلغان ۋە ئىكساق ، قەشقەر خانلىق مەدرىستە دىنىي بىلىم ئالغان . 1880 - يىللاردا ، ئىككىنچى ئاكىسى باۋۇدۇنباي بىلەن روسىيىنىڭ ئۇفا دېگەن شەھىرىگە بېرىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان ۋە يېڭى ( جەدىد ) مەكتىپىدە ئوقۇغان ، شۇ مەزگىلدە بوغالتىرلىق كەسپىنى ئۆگەنگەن ھەم بىر خۇسۇسىي شىركەتتە پىركازچىك ، كاسىر ، بوغالتىر بولۇپ پىراكتىكا قىلغان . نەتىجىدە مانافاكتۇرلۇق ھېسابات رەسمىيەتلىرىنى تولۇق ئىگەللىگەن ھەم تاتار ، رۇس تىللىرىنى ئۆگەنگەن .

1895 - يىلى دادىسى مۇسا ھاجىم قازا قىلغاندىن كېيىن ، ئاكىسى باۋۇدۇنباي ئورنىدا ، روسىيىدىكى « مۇسابايوۋ بۇرادەرلەر شىركىتى » نىڭ سودىسىغا مەسئۇل بولغان ( ئاشۇ يىللاردا « مۇسابايوۋ بۇرادەرلەر شىركىتى » نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى شەھەرلەر ۋە موسكۋا ، پېتىربورگ قاتارلىق جايلاردا سودا ۋاكالەت خانىسى بولغان ). شۇ يىللاردا موسكۋادا مەخسۇس رۇس ، نېمىس تىلى ئۆگەنگەن . ئوبۇلھەسەن ھاجى روسىيىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا 20 يىلچە تۇرۇپ سودا قىلىش جەريانىدا ، رۇسىيە نىژنى يەرمەنكىسىدىن باشقا ياۋروپا ئەللىرىدە ئۆتكۈزگەن يەرمەنكىلەرگە قاتنىشىش ئارقىلىق كۆپلىگەن دۆلەت ۋە ئەللەرنىڭ سودا - سانائەتچىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ نەزەر دائىرىسى كېڭىيىدۇ . يەرمەنكىگە قاتناشتۇرغان كۆپ خىللىق شىنجاڭنىڭ سانائەت خام - ئەشياسى ، يەرلىك توقۇلما ، خام يىپەك ، بۇغا ، بۆكەن مۈڭگۈزى ، كۆپ تۈردىكى ئەلتىرە ، ئۈنچە - مەرۋايىت ، قاش تېشى ، خىلمۇخىل بىرال ( ئېسىل تاشلار ) ، قول ھۈنەرۋەن بويۇملىرى بىلەن يەرمەنكە ، جۇملىدىن جاھان بازىرىدا شۆھرەت قازىنىدۇ .

ئوبۇلھەسەن ھاجى ، 1905 - يىلى روسىيە بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە ، روسىيىدە ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي ، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىدۇ . شۇنىڭ بىلەن

سودا سەھنىسدىن سىياسىي سەھنىگە قەدەم قويىدۇ . ئۇ 1905 ـ يىلى روسىيىدىكى ئۇيغۇرلار تەسىس قىلغان « كالتا چاپانلار تەشكىلاتى » ، 1906 ـ يىلى ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان « تەرەققىپەرۋەرلەر تەشكىلاتى »غا ئىشتىراك ئېتىدۇ . كېيىن تۈركىيە ، گېرمانىيە ۋە فرانسىيە قاتارلىق جايلاردا سودا ۋە سەيلى ساياھەت قىلىپ ، دۇنيانى جۇملىدىن باشقا ئەللەرنى چۈشىنىدۇ .

1914 ـ يىلى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى تەيىرلىنىۋاتقاندا ، موسكۋادىن ئوتتۇرا ئاسىياغا يېنىپ كېلىپ تىجارىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ . تىجارىتى روناق تاپقان بولسىمۇ ، 1917 ـ يىلىدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ، 1919 ـ يىلىدىن 1924 ـ يىلىغىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدا يۈز بەرگەن ئىچكى ئۇرۇش تۈپەيلىدىن جايلاردىكى تىجارىتىنى ۋاكالەتچىلىرىگە قويۇپ ، قەشقەرگە قايتىپ كېلىدۇ، 1924 ـ يىلى باۋۇدۇنباي سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بىلەن تۈزگەن سودا توختامىغا ئاساسەن، سوۋېت بىلەن سودا قىلىدۇ .

1926 ـ يىلى ھۇسەنباي ، 1928 ـ يىلى باۋۇدۇنبايلار قازا قىلىدۇ . ئۇزاق ئۆتمەي قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابى قوزغىلىپ پۈتۈن شىنجاڭدا جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى ئۇرۇش ئوتى يېقىلىدۇ . قەشقەر ، خوتەننى قوزغىلاڭچىلار ئىگەللەيدۇ . بۇ يىللاردا قەشقەردە ( 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ) « شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى » قۇرۇلۇپ ، ئوبۇلھەسەن ھاجى دېھقانچىلىق سودا مىنىستىرى قىلىپ بەلگىلىنىدۇ . ئۇزاق ئۆتمەي ئاتالمىش « شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جەمھۇرىيىتى » پارچىلىنىدۇ . كېيىن 1937 ـ يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلىدۇ .

## كارخانىچى قادىربەگ ھاجىم

قادىربەگ ھاجىم 1868 ـ يىلى قەشقەر شەھەر ئۆستەڭ-

بـويى باغ كوچىسىدا بىر كارخانىچى ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇ 102 ياشلىق ھاياتىدا ، 70 يىل كارخانىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان .

بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا ، قادىربەگ ھاجىمنىڭ قەشقەر شەھەر يارباغ دەرۋازا تېشى تۈمەنبويىدا تېرەكلىك لەڭگە تۇتاش سېلىنغان 3000 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بىر ئىشخانىسى ( زاۋۇتى ) بولغان . بۇ ئورۇندا ماشىنىچىلىق ، تېرە پىششىقلاش ، جۇۋا تىكىش ، يۇڭ تاللاش ( پرىيوم ) ، توقۇمىچىلىق ، ئۇلاغ جابدۇقى ياساش ، قەنت ـ گېزەك ، ناۋات ياساش قاتارلىق يەتتە ئىشخانا ( سېخ ) بولغان . بۇنىڭدا ياز كۈنلىرى 1000 ئىشچى ، قىش كۈنلىرى شاگىرت ۋە باشقا خىزمەتچىلەر بولۇپ ئالتە يۈزدىن يەتتە يۈز گىچە ئىشچى ئىشلىگەن .

مەزكۇر سېخلارنىڭ ئىش تۈرى ، ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە بولغان :

1 . ماشىنىچىلىق سېخى ئىككىگە بۆلۈنگەن بولۇپ ، بىرىنچى سېخ بازارغا ۋە بۇيرۇقچىغا كىيىم تىككەن . تىكىلىدىغان كىيىملەر تەتىللا ، كىمخاپ ، زەرداپ ، دۇخاۋا ، مەخمەل ، سارجا ، دۇراپ ، سوكنا ، بەقەسەم قاتارلىق يۇڭ ۋە يىپەك رەختلەر . بۇ خىل كىيىملەرگە قەشقەردىكى يۇقىرى تەبىقە كىشىلەر ، ئالىم ، ئۆلىما ، مەخدۇمزادە ۋە شەھەر بايلىرى ، ھاللىق كىشىلەر ئېھتىياجلىق ئىدى . مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىگىچە بولغان ئالاھىدە كىيىنىش ئەنە شۇنداق ئىدى .

يەنە بىر خىلى ، شەھەر ، يېزا خەلقلىرى ئادەت قىلغان چىپەرقۇت ، ھەر خىل تىرىكە ، دەگىنال ، ھەر خىل رەڭدىكى چەكمەن ، يۇڭ چەكمەن ۋە باشقا ئاددىي رەختلەردىن تىكىلىدىغان ھەر خىل چاپانلار . ئۈچىنچى بىر خىلى ، ئاياللارنىڭ ھەر خىل نىمچا ( ئۇزۇن تاش چاپان ) ، ئاياللار كەمزۇلى ، جۇيازا ، جىلىتكە ۋە باشقىلار . بۇ خىل كىيىملـەر ھـەر خـىل رەڭلـىك

تاۋار ـ دۇردۇن ، كىمخاپ ، تەتىللا ، پاكىستان ، ئافغانىستاندىن كېلىدىغان بىر خىل كەندىر ۋە زەر قوشۇلغان ئاياللارغا باب رەختىلەر ، يەرلىك شاھى ئەتلەس ، بەقەسەم قاتارلىق رەختلەر- دىن بولاتتى . بۇ خىل كىيىملەر شىنجاڭ بازارلىرىدا سېتىلاتتى .

ماشىنچىلىقنىڭ ئىككىنچى سېخى 1936 - يىلىنىڭ بېشىدا ئايرىلىپ چىققان بولۇپ ، شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىق- قاندىن كېيىن ، قادىربەگ ھاجىمنىڭ بىر بۆلۈك ئادىمى ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭ ( شىمالغىمۇ ئېلىپ بارىدۇ ) دىكى ھەربىيلەر كىيىم ـ كېچەكلىرىنى تىكتۈرگەن . بۇ سېختا دۇراپ ، مۇيىت ، سارجا ، ھەر خىل تىرىكە ، چەكمەن ، كۆلرەڭ ماتا قاتارلىق تاش كىيىم ، ھەر خىل ئاق رەختلەردە ئىچ كىيىم ، يوتقان ـ كۆرپە ، چېدىر ، شەپكە ، قۇلاقچا ، يازلىق لاتا پايپاق ، قىشلىق پاختىلىق پايپاق ، گوش ( پۇتقا ئورايدىغان ) قاتارلىق كىيىم ـ كېچەك ئىشلەپچىقىرىلغان . شېڭ شىسەي ۋاقتىدا ئىشلەپچىقىر- رىلغان ھەر بىر كىشىلىك يازلىق ، قىشلىق كىيىملەر تەخمىنەن 20 مىڭ پار بولغان بولسا ، گومىنداڭ ۋاقتىدا ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتكەن . چۈنكى ، 1943 - يىلدىن 1945 - يىلغىچە گومىنداڭ ئىچكىرىدىن يۆتكەپ كەلگەن ئەسكەرلەرنىڭ سانى 100 مىڭغا يەتكەن بولۇپ ، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم كىيىم ـ كېچەك- لىرى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىدىن تەمىنلەنسە ، بىر قىسمى يەرلىكتىن تەمىنلەنگەن . يەرلىكتىن تەمىنلىنىدىغان كى- يىملەر ئەنە شۇ قادىر بەگ ھاجىمنىڭ كارخانىسىدا تىكىلگەن ( مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كىيىملىرى بۇنىڭ سىرتىدا ) .

2 . تېرىچىلىك سېخىدا : ئات ، كالا ، قوتاز قاتارلىق چوڭ ھايۋانلار تېرىسىدە يەرلىك خۇرۇم ، كۆن ، چەم ؛ قوي تېرىسىدە شاۋرۇن ، بېشۆ ( ئۆتۈككە ئەستەر قىلىدىغان ) ، جۇۋا ؛ ئۆچكە تېرىسىدە قىرىم ۋە ياريىلىم قاتارلىقلار ئىشلەپچىقىرىلاتتى . بۇ- نىڭدىن باشقا كەمچەت ، قاما ، سۆلەيسۇن ، تۈلكە ، بۆرە ، يىل-

پىز ، مولۇن ، مۇشۇك ، سانسان ، ئەلترىدىن كۇچا كۆرپىسى قاتارلىقلار پىششىقلاپ ئىشلىنەتتى .

3 . جۇۋۇچىلىق سېخى ئىككىگە بۆلۈنگەن بولۇپ ، بىرىنچى سېختا بازار ئېھتىياجىغا خىزمەت قىلىپ ، كەمچەت ، قاما ، تۇماق ۋە باشقا ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى ئىشلەيتتى . ئىككىنچى سېخ يەنىلا ھۆكۈمەت ئېھتىياجىغا قارىتىلغان بولۇپ ، ھەربىيلەرنىڭ تۇرلۇك تاشلىق ، تاشسىز جۇۋا ، جىلتكە ، قۇلاقچا ، تېرە شىم ، پەلەي ، تېرە پايپاق ، فالاشوپكا ، خۇرۇم چاپان ، خۇرۇم پەلەي ، تېرە كۆرپە ، چامادان ، سومكا قاتارلىق نەرسىلەرنى ئىشلەيتتى . ئۇنىڭدىن باشقا قوشۇمچە خۇرۇم بەتىنكە ، ئۇتۇك قاتارلىقلارنىمۇ ئىشلەيتتى .

4 . يۇڭ سېخىدا : ياز كۇنلىرى يۇڭ ئىلغاش ، يۇڭ يۇيۇش ، بوياش ، ئىگىرىش قاتارلىقلار بىلەن مەشغۇل بولسا ، قىش كۇنلىرى پىششىقلاپ ئىشلەيتتى . بۇ سېختا گىلەم ( نۇسخىسى كۆپ خىللىق ) ، شىرداق ، ئاق ئۆي ( قىرغىزلار ئۇچۇن ) ، پىيما ، پايپاق ، چۇسىنكا ، كالتە قونچلۇق چەملىك ئۆتۈك ، مالخاي ، گۇللۇك ـ گۇلسىز كىگىز ، جەينىماز قاتارلىقلارنى ئىشلەيدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يۇڭ پوپايكا ، شىم ، يۇڭ پايپاق ئىشلەيدۇ .

5 . توقۇمىچىلىق سېخىدا : يۇڭ يىپەك بىرىكمە قىلىنغان تىرىكە ، خەسە ، داكا ، خام سوددىت ، يوللۇق شەتلەنگە ، رەڭدار چىت ، شايى ، ئەتلەس ، بەقەسەم ، يىپ ئەدىيال ، رومال ، ياغلىق ، تاغار ، خۇرجۇن ، يىپ ئارقان ، تانا ، توشۇك ، يىپ ـ يىپەكتىن ئەر ـ ئايالچە پايپاق ( يۇڭ ـ يىپەك پايپاق توقۇلىدىغان ماشىنا شۋېتسارىيىدىن كەلتۈرۈلگەن بولۇپ ، ئۈچ ماشىنا ئىشلەپ تۇراتتى ) ، ۋالىبول ، ۋاسكېتبول تورى ، بېلىق تورى ، ماتا ، چەكمەن يىپى ۋە پالاز يىپىمۇ ئىگىرىلەتتى . بۇ سېختا يەنە بوياقچىلىقمۇ بار ئىدى .

6 . ئۇلاغ جابدۇقى سېخىمۇ ئىككىگە بۆلۈنگەن بولۇپ ، بىرىنچى سېخى بازارغا ئىگەر ، يۇگەن ، نوقتا ، قوشقۇن ، بەل-باغ ، جىگبو ، جاۋەن ، خادىك هارۋا ، پۇچتا سايمانلىرى ، قىر-غىز ئاق ئۆيىنىڭ ياغاچ جاهازىلىرى ، ئائىلە جاهازىلىرى ، تاماق سايمانلىرى ، جوزا ، ئەمبەل ، كۆتەك ، چويلا ، قاسقان ، قازان ، قىگراق ، داس ، چېلەك ، قاتارلىقلارنى ئىشلەيتتى . ئىككىنچى سېخى ، هەربىيلەرگە قارىتىلغان بولۇپ ، هەربىي ئات ـ هارۋى-نىڭ بارلىق سايمانلىرى ، هەربىي چېدىر ، تاماق ، ئاشخانا ساي-مان ـ جابدۇقلىرىنى ئىشلەيتتى .

7 . ئىستېمال سېخىدا : ناۋات ، پاتاسى ، كەمپۈت ، پې-چىنە ، بولكا ، مەنپەسە ، هەر خىل مۇراببا ، گۈلقەنت ، نىشائاللا ، قاتارلىقلارنى ئىشلەيتتى .

مەزكۇر يەتتە سېختا ئىشلەنگەن هەربىي لازىملىق ياكى بازارغا سېلىنىدىغان بۇيۇملار شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىن شىمال-غىچە بولغان هەربىيلەرگە ۋە بازارلارغا سېلىناتتى .

قادىربەگ هاجىم باشقۇرغان يۇقىرىقى كارخانىنىڭ ئىش هەققى تۈزۈمى توختاملاشقان ئىش هەققى بولۇپ ، ئىشلەنگەن تاۋارنىڭ بېكىتىلگەن ( كېلىشىم بويىچە ) ئىش هەققى ئاساسىي هەق قىلىناتتى . ئىككى تەرەپ كېلىشكەندە توختام تۈزۈلۈپ ، ئىككى تەرەپ ۋە شەهەر قازىسى قول قوياتتى . ئىشچىلارنىڭ بىر كۈن ، بىر يىل ياكى ئۇزۇن ئىشلىشى ئۆز ئىختىيارىدا بولاتتى . كارخانا ئىگىسى هەر بىر ئىشچى ئۈچۈن توختام ئىش هەققىدىن باشقا كۈنىگە بىر ۋاقلىق تاماق ، ئىككى ۋاقلىق نان ـ چاي بې-رىشنى توختامدىكى ئىش هەققىدىن سىرت ئۈستىگە ئالغانىدى . ئىش هەققى تارقىتىلغان ۋاقىتتا ، كاسىپنىڭ ئىش ئۈنۈمى ، سۈ-پىتى ۋە ئائىلە ئەهۋالىغا قاراپ مۇكاپات تەرىقىسىدە چاي پۇلى قوشۇپ بېرىلىدۇ . ئىش هەققى تارقىتىش هەر هەپتىدە بىر قېتىم بولاتتى . كارخانا ئىگىسىنىڭ ئاساسىي كىرىمى بازارغا سېلىنغان

مالدىن بولۇپ، ھەربىيلەر ئۈچۈن ئىشلىگەن ئىشتىن پىرسەنت ئېلىناتتى.

قادىربەگ ھاجىم ئىگىلىكىدىكى بۇ كارخانىنىڭ قاتناش ئىشلىرى راۋان بولۇپ، كارخانىنىڭ ئىككى دانە ئاپتوموبىلى، ئىككى دانە پوچتىسى، ئون دانە ئات ـ ھارۋا ۋە باشقا قاتناش ۋاسىتىلىرى بولغان. قادىربەگ ھاجى بىر قەدەر كەڭ قوللۇق كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز قاتناش قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ يېتىم ـ يېسىرلار ۋە كەمبەغەل ئىشچىلارنىڭ يىراق ـ يېقىندىن يۆتكەيدىغان ئاشلىق، ئوتۇن ـ سامانلىرىنى ھەقسىز توشۇپ بېرىدۇ.

قادىر بەگ ھاجىم مەرىپەتپەرۋەر كىشى ئىدى. ئۇ، مەكتەپلەرگە ۋە يېتىم بالىلارغا ياردەم بېرىشتىن باشقا، ئەلاچى ئوقۇغان بالىلارغا قەغەز ـ قەلەم ۋە باشقا ماددىي بۇيۇملار مۇكاپات بەرگەن. كىشىلەر ئابدۇرېشىت ئىمىن دېگەن ئەلاچى ئوقۇغۇچىغا بىر ئىگەر يوگەنلىك ئات مۇكاپات بەرگەنلىكىنى ھېكايە قىلىشىدۇ. يەنە دارىلئاجىزىن ئۈچۈن 1936 - يىلى 50 مىڭ سەر ئۆلكە پۇلى ياردەم بەرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا قادىربەگ ھاجى كارخانىسىدا ئۆز قولى بىلەن ئۆيلۈك ـ ئۇچاقلىق قىلىپ قويغان يېتىم ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ سانى كىشىلەرنىڭ بىلىشىچە يىگىرمىگە يېتىدىكەن. 1932 - يىلى ئۇرۇش ئاپىتىدىن قېينالغان بىر بىچارە دېھقانىنىڭ قىزىنى قەرز ئۈچۈن گۆرەكەش ئېلىپ كېتىدۇ. بۇنى بىلگەن قادىر بەگ ھاجى گۆرەكەشكە نۇرغۇن پۇل بېرىپ قىزنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. قادىربەگ ھاجىمنىڭ كارخانىسىدا تولاراق يېتىم بالىلار بولۇپ، ئۇلارنى ئاخىرغىچە تەربىيە بىلەن ئۆستۈرۈپ قاتارغا قوشقان. شۇنداقلارنىڭ ئالدى ھازىر 80 ياشقا كىرگەن.

قادىربەگ ھاجى داۋاملىق دېگۈدەك ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرغىغا ئاۋاز قوشۇپ خالىسانە ياردەم بەرگەن. 1937 - يىلى يا-

پونغا قارشى ئىئانە توپلاش ۋاقتىدا قەشقەردىن ئەڭ كۆپ ياردەم بەرگەنلەرنىڭ بىرى ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتتا ئالتۇن ياردەم قىلىپ، ئالدىنقى سەپكە قىشلىق كىيىم ـ كېچەك ياردەم بېرىش قاتارلىق ئىشلاردا ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرغان. بىر ناھىيە بىر ئايروپىلان ياردەم قىلىش دېگەن چاقىرىقتا 5000 سەر كۈمۈش بەرگەنلىكىنى بىلىدىغانلار بار. 1948 ـ يىلى قەشقەر تۈمەن دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىنى سەل ئېلىپ كەتكەندە، ناھايىتى كۆپ ئىقتىساد ئاجرىتىپ ياساشقا ياردەم بەرگەن. 1950 ـ يىلى چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ۋاقتىدا 1000 سەر كۈمۈش بەرگەن. شۇ يىلى ئىلىمىز تارقاتقان زايومدىن 1050 پاي زايوم ئالغان. بۇنىڭ قىممىتى 3700 سەر كۈمۈش بىلەن باراۋەر ئىدى.

1950 ـ يىلى خەلق ھۆكۈمىتى بىر قىسىم يېتىم بالىلار ۋە يولدىن ئازغانلارنى يىغىۋالغاندا، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۆكۈمەتكە تەكلىپ بېرىپ، ئۇلارغا كەسىپ ئۆگىتىشنى ئۈستىگە ئالغان، نەتىجىدە كۆپلىگەن كىشىلەر كەسىپ ئۆگىنىپ ھايات يولىغا ئىگە بولغان.

1956 ـ يىلى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋاقتىدا، ھۆكۈمەت خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىگە كىرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتىدە ئىشلەپ، كارخانىنىڭ مۇئاۋىن دېرىكتورى بولغان قادىربەگ ھاجىم 1970 ـ يىلى 102 يېشىدا قەشقەردە ۋاپات بولغان.

## تەرەققىپەرۋەر مەتنىياز مەخسۇم

تونۇلغان ئىجتىمائىي ئەرباب، مەرىپەت ئەھلى، تەرەققىپەرۋەر زات مەتنىياز مەخسۇم 1890 ـ يىلى قەشقەر پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ شاپتۇل كەنتىدە ئابدۇغوپۇر داموللا[1] ھاجىم ئائىلـ

① ئابدۇغوپۇر ( شاپتۇل ) داموللا ھاجىم 1924 ـ يىلنىڭ ئالدى ـ كەينىدە قەشقەرنىڭ قازىسى بولغان. ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن 1934 ـ يىلى مىللەتلەر مەجلىسى « كېڭەش باشلىقى » مىللىي قۇرۇلتاي ۋەكىلى بولغان.

سىدە دۇنياغا كەلگەن . مەتنىياز مەخسۇم ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىن شاپتۇل كەنتىدىكى باشلانغۇچ دىنىي مەكتەپتە ۋە ئائىلىسىدە دىنىي بىلىم ئالغان . 1903 - يىلى مەتنىياز مەخسۇم ئائىلىسى بىلەن قەشقەرگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن ، قەشقەردىكى ئاتاقلىق دىنىي ئۆلىما باۋۇدۇن مەخسۇمدىن دىنىي بىلىم ئالغان . ئۇنىڭدىن كېيىن قازان مەدرىسىدە ئوقۇپ ، شۇ زاماندىكى ياش تالىپلار ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن دىنىي بىلىم ئەھلى بولۇپ يېتىلگەن .

مەتنىياز مەخسۇم ئوقۇش دەۋرىدە ياۋروپادىكى ئويغىنىش ھەرىكەتلىرى ، بولۇپمۇ 1905 - يىلى چارروسىيە ئەركىنلىك مانىپىستى ① ئېلان قىلغاندىن كېيىنكى مەزگىللەردە روسىيىدە يۈز بەرگەن يېڭىلىقلار ۋە پەن - مەدەنىيەتكە بولغان ئىنتىلىشلەر تەقەززاسىدىن نەشر قىلىنغان ھەم دەۋرگە نىسبەتەن ئىلغار بولغان كىتاب ، ژۇرناللارنى ، گېزىتلەرنى ۋە باشقا مەجمۇئەلەرنى كۆپرەك ئوقۇيدۇ . يېڭىلىققا ئىنتىلىپ ، دۇنياغا نەزەر سالىدۇ . ئەينى يىللاردا ، ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىگە سودا تىجارەت ، ساياھەت ، ئوقۇش ئۈچۈن بارغان ئۇيغۇر ساياھەتچىلىرى بىلەن كۆپ قېتىم ھەمسۆھبەتتە بولۇپ ، چەت ئەللەرنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرۈشكە قىزىقىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۆز ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن تىجارەت يولى بىلەن چەت ئەلگە چىقىشنى نىشان قىلىپ تۇنجى سەپەرنى قەشقەرگە يېقىن بولغان قىرغىزىستاننىڭ ئوش ئوبلاستى② ، ئەنجان قاتارلىق پەرغانە ۋادىسىدىكى ھەر قايسى شەھەرلەرگە قارىتىدۇ . مەتنىياز مەخسۇم دەسلەپ ئۇ يەرلەرگە يەرلىك خام ماللارنى ئېلىپ چىقىدۇ . شۇ جەرياندا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە روسىيىلىكلەرنىڭ ئاپتاپپەرەس ( گازىر ) غا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ ، شىنجاڭدا ئەڭ تۆۋەن مەھسۇلات ئا-

① 1905 - يىلى چار پادىشاھى ئىچكى ئىنقىلاپ ۋە يەرلىك ئاھالىنىڭ قارشىلىقىنى بېسىش ئۈچۈن ئەركىنلىك مانىپىستىنى ئېلان قىلغان . مانىپىستىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركى مىللەتلەر - ئۇيغۇرلارنىڭ ئويغىنىشىغا پايدىلىق بولغان .

② ئوش - قەشقەرگە 300 نەچچە كىلومېتىرلا كېلىدۇ . ئىلگىرىكى كارۋان يولى ئاشۇ ئىدى .

تالغان گازىرنى كۆپلەپ تېرىشنى دەۋەت قىلىدۇ. نەتىجىدە گا-زىر تېرىش قەشقەر ۋىلايىتىدە ئومۇملىشىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا ئار-قىلىق روسىيىنىڭ كۆپلىگەن ئورۇنلىرىنى تەمىنلەيدۇ. ئۇنىڭ 1914 - يىلى قىسمەن خام ماللاردىن باشقا نېڭنى نوۋگوردقا ئېلىپ چىققان (يەرمەنكىگە قويغان) گازىرى 150 مىڭ پۇت[1] (سەلەي هاجى، هوشۇر سەتەڭ قاتارلىق ئاتچىلارنىڭ مەلۇماتى) بولىدۇ.

مەتنىياز مەخسۇم 1908 - يىلىدىن 1930 - يىللارغىچە بول-غان ئارىلىقتا روسىيە زېمىنىدا تىجارەت قىلىدۇ. بۇ جەرياندا ئا-ساسلىق مەدەنىيەت ۋە سودا شەهەرلىرىنى ئايلىنىدۇ، ئېكس-كورسىيە قىلىدۇ. ئۇ دەسلەپ قازاندىكى جەددى مەكتەپتە، كې-يىن تاشكەنتتە ئوقۇيدۇ، رۇس تىلى يېزىقىنىمۇ پۇختا ئىگەل-لىۋالىدۇ.

روسىيىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىي غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىلغار مەرىپەتچىلەر، تەرەققىيپەرۋەرلەر بىلەن هەمسۆهبەتتە بولىدۇ. شۇنداقلا شىنجاڭدا ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى تارقىتىشقا ۋە خەلقنى ئىلىم - مەرىپەت يولىغا باشلاشقا قەدەم قويىدۇ.

مەتنىياز مەخسۇم 1930 - يىللىرى قەشقەرگە يېنىپ كې-لىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ هەرقايسى جايلىرىدا مەدەنىيەت، ئىلىم - پەنگە يۈزلىنىش قىلىش تەشۋىقاتى ئېلىپ بارىدۇ، هەم جايلاردا دارىلئېيتام (يېتىملار مەكتىپى) ۋە دارىلئاجىزىن (ئىگە - چاقىسىز، يېتىم - يېسىر، مېيىپلارنى تەمىنلەش ئور-نى) قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. سوۋېتنىڭ سودا تىجارەتچى-لىرى بىلەن شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلىپ، كارخانا قۇرۇپ ئىشسىزلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ ئىشقا ئۆزى تۈنجى بولۇپ قەشقەردىكى ئىلغار پىكىرلىك زاتلار، مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر سودىگەرلەردىن هۈسەنجان هاجىم

---

[1] هەر بىر پۇت 16.38 كىلوگرام هېسابلىنىدۇ.

باشلىق بىر قانچە كىشى بىلەن بىرلىشىپ، 1931 ـ يىلى قەشقەردە «كىنو تەرەققىيات شىركىتى» قۇرۇپ بېرىدۇ. سوۋېت ئىتتىپا-قىدىن بىر جۈپ كىنو ئاپپاراتى ۋە فىلىملارنى سېتىۋېلىپ «بىزنىڭ كرونشتات» قاتارلىق ئاۋازسىز فىلىمنى قويۇپ، يەر-لىك كىشىلەردىن تۇنجى كىنو مەدەنىيىتى تارقاتقۇچىلاردىن بو-لىدۇ. شىنجاڭغا دەسلەپ كىرگەن كىنولار ئەسلىدە ئۈرۈمچى، ئىلى، چۆچەك، قەشقەر، قاغىلىق قاتارلىق جايلارغا چەت ئەل-لىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەر تەرىپىدىن 1924 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ ئاخىرىدا ئوخشاش بولمىغان ئاي، كۈنلەردە كىرگەن ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا قەشقەرگە 1924 ـ يىلى كىرگەن فرانسىيىلىك ئې-كسپېدىتسىيىچىلەر تولۇمغا قاچىلانغان كاربىت (بىر خىل تاش) گازى يورۇقلۇقى بىلەن قولدا چۆرۈپ ھەرىكەتلەندۈرى-دىغان ئاپپارات ئېلىپ كېلىپ، ساياھەت خاتىرىسى ناملىق ئاۋازسىز ھۆججەتلىك فىلىم كۆرسەتكەنىدى. ئىككىنچى قېتىم-لىق كىنو پەقەتلا مەتنىياز مەخسۇم ئارقىلىق كىرگەن. شۇنىڭ-دىن باشلاپ قەشقەردە كىنوچىلىق ئىشلىرى ئۈزۈلمەي داۋام قى-لىدۇ. 1934 ـ يىلى مەتنىياز مەخسۇم باشچىلىقىدىكى «كىنو تە-رەققىيات شىركىتى» سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر جۈپ ئۆلگىلىك كىنو ئاپپاراتى (ھازىر كىنوخانىلاردا ئىشلەۋاتقان «سۇڭخۇا-جاڭ» ماركىلىق چوڭ ئاپپارات ئاشۇ نۇسخىدىن پايدىلىنىپ يا-سالغان) سېتىۋېلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يەنئەندىكى پائالىيەتلىرى سۈرەتكە ئېلىنغان «جۇڭگو» ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىي مەزگىلىدىكى ئاتاقلىق ئۇرۇش قەھرىمانى چاپايوۋ ئوبرازى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھۆج-جەتلىك فىلىم «چاپايوۋ»، «13 قەھرىمان»، «چېگرىدا»، «فرونتتىكى سادات» ناملىق فىلىملارنى دەسلەپ ئاۋازسىز، كېيىن ئاۋازلىق قويىدۇ. بۇ فىلىملار كېيىنكى ۋاقىتتا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سەييارە قويۇلىدۇ.

ئەمما مەتنىياز مەخسۇم باشچىلىقىدىكى « كىنو تەرەققىياتى شىركىتى » دەسلەپتە بىر قانچە يىلغىچە زور دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرايدۇ. چۈنكى، ئىسلام دىنىنىڭ بەزى قائىدە ــ يۇسۇنلىرى ۋە يېڭىلىققا قارشى مۇتەئەسسىپ دىندار، روھانىلارنىڭ كىنونى يامان كۆرۈشى، ئەيىبلىشى، كىشىلەرگە كىنو كۆرمەسلىكنى تەشۋىق قىلىشى بىلەن دەسلەپكى ۋاقىتلاردا بىر قېتىملىق كىنوغا ئون ــ ئونبەشلا كىشى كىرىدۇ. كۆپ بولغاندا يۈزگە يېتىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋال يىللاپ داۋام قىلىدۇ. مەتنىياز مەخسۇم مەخسۇس ئېلانچىلار گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، دۇمباق، سۇناي چېلىپ شەھەر كوچىلىرىنى ئايلىنىپ، كۈندىلىك كىنونىڭ مەزمۇنى بىلەن بىلەت باھاسىنى چۈشەندۈرىدۇ. دېمەك، بىر ئايلىق كىنو كىرىمى بىر كۈنلۈك كىنو چىقىمىنى كۆتۈرەلمىگەن شارائىت ئاستىدىمۇ كىنوچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئاخىر كىنوچىلىقنى بۈگۈنكى تەرەققىياتلارغا يېتىشكە شەرت ھازىرلايدۇ.

مەتنىياز مەخسۇم 1930 - يىللاردىن باشلاپ قەشقەردە قۇرۇلغان دارىلئىتام ۋە دارىلئىجىزىن ئاساسىغا كۆپ ياردەم بېرىدۇ. يېتىم ــ يوقسۇللارنى يوقلايدۇ. دارىلئاجىزىن ۋە دارىلئېتام مەكتىپىنىڭ قەغەز ــ قەلەم، كىيىم ــ كېچەكلىرىگىچە بولغان چىقىملارنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئۆزلىكىدىن ئۈستىگە ئالىدۇ.

1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، تۆمۈر ئېلى (تۆمۈر سىجاڭ) قوشۇنلىرى قەشقەرنى ئىشغال قىلىپ يېڭى ھاكىمىيەت قۇرغاندىن كېيىن نو بېشىدىكى مەكتەپنى ياسىغانىدى. بۇ چاغدا مەتنىياز مەخسۇم تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەكتەپكە خېلى ياردەملەرنى بېرىدۇ. مەتنىياز مەخسۇمنىڭ بۇ خىل مائارىپپەرۋەرلىكى كىشىلەرگە ئايان بولغاندىن كېيىن، مەتنىياز مەخسۇم ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسلىكىنى زىممىسىگە ئالىدۇ. مەتنىياز مەخسۇم يېڭى قۇرۇلغان ۋە تېخى ۋەخپىي، ئۆشرە ــ زاكاتتەك ئىق-

تسادىي كىرىمگە ئىگە بولمىغان ياش ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنى ئۆز ئىقتىسادىي بىلەن گۈللەندۈردى . ئۇ ، ئۇيغۇر ئۇيۇشما خىزمە- تىنى ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆرگەن تەجرىبىسى بويىچە رەتكە سا- لدۇ . ئۇ ، مۇشۇ يىللاردا ، قەشقەر يېقىنقى زامان تارىخىدا تۇنجى قىرائەتخانىلارنىڭ بىرى بولغان ئۇيغۇر كۇتۇپخانىسىنى قۇردى . بۇ كۇتۇپخانىنىڭ ئورنى ئەنجان رەستىسىدە بولۇپ ، مەتنىياز مەخسۇم مەخسۇس ئۆز ئىقتىسادىي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ۋە قازان ، تاشكەنت ، مىسىر ، قاھىرە ، تۈركىيە قاتارلىق جايلاردا نەشر قىلىنغان كلاسسىك ئەدەبىي ، تارىخىي كىتابلارنى ، شۇنداقلا ئىلغار پىكىرلىك ، يېڭىلىقنى تەشۋىق قىلىدىغان ھەر خىل ژۇرناللارنى ئالدۇردى . كۇتۇپخانىنىڭ ئىلمىي ئىشلىرىنى قىلىش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئابدۇسالام ئىسىملىك تەج- رىبىلىك كۇتۇپخانا باشقۇرغۇچىنى تەيىنلەيدۇ .

1936 - يىلى مەھمۇت مۇھىتى ( مەھمۇت سىجاڭ ) قەش- قەردە تۇرغان مەزگىلدە ، ئۇنىڭ زور ياردىمى ۋە قوللىشى ئار- قىسىدا قەشقەردە تۇنجى پىداگوگ قۇرۇلغان ، بۇنىڭدا كۆپلىگەن كىشىلەر بىلىم ئالغانىدى . مەكتەپ ئەمدىلا ۋايىغا يېتىۋاتقان مەزگىلدە ، ئىچكى ئىختىلاپ ، تاشقى بېسىم يەنە باشقا ئوببېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەھمۇت مۇھىتى چەت ئەلگە چىقىپ كې- تىدۇ . مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن قەشقەردە چوڭ قىرغىن ، بۇلاڭ - تالاڭ ۋە تەرتىپچىلىق يۈز بېرىدۇ . قەشقەرنى ئىشغال قىلغان ماخۇسەن قىسىملىرى مەكتەپلەرنى تاقايدۇ ، ئوقۇغۇچىلارنى تۇتقۇن قىلىدۇ ياكى تارقىتىۋېتىدۇ . مەرىپەتپەرۋەر مەتنىياز مەخسۇم تاقالغان سىفەن مەكتىپىنى كېيىن يەنە قايتا ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ . مەتنىياز مەخسۇم يالغۇزلا مائارىپپەرۋەر بولۇپلا قال- ماستىن ، بەلكى ۋەتەنپەرۋەر زات ئىدى . 1937 - يىلدىكى لو- گۇچياۋ ۋەقەسىدىن كېيىن ، شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە ياپونغا قارشى ئىئانە توپلاش ئىشى ئېلىپ بېرىلدى . بۇ چاغدا ، مەتنىياز

مەخسۇم سەپىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ بىر ئىسكىلاتتىكى گەزمال، ماتا، چەكمەن ۋە باشقا (قەنت، شېكەر، سەرەڭگە) ماللىرىنى بىر قانچە هارۋىغا بېسىپ كېلىپ، هېيتكار جامەسىنىڭ چوڭ سۇپىسىغا تىزىپ، توپ ـ توپى بىلەن ئىئانە قىلىپ، خەلقنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرىشى ۋە ئىئانە توپلاش روھىغا زور ئىلھام ۋە مەدەت بەرگەنىدى.

مەتنىياز مەخسۇم ئەسلىدە دىنىي ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما هالال تىجارىتىدىن باي بولۇپ، يۈز ـ ئابروي تاپقان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ تىجارەت يولى ئەينى يىللاردا باشقىلاردىن ئالاهىدە پەرقلىق بولغان. ئۇ ئۇزۇن يىل سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودا دوگۋار قىلغان بولۇپ، هەر قاچان ئۇنىڭ سوۋېتتىن كىرگۈزگەن ماللىرىنىڭ 30 ۋە 40 پىرسەنتى ئوقۇش ماتېرىياللىرى بىلەن مەدەنىي بۇيۇملار بولدى. دېمەك، 1930 ـ يىللار تارىخىدا جەنۇبىي شىنجاڭ بولۇپمۇ قەشقەرنى مەدەنىي بۇيۇم، ئوقۇش ماتېرىيالى، زامانىۋى كىيىم ـ كېچەك، تەنتەربىيە كىيىمى ۋە ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىن ئەتتى. هەتتا ۋالىبول، ۋاسكېتبول قاتارلىق توپلارنى ۋە ئۇنى ئوينايدىغان تور قاتارلىق سايمانلارنى هەر قايسى يېزا ـ مەكتەپلەرگە ئۆز يېنىدىن پۇلسىز ياردەم قىلدى. ئۇ پاختىنى چىگىتتىدىن ئايرىش ماشىنىسى سېتىۋېلىپ، مەكىت قاتارلىق جايلاردا پاختا زاۋۇتى قۇردى. قەشقەرگە تۇنجى زامانىۋى دوش، ۋاننا، بىر كىشىلىك، ئىككى كىشىلىك ۋە ئون كىشىلىك سېمونتتىن ياسالغان پار مۇنچا ياسىدى ۋە بۇ مۇنچىغا كونا ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ هامام ئورۇنلاشتۇردى، ئەينى يىللاردا هەر قايسى باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى پۇلسىز مۇنچىغا چۈشۈرۈپ، مۇنچىدا يۇيۇنۇشنى ئادەتلەندۈردى. هەتتا دارىلئېتام بىلەن دارىلئاجىزىنلارنىمۇ هەر 15 كۈندە ۋە هېيت ـ ئايەملەردە سىرتقى تىجارىتىنى توختىتىپ يۇيۇندۇردى. مەتنىياز

مەخسۇمنىڭ بۇ خىل ئالى جاناب پەزىلىتى ئەينى يىللاردىلا ئە-
مەس ھازىرمۇ كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ ، ئەلۋەتتە .

قەشقەر مائارىپ تارىخىي توغرىسىدا سۆز بولغان بىر
سورۇندا ، بىر قانچە پېشقەدەملەر مەتنىياز مەخسۇم ۋە مەكتەپ
پائالىيىتى توغرىسىدا سۆزلەپ : « ئىلگىرى مەكتەپلەردە كوللېك-
تىپ پائالىيەت بولمايتتى ، مەتنىياز مەخسۇم ياز كۈنلىرى ھەر
قايسى مەكتەپلەرنى نەزەر باغدىكى باغ ھويلىسىغا چاقىرىپ كول-
لېكتىپ پالىيەت ئېلىپ بېرىشنى ئادەتلەندۈرگەن ؛ بىز ھەر قېتىم
ئۇنىڭ بېغىدا كوللېكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغاندا دەپتەر ، قې-
رىنداش ، قېرىنداش ئۇشلايدىغان ماشىنا قاتارلىق نەرسىلەرنى
سوۋغا قىلاتتى ، ياخشى تاماق ، يازلىق مېۋىلەر بىلەن مېھمان
قىلاتتى . بەزى پائالىيەتلەردە نەتىجە قازانغانلارنى مۇكاپاتلايت-
تى » دەپ ئەسلىشىدۇ .

مەتنىياز مەخسۇم 1930 - يىللار تارىخىدىكى مەرىپەتپەر-
ۋەر ، تەرەققىيپەرۋەر زات بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى ئۇ ۋەتەن-
پەرۋەر ئىلغارلاردىن ئىدى . ئۇ ، بىر ئۆمۈر تەرەققىيپەرۋەر ، ۋە-
تەنپەرۋەر ئىلغارلار بىلەن بىر سەپتە تۇردى ، ئىلغارلار ھەرىكە-
تىنى قوللىدى . شۇڭا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇنى « قەشقەرگە
قېقىلغان مىخ » دەپ ھېسابلايتتى ، ئۇنى نازارەت قىلاتتى . كې-
يىنكى ۋاقىتتا ئۇنىڭ ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالدى ، جۈملىدىن
ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇ-
رىسىدا تۈزۈلگەن 11 ماددىلىق تىنچلىق بېتىمدىن كېيىن ئىلىغا
كېتىپ ئازاد رايوندا پاناھلاندى . ئۇ ، ئۆلكە ئازاد بولغاندىلا ئان-
دىن ھاياتىدىن خاتىرجەملەندى .

ئۇ ، ئازادلىقتىن كېيىن لىچۈن سانائەت شىركىتىگە 1500
قوي پاي قوشۇپ ئەزا بولدى . ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ ،
چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ۋاقتىدا كۆپلىگەن ياردەملەرنى بەر-
دى . ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش زايومىنى سېتىۋېلىپ يول ياساش قا-

تارلىق ئىشلارغا ياردەم بەردى. شۇ گا خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا ئىلغار سودا تىجارەتچى دەپ مۇئامىلە قىلدى. ئۇ، 1953 - يىلى ئۈرۈمچىدە كېسەل سەۋەبى بىلەن 63 يېشىدا ۋاپات بولدى.

## تەلئەت مۇسابايوۋ

تەلئەت مۇسابايوۋ بىر مەزگىل شىنجاڭ ئىچكى ئۆلكىلەردە ۋە چەت ئەلدە سودىدا نام چىقارغان شەخس. ئۇ، 1914 - يىلى غۇلجىدىكى ئاتاقلىق كارخانىچى ھۈسەنباي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى غۇلجىدا ئوقۇغان. 1927 - يىلى ئىنىسى فىكرەت بىلەن موسكۋا ئىشچىلار ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا بارغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا مەكتەپ رەھبەرلىكى تەلئەتنى « سەن بايلار ئەۋلادى ئىكەنسەن، تۈركىيەدە ئوقۇغىن » دەپ چېكىندۈرۈۋەتكەن. ئىنىسى فىكرەتنى موسكۋادا ئېلىپ قالغان. ئۇ شۇ يىلى تۈركىيىگە بېرىپ ئىستانبولدىكى گالاتا ساراي ( مەكتىپى سۇلتانىيە ) نىڭ ئىقتىسادشۇناسلىق فاكولتېتىدا ئۈچ يىل ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئىستانبولدىكى مەلۇم كارخانىدا بىر يىل پراكتىكا قىلغان. شۇ مەزگىلدە رۇس، ئىنگلىز تىلى يېزىقىنى ئۆگەنگەن. كېيىن، موسكۋاغا قايتىپ كېلىپ بىر يىل مەخسۇس رۇسچە ئوقۇغان. شۇ مەزگىلدە سابىت داموللا بىلەن تونۇشقان.

1933 - يىلى ئۇ موسكۋادىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، ئاتۇش ئىكساقتا ھۈسەيىنىيە مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولىدۇ. شۇ يىلى 11 - ئايدا موسكۋادا تونۇشقان سابىت داموللا قەشقەردە « شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى » قۇرۇپ ئۆزى زۇڭتۇڭ بولىدۇ ۋە تەلئەتنى ئۆزىگە كاتىپ قىلىدۇ. خىزمەت داۋامىدا، سابىت داموللا بىلەن سوۋېتنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلى بىلەن بولغان ئالاقىسىدا تەرجىمانلىق قىلىدۇ. كېيىن، ئۇ نوبېشى مەكتەپتە ئىلمىي مۇدىر، قەشقەر دارىلمۇئەللىمىدە ئوقۇت-

قوچى بولۇپ ئىشلەيدۇ. بىر مەزگىل قەشقەر مائارىپ ئىدارىسىگە مۇئاۋىن باشلىق بولىدۇ. 1937 ـ يىلى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەيلا قويۇپ بېرىلىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي پارتلىغاندا، ئۇ ئىنقىلابقا 500 دانە مىلتىق ياردەم بېرىپ پولكوۋنىكلىق ئۇنۋان ئالىدۇ. كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئۇنى توققۇزتارا قاتارلىق جايلارغا خىزمەتكە بۇيرۇغاندا، گۇاڭلو (شىبە)، ئىلىياس (خۇيزۇ) لار بىلەن ئۈچ ۋىلايەتتىن يۈز ئۆرۈپ ئۈرۈمچىگە قېچىپ كېلىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئاكىسى ئابلىز مۇسابايوۋ بىلەن بىرلىشىپ 1945 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە ئىچكى ئۆلكە ۋە شىنجاڭ دائىرىسىدە چوڭ سودا قىلىپ شىنجاڭنىڭ چاي، كاجى، شەمبىجە، تاۋار ـ دۇردۇن، پۇل بازىرىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالىدۇ. 30 ـ 40 ئادەم ياللاپ ئۇچۇر ئىگەللەيدۇ. قايسى خىل مال باھاسى ئۆسسە شۇ خىل مالدىن ئاز بىر قىسمىنى بىر قانچە ئون كىشى ئارقىلىق ئەرزان ساتتۇرۇپ باھانى تۆۋەنلىتىپ، ئەرزان باھادا كۆپ مالنى سېتىۋېلىش ئارقىلىق كۆپ پايدىغا ئېرىشىپ «مۇسابايوۋ بۇرادەرلەر شىركىتى» نى قايتا قۇرىدۇ. شاڭخەي، نەنجىن، تيەنجىن، سۇجۇ، خاڭجۇ، شىئەن، لەنجۇ، ۋۇۋى، جاڭيې قاتارلىق جايلاردا سېتىۋېلىش ۋاھالەتچىسى تۇرغۇزۇپ، ئىچكى ئۆلكىدىن چىقىدىغان مالنى كونترول قىلىدۇ.

ئۈچ ۋىلايەت بىلەن گومىنداڭ «11 ماددىلىق بىتىم» تۈزگەندىن كېيىن، تەلئەت ئۈچ ۋىلايەت بىلەن 1949 ـ يىلغىچە سودا قىلىدۇ. ئۆلكە ئازاد بولغاندىن كېيىن ئىچكىرى ئۆلكىگە كېتىپ شاڭخەيدىن بىر ئايروپىلاننى ياللاپ بەش بالىسى بىلەن ئايالىنى ئېلىپ شاڭگاڭ ۋە ياپونىيە ئارقىلىق تۈركىيىگە كېتىدۇ.

تەلئەت 1986 ـ يىلى، 1996 ـ يىلى ئىككى قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ قايتىپ كېتىدۇ.

# ئالتىنچى باب

## يولۋاس

يولۋاس 1889 - يىلى مارالبېشى تاھىيىسىدە تۇغۇلغان ، مارالبېشلىق ھۇشۇر مىراب دېگەن كىشىنىڭ جىنەستىخان ئىسىملىك بىرلا قىزى بولۇپ ، ئوغۇل بالىسى بولمىغانلىقتىن ، بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدىكەن . ھۇشۇر مىراب بىر كۈنى شەھەردە مەسچىتكە كېتىۋېتىپ يولدا بىر بوۋاق بالىنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قېلىپ ، يېقىن بېرىپ قارىسا يېڭىلا تۇغۇلغان ئوغۇل بالا ئىكەن . ھۇشۇر مىراب « خۇدايىم بەردى » دەپ ، بالىنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ ، كېيىن بالىغا « يولدا بارىس » ( يول ئۈستىدىن تېپىلغان بالا دېگەن مەنىدە ) دېگەن ئىسىمنى قويغان . بۇ ئىسىم ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىسقىراپ جانلىق تىلغا يولۋاس دەپ ئۆزگەرگەن . يولۋاس بەش ياشقا كىرگەندە قەشقەرنىڭ دوتىيى خۇاڭ گۇاڭدا ھۇشۇر مىرابنىڭ قىزى جىنەستىخاننى مەجبۇرىي خوتۇنلۇققا ئېلىۋالىدۇ . ئەلەمگە چىدىمىغان ئاتا - ئانىلار كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ . يېتىم قالغان يولۋاس كېيىن خەنزۇ دوتەيىنىڭ قولىدا قالىدۇ . بۇ دوتەي شۇ چاغدا ئۇلۇغچات ، تاشقورغان تەۋەلىكىدىكى بىر قىسىم زېمىنلارنى روسىيە زېمىنىغا قوشۇپ بېرىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن گۇناغا تارتىلىپ بېيجىڭغا چاقىرتىلىدۇ . ئۇلار ئائىلىسى بويىچە مال - مۈلكىنى ئېلىپ بېيجىڭغا بارغاندىن كېيىن خان دوتەي خۇاڭ گۇاڭدانىڭ ئەمىلىنى ئېلىپ تاشلاپ ، مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ ئۆزىنى قولغا ئالىدۇ . جىنەستىخان بىلەن يولۋاس بېيجىڭدا پاناھسىز قېلىپ ئىككى يىل سەرگەردانلىق

تۇرمۇشنى بېشىدىن كەچۈردۇ. ئۈچىنچى يىلغا كەلگەندە، قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت خانغا سالام بېرىش ئۈچۈن بېيجىڭغا باردۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان جىنەستىخان بىلەن يولۋاس شامەخسۇت ۋاڭنىڭ كاتىبى خوجىنىياز بەگكە دەرت ئېيتىپ، ئۆزلىرىنى قۇمۇلغا ئالغاچ كېتىشى، قۇمۇلغا كېلىۋالغاندىن كېيىن ئۆز يۇرتىغا كېتىدىغانلىقىنى ئىلتىجا قىلىدۇ. خوجىنىياز بەگ بۇ ئەھۋالنى شامەخسۇت ۋاڭغا يەتكۈزىدۇ. ۋاڭ دىنىي مەسلىھەتچىسى يۇنۇس ئەلىماخۇنۇمدىن بۇ ھەقتە مەسلىھەت سورىغاندىن كېيىن، بۇلار مۇساپىر ئىكەن، قۇمۇلغا ئالغاچ كەتسەك ساۋاب بولىدۇ، دېگەن قارارغا كېلىپ ھەر بىر ھارۋىغا ئولتۇرىدىغانلارنى بېكىتىدىغان چاغدا، دىنىي قائىدە بويىچە جىنەستىخان ئەرلەر بىلەن بىر ھارۋىدا ئولتۇرسا نامەھرەم بولىدۇ دەپ قاراپ، بىرسىگە نىكاھ قىلىپ قويۇپ ئاندىن ماڭسا دۇرۇس بولىدىغانلىقىنى مەسلىھەتلىشىدۇ. نەتىجىدە جىنەستىخان تەرجىمان ھېزىت قېزىغا نىكاھلاپ قويۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر ھارۋىغا ئولتۇرۇپ قۇمۇلغا قايتىپ كېلىدۇ. لېكىن ئۇلار قۇمۇلغا كەلگەندە ھېزىت قېزىنىڭ خوتۇنى كۈندەشلىك قىلىپ جېدەل قۇرىمىغاچقا ئۇلار ئاجرىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن جىنەستىخان ۋاڭ ئوردىسىدا پۇجۇك خېنىمغا خىزمەتكار بولۇپ ئىشلەيدۇ. كېيىن ئۇ، ۋاڭنىڭ تۇغقىنى ئىبراھىم بەگكە نىكاھلاپ قويۇلىدۇ. يولۋاس بەش يېشىدىن تارتىپ خەنزۇ ئائىلىسىدە تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكى ۋە بېيجىڭدا بىر مەزگىل تۇرغانلىقتىن خەنزۇ تىلىنى راۋان سۆزلەشنى ئۆگىنىۋالغان. يولۋاس ئاچىسى بىلەن قۇمۇلغا كەلگەندىن كېيىن، ئاچىسىنىڭ يولدىشى سودىگەر ئىبراھىم بەگنىڭ سودا دۇكىنىدا دۇكان خىزمەتچىسى، كېيىن يۈسۈپ تەيجى دېگەن كىشىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق خۇيزۇ كىنەز سارىيىغا تەكلىپ قىلىنىپ كىچىك تىلماچ ( تەرجىمان ) بولىدۇ. مىنگونىڭ 3 - يىلى ( مىلادىنىڭ 1914 - يىلى ) قۇمۇل

ۋاڭنىڭ بازار بېگى ، ئىككىنچى يىلى سودا ئىشلىرى ئومۇمىي باشقۇرغۇچىسى ، ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە مىنگونىڭ 5 - يىلى ( مىلادىنىڭ 1916 - يىلى ) خوجا بەگلىككە تەيىنلىنىدۇ . مىنگو-نىڭ 16 - يىلى ( مىلادىنىڭ 1927 - يىلى ) قۇمۇلدا ئاپتوموبىل ترانسپورت ئىدارىسى تەسىس قىلىنىپ ، قۇمۇل ۋاڭنىڭ ساراي بېگى شى زۇجىڭنىڭ تەۋسىيىسى ئارقىلىق يولۋاس قوشۇمچە ئاپتوموبىل ترانسپورت ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنىڭ ياردەمچىلى-كىنى ئۈستىگە ئالىدۇ . شۇ يىلى ئۇ يەنە ۋاڭ ئوردىسىنىڭ قورال-لىق ھۆرمەت قاراۋۇلى باتالىيونىنىڭ كوماندىرلىقىنى ئۈستىگە ئا-لىدۇ . مىنگونىڭ 17 - يىلى ( مىلادى 1928 - يىلى ) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇمۇلدا تەشكىللەنگەن ئۇيغۇر باتالىيونىنىڭ كوماں-دىرى ، خۇيزۇ كېنەز سارىيىدا تەرجىمان ، قوشۇمچە مۇھاپىزەت ۋە ئالاقىلىشىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنىمۇ ئۆتىگەن . مىنگونىڭ 19 - يىلى ( مىلادىنىڭ 1930 - يىلى ) قۇمۇل ۋاڭى شا مەخسۇت كې-سەللىك سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇمۇلدا ۋاڭنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇ-رىدۇ . ۋاڭلىق تۈزۈمى يىمىرىلگەندىن كېيىن ، يولۋاس قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ دىۋىزىيە كوماندىرى ليۇ شىيىڭنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن داۋاملىق ئۇيغۇر ئاتلىق باتالىيونىنىڭ كوماں-دىرلىقىنى ئۈستىگە ئېلىش بىلەن ، ھۆكۈمەتنىڭ شاھ مەخسۇت ۋاڭنىڭ زېمىن ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىشلىرىغا ئارىلى-شىپ ئىشلەيدۇ . مىنگونىڭ 20 - يىلى ( مىلادىنىڭ 1931 - يىلى ) قۇمۇلدا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى . پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن ماجۇڭيىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنلار بىلەن بىرلىشىپ قۇ-مۇل شەھىرىنى مۇھاسىرەگە ئالغاندا ، يولۋاس خەنزۇ ئە-مەلدارلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە قوزغىلاڭچى قوشۇنلارنىڭ ئە-مەلدارى بىلەن سۈلھى قىلىش ئۈچۈن ئەلچى بولۇپ چىقىدۇ . قوزغىلاڭچىلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يولۋاسنى تۇتۇۋېلىپ

ماجۇگىيگغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ . ماجۇگىيلىڭ يولۋاسنى ئىككى
خىل ( ئۇيغۇرچە ، خەنزۇچە ) تىل يېزىقنى پۇختا بىلىدىغانلى-
قىنى ھەم ئۇنىڭ زېرەك ، قولىدىن ئىش كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ
ئۆزىگە مەسلىھەتچى قىلىۋالىدۇ . خوجىنىياز ھاجىم بىلەن ما-
جۇگىيگىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۇزۇلگەندىن كېيىن ، ماجۇگىيلىڭ
يولۋاسقا بىر قىسىم ئالتۇن ، كۈمۈش ۋە مال - مۈلۈك بېرىپ
ئۆزى ئەنشىگە قايتىپ كېتىدۇ . يولۋاس بۇ ئالتۇن ، كۈمۈش ۋە
مال - مۈلۈك بەدىلىگە بىر قىسىم ئادەملەرنى ئۆزىگە تارتىپ ،
خوجىنىيازغا قارشى ھەرىكەتلىنىشكە تەييارلانماقچى بولغاندا ،
خوجىنىياز خەۋەر تېپىپ ، يولۋاسنى تۇتۇپ قاماققا ئالىدۇ .
خوجىنىياز ئۇنى ئېتىۋېتىش بۇيرۇقى چىقىرىدۇ . لېكىن يولۋاس
ناھايىتى قۇۋ بولغاچقا ، يالغاندىن تۆۋە قىلغان بولۇۋېلىپ خو-
جىنىيازنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ گۇناھىنى تىلىگەنلىكى ئۈچۈن
خوجىنىيازنىڭ رەھىمى كېلىپ ، يولۋاسنى گۇناھىدىن كېچىپ
قويۇپ بېرىدۇ . بۇ چاغدا يولۋاس خوجىنىيازغا ساداقەتمەنلىكىنى
بىلدۈرسىمۇ ، ئۇنىڭ تىلى بىلەن دىلى ئوخشىمىغاچقا ، قوز-
غىلاڭچى قوشۇنلارنى يولۋاس گۇرۇھى ، بېشىرۋاڭ گۇرۇھى ،
خوجىنىياز گۇرۇھى قاتارلىق گۇرۇھلارغا بۆلۈۋېتىدۇ . ئۇ تەلە-
يىنىڭ ئوڭ كەلمىگەنلىكىنى بىلىپ ، قۇمۇلدىن ئەنشىگە بېرىپ
ماجۇگىيلىڭ بىلەن بىرلىشىپ ، ئۇنى شىنجاڭغا چىقىشنى تەلەپ
قىلىدۇ . ماجۇگىيگىنى تەسلىكتە ماقۇل كەلتۈرگەندىن كېيىن ،
يولۋاس ماجۇگىيگىنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات ، قاتناش ئىشلىرىغا
مەسئۇل بولىدۇ . ماجۇگىيلىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا قاراپ قاچقاندا
يولۋاس ماجۇگىيگدىن يۈز ئۆرۈپ ، تۇرپاننى تاشلاپ يەنە قۇ-
مۇلغا بېرىۋالىدۇ - دە ، ھاراق ئىچىپ مەس ھالەتتە تۇرۇشقان
بېشىرۋاڭ تەرەپدارلىرىنى قورالسىزلاندۇرۇپ ، قۇمۇلنىڭ ھوقۇ-
قىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ . ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان شېڭ شىسەي
ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا دەسلەپتە قۇمۇلنىڭ ھا-

كىملىق ۋەزىپىسىنى ، كېيىن قۇمۇلنىڭ گارنىزون قوماندانلىق
مەنسىپىنى بېرىدۇ ۋە نۇرغۇن ھەربىي ئىنئام ۋە سوۋغا ـ
سالاملارنى بۆرھان شەھىدى، يارى قارى ، يەنە بىر ئورۇس قا.
تارلىق ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئەۋەتىدۇ . يولۋاس قۇمۇلغا ئىككى يې.
رىم يىل گارنىزون قوماندانى بولىدۇ . كېيىن شېڭ شىسەي قۇ.
مۇل چېگرىسىنى ساقلاش نامى بىلەن ئىككى پولك ئەسكەر ئە.
ۋەتىدۇ . يولۋاس ۋەزىيەتنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز بولۇۋاتقانلىقىنى
ھېس قىلىپ ، مىنگونىڭ 26 ـ يىلى ( مىلادىنىڭ 1937 ـ يىلى )
چىڭخەيگە قېچىپ كېتىش ئۈيىدا بولۇۋاتقان مەزگىلدە ، مابۇ.
فاڭنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن جياڭ جېيشىغا سېتىلىپ نەنجىڭگە
قېچىپ كېتىدۇ . مىنگونىڭ 27 ـ يىلى ( مىلادىنىڭ 1938 ـ يىلى )
2 ـ ئايدا يولۋاس گومىنداڭ ھەربىي كومىتېتىنىڭ گېنېرال لېي.
تېنانت دەرىجىلىك مەسلىھەتچىلىككە تەيىنلىنىدۇ . ئۇزۇن ئۆت.
مەي لياۋ يۈگچىيۇ بىلەن توي قىلىدۇ . مىنگونىڭ 28 ـ يىلى
( مىلادىنىڭ 1939 ـ يىلى ) يولۋاس گومىنداڭ مەركىزىي كومى.
تېتى تەپتىش كومىتېتىنىڭ ھەيئەتلىكىگە تەيىنلىنىدۇ . بۇنىڭ.
دىن باشقا يەنە ئۇنىڭ نامىغا ئېسىپ قويۇلغان بىرمۇنچىلىغان
قوشۇمچە ۋەزىپىلەر بار ئىدى . مىنگونىڭ 35 ـ يىلى ( مىلادىنىڭ
1946 ـ يىلى ) يولۋاس شىنجاڭغا قايتىپ كېلىدۇ ، گومىنداڭ
مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئۇنى گومىنداڭ مەركىزىي دۆلەت سىيا.
سىتى مەسلىھەتچىسى ، قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت.
نىڭ ئالىي دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى دېگەن ۋەزىپىلەر بىلەن
شىنجاڭغا ئەۋەتىدۇ . ياندۇرقى يىلى 10 ـ ئايدا قۇمۇل رايونلۇق
مەمۇرىيىتىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش مەخسۇس خادىمى ،
قوشۇمچە بىخەتەرلىكنى قوغداش قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەندىن
سىرت ، قوشۇمچە يەنە گومىنداڭ قۇمۇل رايونلۇق پارتىيە ئىش.
لىرى خادىمى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ .

مىنگونىڭ 37 ـ يىلى ( مىلادىنىڭ 1948 ـ يىلى ) 2 ـ ئايدا

يولۋاس شەرقىي شىنجاڭ بايراق تەقدىم قىلىش ھۆرمەت ئۆمى‑
كىنى باشلاپ نەنجىنگە بېرىپ ، جياڭ جېيشى قاتارلىقلارغا
بايراق تەقدىم قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ . بۇ چاغدا گومىنداڭ
مەركىزىگە « شەرقىي شىنجاڭ ئۆلكىسى » قۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ
قىلىپ ، ئۆزى ئۆلكە رەئىسى بولۇش غەرىزىدە بولغان بولسىمۇ ،
لېكىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغاندىن كېيىن ، شۇ يىلى كۈزدە
ئىككىنچى قېتىم شەرقىي شىنجاڭ بايراق تەقدىم قىلىش ھۆرمەت
ئۆمىكىنى باشلاپ ، لەنجۇ ، شىنىڭ ، يىنگچۇەن قاتارلىق ئو‑
رۇنلارغا قاتىراپ بېرىپ ، جاڭ جىجۇڭ ، ماخۇڭكۈي ، مابۇفاڭ
قاتارلىقلارغا بايراق تەقدىم قىلىپ ، بۇ كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا
چىقىپ ، ئۆزىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە
تەيىنلىنىشىنى قوللاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ .
شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغاندىن كېيىن ، يولۋاس قۇمۇل
ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى بولۇپ ئىشلەيدۇ . ئۇ كۆرۈنۈشتە
ئىنائەتمەن بولۇۋېلىپ ، ئاستىرتتىن سۇيىقەست پىلانلاپ ،
1950 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئوغرىلىقچە قۇمۇل شەھىرى‑
دىن چىقىپ ، يول بويى قوراللىق توپىلاڭچىلارنى يېتەكلەپ ،
باندىتلار باشلىقى ئوسمان ، جانىمقانلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ،
قوراللىق توپىلاڭ قوزغايدۇ . شەرقىي شىنجاڭدىكى بۇ قوراللىق
توپىلاڭ خەلق ئازادلىق ئارمىيىمىزنىڭ توختىماي قوغلاپ زەربە
بېرىشى بىلەن باندىتلار ھالاك قىلىنىدۇ . يولۋاس قۇمۇلدىن ئاي‑
رىلىپ شۇ قاچقانچە چىڭخەي ، شىزاڭ ئارقىلىق ، 1951 ـ يىلىنىڭ
باشلىرىدا ھىندىستانغا بېرىپ ، شۇ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى
تەيۋەنگە قېچىپ كېتىدۇ .
يولۋاس تەيۋەنگە قېچىپ بارغاندىن كېيىن ، تەيۋەننىڭ
تۇركىيىدە تۇرۇشلۇق « ئەلچىسى » ۋە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ
« رەئىس » لىكىگە تەيىنلىنىدۇ ھەمدە شۇ جەرياندا ئۇ بىر
نەچچە توم ئەسلىمە يېزىپ چىقتى . يولۋاس 1971 ـ يىلى 7 ـ ئايدا

كېسەل سەۋەبى بىلەن تەيبىدە 82 يېشىدا ئۆلىدۇ .

## مافۇشىڭ ( ماتىنەي )

مافۇشىڭ خۇيزۇ ( ئۇنىڭ ئەرەبچە ئىسمى مۇھەممەت يۇنۇس ، ئۇيغۇرلار ئۇنى ماتىنەي دەپ ئاتىغان ) ئۇ يۇننەن ئۆلكىسىنىڭ خۇاپىڭ ناھىيىسىدە 1866 - يىلى دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان .

مافۇشىڭ كىچىكىدىنلا ئۇرۇش ، جىدەلگە ئامراق ، خورىكى چوڭ ، قارام ۋە قارا يۈرەك بولۇپ ئۆسكەن . ئۇ بالا ۋاقتىدىلا ئۆزىنىڭ قارا كۈچىگە تايىنىپ چامباشچىلىق ماھارىتىنى ئىگىللىگەن . شۇ زامانىنىڭ شارائىتى بويىچە پات - پات بولۇپ تۇرىدىغان چامباشچىلار ئېلىشىشىدا مافۇشىڭ يۇننەننىڭ دوتىيى مافۇلۇغا ياراپ قالىدۇ . شۇنىڭ بىلەن مافۇشىڭ مەنچىڭ قوشۇنى ئىچىدە تۆۋەن دەرىجىلىك ھەربىي ئوفىستېر بولىدۇ .

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ( 1900 - يىلى ) سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسى جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ بېيجىڭنى بېسىۋالىدۇ . سى شىنەيخۇ شىئەنگە قېچىپ كەتمەك بولىدۇ . بۇ چاغدا يۇننەننىڭ دوتىيى مافۇلۇ مافۇشىڭنى چامباشچىلىقتا ماھىر دېگەن ئىشەنچ بىلەن سى شىنەيخۇنىڭ قوغدىغۇچىسى قىلىپ بەلگىلەيدۇ . سى شىنەيخۇ شىئەنگە بارغاندىن كېيىن گوندىمياۋ بۇتخانىسىغا كۆچە كۆيدۈرگىلى بارغاندا ، مافۇشىڭنىڭ نەچچە ئون جىڭ ئېغىرلىقتىكى يوغان بىر قىلىچنى قولىغا ئېلىپ قېلىچۋازلىق ماھارىتى كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭغا قايىل بولىدۇ - دە ، ئۇنى خېنەن مەسلىھەتچى سانغۇنلىقىغا تەيىنلەيدۇ . مافۇشىڭ خېنەندە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقاندا خېنەن سەييارە سىلاۋچىسىنىڭ بەگزادىسى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ خەلقنى بوزەك قىلىدۇ . ئايالىلارنى ئاياغ ئاستى

قىلىدۇ . مافۇشىڭ بەگزادىنى قاتتىق ئۇرۇپ ئەدەبلەيدۇ . بۇ ئەھۋالدىن كېيىن خېنەن سەييارە سىلاۋچىسى مافۇشىڭنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى توپلاپ خان ئوردىسىغا ئەرز سۇنىدۇ . شۇنىڭ بىلەن مافۇشىڭ ئەمەلدىن ئايرىلىپ شىنجاڭغا پالىنىدۇ .

مافۇشىڭ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن ، مىچۈەن ( ئۈچ بۇلاق ) دە ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلىدۇ . شۇ چاغدا بۇ يەردە يەنە ئوردا تەرىپىدىن شىنجاڭغا پالانغان بىر قانچە ئائىلە دېھقان بار ئىدى .

مافۇشىڭ ياڭ زېڭشىن بىلەن بىر يۇرتلۇق بولغاچقا بە- زىدە ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى خۇيزۇلارنىڭ ئولتۇرۇش - قوپۇش- لىرىدا ئۇچرىشىپ قالىدۇ .

ياڭ زېڭشىن مافۇشىڭنىڭ ئىچكى ئۆلكىدە تۇتقان مەن- سەپلىرى خەلق ئىچىدىكى ئابرويى ۋە ھەربى ، چامباشچىلىق ماھارىتىگە قايىل بولۇپ ، ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشكە كىرىشىدۇ - دە ، پات - پات پۇل ئەۋەتىپ ئۇنى ئۆزىگە مايىل قىلىدۇ . كېيىن مافۇشىڭنى خۇيزۇ باتالىيون ( يىڭ ) غا يىڭجاڭ قىلىدۇ . شۇ- نىڭدىن باشلاپ مافۇشىڭ ياڭ زېڭشىن ئۈچۈن تولىمۇ سەممىي خىزمەت قىلىدۇ . ياڭ زېڭشىنمۇ مافۇشىڭغا ئىشەنچ باغلايدۇ . كېيىنكى ۋاقىتتا مافۇشىڭ ياڭ زېڭشىندىن كېيىن ئەمما ھەممە كىشىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مۇھىم شەخسكە ئايلىنىپ قالىدۇ .

مافۇشىڭ چوڭ ھوقوقنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن 1911 - يىلى ، ئۆزىگە ئوردا - ساراي سېلىشقا كىرىشىپ ئۈرۈمچى لىيۇداۋاندىن ئالتە مو يەر تاللاپ ئۆزىگە ھەشەمەتلىك ساراي سا- لىدۇ . دەرۋازا ئالدىغا شىرنىڭ ئىككى ھەيكىلىنى ئورنىتىدۇ . سارايىنىڭ مەركىزى ئەتراپىغا خىش ۋە ياغاچتىن ئىككى قەۋەت- لىك بىنا سېلىپ خۇددى ئىچكى ئۆلكىدىكى ھۆكۈمەت مەھكە- مىلىرىنىڭ تۈسىگە كىرگۈزىدۇ . 80 ئېغىز ئەتراپىدا بولغان بۇ ساراي خانىلىرى كۆك كاھىشلىق بولۇپ ، بۇنىڭغا سەرپ قىلىن-

غان پۇل خەلقنىڭ شۇلىۋېلىنغانىدى .
ئۇزاق ئۆتمەي شىنجاڭدا ئىنقىلاب پارتلاپ سەييارە سىلاۋچى يۈەن داخۇا خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ ئىچكىرىگە كېتىدۇ . ياڭ زېڭشىن شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە مېۋىسىگە ئىگە بولۇپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىدۇ .
بۇ يىللاردا ( 1912 - يىلى ) قۇمۇل ۋاڭى شاھ مەخسۇت تەرىپىدىن ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان تۆمۈر خەلىپە ئۇيغۇر خەلقىنى باشلاپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنىدى . ياڭ زېڭشىن كۆپ ئاماللارنى قىلىپمۇ قوزغىلاڭچىلارنى تىنجىتالمايدۇ . ئاخىرى ياڭ زېڭشىن ھىيلە ئىشلىتىپ تۆمۈر خەلىپە باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار بىلەن سۈلھى تۈزۈپ ، تۆمۈر خەلىپىگە قىلتاق قويىدۇ . قىلتاققا چۈشكەن تۆمۈر خەلىپە كېلىشىم بويىچە قوزغىلاڭنى توختىتىپ 160 دىن ئارتۇق قوزغىلاڭچى قوشۇننى باشلاپ « چېگرا ئاتلىق ئەسكەرلەر ئۈچىنچى يىڭى » نىڭ يىڭجاڭى بولۇپ ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ .
1913 - يىلى 9 - ئايدا ياڭ زېڭشىن يېڭى قورال تارقىتىش نامىدا ، تۆمۈر خەلىپىنى قوراللىرىنى تاپشۇرۇشقا قىستايدۇ ۋە تۆمۈر خەلىپىنى مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن يىغىن زالىدا قولغا ئېلىشنى مافۇشىڭغا تاپشۇرىدۇ . مافۇشىڭ تۆمۈر خەلىپىنى قورالسىزلاندۇرغاندىن كېيىن ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ .
شۇنىڭدىن كېيىن مافۇشىڭ تېخىمۇ كۆرەڭلەيدۇ . ياڭ زېڭشىن مافۇشىڭنى يوقىتىش خىيالىغا كەلگەن بولسىمۇ ئامالسىز قېلىپ ۋاقىتلىق كۆزدىن يوقىتىش چارىسىنى قوللىنىپ 1914 - يىلى مافۇشىڭنى قەشقەرنىڭ تىتەي ( ھەربىي ئەمەلدارى ) لىككە تەيىنلەيدۇ .
بۇ يىللاردا گېلاۋخۇيچىلار شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھەرىكەتلىنىۋاتقان ئىدى . مافۇشىڭ قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن ئۆزى تىتەي بولۇپ يېڭىشەھەردە ، ئوغلى ما جيۇ ۋىنتە

تەي ( بىرىگادا قوماندانى ) بولۇپ كونا شەھەردە تۇرىدۇ ۋە
گىلاۋخۇيچىلارنى تازىلاش باھانىسى بىلەن قەشقەردە چوڭ
تۇتقۇن ۋە قىرغىن قىلىپ خەلقنىڭ يۈرىكىنى مۇجىدى . مال ـ
مۈلكىنى بۇلاپ بايلىق توپلىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۆزى خان ،
ئۆزى بەگ بولۇۋالغان مافۇشىڭ ھېچكىمنى ئۆزىگە تەڭ قىلماي-
دۇ .

قەشقەر يېڭى شەھەردە ئۆزى ئۈچۈن ئۈچ قەۋەتلىك بىر
بىنا سالدۇرۇپ ، ئۈرۈمچىدىكى تۆت خۇتۇننى ئېلىپ كېلىپ
ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرىدۇ . جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سەك-
كىز شەھەرنىڭ تۈنجىسى بولغان قەشقەر ، شۇ چاغلاردا جەنۇبىي
شىنجاڭنىڭ تىنچ ياكى مالىمان بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان
جاي ئىدى . ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ ئۇزاق ئۆت-
مەي دىنىي ۋە مىللىي ( ئۇيغۇرلارنى خۇيزۇلار ئارقىلىق باشقۇ-
رۇش ) مۇناسىۋەت ئارقىلىق كونترول قىلماقچى بولۇپ ، ئۆزى-
نىڭ يېقىنى بولغان مافۇشىڭنى قەشقەرگە تىتەي قىلىپ ئەۋەت-
تى . مافۇشىڭ قەشقەردە زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلدى . نۇرغۇن
خۇتۇن ئالدى . پۇقرالارنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىنى ئاياغ ئاستى
قىلدى . ئۇمۇمنىڭ ۋە خۇسۇسىلارنىڭ يەرلىرىنى ئىگەللىۋالدى .
خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى قاقتى ـ سوقتى قىلدى . خىلمۇ خىل
جازا ۋاستىلىرىدىن كەلسە ـ كەلمەس پايدىلىنىپ كىشىلەرنىڭ
پۇت ـ قولىنى كەستى ، كەلسە ـ كەلمەس قىرغىنچىلىق قىلدى .
بۇ ئىشلارنى ياڭ زېڭشىن ئاڭلىماسلىققا سالدى . زەيلەشتۇرىدۇ
دەپ ھەربىيلەرنى ئېشقا سېلىپ ئورمانلىقنى تارتىۋالدۇ . شۇنىڭ
بىلەن قەشقەر خەلقىنىڭ ئوتۇن يېقىلغۇسى ئۈچۈن خالىس ئەھيا
قىلىنغان بۇ ئورمان مافۇشىڭنىڭ شەخسىي مۈلكى بولۇپ قالىدۇ .
ماتىتەي بۇ يەرگە دەسلەپ ھەربىي قورغان ( مەشق ئورنى ) ،
كېيىن ما ئائىلىسى ئۈچۈن ھەشەمەتلىك ساراي ، داچىلار سا-
لىدۇ . مافۇشىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئازادە ئىمارەتكە ئىگە بولغاندىن

كېيىن ، 1916 ـ يىللاردا تۆت خۇتۇننى ئېلىپ كېلىپ داچىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ . ئۇزاق ئۆتمەي مافۇشىڭ زۇلۇم ، زورلۇق بىلەن ھازىرقى كونا شەھەرنىڭ لەنگەر يېزىسىغا يەنە بىر ساراي سالـ دۇرىدۇ . بۇ ساراي ئالاھىدە كۆركەم بولۇپ ، ناھايىتى ھەشەـ مەتلىك بولغان قورۇلۇش ئىدى مافۇشىڭ ( ماتىتەي ) يېشى 60 تىن ئاشقاندىمۇ شەھۋەت خۇمارىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن تىـ ۋىپلارغا قۇۋۋەت دورىسى ياسىتىدۇ . بۇ دورىغا ئىشلىتىش ئۈـ چۈن ئەركەك قۇچقاچنىڭ مېڭىسى لازىم بولىدۇ ، بۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن يۇرتقا قۇچقاچ ئالۋىنى سالىدۇ . بۇ قەشقەر تارىخىدىكى مەشھۇر « قۇچقاچ ئالۋىنى » ئىدى . بۇ ئالۋان يۇرت ئىچىدە ناـ ھايىتى ئېغىر زۇلۇم بولغان . 100 قۇچقاچ ئالۋان قويۇلسا شەھەر ھاكىمى 200 ، يېزا بەگلىرى 500 دەپ بۇيرۇق چۈشۈرسە ، يۈز بېشى ئون بېشىغا نەچچە ھەسسە قاتلىغان ، ئۇنىڭ ئۈستىگە 1000 قۇچقاچ تۇتسا ئۇنىڭدىن ئونى ئەركەك بولۇپ ، قالغىنى بىكار چىققان . شۇڭا بىر يېزا 10 مىڭ قۇچقاچ تۇتسا ، بىر بەگلىك 100 مىڭ قۇچقاچ تۇتۇشقا مەجبۇر بولغان . پېشقەدەملەرنىڭ بايان قىلىشىغا قارىغاندا شەھەر ، يېزا خەلقى قولىدا داس ، كونا پەتـ نۇسنى جاراڭلىتىپ ، كۈنى قۇچقاچ قوغلاپ ئۆتكەن . شۇ يىللاردا قۇچقاچ ئالۋىنىنى تۆلەپ بولالماي ئۆي ۋاقىدىن ئايرىلىپ كەتكەن ، قاماققا چۈشكەنلەر ناھايىتى كۆپ بولغان .

شۇ يىللاردا ، ماتىتەي ( مافۇشىڭ ) نىڭ ھەرخىل زۇلۇـ مىغا چىدىمىغان خەلق :

سوخو يولى قوموشلۇق ،
ئوغاق سېلىپ ئورغان يوق .
14 يىللاپ شەھەر سورىغان ،
ماتىتەيدەك زالىم يوق ...

دېگەن قوشاقلارنى ئوقۇيدۇ .

ماتىتەي قەشقەردە بولغان ۋاقىتتا خەلققە موم ئالۋىنى

قويغان . ماتتەيىنىڭ « موم ئالۋىنى » ناھايىتى دەھشەتلىك ئۆتـ-كەن . بۇ ئالۋاندا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر خانىۋەيران بولغان . قا-ماققا ئېلىنغان ، پۇت ـ قوللىرى كېسىلگەن ، بۇ ۋەقە مۇنداق بولغان :

شۇ زاماندا ئۇلۇغچاتنىڭ قىزىل بوي دېگەن يېرى ئەترا-پىدا نېفىتلىك بولۇپ ، ئۆزلىكىدىن ئۆرلەپ قالغان ماي ساس-لىقلاردا سۇ يۈزىدە لەيلەپ يۈرگەن . بەزى جايلاردا لاتقىغا ئوخشاش ئۇيۇپ قالغان . بۇنى كۆرگەن يەرلىك ئادەملەر تاغ ياقىسىدىن موم چىقتى دېگەن گەپنى تارقىتىدۇ . بۇ گەپنى ئاڭ-لىغان ماتتەي بۇنى موم قىلىپ سېتىش بۇيرۇقى چىقىرىدۇ . روزى بەگ ، جىگچى ئىمام ، ھاشىم چوڭ ، ئاۋۇت ئىمام دېگەن كىشىلەرنى ئىشقا سېلىپ قەشقەر كونا شەھەر ، يېڭى شەھەر-دىكى دۇكانلارغا بۇ مومنى كۆپلەپ ساتىدۇ . موزدوزلار بۇ مومنى ئىشلىتىپ كۆرۈپ موم بولماي قارىماي ئىكەنلىكىنى بىلىپ سې-تىۋېلىشتىن باش تارتىدۇ ، سېتىۋالغان دۇكانلار زىيان تارتىدۇ . سېتىپ ئېلىشنى رەت قىلغانلار پادىشاھ ھۆكۈمىتىگە قارشىلىق قىلدى دەپ قاملىدۇ . زىيانغا ئۇچرىغانلار ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمى-تىگە ، ماتتەي ئۈستىدىن ئەرز قىلىدۇ . ياڭ زېڭشىن ماتتەينى ئەيىپلەيدۇ . ماتتەي بۇنىڭ ئۆچىنى خەلقتىن ئېلىپ دەھشەتلىك چارىلارنى يۈرگۈزىدۇ . مەسىلەن : روزى بەگنى باش جىنا-يەتچى دەپ ئۇنىڭ قولىنى بېغىشىدىن كېسىپ شەھەر ئايلاندۇ-رۇپ سازايى قىلىدۇ . تاغاچى كوچىسىنىڭ ئىمامى جىگچى ئىمام بىلەن ھاشىم چوڭ ، ئاۋۇت ئىماملارنىڭمۇ قولىنى كېسىپ سازايى قىلىدۇ . قولى كېسىلگەنلەرنىڭ قولىنى ياغدا داغلاپ قېنىنى توختاتقان بولسىمۇ ، ئۇلار ئازاب ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىدۇ .

ياڭ زېڭشىن مافۇشىڭغا ئوچۇق ـ ئاشكارە بىر نىمە دې-مىگەن بىلەن قورسىقىدا ئۇنى يوقىتىش نىيىتىگە كېلىپ ئۇنىڭ كونا رەقىبى ماشاۋۋۇنىڭ قولى بىلەن يوقىتىش پىلانىنى ئاللىقا-

چان تۇزۇپ قويغان ۋە ماشاۋۇغا بۇ ھەقتــە بۇيرۇق بەرگــەن ؛ 1924 ـ يــىلى 5 ـ ئايلاردا ماشاۋۇ بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۇچتۇرپان قاخشال يولى بىلەن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىدۇ . ئاقسۇ ، كۇچادىن تەشكىللەنگەن ياردەمچى قوشۇن رامزان ھاجى دېگەن ئادەم قوماندانلىقىدا چوڭ يول بىلەن ماڭىدۇ . بۇ ئىككى قوشۇن بىر ۋاقىتتا قەشقەرگە بېرىپ ، ماشاۋۇ قوشۇنى قەشقەر يېڭى شەھەرنى ، ئاقسۇ ، كۇچادىن كەلگەن قــوشۇن قەشقەر كونا شەھەرنى مۇھاسىرە قىلىپ بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم باشلايدۇ . ئىككى سائەتلىك قاتتىق جەڭدە ماتىتەي ماشــاۋۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ ، ئەڭ ئالى جازا بېرىلىدۇ . ئۇنىڭ دارغا ئېسىلغان تېنى قەشقەردە ئۈچ كۈن سازايى قىلىنىدۇ .

قەشقەر شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان قوشۇن شەھەر دەرۋازىسى ئېچىلىشى بىلەن شەھەرگە ئاتلىق بېسىپ كىرىدۇ . ماجىيوۋ قېچىپ راۋاق تەرەپكە ماڭغاندا ، رامزان ھاجى ئۇنى تەسلىم بــولــۇشقا ئۈندەيدۇ . ماجىيوۋ رامزان ھاجىنى تاپانچا بىلەن ئېتىپ تاشلايدۇ . شۇ چاغدا ماجىيوۋغىمۇ ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ . شــۇنىڭ بىلەن ماتىتەينىڭ 10 نەچچە يىللىق ھاكىمىيىتى ئاخىرلىشىدۇ .

ماتىتەي تولۇم چاشقان ،
ئالۋاڭنى تولا چاشقان .
ئالۋاڭنى تولا سىلىپ ،
دارغا ئېسىلىپ ياتقان .

## ماشاۋۇ ( مادوتەي )

ماشاۋۇ ( خۇيزۇ ) تۇڭگانلارنىڭ خەلىپە ( ئىشان ) سى . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ماشاۋۇ توقسۇن ، قەشقەر قاتارلىق جــايلاردا دىن تەرغىب قىلىش بىلەن داڭ چىقارغان ، ئۆزىگە

كۆپلىگەن مۇرىت توپلىغان . ئۇنىڭ ئائىلىسى توقسۇن ، قەشقەر ، كېيىنكى ۋاقىتتا ئىلىدا تۇرغان . پائالىيىتى ئېنىق ئەمەس .
ماشاۋۇ شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە قەشقەردە بولغاندا ئۇنىڭ قەشقەر ، يەركەن ، خوتەن ، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى مۇرىتلىرى نەچچە مىڭ ( خۇيزۇ ) غا يەتكەن . ئۇنىڭ دىنىي سالاھىتىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭغا قەشقەرنىڭ ئامبال ( ھاكىم ) لىقىنى بەرگەن . مافۇشىڭ ( ماتىتەي ) قەشقەردە بولغان مەزگىلدە ماتىتەينىڭ خوتۇنى ماشاۋۇغا مۇرىت بولغان ۋە ئۇنى كۆرگەنلا يەردە ئۇنىڭغا تىزلىنىپ ھۆرمەت بىلدۈرگەن . ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن دەپ قارايدىغان ماتىتەي بۇنىڭدىن قاتتىق نارازى بولغان . شۇ كۈنلەردە ماشاۋۇ قەشقەرنىڭ دوتىيى جۇرۇيچى بىلەن زىتلىشىپ قالىدۇ ـ دە ، ياڭ زېڭشىنگە مەلۇم قىلمايلا ، جۇرۇيچى ( دوتەي ) بىلەن ھاكىم ( ماشاۋۇ ) نىڭ تامغىسىنى تارتىۋېلىپ ئۇلارنى قەشقەردىن ھەيدەپ چىقىرىدۇ . ياڭ زېڭشىن ماتىتەينىڭ بۇ قىلمىشىدىن ئاغرىنىپ بۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش قارارىغا كېلىدۇ . پۇرسەت كۈتىدۇ ـ دە ، ۋەقەدىن كېيىن جۇرۇيچىنى ئاقسۇغا دوتەي ، ماشاۋۇنى ئۈچتۇرپانغا ھاكىم قىلىپ تەيىنلەيدۇ .
1919 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ماشاۋۇ ئۈچتۇرپاندا بولغان مەزگىلدە ، تاشكەنتتە ئابدۇللا روزى باقىيوۋ ، ماسەنچىلار باشچىلىقىدا قۇرۇلغان ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ . 3 ـ ئىنتېرناتسىئونال ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بۇ ئىتتىپاقتا نەچچە مىڭلىغان ئەزا ۋە 568 كوممۇنىست بار ئىدى . بۇ كوممۇنىستلارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى ئۇيغۇر بولۇپ ، ئاز بىر قىسمى 3 ـ ئىنتېرناتسىئونالنىڭ شەرق بىيورۇسىنىڭ شۇجىسى ئابدۇللا روزى باقىيوۋ ، مۇئاۋىنى ماسەنجى ئىدى ( ماسەنجى قارا قولدا توختاپ قالغان ئىلغار زىيالى خۇيزۇ ئىدى ) . شىنجاڭدىكى ھەرقايسى خەلقلەر ئىچىدە سوتسىيالىستىك يېڭى ئىدىيە تارقى-

تىش ، ئىزىلگۈچى ئەللەرنىڭ ھەققانىي كۈرىشىگە ياردەم بېرىش 3 ـ ئىنتېرناتسىئونالنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان ۋەزىپىسى ئىدى .
ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىنىڭ ئۈچتۇرپاندا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان خادىملىرى ماشاۋۇنىڭ مافۇشىڭ بىلەن زىددىيىتى بار ئىكەنلىكىنى ، ماشاۋۇنىڭ دەردىنى ئىچىگە سېلىپ يۈرگەنلىكىنى بىلەتتى . قانداقتۇ بىر سەۋەبلەر بىلەن ماشاۋۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىدىكى خۇيزۇ كوممۇنىستلىرى بىلەن مۇناسىۋەت باغلايدۇ . شۇنىڭدىن باشلاپ ماشاۋۇ ماتىنەيدىن ئۈچ ئېلىشقا ھازىرلىنىدۇ . ئۇ ئاقسۇ دوتىيى جۇرۇيچى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ، ماتىنەيىنىڭ ياڭ زېڭشىنغا يوللىغان پوچتا مەكتۇپلىرىنى ئاقسۇدا تۇتۇپ قالىدۇ . ياڭ زېڭشىننىڭ ماتىنەيگە ئەۋەتكەن مەكتۇپلىرىنىمۇ ئۈتكۈزمەي يۇقىرى بىلەن تۆۋەننى زىتلەشتۈرىدۇ ۋە بەلكى ياڭ زېڭشىنغا مەكتۇپ يوللاپ ماتىنەيىنىڭ يامان غەرىزىنىڭ بارلىقىنى مەلۇم قىلىدۇ . ياڭ زېڭشىن ماتىنەيىنى ئۆزىگە خەۋپلىك دەپ بىلىپ ، كونا رەقىبى ماشاۋۇنىڭ قولى بىلەن يوقاتماقچى بولۇپ ، ماشاۋۇغا بۇيرۇق قىلىدۇ . ماشاۋۇ جىددىي ھازىرلىق قىلىدۇ . بۇ يىللاردا ماشاۋۇ ھەربىي مەمۇرلار بىلەن بىرلىشىپ ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئەپيۇن توشۇپ كېلىپ ئەپيۇنخانا ، قىمارخانا ئېچىپ پۇل تېپىۋاتقانىدى .

شۇ كۈنلەردە سىيىت نوچى ئۈچتۇرپانغا كېلىدۇ . ئۈچتۇرپاندا يۈز بېرىۋاتقان تۈرلۈك ناشايان ئىشلاردىن نەپرەتلىنىدۇ . ئۈچتۇرپاندا قىمارخانا ، ئەپيۇنخانىلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ ، ھەربىيلەر ۋە ئەمەلدارلار ئۈچتۇرپان خەلقىگە ئالۋان سېلىش ئارقىلىق ياشلارنى قىمارخانىغا ئالداپ ، زورلاپ ئېلىپ كېلىپ مەجبۇرىي قىمار ئوينىتاتتى . ئۇتتۇۋالسا قايتۇرماي ، ئۇتتۇرغىچە ئوينىتاتتى . ئۇتتۇرسا قاماپ قويۇپ ياكى باغلاپ ئاتا ـ ئانىسى يېنىغا ئېلىپ بېرىپ ، ئۆي زېمىنلىرىنى ، ۋەج بېسىپ ساتقۇ-

رىنى ساتقۇزۇپ پۇلىنى ئېلىۋالاتتى.

بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن سىيت نوچى بىر قىمارخانىدا جېدەل چىقىرىپ قىمارخانا خوجايىنىنى ئەيىپلەيدۇ. بۇ قىمارخانا ھەربىيلەر باشقۇرغان قىمارخانا بولغاچقا، قىمارخانا خوجايىنى بىر پەي ئەسكەرنى سىيت نوچىنى تۇتقىلى ئەۋەتىدۇ. سىيت نوچى بوي بەرمەي ئۇلارنى ئۇرۇپ ياتقۇزۇۋېتىدۇ. بۇ ئىشنى ئاڭلىغان ماشاۋۇ سىيت نوچىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۇنى ھىمايىسىگە ئېلىپ، قىمارخانىنىڭ زىيىنىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئۇچتۇرپاندا ھەرىكەت قىلىۋاتقان گېلاۋخۇيچىلار سىيىت نوچىنىڭ ماشاۋۇنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ سىيت نوچى بىلەن ئالاقە باغلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىيت نوچى ۋەقەسى كېلىپ چىقىدۇ.

سىيت نوچىنى پايلاپ يۈرگەن ھەربىي ــ مەمۇرىيلار ماشاۋۇغا سىيت نوچىنىڭ گېلاۋخۇيچىلار بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى مەلۇم قىلغاندا، ماشاۋۇ سىيت نوچى ئارقىلىق ماتىتەينى، ماتىتەينىڭ قولى ئارقىلىق سىيت نوچىنى يوقاتماقچى بولىدۇ ۋە سىيت نوچى بىلەن قۇرئان تۇتۇشۇپ ئاغا ــ ئىنى بولۇشىدۇ. سىيت نوچىنىڭ قولىغا بىر پارچە خەت تۇتقۇزۇپ، يول خىراجىتى بېرىپ ئۇنى قەشقەرگە جۇ دوتەينىڭ يېنىغا يولغا سالىدۇ. ئاغزى چاپلانمىغان بۇ كونۋېرتتىكى خەتنى ئاق كۆڭۈل سىيت نوچى ئوقۇتۇپ كۆرمەيدۇ. جۇدوتەي خەتنى ئېلىپ ئوقۇپ ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭدىن: «خەتنى ئېچىپ كۆردۈڭمۇ» دەپ سورايدۇ ۋە: «بۇ خەتتىن مەن ۋاقىپ بولدۇم، شۇنداقتىمۇ سەن ھاكىمنىڭ ئالدىغا بار» دەيدۇ، ئاندىن تۇڭچىسىغا: «بۇ تولىمۇ ئاق كۆڭۈل، ساددا ئادەم ئىكەن. بۇ خەتنىڭ ئۇنىڭ ئۆلۈم خېتى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇڭلار، قېچىپ كەتسۇن!» دەيدۇ. سىيت نوچى ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ماشاۋۇ بىلەن قۇرئان تۇتۇپ قىلىشقان قەسەمگە ئار-

تۇقچە ئىششىپ كېتىدۇ ۋە : « بۇ ئۆلۈم خېتى ئەمەس ! » دەپ تۇرۇۋالىدۇ . قەشقەر ھاكىمى بۇ خەتنىڭ راستىنلا ئۆلۈم خەت ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا ، سېيىت نوچى ھاڭ ـ تاڭ قالىدۇ .

« سـېيىت نوچى ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتىنى ئېلىپ كەپتۇ » دېگەن گەپ قەشقەرگە تارىلىپ ، كۆپلىگەن كىشىلەر سېيىت نـوچىدىن ھال سوراپ كېلىپ ، ئۇنىڭغا قېچىپ كېتىشنى نەسـ ھـەت قىلىدۇ . ئەمما سېيىت نوچى : « قاچسام باشقىلارنىڭ سـ يىت نوچى ئۆلۈمدىن قورقۇپ قاچقان ، دېگەن ئۆسەك سۆزىگە قـالىمەن ! »دەپ قېچىپ كەتكىلى ئۇنىمايدۇ . تۆت كۈندىن كې يىن سېيىت نوچى ئۆلۈم مەيدانىغا ئېلىپ چىقىلىدۇ . كىشىلەر جاللاتنى سېتىۋېلىپ ئۇنىڭ ئۆلمەيدىغان يېرىگە ئاتقىن دەپ تا پىلايدۇ . ئەمىلىيەتتە شۇنداق قىلىنىدۇ . لېكىن سېيىت نوچى ئۆزىـنى ئېتىۋېتىش توغرىسىدا چىڭ تۇرۇۋالىدۇ . ئاخىر ئېتىپ ئۆلـتۈرۈلىدۇ . ئۇ ئۆلۈشتىن ئىلگىرى : « مېنى ئاتساڭ ئۇستاڭ ئات ، نـائۇستاڭ يېقىن كەلمە » دېگەن قوشاقنى ئېيتىپ مەردا نىلارچە ئۆلگەنىكەن .

ماشاۋۇۋ قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن ماتىنەينى ئۆز قولى بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ . كېيىن ئۇ ماتىنەينىڭ لەنگەردىكى دا چىسىغا كېتىۋاتقاندا ، ماتىنەينىڭ گۇماشتىلىرى تەرىپىدىن ئوقتا تۇتۇلغان بولسىمۇ ، يېنىك يارىلىنىپ قېچىپ قۇتۇلىدۇ .

بەزى مەلۇماتقا قارىغاندا ، ماشاۋۇۋ ئۈچتۇرپاندا تۇرغان مەزگىلدە تۈركىستاندىكى خۇيزۇ كوممۇنىستلىرى ئارقىلىق سو ۋېـت بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغانىكەن . تۆۋەندىكىلەردىن ئۇنىڭ سوۋېت تەرەپ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە قـويۇق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن : ماشاۋۇۋ قەشقەردە ئوق تـېگىپ يارىلانغاندا ، سوۋېت كونسۇلىنىڭ تەكلىپى بىلەن سوۋېتكە چىقىپ داۋالاندى ۋە قايتىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي قەشقەرگە دوتەي قىلىپ كۆتۈرۈلدى .

1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تۆمۈر سىجاڭ ( تۆمۈر ئېلى ) قوشۇنى قەشقەرنى ئىشغال قىلغاندا ، مادوتەي قەشقەر ھاكىمىيىتى ۋە خەزىنىسىنى ماجەنساڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلىنىڭ ھىمايىسىدا سوۋېتپەرەست ئىبراھىم لوزۇڭ دېگەننىڭ بېغىدا تۇردى . شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تۆمۈر سىلىڭ قىرغىز ئوسمان قىسىملىرىنى قوغلاپ چىققاندا ، ماجەنساڭ قىسمى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى . بۇ چاغدا ماشاۋۋۇ ئوكۇشلۇق ھالدا ئورنىغا قايتىپ ، يەنىلا دوتەيلىك مەنسىپىدە تۇردى .

ئۇ 1935 ـ يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلىپ خەلق ئىشلار نازارىتىگە نازىر بولىدۇ . 1937 ـ يىلى شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ ، مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىندى . 1942 ـ يىلى تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلدى .

## ماجۇڭيىڭ

ماجۇڭيىڭ گەنسۇ ئۆلكىلىك ( نىڭشيالىق ) ، ئۇنىڭ بوۋىسى مابۇفاڭ بىلەن قېرىنداش بولۇپ ، چىڭ ئوردىسىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى بولغان . ماجۇڭيىڭنىڭ دادىسى ماباۋ نىڭخەي ئارمىيىسى ئاتلىق 11 ـ باتالىيوننىڭ كوماندىرى ( يىڭجاڭ ) بولغان . ماجۇڭيىڭ ياش ۋاقتىدا يۇقىرى دەرىجىلىكلەر ئوقۇيدىغان ھەربىي مەكتەپتە تەربىيلەنگەن . دادىسى ماباۋ ئۆلگەندە ، دادىسىنىڭ ئورنىغا ( 17 ياش ۋاقتىدا ) باتالىيون كوماندىرى بولغان . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ماجۇڭيىڭ بالا ۋاقتىدىلا شوخ ، قاب يۈرەك ، تاش ئېتىپمۇ نىشانغا تەككۈزەلەيدىغان ماھارەتكە ئىگە چوڭ بولغان . ئۇ 14 ياش ۋاقتىدا بىر قانچە شوخ باللار بىلەن بىرلىشىپ ، تاش ئېتىپ بىر قانچە ساقچىنى ئۆلتۈرۈپ . قورالىنى تارتىۋالغان . 17 ياش ۋاقتىدا فېڭ يۈيشاڭ ، ليوبوفىڭغا قارشى

تۇرۇش شوئارى ئاستىدا ئەسكەر توپلاپ ئۇرۇش قىلغان. شۇ چاغدا كىشىلەر ئۇنىڭغا «گاسىلىڭ» دەپ نام بەرگەن. بۇ چاغدا جياڭ جيېشى ماجۇڭيىڭ ئارقىلىق فېڭ يۈيشاڭنى تىزگىنلەش غەرىزىدە، ماجۇڭيىڭغا 36 ـ دىۋىزىيىنىڭ شىجاڭلىقىنى بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن «گاسىلىڭ» غەربىي شىمالدىكى تۆت ئۆلكىنى پاراكەندە قىلىپ، جۇڭگودىكى يېقىنقى زامان مىللىتارىستلار تارىخىدا بىر سەھىپە ئىگەللەپ تۇردى.

1928 ـ يىلى ياڭ زېڭشىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن جىن شۇرېن ھەربىي مەمۇرىي ھوقۇقىنى ئىگەللىدى. بۇ چاغدا شىنجاڭدا جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى قومۇلدىن باشلانغان دېھقانلار قوزغىلىڭى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى ھەممە يەرنى قاپلىدى. دېمەك، شىنجاڭ ئېغىر داۋالغۇش ئىچىدە قالدى. بۇ چاغدا «تۆمۈرنى قىزىقىدا سوققان» جىن شۇرېن بىر بۆلۈك شىنجاڭغا پاناھ ئىزلەپ كەلگەن ئاق ئورۇسلار ۋە شەرقىي شىمالدىن شىنجاڭغا چېكىنگەن پىدائىيلارنىڭ ھىمايىسىدە «12 ـ ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» نى قوزغاپ يېڭى ھۆكۈمەت قۇردى. شېڭ شىسەي سۈيقەست ئىشلىتىپ، ئىنقىلابچىلارنى يوقىتىپ ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىشقا ئاكتىپ تەييارلىق كۆردى. ماجۇڭيىڭ ئۇرۇش زەربىسىدە ئالدىغىمۇ ـ ئارقىسىغىمۇ ماڭالماي تەمتىرەپ قالغان ئىدى. دەل مۇشۇنداق بىر ئەھۋال ئاستىدا شىنجاڭدىكى خەلق قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ئىچكى ئۆلكىگە ئەۋەتكەن ئالاقىچىلىرىدىن شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلگەن ماجۇڭيىڭ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ چوڭ ئىش تەۋرىتىش غەرىزىدە شىنجاڭغا قەدەم قويدى.

* * *

ماجۇڭيىڭ تۇنجى قېتىم 1931 ـ يىلى 5 ـ ئايدا شىنجاڭغا

چىقتى . بۇ چاغدا قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابى پارتلىغىنىغا بىر قانچە ئاي بولغان ئىدى . قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ياردەم بې-رىمەن دەپ 36 - دىۋىزىيە نامى بىلەن چىققان ماجۇڭيىڭنىڭ ئەمەلى ئادەم كۈچى بەش ـ ئالتە يۈزگە ، قورال سانى 90 نەچچە تالغا يېتەتتى . كۆپ قىسمى قىلىچ ، نەيزە بىلەن قوراللانغان بۇ قوشۇننى ئۇ ئۈچ زۇڭدۈيگە ( كالۇنغا ) ئايرىپ ، قوماندانلارنى ئالاھىدە تەيىنلىدى . ئۆز ئىنىسى ماجۇڭجى پىيادە ئەسكەر قىس-مىغا باشلىق بولدى . بۇ قىسىمدا 200 گە يېقىن پىيادە ئەسكەرلەر بار ئىدى .تۇرۇق ئاتلىقلار دەپ ئاتالغان زۇڭدۈيدە يۈز ئاتلىقتىن ئارتۇق ئەسكەر بولغاندىن تاشقىرى قالغان قىسىملار 30 ـ 40 ئاتلىق ئەسكەردىنلا ئىبارەت ئىدى . گەرچە بۇلاردا ئادەم ئاز ، قورال ناچار بولسىمۇ ، جەڭگىۋار روھى ئۈستۈن ئىدى . شۇي-جۇدىن چىقىپ 20 نەچچە كۈن يول يۈرۈپ كەلگەن بۇ قىسىم شىڭشىڭشيادا بىر مەيدان غەلىبىلىك جەڭ قىلىپ ، كۆپلىگەن غەنىمەتلەرگە ئىگە بولدى . ئاندىن قۇمۇل شەھىرىگە يۈرۈش قىلىپ خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار بىلەن بىر لىكتە قۇمۇل شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى . قۇمۇل شەھىرىنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان ھۆكۈمەت ئەسكىرى سان جەھەتتە كۆپ ، قـورال ـ ياراغلىرى خىل بولغاچقا شەھەرنى قاتتىق مۇداپىئە قى-لىپ قوزغىلاڭچىلارنى زور چىقىمغا ئۇچراتتى . بۇ ئەھۋالغا قاراپ مـاجۇڭيىڭ پىلانىنى ئۆزگەرتىپ ، ئۆزى بىر قىسىم ئەسكەرنى باشلاپ بارىكۆلگە ھۇجۇم قىلدى . بارىكۆل ئۇرۇشىدا ماجۇڭيىڭ غەلىبە قازاندى . ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۈەن ئەسكىرى تۈەنجاڭ خې جىڭشىڭ باشچىلىقىدا ماجۇڭيىڭغا تەسلىم بولدى . جىياڭ لياڭ-چىڭ دېگەن تۈەنجاڭ ئۆزىنى ئېتىۋالغانلىقتىن ، ئۇنىڭ ئەسكەر-لىرىنىڭ تولىسى ماجۇڭيىڭغا ئەسىرگە چۈشتى ، بۇ ئۇرۇشتا ماجۇڭيىڭ كۆپلىگەن ياخشى قوراللارغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن ، ئەسىر چۈشكەن ۋە تەسلىم بولغان ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى

ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ ئادەم سانىنى كۆپەيتتى. بارىكۆل ئۇ-رۇشىدىن كېيىن، قايتىپ كېلىپ قۇمۇل ئۇرۇشىغا قاتناشتى. خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىرلىكتە شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ، سېپىلنىڭ قانچە يېرىنى پارتلىتىپ تاشلىغان بولسىمۇ، ھۆكۈ-مەت ئەسكەرلىرى قاتتىق مۇداپىئە كۆرگەنلىكتىن شەھەرنى ئىشغال قىلالمىدى. شۇ ئەسنادا ئۈرۈمچى تەرەپتىن قوماندان لۇشياۋزۇ (جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىبى ئىدى) سەنمۇجاڭ شېڭ شىسەينىڭ قوماندانلىقىدا ياردەمگە ئەسكەر كېلىۋاتقانلىقى، ياردەمچى قوشۇننىڭ ئالدىنقى قىسمى دوگوچېڭ بىرىگادىسى لودوگۇغا (خەنزۇچە — لياۋدۇن) يېتىپ كەلگەن-لىكى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى. ماجۇڭيىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجى بىرلىكتە لودوگۇغا بېرىپ دوگوچېڭ بىرگادىسى بىلەن شىددەتلىك جەڭ قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولدى دوگوچېڭ ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلۈۋالدى. بۇ ئۇرۇشتا ماجۇڭيىڭنىڭ يوتىسىغا ئوق تېگىپ يارىدار بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شۇيجۇغا قايتىپ كەتمەكچى بولدى. ئۇنىڭ ئادەملىرى لودوگۇدا قولغا چۈشكەن غەنىمەتلەرنى ئاچ كۆزلەرچە ئولجا قىلىپ، ئات تۆگىلەرگە ئارتىپ شۇيجۇ تەرەپكە يولغا سالدى. ئۇلارنىڭ ئولجا ئېلىش ۋاقتىدىكى ئاچ كۆزلۈكلىرى ۋە يولسىزلىقلىرى خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قۇمۇل ئۇيغۇر-لىرىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. ماجۇڭيىڭ قايتىپ كەتتى. ئۇ-نىڭ ئادەملىرىدىن ماشىنىڭ ئىسمىلىك بىرسى 20 نەچچە ئادەم بىلەن خوجىنىياز ھاجىنىڭ يېنىدا قالدى.

* * *

قۇمۇل تاغلىرىدىكى ئۇرۇش بىر يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلدى. بۇ ئارىلىقتا جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى بەش قېتىم قو-ماندان يۆتكىدى. ئەڭ ئاخىرقى قېتىمدا شېڭ شىسەينى باش قوماندانلىققا تەيىنلەپ 8000 كىشىلىككە يېقىن قوراللىق قىسىمنى

ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى. شىڭ شىسەي 1932 ـ يىلىنىڭ 8 ـ ئېيىدا ۋەزىپە تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن — يازلىق ھۇجۇم، قىشلىق ھۇجۇمدىن ئىبارەت ئۇرۇش پىلانى تۈزدى. يازلىق ھۇجۇمدا ئاساسەن شەرقىي تاغدا تۇرۇۋاتقان يولۋاس قىسمىلىرىغا زەربە بېرىپ، ئۇلارنى گەنسۇ چېگرىسىغا ئۆتكۈزۈۋەتتى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا قىشلىق ھۇجۇم قوزغاپ غەربىي تاغدا تۇرۇۋاتقان خوجىنىياز ھاجىم باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلارغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم باشلىدى. دەل شۇ چاغدا ماشىمىڭ ۋە تۇرسۇن بوتۇق دېگەنلەر 30 ـ 40 ئاتلىقچە ئادەمنى باشلاپ تاغ يولى بىلەن پىچانغا چىقتى. ئۇلار خوجىنىياز ھاجىنىڭ نامىنى سۇيىئىستىمال قىلىپ، خوجىنىياز ھاجى چىقتى، دەپ گەپ تارقىتىپ، خەلقنى قوزغاپ پىچانغا ھۇجۇم قىلدى. پىچانغا خوجىنىياز ھاجى چىقىپتۇ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان تۇرپان خەلقى ھەرىكەتكە كېلىپ، قوزغىلاڭنى ئاستانىدىن باشلىدى. شۇنداق قىلىپ 1933 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا بۇ قوزغىلاڭ تۇرپان، كورلا، كۇچا، ئاقسۇغىچە كېڭەيدى. شۇ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى خوتەن، قارىقاشتىمۇ قوزغىلاڭ باشلىنىپ پۈتۈن خوتەن رايونىنى قاپلىدى.

پىچاندا ئۇرۇش قوزغىغان ماشىمىڭ تۇرپان ئۇرۇشىدا تەسلىم بولغان ماجۇمىن (مادا خەنزۇ دەپمۇ ئاتىلاتتى) نىڭ بىرلىكى ئەسكىرىنى ئۆزىگە قوشۇپ ناھايىتى چاپسانلا كۈچ توپلىۋالدى. كېيىن تۇرپان رايونىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن قۇمۇل تەرەپتىن شىڭ شىسەي 4000 كىشىلىك چوڭ قوشۇننى باشلاپ كەلگەندە، ماشىمىڭ ئۇرۇش قىلماستىن، قول ئاستىدىكى ئاساسى كۈچلەرنى باشلاپ قارا شەھەرگە قېچىپ بېرىۋالدى. ئۇ يەردە يەنە خۇيزۇلارنى قوزغاپ ئەسكەر سانىنى كۆپەيتتى. 36 ـ دىۋىزىيىنىڭ نامىنى سۇيىئىستىمال قىلىپ كۆپلىگەن كىشىلەرگە «تۇەنجاڭ»، «لۈيجاڭ»، «زىخۇي» دەپ ئۇنۋان بېرىپ، تە-

رەپ ـ تەرەپكە ماڭدۇردى . مەسىلەن ، كۇچا رايونىدىكى قوزغىلاڭغا ياردەم قىلىدۇ ، دەپ ئەۋەتكەن مالۇيجاڭ ( ساقاللىق تۇڭگان دەپمۇ ئاتىلاتتى ) ، گامازا ، ماجەنساڭ دېگەنلەر ماشىمىڭنىڭ ئادەملىرى ئىدى . ئۇرۇمچى نەنسەندە تۇرۇۋېلىپ ئۇرۇمچىگە بىر قانچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ تەھدىت سالغان ماۋەنلۇ ، مادېشياڭ دېگەنلەرمۇ ماشىمىڭنىڭ ئادەملىرىدىن ئىدى . قىسقىسى ، 1933 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 4 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا ماشىمىڭ تەيىنلەپ تەرەپ ـ تەرەپكە ئەۋەتكەن تۇەنجاڭ ـ لۈيجاڭلار شۇ چاغلاردا ئىتتىنىڭ تۇكىدەك كۆپ دېسەك مۇبالىغە بولمايتتى ، مەسىلەن : مادېشياڭ ئەسلىدە ماشىمىڭ بىلەن بىللە چىققان سىۋەز ئىدى . 2 ـ ئايدا ئۇ ماچۈەنلۇغا قوگوەن بولۇپ نەنسەنگە بىللە باردى . كېيىن بىردىنلا لۈيجاڭلىققا ئۆستۈرۈلدى .

جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپتىمۇ شۇنداق بولدى . مەسىلەن : ماجەنساڭ ، مالۇيجاڭ ، گامازا ، سەنلۇيجاڭ ۋە باشقىلار . بۇلار دەسلەپىدە 10 ـ 20 ئادەم بىلەن ھەرىكەت باشلىغان بولسا ، بىر ئىككى ئايغا يەتمەيلا مىڭ ، ئىككى مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ئىگە بولۇپ كېتەتتى . تۆمۈر سىجاڭ بىلەن قەشقەرگە بىللە بارغان ماجەنساڭنىڭ دەسلەپتە ئاران بىر ، ئىككى يۈز ئادىمى بار ئىدى . كېيىن بىردىنلا ئىككى ـ ئۈچ مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ئىگە بولۇپ ، قەشقەر يېڭى شەھەردە تۇردى .

*　　　*　　　*

ماجۇڭيىڭ شۈيجۇدا ئەسكەر رەتلەپ رەسمى 36 ـ دېۋىزىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئۆز ئىنىسى ماجۇڭجې ، ئاچىسىنىڭ ئېرى ماخۇسەن ، مارۇلۇڭ ، ماسىڭگوي ، ماخەيىيڭ ، ماشىشۇن ، ماجەنلىڭ قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە تۆت مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن باشلاپ ، 1933 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا چىقتى . بۇ چاغدا شىنجاڭدا شېڭ شى-

سەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان ئىدى. ماجۇڭيىڭ شۇ چاغدا
قۇمۇلدىن گۇچۇڭغا يېتىپ كەلدى. ئۇ خوجىنىياز ھاجىملار
بىلەن كۆرۈشۈپ مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ماجۇڭيىڭ گۇ-
چۇڭغا، خوجىنىياز ھاجىملار جىمسارغا ھۇجۇم قىلماقچى
بولدى.

ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى گۇچۇڭ شەھىرىگە بوغۇندەك
ھۇجۇم قوزغىدى. ئۇرۇش شىددەتلىك بولدى. شەھەر ئىچىدە
قۇمۇلدىن قايتىپ كەلگەن لى خەيرۇ (سىلىڭ)، لى رۇڭخۋا،
شەھەر مۇداپىئە سىلىڭى جاڭ جىشەن قىسىملىرى بار ئىدى.
ئۇلارنىڭ ئادىمى كۆپ، قورال - يارىقى خىل بولغانلىقتىن شە-
ھەرنى قاتتىق مۇداپىئە قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا ماجۇڭيىڭنىڭ ئى-
نىسى ماجۇڭجې ئۆلدى. ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى سېپىلغا يامى-
شىپ چىقىپ شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق شەھەرنى
ئاخىر ئىشغال قىلدى. لى رۇڭخۋا ئۇرۇش ئۈستىدە ئۆلدى. لى
خەيرۇ بىلەن جاڭ جىشەنلەر ئەسىرگە چۈشتى. بۇ ئۇرۇشتا
ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى تۆت دانە زەمبىرەك، 50 تالغا يېقىن
ئېغىر - يېنىك پىلىموت، 8000 تال ھەر خىل مىلتىق غەنىمەت
ئالدى. جىمسار ئۇرۇشىدا خوجىنىياز ھاجى تاپشۇرۇۋالدىغان
1860 تال مىلتىق بىلەن 2000 دەك ئاتنىمۇ كېچىسى ئادەم ئەۋە-
تىپ ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى، ئۇنىڭ قارانىيىتىنى
ئاشكارىلاپ، خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ
نارازىلىقىنى قوزغىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، گۇچۇڭدا بىر
مەيدان غەلىبىلىك جەڭ قىلىپ بىر قانچە مىڭ تال قورال -
ياراغقا ئىگە بولغان ماجۇڭيىڭ مىسلىسىز دەرىجىدە كۆرەڭلەپ،
ھاكاۋۇرلىشىپ، ئۇيغۇرلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ھەتتا خو-
جىنىياز ھاجىنى ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى تۇەنجاڭلىرىچىلىكمۇ كۆر-
مەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇيغۇرلار جىمساردىن ئېلىپ كەتكەن
قوراللارنى قايتۇرۇپ بەرسۇن دەپ ئادەم ئەۋەتسە، ماجۇڭيىڭ

ئۇلارغا جۇشياڭ ( توققۇز ئاتار ) ، چىشياڭ ( يەتتە ئاتار ) قاتارـ
لىق قوغۇشۇن ئوقلۇق كونا مىلتىقلاردىن 100 تال بېرىپ قورـ
ساقنى تېخىمۇ كۆپتۈردى . شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى كۈچ ئوتـ
تۇرىسىدا كۈچلۈك زىددىيەت پەيدا بولدى . دەل مۇشۇ زىددىـ
يەتتىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغان شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى خوجىـ
نىياز ھاجىم بىلەن كېلىشىم تۈزدى . شۇنىڭ بىلەن ماجۇڭيىڭ
ئۆزىگە پايدىلىق بولغان ئىجتىمائىي ئاساستىن ئايرىلىپ ، سىياـ
سىي جەھەتتە يېتىم ھالەتكە چۈشۈپ ، بىردىنلا شىنجاڭدىكى
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنىگە ئايلىنىپ قالدى .

* * *

ماجۇڭيىڭ يېتىم قالغاندىن كېيىن ئۆز ئالدىغا 6000
كىشىلىك قوشۇن توپلاپ ، ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن
گۇچۇڭدىن يولغا چىقتى . ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن شىڭ
شىسەيمۇ 6000 كىشىلىك قوشۇن توپلاپ ئۈرۈمچىدىن گۇچۇڭغا
قاراپ يولغا چىقتى . بۇ ئىككى قوشۇن زىنچۈەنزىدە ئۇچرىشىپ
قاتتىق جەڭ قىلدى . گۇچۇڭ تەرەپتىن يالاڭباش ، يالاڭ كۆڭـ
لەك كېيىپ تەلۋىدەك ئېتىلىپ كېلىۋاتقان ماجۇڭيىڭ قىسىمـ
لىرى شىڭ شىسەي قوشۇنلىرىنىڭ ئىسكەنجىسىگە كىرىپ قالـ
غان بولسىمۇ ، ئۇلار قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىۋاتقاندا قاتتىق
جۇدۇن بولۇپ مۆلدۈر ياغدى . ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى بېشىغا
تاراسلاپ چۈشۈۋاتقان مۆلدۈرگە چىداپ تۇرالماي ئۇرۇشنى
تاشلاپ مۆلدۈردىن مۇداپىئەلىنىشكە كىرىشتى ، مۆلدۈردىن كېـ
يىن قاتتىق يامغۇر ياغدى . پۈتۈن دالا پاتقاقچىلىققا ئايلاندى .
ئاندىن سوغۇق ھاۋا ئېقىمى پەيدا بولۇپ ئۇلارنى جۇدۇن —
چاپقۇنغا ئۇچرىغان بىر قوتان قويغا ئوخشاش بىر ھالغا چۈشۈـ
رۈپ قويدى . دەل شۇ چاغدا پاختىلىق كىيىم كىيىپ ئاكوپلاردا
ياتقان شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرى ئىسسىق ئاكوپلاردىن چىقىپ
شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتتى . ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى بىت —

چىت بولۇپ ھەر تەرەپكە قاچتى .
زىنچۇەنزىدە بولغان ئۇرۇشتا توساتتىن پەيدا بولغان ئاپەت خاراكتېرلىق جۇدۇن ــ چاپقۇن شىلىڭ شىسەيگە ئامەت ، ماجۇڭيىڭغا ئاپەت ئېلىپ كەلدى . ماجۇڭيىڭ تامامەن مەغلۇپ بولدى . نۇرغۇن ئەسكىرى ئوقتا ۋە سوغۇقتا ئۆلدى ، نەچچە يۈز تۆگىگە ئارتىلغان ئوق ــ دورىلاردىن ئايرىلدى . شۇنىڭ بىلەن ماجۇڭيىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى باشلاپ تۇرپانغا چېكىندى . ئۇ تۇرپاننى بازا قىلىپ ئۈرۈمچىگە ئىككىنچى قېتىم ھۇجۇم قوزغاشقا تەييارلىق كۆردى . يولۋاسنى تۇرپانغا گارنىزون سىلىگى دەپ بېكىتىپ ، ئۇ ئارقىلىق ئۈچ ناھىيىدىن ئۈچ قېتىمدا 3000 غا يېقىن ئەسكەر ئالدى . 14 ــ 15 ياشلاردىكى باللارنىمۇ ئەسكەرلىككە تۇتۇپ « گاۋادۇي » ( باللار ئەترىتى ) قىلىپ قۇردى . ئۇنىڭ كونا ــ يېڭى ئەسكىرى كۈچى 6000 ئەتراپىغا باردى . ئۇنىڭ تەڭدىن تولىسى ئاتلىق ئەسكەر بولغاچقا ، ئۈچ ناھىيە دېھقانلىرىغا چۈشكەن ئالۋان ــ ياساق ھېسابسىز ئېغىر بولدى . ئۇ تۇرپاندا 1933 - يىلى 6 - ئايدىن 1934 - يىلى 4 - ئايغىچە جەمئىي 10 ئاي تۇرۇش جەريانىدا خەلق ئىگىلىكىنى قاتتىق ۋەيران قىلىۋەتتى . سامان قەغەزگە تىزا بېسىپ ئۈچ ناھىيە خەلقىنى خەجلەشكە مەجبۇر قىلدى . باشقا يەردە ئۆتمەيدىغان بۇ گاسىلىڭ تىزىسىنى كىمىكى ئالمايمەن دېسە پۈتۈن مال ــ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ تارتىۋالدى .
ماجۇڭيىڭ بىر قاتار تەييارلىقلارنى كۆرۈۋالغاندىن كېيىن ، شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى داۋانچىڭدا شىلىڭ شىسەي ئەسكەرلىرى بىلەن بىر قېتىم ئۇرۇش قىلدى . بۇ ئۇرۇشتا لى زۇشياڭ قوماندانلىقىدىكى شىلىڭ شىسەي ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ ، بىر دانە تۆمۈر كوڭكا ، تۆت زەمبىرەك ، ئون نەچچە پىلىموت ۋە 300 دىن ئارتۇق مىلتىق غەنىمەت ئالدى .
بۇ ئارىلىقتا ماجۇڭيىڭ دىپلوماتىيە يۈرگۈزۈپ ، بىر تە-

رەپتىن شىڭ شىسەيگە ۋەكىل ئەۋەتىپ سۆھبەت ئۆتكۈزسە ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئىلىدا تۇرۇشلۇق جاڭ پېيۇەنگە ئادەم ئەۋەتىپ شىڭ شىسەيگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇپ ئۇنى ئاغدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن ، شىمالىي شىنجاڭنى جاڭ پېيۇەن ، جەنۇبىي شىنجاڭنى ماجۇڭيىڭ سورايدىغان بولۇپ سۆھبەت ئۆتكۈزدى . يەنە بىر تەرەپتىن ، ئالتاي – چۆچەك تەرەپكە ئەۋەتكەن ماخىيىڭ ئارقىلىق خەلقئارادىن يول تېپىشقا ئۇرۇندى ( ماخىيىڭنى گۇچۇڭدىكى ۋاقىتتا ئالتاي – چۆچەك تەرەپكە ئەۋەتكەن ئىدى ) .

*　　　*　　　*

1933 - يىلى 12 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئىلىدىكى جاڭ پېيۇەن ئۈرۈمچى بىلەن چۆچەك ئارىلىقىدىكى خەلقئارا قاتناش يولىدا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ ، ئۈرۈمچىگە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېلىۋاتقان ھەربىي ئەشيالارنى توساپ ، ماشىنىلارنى ماڭدۇرمىدى . شۇنىڭدىن كېيىنلا ياڭ جىڭجۇڭ بىرىگادىسىنى ئۈرۈمچىگە ماڭدۇردى . شىڭ شىسەي ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن سەنمۇجاڭ لىيۇبىڭ قوماندانلىقىدا 3000 كىشىلىك قوشۇننى شىخو تەرەپكە ماڭدۇردى . مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان ماجۇڭيىڭ 1934 - يىلى 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى پۈتۈن قوشۇننى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم باشلىدى . تۇنجى جەڭ چىغدەڭ ( جىجىساۋزى ) دە بولدى . بۇ ئۇرۇشتا ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى غەلىبە قىلىپ ئىلگىرلىدى . ئەتىسى ئۇرۇش ئۈرۈمچى ئەتراپىدا بولدى . نەنلياڭ تەرەپتە بىر قانچە كۈن شىددەتلىك ئۇرۇش قىلىش نەتىجىسىدە ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى كۆپرەك چىقىمغا ئۇچرىغان بولسىمۇ ھۇجۇم قىلىشنى توختاتمىدى . 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى شەرقىي دەرۋازا سىرتىدىكى ئايروپىلان ئىستانسىسىنى بېسىۋالدى . ئىككى ئايروپىلاننى پاچاقلىۋەتتى . ئەھۋال ئىنتايىن ئېغىر ئىدى . شىڭ شىسەي سو-

ۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى . سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆ-كۈمىتى شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە ياردەملىشىپ ، شىنجاڭدا يۈز بېرىۋاتقان قالايمىقانچىلىقلارنى بېسىقتۇرۇپ تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن ، بىر قانچە مىڭ كىشىلىك ( بەزى مەنبەلەردە 5000 كى-شىلىك ئاتلىق قوشۇن ، 30 ئايروپىلان ، 20 دىن ئارتۇق تۆمۈر كوڭكا ، بەش دانە تانكا دېيىلگەن ) قوشۇن كىرگۈزدى . بۇ قوشۇن « ئالتايىسكى » ، « تاراباغاتايىسكى » دېگەن نام ئاستىدا بىر قىسمى چۆچەكتىن ، بىر قىسمى قورغاستىن شىنجاڭغا كىردى . قورغاستىن كىرگەن قىزىل ئارمىيە ئىلىدىكى جاڭ پە-يۈەننى مەغلۇپ قىلىپ ئۈرۈمچىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى . چۆچەك چېگرىسىدىن كەلگەنلەرمۇ ئۈرۈمچىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى . ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقان خەۋىرىنى ئاڭلىغان ماجۇڭيىڭ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان قىسىملاردىن بىر بۆلۈك كۈچ ئاجرىتىپ ما-خۇسەننىڭ قوماندانلىقىدا سانجى ، قۇتۇبى تەرەپكە يولغا سال-دى . ئالتايدىكى قوشۇنلارنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرىنى سانجى — تۇدۇڭخابا ئەتراپىدا توسۇپ قانلىق جەڭلەرنى قىلدى . سانجى ئەتراپىدا بولغان قانلىق جەڭلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئالتايدىكى قوشۇن ئۇرۇش تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى . ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئالتايدىكى قوشۇن قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋا ئارمىيىسى ماسلاشقان ھالدا ئومۇمىي يۈزلۈك قايتۇرما ھۇجۇم قوزغاپ ، ئاخىر ماجۇڭيىڭنى ئۈرۈمچىنى تاشلاپ قېچىشقا مەج-بۇر قىلدى .

1934 - يىلى 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ماجۇڭيىڭ ئۈرۈمچى ئەتراپىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنىپ چىقتى . يولبويى ئۇلار شىڭ شىسەينىڭ ھاۋا ئارمىيىسى ( ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى ياردەمگە ئەۋەتكەن ھاۋا ئارمىيىسى ) نىڭ بومباردىمان قىلىپ ، ئوققا تۇتۇشىغا ئۇچراپ ، ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى . ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى يولبويى قارشىلىق كۆرسەتمەستىن ، ئامالىنىڭ بېرىچە

ئۆزىنى قوغداپ، شۇ يىلى 4 - ئايلاردا قەشقەرگە يېتىپ باردى. ئالتايىسكى قوشۇنلارنىڭ ئالدىنقى قىسمى مارالبېشىغا يېتىپ كەلدى.

* * *

جەنۇبىي ئالتاغلىرىدا شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن خوجىنىياز ھاجى ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم ھاسىل بولغاندىن كېيىن، خوجىنىياز ھاجى قىسىملىرى گارنىزون قوماندانى بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭغا يۆتكەلگەن ئىدى. بۇ چاغدا خوجىنىياز ھاجىغا بەيئەت قىلغان تۆمۈر سىجاڭ قەشقەردە، شاھ مەنسۇر خوتەندە قوماندان بولۇپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن قارا شەھەردە ماشىمىڭ، قەشقەردە ماجەنساڭ قىسىملىرىدىن ئىبارەت ماجۇڭيىڭغا تەۋە بىر بۆلۈك قوشۇن مەۋجۇت ئىدى.

خوجىنىياز ھاجى ماجۇڭيىڭ بىلەن ئادا - جۇدا بولۇشقاندىن كېيىن 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تاغ يوللىرى بىلەن جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ توقسۇنغا يېتىپ كېلىپ، بۇ يەردە ئون نەچچە كۈن تۇرۇپ قالدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ماشىمىڭ قاراشەھەرگە ئۈچ لۈي (بىرىگادا) ئەسكەرلەر توپلاپ، خوجىنىياز ھاجىنى ئۇششاقتالدا تۇسۇۋالدى. خوجىنىياز ھاجى بىلەن ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى تۇنجى قېتىملىق ئۇرۇش مانا شۇ يەردە باشلاندى. بۇ ئۇرۇشتا ماشىمىڭ قىسىملىرى قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى. خوجىنىياز ھاجى جۇقودا يەنە بىرقېتىم جەڭ قىلىپ قاراشەھەرگە باستۇرۇپ كىردى. ماشىمىڭنىڭ قالدۇق قىسىملىرى باغراش كۆلى ئەتراپىغا چېكىنىپ چۆل - جەزىرە يوللىرى بىلەن تۇرپانغا قېچىپ كەتتى.

1933 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى خوجىنىياز ھاجى كورلىغا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ماشىمىڭ پۈتۈن قوشۇنىنى باشلاپ تۇرپاندىن قارا شەھەرگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. بۇ يەردە ئۇ ئۆز قوشۇنىنى قايتا تەرتىپكە سېلىپ، ئۆزىنى «جاۋفى سىـ

لىش » ( باندىت تازىلاش سىلىقى ) دەپ ئاتىدى . ئاندىن ئاتلىق ، پىيادە بولۇپ ، ئۈچ تۈمەن ئەسكەر ئاجرىتىپ ، مافۇيۈەن قوماندانلىقىدا خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا ئەۋەتتى .

خوجىنىياز ھاجى مەھمۇت سىجاڭ بىلەن بىرلىكتە كورلىدىن ئاقسۇغا قاراپ ماڭدى . مافۇيۈەن قىسىملىرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سوقۇشۇپ كەلدى . بۇ ئارىلىقتا كورلا باش ئەگىم ، كۇچا ئەتراپلىرىدا كىچىك كۆلەملىك توقۇنۇشلاردىن باشقا شىددەتلىك ئۇرۇش يۈز بەرمىدى .

شۇ يىلى 8 - ئايدا قەشقەردە تۇرۇۋاتقان ماجەنساڭ سۇيىقەست ئىشلىتىپ ، تۆمۈر سىجاڭنى ئۆلتۈرۈپ قانلىق ۋەقە تۇغدۇردى . شۇنىڭ بىلەن قەشقەردە ئۇرۇش باشلاندى . تۆمۈر سىجاڭ قوشۇنلىرى ئىنتىقام ئالىمىز دەپ قەشقەر يېڭى شەھەرنى قورشاپ ماجەنساڭ قىسىملىرىغا ھۇجۇم قوزغىدى . 1934 - يىلى 1 - ئايدا خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇت سىجاڭلارمۇ ئاقسۇدىن قەشقەرگە كېلىپ ماجەنساڭغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتى . مەھمۇت سىجاڭ ئالدىنقى سەپ قوماندانى بولۇپ ئۇرۇشقا بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلدى . دېمەك ، بۇ ئۇرۇش 1933 - يىلى 8 - ئايدىن 1934 - يىلى 3 - ئايغىچە يېرىم يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلدى . بۇ جەرياندا ماجەنساڭ قىسىملىرى قەشقەر يېڭى شەھەردە يېرىم يىلغا يېقىن قامال ئىچىدە قېلىپ ، ئوزۇق - تۈلۈك ۋە باشقا جەھەتلەردىن قېيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى . شۇ كۈنلەردە ئاقسۇغا كەلگەن مافۇيۈەن قىسىملىرى ماجەنساڭغا جىددى ياردەم بېرىش ئۈچۈن قەشقەرگە قاراپ ئىلگىرىلىدى . خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇت سىجاڭلار يەكەن تەرەپكە چېكىنىپ كەتكەنلىكتىن مافۇيۈەن بىلەن ماجەنساڭ قىسىملىرى قەشقەردە قوشۇلۇپ بىر مەزگىل ئىككى شەھەرنى ئىگەللەپ تۇردى . 1934 - يىلى 2 - ئايدا قانلىق 17 - فېۋرال ۋەقەسىنى پەيدا قىلىپ ، تۆت مىڭدىن

ئارتۇق قەشقەر ئاھالىسىنى قىرغىن قىلدى ۋە شەھەردە ئۈچ كۈن بۇلاڭ ــ تالاڭ يۈرگۈزدى. ئۈچ ئاي ئىچىدە ئۈرۈمچىدىن چېكىنگەن ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئۇلار ئەڭ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. ئارقا تەرەپتىن ئۇنى شېڭ شىسەي قوشۇنلىرى ۋە ئالتايسكى دەپ ئاتالغان قوشۇنلار قوغلاپ كېلىۋاتقان بولسا، ئالدى تەرەپتە خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قىرغىز قىسىملىرى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇراتتى.

* * *

ماجۇڭيىڭ قىسقىغىنا بىر يىل ئىچىدە شۇنچە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ، ئاخىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، بارار جايىنى تاپالماي، ئاخىر قەشقەرگە كەلدى. بۇ چاغدا ئۇ شىنجاڭدىكى ھەممە مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ ئادەملىرى شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە قانلىق ۋەقەلەرنى تۇغدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا كەڭ كۆلەمدە بۇلاڭ ــ تالاڭ قىلىپ، خەلق ئاممىسىغا ئېغىر زۇلۇم سالدى. شۇڭا ئۇنىڭ شىنجاڭدا بولغان يىللىرى خەلق بېشىدىكى بالايى ــ ئاپەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئۇ شۇنچە قىلىپمۇ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش مەقسىتىگە يېتەلمىدى. ئەمما بۇلاڭ ــ تالاڭ قىلىپ بىر مۇنچە ئالتۇن ــ كۈمۈشكە ئىگە بولغان ئىدى.

ئالتۇن ــ كۈمۈش نۆۋەتتە كەلگەندە جانىدىنمۇ تاتلىق نەرسە، شۇنداقلا جان قايغۇسى ئىدى. شۇنچە كۆپ ئالتۇن ــ كۈمۈشكە ئىگە بولغان ماجۇڭيىڭ جان ساقلاش يولىدا خېلىلا گاڭگىراپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئۈچ يول بار ئىدى:

بىرسى، خوتەن ئارقىلىق دۇڭخۇاڭ تەرەپكە كېتىپ جان ساقلاش؛ يەنە بىرسى، تاشقورغان ئارقىلىق ھىندىستان تەرەپكە كېتىش؛ ئۈچىنچىسى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىش. بۇ ئۈچ يولدىن قايسى بىرسىنى تاللاش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېغىر مەسىلە

ئىدى . خوتەن ئارقىلىق دۇڭخۇاڭغا كېتەي دېسە ، بۇ ئۇزۇن يولدا يەنە قانداق بالا ـ قازاغا ئۇچراپ كېتىدىغانلىقىدىن ئەنسى-رەيتتى . ئايروپىلاندىن تاشلانغان بومبىدا پارتلاپ كۆكۈم تالقان بولۇپ كېتىشتىن قورقاتتى . تاشقورغان ئارقىلىق ھىندىستانغا ماڭسا يول ئۈستىدە يەنە قانداق توسقۇنلۇققا ئۇچراپ زەربە يەپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى . شۇ ۋاقىتتىكى ھەربىي ، سىياسىي ۋەزىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە كېتىش بىر قەدەر ئىشەنچ-لىك ئىدى . شۇنداقلا شۇ تەرەپكە كېتىشكە مەجبۇر ئىدى .

شۇ يىللىرى قەشقەردە تۇرۇۋاتقان ئەنگلىيە ئەلچىخانىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئەلچىخانىسى ماجۇڭيىڭنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەش يولىدا جىددى ھەرىكەت قىلدى . ئىنگلىزلار ماجۇڭ-يىڭنى ھىندىستانغا تەكلىپ قىلسا ، سوۋېتلىكلەر ئۇنى روسىيىگە تەكلىپ قىلاتتى . بۇ ئىككى دۆلەت شۇ مەزگىلدە شەخسەن ماجۇڭيىڭنى ئەمەس ، بەلكى ماجۇڭيىڭ ئارقىلىق سىياسىي جەھەتتىكى مەنپەئەتنى تالىشاتتى . نەتىجىدە بۇ مەسىلىدە سو-ۋېت ئىتتىپاقى ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولدى . سوۋېت ئىتتىپاقى ماجۇڭيىڭغا سىياسىي باشپاناھلىق بېرىدىغانلىقىنى ، يەنە بىر تەرەپتىن ، قالدۇق قىسىملارنى خوتەن رايونىدا تۇرۇش ئىمكانى-يىتى بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى . ئەمەلىيەتتىمۇ سوۋېت ئوتت-تۇرىغا چۈشۈپ ، شېڭ شىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى . بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن ماجۇڭيىڭنىڭ قالدۇق قىسىملىرى پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئۇ تەرىپىدە ، شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرى پوسكامنىڭ بۇ تەرىپىدە تۇرىدىغان بولۇپ كېلىشتى . بىر مەھەل ئۇرۇش ئوتى بېسىلدى . ماجۇڭيىڭ 80 گە يېقىن ئادىمى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتتى . مەلۇماتلارغا قا-رىغاندا ماجۇڭيىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكىچە 27 تۆگىدە ئال-تۇن ئېلىپ ماڭغان . يەنە بىر مەلۇماتتا 40 خېچىرغا ئالتۇن يۈكلەپ ماڭغان ئىكەن .

* * *

ئۇرۇش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ، ماجۇڭيىڭ قەيسەر ، باتۇر بىر جەڭچى . قىسقىغىنا بىر قانچە يىل ئىچىدە مۆجىزە خاراكتېرلىك ئاجايىپ ئىشلارنى قىلىپ ، كەڭ غەربىي شىمالدا داڭدار سەركەردە بولۇپ ئاتالدى .

ماجۇڭيىڭنىڭ بىر يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدە قىلغان ئىشلىرىنىڭ كۆپلۈكى ، كەڭلىكى ، ئۇرۇش قىلىش تاكتىكىسى ، ھەربىي كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ تەشكىللەش جەھەتلەردىكى ئاجايىپ ئىقتىدارىمۇ كىشىنى قايىل قىلىدۇ . گۇچۈڭ ئۇرۇشىدا سېپىلگە پىچاق سانجىپ چىقىشتەك پىداكارلىقلار ھەرقانداق كىشىنى قايىل قىلىپلا قالماستىن ، بەلكى ھەيران قالدۇرىدۇ . لېكىن ئۇنىڭ قەيسەرلىكى بىلەن باتۇرلىقىغا تەڭ نىسبەتتە ساقلىنىپ كەلگەن تەلۋىلىكى ، قارا نىيىتى ۋە ياۋۇزلىقلىرى كىشىنى سەسكەندۈرۈپ ، نەپرەت تۇيغۇسىنى قوزغىماي قالمايدۇ . ئۇنىڭ شىنجاڭدا قىلغان تەنتەكلىكى ۋە قاراملىقلىرى تارىختا ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۆلپەتتۇر .

ئۇ 1933 - يىلى 5 - ئايدىن 1934 - يىلى 5 - ئايغىچە بولغان بىر يىل ئىچىدە نۇرغۇن قېتىم قان تۆكتى ، ئوت قويدى ، بۇلاڭ ــ تالاڭ قىلدى . تۇرپان رايونىدا ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ياش ــ ئۆسمۈرلەرنى ( 14 ــ 15 ياشلىق باللارمۇ بار ئىدى ) ئەسكەرلىككە تۇتۇپ ، داۋانچىڭ ئۇرۇشى ۋە ئۈرۈمچىنى مۇھاسىرە قىلىش ئۇرۇشىدا ئۇلارنى سەپنىڭ ئالدىغا سېلىپ زەمبىرەك يېمى قىلىپ تۈگەتتى . ئۇنىڭ ئادەملىرى تەرەپ ــ تەرەپكە يامراپ ، ئۆزى بەگ ئۆزى خان بولۇۋېلىپ ، يۇرت ــ يۇرتنى بۇلاڭ ــ تالاڭ قىلدى . كۇچادا ھادى ئەلەمنى ، قەشقەردە تۆمۈر سىجاڭنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈپ ، كاللىسىنى كېسىپ خادىغا سانجىپ سازايى قىلىشتەك ۋەھشىيانە ھەرىكەتلەردە بولدى . باي ناھىيىسىدە پۇقرالارنى توپلاپ ياغ چېچىپ كۆيدۈرۈپ ، تارىختا مىسلى

كۆرۈلمىگەن ياۋۇزلىقلارنى قىلدى . قەشقەردە 17 ـ فېۋرال چوڭ قىرغىنچىلىقنى يۈرگۈزۈپ ، ئۈچ كۈن چاپ ـ چاپ قىلىپ ، تۆت مىڭدىن ئارتۇق ( چەت ئەل ئاخباراتلىرىنىڭ بايانىدا 10 مىڭ دەپ يازىدۇ ) گۇناھسىز ئاھالىنى قىرىپ تاشلىدى . ماخۇ-سەن خوتەندىكى چاغدا قاراڭغۇ تاغ ، تەۋەككۆل كەنتلىرىدە قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ يۈزلىگەن ئاھالىنى ئۆلتۈردى . پۇقرالارنى ئوتقا قاقلاپ ئۆلتۈرۈش ، ئومۇرتقىسىغا سىم ئۆتكۈ-زۈپ ، ئاتقا سۆرۈتۈپ ئۆلتۈرۈشتەك ۋەھشىيلىكلەرنى قىلدى . ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان بۇ خىل قەبىھ ۋاستىلەر ئارقىلىق شىنجاڭ خەلقىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ ، ئۆز خۇرجۇنلىرىنى ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن تولدۇردى . ماجۇڭيىڭ ئېلىپ ماڭغان 27 تۆگە ياكى 40 خېچىر ئالتۇن بىلەن ماخۇسەن ھىندىستانغا ئېلىپ ماڭغان ئون ئالتە مىڭ سەر ئالتۇن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇستىدىن يۈرگۈزگەن بۇلاڭ ـ تالاڭدىن كەل-گەن ئىدى . بۇ دېگەنلىرىمىز دەريادىن تامچە ئىدى ، شۇ يىللىرى ئىتتىنىڭ قۇرۇتىدەك كۆپلەپ كەتكەن تۇەنجاڭ ـ لۇيجاڭلارمۇ ئالدى مىڭ سەر ، كەينى 40 ـ 50 سەرگىچە ئالتۇن توپلاپ ھەر ياقلارغا كەتكەن ئىدى . بۇ پاكىتلار ماجۇڭيىڭ ۋە ئۇنىڭ قى-سىملىرىنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزگەن بۇلاڭچىلىق ھەرىكەتلىرى-نىڭ جانلىق دەلىلى .

ماجۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭ خەلقىگە قىلغان زىيانكەشلىكى-نىڭ ئەڭ ئېغىر يېرى شۇكى ، ئۇ شىنجاڭغا چىقىپ قارا نىيەت-لىك بىلەن بىزنىڭ زۇلۇمغا ، ئىستىبداتلىققا قارشى ئېلىپ بارغان مىللىي ئىنقىلابىي ھەرىكىتىمىزگە بۇزغۇنچىلىق سېلىپ ، ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى . قولغا كەلتۈرگەن ئىنقىلاب مېۋىمىزنى تالىشىپ ، نەتىجىدە ئۆزىگىمۇ يوق ، بىزگىمۇ يوق دېگەندەك قى-لىۋەتتى . ئەڭ ئاخىرىدا تۇرىدىغان يەر تاپالماي سوۋېت ئىتتىپا-قىغا كېتىپ ، تارىخنىڭ جازاسىغا ئۇچراپ گويا دېڭىزغا تاشلى-

غان ئەرزىمەس تاشتەك ئىز دېرەكسىز يوقالدى . ئۇنىڭ بىر مەزگىل چاقماقتەك چاقنىغان نامىمۇ ئۆچتى .

## ماخۇسەن

ماخۇسەن گەنسۇلۇق خۇيزۇ . ئۇ ماجۇڭيىڭ بىلەن بىر يۇرتلۇق ھەم ماجۇڭيىڭنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئېرى .

ماخۇسەن 1931 - يىلى ماجۇڭيىڭ تۇنجى قېتىم شىنجاڭغا چىققاندا ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىققان . ئۇ ، ماجۇڭيىڭنىڭ يارام-لىق چاپارمىنى ۋە 36 - دىۋىزىيە تەمىنات باشلىقى ئىدى . ما-جۇڭيىڭ شېڭ شىسەي بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەندە ، كېلىشىمگە ئاساسەن ماخۇسەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەرلىك قوزغىلاڭ-چىلارنى بېسىقتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ ، جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغان ، ئۇ قاراشەھەردىن تا قەشقەرگە بار-غىچە يەرلىك قوشۇنلاردىن ئۈزۈلدۈرمەي زەربە يەپ ، قەشقەردە ئازغىنە ۋاقىت تۇرۇپ ئۆزىنى ئوڭلاپ ئالغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ يامان غەرىزى ئەمەلگە ئاشمىغان . مۇھىمى ، ئۇ خوجايىنى ما-جۇڭيىڭنىڭ بارارغا جاي تاپالماي پېتىرلاپ سارالىسىمىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن جىم بولغان . بىراق ، ماجۇڭيىڭ سوۋېت ھۆكۈمىتىدىن پاناھلىق ئىزدىگەندە قانداقتۇر ئۇنىڭغا بولغان زور ئىشەنچى بىلەن ماخۇسەننى 36 - دىۋىزىيىنىڭ قو-ماندانى قىلىپ خوتەندە تۇرۇش ( شېڭ شىسەي بىلەن ماجۇڭ-يىڭ ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىمگە ئاساسەن ئۇنى خوتەنگە چېكىنىپ مۇداپىئە قوماندانلىقىغا )قا ئەۋەتكەن . بۇ كۈنلەردە شېڭ شىسەي ۋە ماجۇڭيىڭ ئۈچۈن ئەڭ خەۋپلىك بولغان كۈچ جە-نۇبىي شىنجاڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق مەھمۇت مۇھىتى ( مەھمۇت سىجاڭ ) نى يوقىتىپ ، شېڭ شىسەي بىلەن تىنچلىقتا بىللە تۇ-رۇش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغان . بىراق ، ۋەزىيەت ماخۇسەنگە

شارائىت يارىتىپ بەرمىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، خوجايىنى ما-
جۇڭيىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا پاناھلانغاندىن كېيىن قانداقتۇر بىر
خىل بىلىپ بولمايدىغان « ئوي » بىلەن مەھمۇت مۇھىتىغا
قاراتقان تىغ ئۇچىنى شېڭ شىسەيگە قاراتتى . لېكىن يەنىلا مى-
لىتارىستلىق قارانىيىتىنىڭ ۋەسۋەسىسىدە « خوجايىن بولۇش »
سۇيىقەستى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى ۋە قوزغىلاڭچى يەرلىك
قوشۇنغا كۆرۈنۈشتە دوست بولۇپ ، ئارقىسىدىن يوشۇرۇن
خەنجەر ئۇرۇش نىيىتىدە بولۇپ يۈرگەن .
1934 - يىلى 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ماخۇسەندىن ئۆز
قىسمىنى باشلاپ خوتەنگە يۈرۈش قىلىپ قارىقاش ناھىيىسىنىڭ
زاۋا دېگەن يېرىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ، كالتەك - چوماق
بىلەن قوراللانغان خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن بىر كۈن
ئۇرۇش قىلىپ كۆپلىگەن خەلقنى قىرىپ تاشلىدى . ئارقىدىنلا
خوتەن شەھىرىگە بېسىپ كىردى . ئۇ شۇنىڭدىن تارتىپ تاكى
1934 - يىلى 7 - ئايدىن 1937 - يىلى 10 - ئايغىچە ئۈچ يىل تۆت
ئاي خوتەندە قانلىق ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى . 1937 - يىلى
مەھمۇت مۇھىتى بىر قانچە يېقىن ئادەملىرى بىلەن چەت ئەلگە
كەتتى . بۇ چاغدا ماخۇسەن مەھمۇت مۇھىتى قالدۇرۇپ قويغان
قوشۇننىڭ قاپ يۈرەك سىجاڭى ئابدۇنىياز بىلەن ئىتتىپاق تۈ-
زۈپ ، شېڭ شىسەيگە قارشى ئۇرۇش قوزغاپ ، شېڭ شىسەي
قوشۇنلىرىغا نۇرغۇن تالاپەت يەتكۈزدى . ئامالسىز قالغان شېڭ
شىسەي سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋا ، قۇرۇقلۇق قىسىملىرى ( بۇ
قىسىم قىرغۇچى ئايروپىلان ، تانكا ، برونىك ۋە ئاتلىق قىسىم-
دىن تەركىب تاپقان ) نىڭ كۈچلۈك ياردىمى ۋە قىرغىز قوشۇن-
لىرىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن ماخۇسەن قوشۇنىغا قوغلاپ زەربە
بېرىپ تارمار قىلدى .
ئامالسىز قالغان ماخۇسەن نەچچە يىلدىن بۇيان شىن-
جاڭدىن بولۇپمۇ خوتەن دىيارىدىن بۇلاپ - تالىغان ئالتۇن -

كوٚموٚشلىرىنى ئېلىپ قاغىلىقتىن ھىندىستانغا قاراپ قاچىدۇ.
ماخۇسەن ھەمراھلىرى بىلەن چېگرىدىن ئۆتكەندە ھىندىستان چېگرا موٚداپىئە قىسىملىرى ئۇنىڭ ئالتۇن ـ كوٚموٚشلىرىنى توپ-توپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ماخۇسەن بۇلاپ ـ تالىغان ئالتۇن كوٚموٚشىدىن ئايرىلىپ كىشىلەر كوٚزىدىن غايىپ بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ شىنجاڭ خەلقى جۇملىدىن خوتەن خەلقىگە قىلغان قانلىق قىرغىنچىلىق ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى خەلق ئېسىدىن مەڭگۈ چىقمايدۇ. ھېلىمۇ توٚت ئادەم ئولتۇرغان جايدا ماخۇسەننىڭ زۇلۇمى بايان قىلىنسا ئەينى ۋاقىتتا خەلقلەر زۇلۇمغا چىدىماي ئوقۇغان قوشاقلار تەكرار ـ تەكرار ئوقۇلىدۇ.

*　　*　　*

ماخۇسەن خوتەننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ماخۇسەن قوشۇنلىرى 1934 - يىلى 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى قارىقاش ناھىيىسىنىڭ زاۋا دېگەن يېرىدە كالتەك ـ چوماق توتقان خوتەن ئىسلام قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن بىر كۈن جەڭ قىلىپ، قوزغىلاڭچىلارنى يېڭىپ خوتەنگە بېسىپ كىرىپ، ئارقىدىنلا يەتتە لوي (بىرىگادا) ئەسكەرنى خوتەنگە يۆتكەپ كېلىپ، قاغىلىقتىن چەرچەنگىچە بولغان جايلاردا تۇرغۇزۇپ، خوتەنگە قاراشلىق بولغان قاغىلىق، گۇما، قارىقاش، خوتەن، لوپ، چىرىيە، كېرىيە، نىيە، چەرچەن قاتارلىق توققۇز ناھىيىدە ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت قۇرىدۇ.

ماخۇسەننىڭ قوشۇنىدا: 1. ھەربىي لاۋازىمەت باشقارمىسى؛ 2. ھەربىي ئەسلىھە باشقارمىسى؛ 3. ھەربىي قانۇن باشقارمىسى؛ 4. مەھرەم باشقارمىسى؛ 5. سىياسىي تەلىم ـ تەربىيە باشقارمىسى؛ 6. ھەربىي ئات ـ ئۇلاغ باشقارمىسى؛ 7. ھەربىي دوختۇرلۇق باشقارمىسى؛ 8. مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ قىسمىدا پىيادە ئەسكەرلەر قىسمى، توپچىلار قىسمى، مىلتىقچىلار قىسمى، ساقچى قىسمى، ئاتلىق

قىسىم ، قىلىچ ــ نەيزە قىسمى قاتارلىق مۇنتىزىم قىسىملار بار ئىدى . ماخۇسەن قاغىلىق ، گۇما ، قارىقاش ، لوپ ، كىرىيەدە بىردىن ئىككىگىچە لۇي ئەسكەر تۇرغۇزدى .

ماخۇسەننىڭ خوتەندىكى ئومۇمىي ئەسكىرى 13000 دىن ئېشىپ كەتكەنىدى . بۇ ئەسكەرلەر ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنى قوغداشتىن باشقا بۇلاڭچىلىق ، باسقۇنچىلىق ، قاتىللىق ، ئالتۇن ، قاش تېشى كولاش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندى . بۇلارنىڭ %70 تى ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان ئۇيغۇر ، قالغىنى خۇيزۇ ، خەنزۇ ، زاڭزۇلاردىن ئىبارەت بولۇپ ، بەنجاڭدىن يۇقىرى بولغان خۇيزۇلار % 80 نى تەشكىل قىلاتتى .

ماخۇسەن خوتەندە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەندە ئۆز ئالدىغا پۇل تارقاتقان . بۇ پۇللار خام قەغەز ( خوتەن قەغىزى ) دە ئىشلەنگەن خاپىيۇ ( قەشقەر تىزىسى ) ، يۇچەن ( خەسگە باسقان پۇل يەنى ياغ تىزا ) قاتارلىقلار ۋە داچەن ( مىس ) پۇلمۇ خەجلەنگەن . يەنە ماخۇسەن تارقاتقان پۇللار ئالتۇن ، كۈمۈش ، يامبۇغا ئالماشتۇرۇلۇپ ، ئالتۇن ــ كۈمۈش ماخۇسەن خەزىنىسگە كىرگەن . لاتا ــ قەغەز پۇل بازاردا ئايلىنىپ خەلق ئىقتىسادىي خارابلاشقان .

ماخۇسەننىڭ خوتەن خەلقىگە سالغان ئالۋان سېلىقى 40 خىلدىن ئاشقان ئىدى . بۇ ئالۋان ــ ياساقلار ئىچىدە ماخۇسەن ئاتلىرىنى سەمىرىتىش ئۈچۈن قويغان پىت سېلىقىمۇ بار ئىدى . سېلىقلار :

1 . غەللە ( يەرگە قويۇلغان ئاساسلىق باج ) ؛

2 . ئۆشرە ( مۇسۇلمانچىلىق قائىدىسىدىكى ئوننىڭ بىرىنى بېرىش ) ؛

3 . دەن ئاشلىقى ( بىر دەن ئون چارەك ) ؛

4 . چۆرىمە ئاشلىق ( بوغازغا كېلىدىغان ئاشلىق ) ؛

5 . ھەر مو يەرگە كەلگەن بۇغداي ، قوناق ، گۈرۈچ ،

ئارپا ( ئاتلىرىنى سەمرىتىش ئۈچۈن ) ؛
6 . كېپەك ( ئاتنى بېقىش ئۈچۈن ) ؛
7 . ئوتـۇن ، سامان ، پىچان ( ئات ــ ئۇلاغلار ئۈچۈن ) ؛
8 . ئالتۇن ، كۈمۈش ( يامبۇ ) ؛
9 . خـام ، چەكمەن ، پاختا يىپ ( كىيىم ــ كېچەكلىرى ئۈچۈن ) ؛
10 . خۇرۇم ، چەم ، كۆن ، تېرە ( ئاياغلىرى ، ئات جابدۇقلىرى ئۈچۈن ) ؛
11 . يۇڭ ، يۇڭ يىپ ( يوتقان ، كۆرپە ، گىلەم ھەم ياتاق خۇرجۇنى ئۈچۈن ) ؛
12 . تۆمۈر ، مىس ، چويۈن ، قوغۇشۇن ، قەلەي ، تۇچ ، پولات ( ئاتلىرى ئۈچۈن يۈگەن ، تاقا ، قىلىچ ، كوكەر ، مىستەك ، بومبا ياساش ئۈچۈن ) ؛
13 . ئارغامچا ( ئادەم باغلاش ، ئاتلىرىنى باغلاش ئۈچۈن ) ؛
14 . تـاغار ، چوڭ ــ كىچىك خۇرجۇن ( ئەسكەرلىرىگە ئاشلىق توشۇش ، ئاتلىرىغا سامان ، پىچان توشۇش ئۈچۈن ) ؛
15 . چىنە ، قاچا ، لىگەن ، پەتنۇس ، چەينەك ، چۆمۈچ ، مەش ، تۇڭزا ، ئاياق ــ قوشۇق .
16 . كاساڭ قاتارلىقلار ؛
17 . كالا ، تۆگە ( تايلاق ) ئات ، قوي ، ( يېيىش ھەم مىنىش ئۈچۈن ) ؛
18 . توخۇ ، ئۆردەك ، كەپتەر ، باچكا ( تامىقى ئۈچۈن ) ؛
19 . توخۇ تۇخۇمى ، ئۆردەك تۇخۇمى ، كەپتەر تۇخۇمى ( يېيىش ئۈچۈن ) ؛
20 . ئىگەر ، يۈگەن ، ئۈزەڭگۈ ، نوختا ، پۇشتان ( ئاتلىرىنى جابدۇشقا ) ؛
21 . ئايـاللارنىڭ چېچى ، كىرپە ( ئاتلىرىنى سەمرىتىش

ئۇچۇن ) ؛
22 . جىگدە يىلىمى ، ئۈرۈك يىلىمى ( ئاياغ تىكىش ئۇ-
چۇن ) ؛
23 . قاشتېشى ( نەپىس بويۇملار ياساشقا ) ؛
24 . داۋىغان تېرىسى ( چاپانلىرىغا ياقىلىق ئۇچۇن ) ؛
25 . تۈلكە تېرىسى ( چاپانلىرىغا ياقىلىق ئۇچۇن ) ؛
26 . پاي پۇلى ( تەنزە پۇلى ) .

ماخۇسەن يۇقىرىقىدەك ئالۋانلاردىن باشقا يەنە ھۈنەرۋەن-لەرنى تۇتۇپ ، مەجبۇرىي ئىشقا سېلىش ئارقىلىق خەلقنى ئازابلايتتى . مەسىلەن : ياغاچچى ، سەيپۇڭ ، تامچى ، سوۋاقچى ، كېگىزچى ، جۇۋىچى ، موزدوز ، جۇۋازچى ، تۆمۈرچى ، گىپ-لەمچى ، ساتىراش ، ئاشپەز ، ناۋاي ، خامچى ( چەكمەنچى ) ، مىسكەچى ، بوياقچى ، تورچى ( يوتقان ، كۆرپە تورى ) ، ئات-قۇچى ( پاختىنا ئاتقۇچى ) ، يىپچى ، ئاياقچى ( تاماق يەيدىغان ياغاچ قاچا ) ، بورىچى ( قومۇشتا بورا توقۇيدۇ ) ، كۆن ساندۇقچى ، تاغار - خۇرجۇنچى ، تۇماقچى ، ئىگەرچى ، زەرگەر ، سۇۋەتچى ، مۆلە توقۇمچى ، زەيچى ، ئەلگەكچى ، شاخاچى ( سوپۇن قۇيىدىغان ئادەم ) ، قەغەزچى ، نوختىچى ( ئات - ئۇلاغلارنىڭ بېشىنى باغلاش ئۈچۈن ) ، ياڭلۇچى ( مەشچى ) ، قازانچى ( بومبا قويۇش ئۈچۈن ) ، تاشچى ، تۈگمەنچى ، تۇز-چى ، خەيجاڭ ، بۆزچى ( شايى ، ئەتلەس توقۇيدۇ ) ، ساراچ ( ئىگە - جابدۇق ئەتكۈچى ) قاتارلىق 40 خىلدىن ئاشاتتى .

بۇ خىل زۇلۇم بىلەن نۇرغۇن ئائىلە خانىۋەيران بولدى . سېلىق بېرەلمىگەنلەر باغلاپ ئېسىپ قويۇپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلدى . ئاخىر خەلق قوزغالدى . مەسىلەن : 1935 - يىلى قاراگۇ تاغ خەلقى قارشىلىق كۆرسەتتى . ماخۇسەن 180 نەپەر ئەسكەر چى-قىرىپ 188 كىشىنى نەق مەيداندا قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈ-رۈپ ، 16 مىڭ 500 قوي ، 3500 قوتاز ، 680 ئات ، 1500 ئېشەكنى

بۇلاپ كەتتى . بۇ چاغدا خېلىل ئاخۇن ھاجى دېگەن خوتەن تـوساللانىڭ بېگى قاراڭغۇ تاغقا چىقىپ دەككە ـ دۈككىدە تۇر-غان خەلققە : « سىلەر 500 سەر ئالتۇن بېرىڭلار ، مەن سىلەرنىڭ كېيىنكى ئالۋان ـ ياساق ۋە باشقا ئىشىڭلارنىڭ ئاسان بولۇشىنى قولغا كەلتۈرىمەن » دەپ يالغان ئېيتىپ خەلقنى ئالداپ 500 سەر ئالتۇننى ئېلىپ كەتتى .

ماخۇسەن بۇنىڭدىن خەۋەر تاپىدۇ ـ دە ، ئۇنىڭ تەمنات باشقارمىسى قاراڭغۇ تاغ خەلقىگە ئەسكەرلەرنىڭ گۆش يېمەك-لىكى ئۈچۈن 500 قوتاز ، 1500 قوي سېلىق سالىدۇ ۋە بۇ مالنى بىر كۈن ئىچىدە بېرىسەن دەيدۇ ، خەلق تاغدىن ئېلىپ كېلىپ بېرەيلى دېسە ئۇنىمايدۇ . خەلق ئاقتۇرسۇن موللا دېگەن كىشى-نىڭ باشچىلىقىدا قارشىلىق قىلىدۇ . ماخۇسەن قىسىملىرى مەسچىتتىنە بامدات نامىزى ئۆتەۋاتقاندا جامائەتكە تۇيۇقسىز ھۇ-جۇم قىلىپ خەلقنى قىرىپ تاشلايدۇ . شۇ كۈندىكى نامازغا ئىبلە-خان ئىشان دېگەن كىشى ئىمام بولغان بولۇپ ، ئۇ خائىن بول-غانلىقى ئۈچۈن قەستەن ئۇزۇن سۈرە ئوقۇيدۇ . ناماز تۈگىگىچە خەلق ئۆلۈپ بولىدۇ . بۇ قېتىمقى قىرغىندا ئەرلى لۈيجاڭ دېگەن تۇڭگان 178 ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ ، بۇغدايلىرىغا ئوت قويۇپ كۆي-دۈرۈۋېتىدۇ . 000 ، 15 قوي ، 3500 قوتاز ، 1500 دەك ئېشەك ، 680 ئات ۋە ئائىلىلەردىن ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى بۇلاپ ، ئاقتۇرسۇن موللا باشلىق 18 ئادەمنى تۇتۇپ شەھەرگە ئېلىپ كېلىپ ، بېشىغا سەللە يۆگىگەن ئاخۇن لۈيجاڭ دېگەن تۇڭگان 18 كىشىنىڭ بەدىنىگە كونا جۇڭگو قائىدىسى بويىچە ئۆلۈم دېگەن تامغىنى قىزىتىپ بېسىپ چاناپ ئۆلتۈرىدۇ .

بۇ خىل زۇلۇم ۋە تۇرمۇشلار تەۋەككۈل ( خوتەندىكى يەر ئىسمى ) خەلقىدىمۇ بولۇپ ئۆلارمۇ قانلىق باستۇرۇلىدۇ . يەنى تۆت كۈن قەتلىئام قىلىدۇ . شۇ چاغدا چالا ئۆلۈك بولۇپ ھايات قالغان مەتتوختى قوش دېگەن كىشى تارىخنىڭ گۇۋاھ-

چىسى . ئۇ ھايات .

ئەڭ دەھشەتلىكى شۇكى ، ماخۇسەننىڭ ئادەملىرى يول-دىن ئۆتكۈچى 36 ئادەمنى تۇتۇپ ئالتىدىن سەپتە تۇرغۇزۇپ ، بىرىنچى قاتاردىكى ئالتە كىشىنىڭ بۇرنىدىن سىم ئۆتكۈزۈپ ، بىر ـ بىرىگە چاتىدۇ . ئىككىنچى قاتاردىكى ئالتە ئادەمنىڭ قۇل-قىدىن ، ئۈچىنچى قاتاردىكى ئالتە ئادەمنىڭ دولىسىدىن سىم ئۆتكۈزۈپ چاتىدۇ . تۆتىنچى قاتاردىكى ئادەمنىڭ ئالقىنىدىن تېشىپ سىم ئۆتكۈزۈپ چاتىدۇ . بەش ، ئالتىنچى قاتاردىكى 12 كىشىنىڭ قولىنى كەينىگە قىلىپ سىم بىلەن باغلاپ ئوراپ يالاڭ باش قىلىپ يۈكۈندۈرۈپ قىلىچ بىلەن چاناپ ئۆلتۈرىدۇ .

ماخۇسەننىڭ ئەسكەر تۇتۇشىدىن بىر مىسال :

ماخۇسەن قېرى ـ ياش دېمەي ئەسكەرلىككە تۇتاتتى . ئائىلىدە ئەر كىشى يوق ، ئاياللار دېھقانچىلىق قىلىپ بولالماي ، كۆنجىر يىگەن يىللار كۆپ بولغان . ئەسكەرلىكتىن قاچقانلار ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن . مەسىلەن :

قارىقاش ناھىيىلىك جالالىدىن خوجام دېگەن كىشىنىڭ 20 ياشلىق ئوغلى ئەبەيدۇللا خوجىنى ئەسكەرلىككە تۇتىدۇ . جالالىدىن خوجا نېمە دېسەڭلار بېرەي ، دەپ يالۋۇرغاندا ، 15 چارەك ( بىر چارەك 16 جىڭ ، ھازىرقى جىڭغا 20 جىڭغا تەڭ ) ئالتۇن تەلەپ قىلىدۇ . جالالىدىن خوجا 15 چارەك ئالتۇن بې-رىدۇ . ئالتۇننى ئېلىپ بولۇپ ، بالىنى دادا ئالدىدا ئېتىپ ئۆلتۈ-رىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 1936 ـ يىلى يازدا ماخۇسەننىڭ ئون ئەسكىرى تاغ تەرەپكە قاچقاندا ، ئۇلارنى تۇتۇپ كېلىپ خوتەن-نىڭ سوچاڭ دېگەن يېرىدە پۈتۈن ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىدا بۇ ئون ئەسكەرنىڭ پىشانىسىنىڭ تېرىسىنى سويۇپ يۈزىگە ، بۇر-نىنى كېسىپ ئېڭىكىگە ، قۇلىقىنى كېسىپ يۈزىگە ، ئەمچىكىنى كېسىپ قورسىقىغا ساڭگىلىتىپ قويۇپ قىيناپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن .

ماخۇسەننىڭ ئاخىرقى زوراۋانلىقى :

1937 ـ يىلىنىڭ 10 ـ ئايلىرىنىڭ 10 ـ كۈنلىرى ، خوتەن ئاسمىنىدا ئۈچ ئايروپىلان پەيدا بولۇپ ، ماخۇسەن قىسىملىرى جايلاشقان ئورۇننى بومباردىمان قىلدۇ . شۇنىڭدىن كېيىنلا ئالدىدا 20 تانكا ، ئارقىدىن 40 دانە ئاپتوموبىل ( برونىك ) ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئادەتتىكى ئاپتوموبىللار ، ئۇلاردىن كېيىن ئاتلىق قىرغىز ئەسكەرلەر كېلىدۇ . شۇ كۈنلەردە ماخۇسەن قىسمى هاۋادىن بومباردىمان قىلىنسا ، تانكا برونىك قىسىملار قوغلاپ زەربە بېرىدۇ . ئاتلىق قوشۇنلارمۇ تۇشمۇ تۇشتىن زەربە بېرىشكە ئاتلىنىدۇ ( قىرغىز قوشۇن مەۋلانوۋ قوشۇنى بولۇپ ، ئۇلار قەدىمكى چوڭ مەيدانغا چېدىر تىكىپ شۇ يەرگە ئورۇنلاشقان ) . ئايروپىلان ئۈچ ـ تۆت كۈنگىچىلىك ماخۇسەن قاچاق قىسىملىرىنى تاغ ـ دالىلار ، چۆل ـ جەزىرە ، قۇملۇقلار ئارا قوغلاپ يۈرۈپ بىتچىت قىلىپ تۈگىتىدۇ . قالدۇقلىرىنى تانكا ، ئاتلىق ، پىيادە قىسىملار ئۆيمۇ ئۆي سۈرۈپ يوقىتىدۇ . شۇ كۈنلەردە قېچىۋاتقان تۇڭگانلار گەنسۇ ، چىڭخەيگە قاراپ ماڭىدۇ . بۇلار يول بويى ئۇچرىغان ئات ، كالا ، قويلارنى بۇلاپ ماڭىدۇ . تۇرسۇن شاڭخەي دەپ ئاتىلىدىغان بىرەيلەن شۇ چاغدا 15 ياشتا بولۇپ ، بىر باينىڭ 600 قويىنى بېقىۋاتقاندا ، ئۇنىمۇ بىللە ھەيدەپ چىڭخەيگە ئېلىپ كېتىدۇ . دېمەك ، قاچاق قوشۇن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئالمان ـ تالمان ئۆلتۈرۈش ، بۇلاش ، ئوت قويۇش ئارقىلىق ئۆزىگە بايلىق توپلاپ قاچىدۇ . ماخۇسەن قاغىلىقتا تۇرۇپ ، خوتەندىكى توپلىغان ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنى ئېلىپ ھىندىستانغا قاچىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ماخۇسەن قوشۇنلىرى تەلتۆكۈس يوقىلىدۇ . بۇ ئىشلارنىڭ شاھىتى ، شۇ ۋاقىتتا پەيجاڭ بولۇپ ئىشلىگەن توختىنىياز ئاخۇن ھازىرمۇ ھايات . مەۋلانوۋ قوشۇنى قولغا چۈشكەن ماخۇسەن قىسىملىرىنى چۆلدىكى قۇملۇققا ئېلىپ بېرىپ ، ھەممىسىنىڭ بويىنىدىن سىم بىلەن باغلاپ چېتىپ ، ئۇلارغا ئوق ئىشلەتمەي ، سىمنىڭ ئۇچىنى ئاپ-

تومۇبىلىنىڭ توكىغا ئۇلاپ ھەممىنى بىرلا توك بىلەن ئۆلتۈرىدۇ. بۇ ئىشقا شۇ چاغدا مەۋلانوۋ قىسمىدا بەنجاڭ بولۇپ ئىشلىگەن، ھازىر قارامايدا پېنسىيىگە چىققان كىشى شاھىت گۇۋاھ.

## ماجەنساڭ

ماجەنساڭ توغرىسىدا بىلىدىغىنىمىز ناھايىتى ئاز، ماجەنساڭ توغرىسىدا يېزىلغان ماتېرىياللار كۆپ بولسىمۇ بىر-بىرىگە زىت، ئۇنىڭ ئۇستىگە بېرىلگەن باھالار ھەر خىل. ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەر ۋالىيسى يۇنۇسبەگ سەئىدىنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىگە ئاساسەن باقىئاخۇن تۇردى ۋە بايئاخۇن ئەزىزلەر بەرگەن ماتېرىيال بويىچە تۆۋەندىكىلەرنى رەتلەپ چىقتىم.

1933 - يىلى 5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۆزىنى باندىت تازىلاش باش قوماندانى دەپ ئاتىۋالغان ماشىمىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇيغۇر تۇڭگانلاردىن تەشكىللەنگەن قوشۇنىنىڭ قوماندانى ماجەنساڭ بىر قىسىم ئەسكىرى بىلەن قەشقەر دوتەي يامۇلىغا چۈشۈپ، بىر قىسىم ئەسكىرىنى يۇمۇلاق شەھەرگە، يەنە بىر قىسىم ئەسكىرىنى يېڭى شەھەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇ ئىككى ئورۇندىكى ھەربىي تەمىناتقا ئىگە بولۇپ كۈچىنى زورايتىدۇ.

شۇ كۈنلەردە يەرلىك قوزغىلاڭچىلارنىڭ تەھدىتى ئاستىدا مارالبېشىنىڭ ئاقساقمارال ئەتراپىدا مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغان بىر تۈمەن ھۆكۈمەت قوشۇنى ۋە يەكەن، يېڭى شەھەردە مۇھاسىرىگە چۈشكەن 500 دەك ھۆكۈمەت قوشۇنى بار ئىدى. ھۆكۈمەت قوشۇنلىرىنىڭ تەسلىم بولۇپ، قوزغىلاڭچىلارغا قورال تاپشۇرۇش ۋاقتى پىشىپ يېتىلگەن پەيتتە، ماجەنساڭ ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ھىلە - نەيرەڭ ئىشلىتىپ، مارالبېشىدا مۇھاسىرىگە چۈشكەن ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىدىن 300 كىشىگە ئۆز قىسمىنىڭ كىيىمىنى كەيدۈرۈپ، قەشقەر يېڭى شەھەرگە

قايتۇرۇپ كېلىپ ، ئۇلارنىڭ قولىدىكى قورالىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن ، تۇرمۇش پۇلى تارقىتىپ بېرىپ ئائىلىسىگە قايتۇردى . بۇ ۋەقەدىن كېيىن ، تۆمۈر لۈيجاڭ ( تۆمۈر ئېلى ) يەكەن مەسىلىسىگە ئارىلىشىپ هاپىز لۈيجاڭنى بىر قىسىم ئەسكەر بىلەن يەكەنگە ئەۋەتتى . بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قىرغىز ئوسمان ئېلى قوشمەت دېگەن قىرغىز تۇەنجاڭ باشچىلىقىدا بىر قىسىم ئەسكەرنى يەكەنگە ئەۋەتىپ . يەكەن مۇهاسىرىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى . ماجەنساڭ بۇنىڭغا چىداپ تۇرالماي ، تۆمۈر لۈيجاڭغا : « يەكەن يېڭى شەهىرىدىكى هۆكۈمەت قوشۇنلىرىمۇ ماشاۋۇ بىلەن تۈزۈلگەن توختام بويىچە تىنچلىق بىلەن تەسلىم بولۇشى ، ئۇلار هاياتىنى ساقلاپ قېلىشى ئۈچۈن قەشقەرگە قولىدىكى قورالىنىڭ هىمايىسى ئاستىدا كېلىشىمگە يول بېرىشى لازىم . بۇنىڭ ئۈچۈن قوزغىلاڭچىلار مۇهاسىرىنى بوشىتىپ بېرىشى كېرەك . ئۇنداق بولمىغاندا ، توختامغا خىلاپ بولىدۇ » دېگەن مەزمۇندا خەت يازىدۇ .

تۆمۈر لۈيجاڭ بۇيرۇقنى قوبۇل قىلىپ مۇهاسىرىنى بوشىتىپ بېرىدۇ . مۇهاسىرىدىن بوشانغان هۆكۈمەت قوشۇنى ئىككى كۈن ئاتلىق يول يۈرۈپ كۆك رابات دېگەن ئۆتەڭگە سالامەت يېتىپ كېلىپ ئارام ئالىدۇ . تۈن يېرىمىدا ئۇلارنى قەشقەردىن كەلگەن ئۇيغۇر ، ئۆزبېك ، قىرغىز ئەسكەرلىرى تۆت تەرەپتىن قورشاپ ئالىدۇ . بۇ چاغدا خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىمۇ يېتىپ كېلىدۇ . تۆت تەرەپتىن هۇجۇمغا ئۇچرىغان هۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۆلۈپ ، تاڭ ئاتقاندا بىر قىسمى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولىدۇ .

بۇ ئىش ماجەنساڭغا تولىمۇ ئەلەم قىلىدۇ ...

ماجەنساڭ بىر ئىش چىقىرىش مەقسىتىدە ئوسمان ئېلىغا قارشى هەرىكەت قىلىدۇ . بۇنى بىلگەن ئوسمان ئېلى « قەشقەرنى مەن ئالغان ، تۇڭگانلار تەييار غەلىبىگە ئىگە بولۇۋېلىپ

نىمە دىمەكچى ...» دەپ غەزەپلىنىدۇ .

ماجەنساڭنىڭ قىلمىشى تۈپەيلىدىن ئوسمان ئىلى ( قىرغىز ) بىلەن تۇڭگان قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت پەيدا بولىدۇ . 1933 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ 24 ـ كۈنلىرى ، ماجەنساڭ ـ نىڭ قەشقەر يېڭىشەھەرگە ئورۇنلاشقان قوشۇنىنىڭ باشلىقى گامازا لۈيجاڭ بىلەن ئوسمان ئىلى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلايدۇ .

ئوسمان ئىلى قىسمى غەلىبىگە ئېرىشكەن پەيتتە ، ماجەنساڭ ئۆزىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىن ئەنسىرەپ ، تۆمۈر لۈيجاڭغا ھال ئېيتىپ : « مۇبادا قىرغىزلار كۈچىيىپ كەتسە بۇ چاغدا سەن بىلەن ماڭا ئورۇن نەدە ؟ ! بۇ ئىشنى توسىساڭ ! » دەيدۇ . بۇ ئىشقا تۆمۈر ئىلى ئارىلىشىپ ئۇرۇشنى توختىتىپ توختام تۈزىدۇ . توختام بويىچە ماجەنساڭ قوماندان بولۇپ يېڭى شەھەردە تۇرىدىغان ، تۆمۈر ئىلى لۈيجاڭلىقتىن سىجاڭلىققا ئۆستۈرۈلۈپ دوتەي يامۇلىدا تۇرىدىغان ، ئوسمان ئىلى توگلىڭلىقىدىن لۈيجاڭلىققا ئۆستۈرۈلۈپ يېڭى شەھەر قەلئەسىدە تۇرىدىغان بولىدۇ ۋە ماشاۋۋونى دوتەيلىكتىن قالدۇرۇپ ، ئۇيغۇرلاردىن يۇنۇس بەگ سەئىدى ( يۈۋىن لىن ـ بۇ ئادەم تۇرپانلىق بولۇپ ، خەنزۇچە ئوقۇغان ۋە يېتىلگەن زىيالى ) نى ۋالىي ، تۇڭگانلاردىن شۇجىڭشۇنى مۇئاۋىن ۋالىي قىلىپ بېكىتىدۇ . دېمەك ، ماجەنساڭنىڭ بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇشتىن ئىبارەت سۈيىقەستى ئەمەلگە ئاشىدۇ .

ماجەنساڭ ئۆز قىسمىنى ئېلىپ يېڭى شەھەرگە چىققاندىن كېيىن ، خەنزۇ ھەربىي مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى يېنىغا تارتىپ ، قورالسىزلاندۇرۇلغان ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىگە قوراللىرىنى تارقىتىپ بېرىدۇ ھەمدە ئۆزىنى يىل قەشقەر خەلقىنىڭ قان ـ تەرىنى شورىغان ماشاۋۋونى يېنىغا تارتىش ئارقىلىق تۇڭگانلارنى ئۆز ئەتراپىغا توپلايدۇ .

ماجەنساڭ يۇقارقى ئىشلارنى ئىشلەپ پۈتتۈرۈپ ، قانات
قۇيرۇقىنى رۇسلاپ ئالغاندىن كېيىن سۇيىقەست پىلانلاشقا كى-
رىشىدۇ . پىتنە ــ پاسات تېرىپ تۆمۈر ئېلى ( سىجاڭ ) بىلەن
ئوسمان ئېلى ( لۈيجاڭ ) ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلىدۇ .
يەنە تۆمۈر ئېلى ( سىجاڭ ) بىلەن خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى
ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلىدۇ . شۇ كۈنلەردە خوتەن
قوزغىلاڭچىلار باشلىقى ئابدۇللا ( شاھ ماڭسۇر )تۆمۈر سىجاڭغا
خوتەن ــ قەشقەر قىسمى بىرلىشىپ تۇڭگانلارنى قورالسىزلان-
دۇرۇش تەكلىپىنى بېرىدۇ . تۆمۈر سىجاڭ ماجەنساڭنىڭ
كۈشكۈرتىشى بىلەن خوتەن قوزغىلاڭچىلار باشلىقى ئابدۇللا
( شاھ ماڭسۇر ) نى قاماپ قويىدۇ . ئۇنىڭ قىسمىنى قورال-
سىزلاندۇرىدۇ . بۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن خوتەن ئۇرۇشى پارتلايدۇ .
بۇ چاغدا تۆمۈر سىجاڭ بارلىق كۈچىنى خوتەن قوزغىلاڭچىلى-
رىنى بېسىقتۇرۇشقا ئىشلىتىدۇ .

پەيتنى غەنىمەت بىلگەن قارايۈرەك ماجەنساڭ ۋاپاغا جاپا
قىلىپ[1] قول ئاستىدىكى تۇەنجاڭ گامازىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ،
1933 - يىلى 9 - ئاۋغۇست كۈنى تۆمۈر سىجاڭنى ئېتىپ ئۆلتۈ-
رۈپ خەزىنە ۋە دىۋىزىيە شتابىدىكى ئوق ــ دورا ، قورال ــ
ياراغ ، ئالتۇن ــ كۈمۈشلەرنى غەنىمەت ئېلىپ ئۇنى يېڭى شە-
ھەرگە توشۇيدۇ ۋە شەھەر ئەتراپىغا كېلىۋالغان ئۆزبېك قو-
شۇنلىرىغا جازا يۈرۈشى قىلغان بولسىمۇ كۆپ زىيان تارتىپ
چېكىنىدۇ . ۋەقەدىن كېيىن ئوسمان ئېلى بىر تەرەپتىن ، ئۆز-
نىڭ تۇڭگانلارنى قورالسىزلاندۇرۇش پىكرىنىڭ توغرىلىقىنى
ھېس قىلسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ماجەنساڭنىڭ ھېيلىسىگە
ئۇچراپ تۆمۈر سىجاڭ بىلەن زىتلەشكەنلىكىنى چۈشىنىپ يې-
تىدۇ ــ دە ، ئۇيغۇر ، ئۆزبېك قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ ،

---

① تۆمۈر سىجاڭ ماجەنساڭنى بىر قانچە قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرغان ھەتتا خوجىنىياز ھاجىنىڭ نەچچە قېتىم تۇڭگانلارنى قورالسىزلاندۇرۇش توغرىسىدا بەرگەن بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلمىغان . ئوسمان ئېلى خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ تۇڭگانلارنى قورالسىزلاندۇ-رۇش تەكلىپىنى رەت قىلغان .

1933 - يىلى 16 - ئاۋغۇست بىرلا ھۇجۇم بىلەن قەشقەر شەھە-
رىنى ماجەنساڭدىن تارتىۋالدۇ . ماجەنساڭ يېڭى شەھەرگە
يوشۇرۇنىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ماجەنساڭ يېڭى شەھەردە 165 كۈن
مۇھاسىرىدە قالدۇ . بەشىنچى مافۇيۇەن قىسىملىرىنى قەشقەرگە
باستۇرۇپ كېلىپ ، يەرلىك قوشۇنلار ئىچىدىكى چېچىلاڭغۇ-
لۇق ، ئىتتىپاقسىزلىق تۈپەيلىدىن قەشقەرنى ئىشغال قىلىدۇ .
ماجەنساڭ مۇھاسىرىدىن قۇتۇلۇپ ، قەشقەرنى قايتىدىن قولغا ئا-
لىدۇ . 1934 - يىل 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ( بەزىلەر 4 - كۈنى دې-
سە ، بەزىلەر 8 - كۈنى دېيىشىدۇ ) ماجەنساڭ قەشقەردە قەتلىئام
( قىرغىنچىلىق ) ئېلىپ بېرىپ 6،000 دىن ئوشۇق ( بەزىلەرنىڭ
دېيىشىچە 8،000 ، بەزىلەر 10،000 دېسە ، شۇ چاغدا پاكىستاندا
چىقىرىلغان بىر گېزىت 12 مىڭ 300 ئادەم ئۆلتۈردى ، بۇنىڭ
ئىچىدە بوۋاقلار تۆت ، بەش ياشلىق باللار سانى تېخى ئېنىق
ئەمەس دەپ يازغانىكەن ) ئادەمنى قىرىپ تاشلايدۇ . بۇنىڭدىن
باشقا يېڭىساردىكى خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن بولغان ئۇ-
رۇشتا نۇرغۇن ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولدى .

## ماجۇڭيىڭ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى تەپرىقچى ما فامىلىلىكلەر

ماجۇڭيىڭ بىرىنچى قېتىم شىنجاڭغا چىققاندىن كېيىن
1933 - يىلى 5 - ئايدا لودۇڭ ئەتراپىدا بولغان ئۇرۇشتا يارىلىنىپ
ئىچكىرىگە قايتىدۇ . قايتىش ۋاقتىدا ، ماشىمىڭ دېگەن كىشىنى
قۇمۇلدا قالدۇرىدۇ .

ماشىمىڭ قۇمۇلدا بولغان مەزگىلىدە تۆمۈر بوتۇڭ ( تۆ-
مۈر ئېلى سىجاڭ ) قاتارلىق ئالتە كىشىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ ،
پىچان ، لۈكچۈن ، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا كېلىپ خوجىنياز
ھاجىم ئەسكەر باشلاپ كېلىۋاتىدۇ دەپ خەلقنى قوزغاپ ئۇرۇش
قىلىپ ، تۇرپان ، پىچان ، توقسۇن ، قارا شەھەر ، خوتۇنسۇمۇل ،

كورلا ماشىمىلار بىلەن مەھمۇت مۇھىتى ( مامۇت سىجاڭ ) نىڭ قولىغا ئۆتىدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن ماشىمىڭ ماجەنلۇڭ دىگەننى ئۈرۈمچى ئەتراپىدا خەلقنى قوزغاپ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىدۇ . ماجەنلۇڭ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىپ چوڭ كۆۋرۈك ( شىداچاۋ ) غىچە كېلىدۇ . لېكىن ماجەنلۇڭ قول ئاستىدىكى مادىشاڭ مەخپىي ھالدا شېڭ شىسەي بىلەن بىرلىشىپ ماجەنلۇڭنى ئېتىپ تاشلايدۇ . نەتىجىدە ، ما قىسىملىرى غەلىبە قىلالمايدۇ .

شۇ كۈنلەردە ، قارا شەھەردە تۇرۇۋاتقان ماشىمىڭ مادىشاڭنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ ، يوشۇرۇن ھالدا داۋانچىڭغا كېلىپ ؛ مەخپىي ئادەم ئەۋەتىپ مادىشاڭنى ئۆلتۈرۈپ ، ئۇنىڭ بېشىنى ئېلىپ ، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۆز قىسمىغا قوشۇۋالىدۇ . ماشىمىڭ قارا شەھەردىكى ۋاقتىدا ، ئاقسۇنى ئىشغال قىلىپ تۇرغان تۆمۈر ئېلىغا ياردەم بېرىش نامى بىلەن ماجەنساڭنى ئاقسۇغا ئەۋەتىدۇ . ماجەنساڭ ئىتتىپاقداش سۈپىتىدە ، تۆمۈر ئېلى بىلەن قەشقەرگە بارىدۇ . ئۇزاق ئۆتمەي ماجەنساڭ قەشقەردە تۆمۈر ئېلىغا قەست قىلىپ ئۆلتۈرۈپ ، ئۇنىڭ بېشىنى سازايى قىلىدۇ . بۇ چاغدا قەشقەردىكى ئۇيغۇر ، قىرغىز ، ئۆزبېك ئەسكەرلەر ماجەنساڭغا ھۇجۇم قىلىدۇ . ماجەنساڭ يېڭى شەھەرگە كىرىپ مۇداپىئە ئۇرۇشى قىلىدۇ . شېڭ شىسەي بىلەن خوجىنىياز ھاجى فۇكاڭدا كېلىشىم ھاسىل قىلىدۇ . بۇ كېلىشىم ــــ « فۇكاڭ ئەھدىنامىسى » دەپ ئاتىلىدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن خوجىنىياز ھاجى مەھمۇت مۇھىتى بىلەن بىرگە قوشۇننى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭغا ماڭىدۇ . بۇ چاغدا ماشىمىڭ مافۇيەننى ئۈچ پولك ئەسكەر بىلەن خوجىنىياز ھاجىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىدۇ . باش ئەگىم ، ئاقسۇ ئوتتۇرىسىدا بىر قانچە قېتىم جەڭ بولىدۇ . خوجىنىياز ھاجى قاقشال يولى بىلەن قەشقەرگە بارىدۇ . مافۇيەن ئارقىدىن قوغلاپ بېرىپ پەيزىۋاتتا چوڭ جەڭ

بولىدۇ . خوجىنىياز ھاجى قەشقەرنى تاشلاپ ئاغۇ تاغلىرىغا ئو-رۇنلىشىدۇ . مافۇيەن ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ ، زىياننى كۆپ تارتىپ ، قەشقەرگە كېلىپ ، ماجەنساڭ بىلەن بىرلىشىۋالىدۇ .

خوجىنىياز ھاجى يەكەن ، مارالبېشى ئارقىلىق ئاقسۇغا كېلىدۇ ۋە سوۋېت تەرەپنىڭ ياراشتۇرۇشى بىلەن شېڭ شىسەي بىلەن بىرلىشىپ ئۆلكىگە مۇئاۋىن رەئىس بولىدۇ .

بۇ ۋەقەنىڭ ئالدى ــ كەينىدە ــ ماجۇڭيىڭ ئۇرۇمچىدىن چېكىنىپ قەشقەرگە بېرىپ ماجەنساڭ ، مافۇيەنلەر بىلەن بىرلە-شىدۇ ۋە قەشقەردىكى سوۋېت كونسۇلىنىڭ ياراشتۇرۇشى بىلەن ماجۇڭيىڭ پۈتۈن قىسمىنى ماخۇسەنگە قالدۇرۇپ سوۋېت ئىت-تىپاقىغا كېتىدۇ . ماخۇسەن قەشقەردە قالىدۇ . ماجۇڭيىڭ گو-چوڭنى ئالغاندىن كېيىن ماخەيېڭ دېگەننى ئالتاي ــ چۆچەك-لەرنى ئېگەللەش ، چۆچەك ئارقىلىق ئۇرۇمچىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىدۇ . ماخەيېڭ ئالتاي ــ چۆچەكلەردە نۇرغۇن بۇلاڭ ــ تالاڭ ، قىرغىن قىلىشلارنى ئېلىپ بارىدۇ . بۇ چاغدا ، ئالتايدىكى سوۋېت كونسۇلى ئىككىلىنىپ تۇرغان شېرىپخاننى ھەرىكەت-لەندۈرۈپ ، ماخەيېڭ بىلەن ئۇرۇشقا ئاتلاندۇرىدۇ .

ماخەيېڭ ئالتايدىن چېكىنىپ چۆچەككە كەلگەندە ، شېڭ شىسەي قوشۇنىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ ئۆلىدۇ .

ماشىمىڭ قارا شەھەردىكى ۋاقىتىدا ، خوجىنىياز ھاجى جەنۇبىي شىنجاڭغا ماڭغاندا ، ماشىمىڭ خوجىنىياز ھاجىنى توسۇپ ئۇرۇش قىلىدۇ . شۇ ئۇرۇشتا ماشىمىڭ ئۆلىدۇ .

بۇ تەپرىقىچى ما فامىلىلىكلەر ئۆز ۋاقتىدا ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغان بولسىمۇ ، بۇلارنىڭ شىنجاڭدا ئۆلتۈرگەن ئادىمى شېڭ شىسەي ئۆلتۈرگەنلەردىن ئانچە ئاز ئەمەس ئىدى .

## ئوسمان

ئوسمان ئىسلام ئوغلى كېرەيىنىڭ مولقى قەبىلىسى ، ئاي-تۇغان ئۇرۇقىدىن . ئۇ 1889 - يىلى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ كۆكتوقاي ناھىيىسى ئوندىرقارا كەنتىدە تۆۋەن ئوتتۇرا چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . 1940 - يىلغىچە كۆكتوقايدا ئائىلە چارۋىچىلىقى بىلەن شۇغۇللانغان . 1940 - يىلى 2 - ئايدىكى ۋە 1941 - يىلى 6 - ئايدىكى ئالتاي خەلقىنىڭ شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان ئىككى قېتىملىق قوزغىلىڭىغا قاتناشقان . 1941 - يىلى 10 - ئايدىن 1943 - يىلى 7 - ئايغىچە ئىككى قېتىملىق قوزغىلاڭنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنىڭ باشلامچىسى ، 1943 - يىلى 7 - ئايدىن 1945 - يىلى 9 - ئايغىچە ئالتاي پارتىزانلىق ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى ، « ئالتاي ۋاقىتلىق خەلق ھۆكۈمىتى » نىڭ باشلىقى ، 1945 - يىلى 10 - ئايدىن 1947 - يىلى 2 - ئايغىچە ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى ، 1946 - يىلى 7 - ئايدىن باشلاپ ( ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن گومىنداڭ ۋەكىللىرى بېتىم ئىمزالىغاندىن كېيىن ) ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى بولغان . 1948 - يىلى 2 - ئايدىن 1949 - يىلى شىنجاڭ ئازاد بولغانغا قەدەر گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈكۈمىتى يۆلەپ تۇرغۇزغان قورچاق ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى بولغان ( بۇ قورچاق ۋالىي مەھكىمە گۈچىڭدا ئىدى ) . 1951 - يىلى 5 - ئايدا « باندىت »،« نەق ئەكسىلئىنقىلابچى » دەپ ھۆكۈم قىلىنىپ ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى .

## جانىمقان

جانىمقان تىلەۋ باي كىرەي جەنتەكەي قەبىلىسىدىن بولۇپ ، ئۇ ئالتاي — سارسۇنبا ناھىيىسىدە تەخمىنەن 1880 - يىل-

لىرى تۇغۇلغان. بالىلىق دەۋرىدە كونا مەكتەپتە بىلىم ئالغان. ئۇ شىنجاڭ ئازاد بولۇش ئالدىدا ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىگە نازىر بولغان.

1949 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئوسمان باندىت بىلەن بىرلىشىپ ۋەتەندىن يۈز ئۆرۈپ چەت ئەلگە قاچقان. 1949 - يىلى 9 - ئاي-ىنىڭ ئاخىرى قولغا چۈشۈپ، 1951 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرى ئۆرۈمچىدە ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى.

## يەتتىنچى باب

### زوھورىدىن ھېكىم بەگ

زوھورىدىن ھېكىم بەگ تۇرپاندىكى ئىمىن ۋاڭنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ 1830 ـ يىللاردا قەشقەرگە ھاكىمبەگ بولغان. ئۇ ئۆز ھوقۇقى ۋە كۈچ ـ قۇدرىتى يار بەرگەن دائىرە ئىچىدە بىر قەدەر ئادالەت بىلەن ئىش يۇرگۈزۇشكە تىرىشتى. ئىلىم ـ مەرىپەت ئەھلىنى ئۆزىگە يېقىن دوست تۇتتى.

زوھورىدىن ھېكىم بەگ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى يۇرگۈزۇشتە بىر قاتار ئېقىلغا مۇۋاپىق چارە ـ تەدبىرلەرنى يولغا قويۇپ، نىزارى، ئىمىر ھۆسەيىن سەبۇرى، تۇردى نازىم (غەرىبى)، نورۇز ئاخۇن كاتىپ (زىيائى) قاتارلىق ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچى ـ شائىرلىرىنى، ئىلىم ـ پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى بويىچە مۆتىۋەر ئالىملارنى ۋە ئۇستا سازەندىلەرنى ئەتراپىغا توپلاپ، ئۇلارغا ئۆز سارىيىدا خىزمەت ۋە ئايرىم ئىمتىيازلارنى بەردى. ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى يۇرگۈزۇشتە ئۇلاردىن پىكىر، مەسلىھەتلەر ئالدى. يۇقىرىقى پىكرىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە مۇنداق بىر تارىخىي ھېكايىنى كەلتۈرىمىز:

چىڭ ئوردىسىدىن قەشقەر شەھىرىنىڭ «تاشقارقى شەھەر» دەپ ئاتالغان غەربىي جەنۇبىي قىسمىنى سېپىل ئېھاتىسىغا ئېلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشىدۇ. زوھورىدىن ھېكىم بەگ بۇنى ئورۇنلاشقا كىرىشىدۇ. ئىش ئاخىرلىشىش ئالدىدا شەھەرنىڭ باش دەرۋازىسى دېيىلگەن شەرقىي دەرۋازىغا («تۆشۈك دەرۋازا») ئېسىلىدىغان تاختايغا سېپىل ئېھاتىسىنىڭ پۈتۈش يىلى ۋە بۇنى ياساتقۇچى ھەققىدە شېئىر يېزىش

ۋەزىپىسى ئابدۇرېھىم نىزارىغا تاپشۇرۇلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن نىزارى تاختايغا تۆۋەندىكى شېئىرنى يازىدۇ :

كى بىر مىڭ ئىككى يۈز ئەللىك بەشى تارىخىي پەيغەمبەر ،
بىنا ئەتتى شەھەرنى ئول زوھورىدىن بەلەن ئەختەر .
دىيايارى خىلىنىڭ ھالىغا رەھمەيلەت ھىدايەدىن ،
قىلىپ قەلئەنى گويا سەددى ئىسكەندەر .

بۇ شېئىر زوھورىدىن ھېكىم بەگكە تولىمۇ ياراپ كەتكەنلىكتىن ، نىزارىغا ئېسىل تون كىيدۈرۈپ ، نۇرغۇن سوۋغىلارنى ئىنئام قىلىدۇ .

زوھورىدىن ھېكىم بەگ دەۋرىدە ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يۇقىرىقىدەك ئەنئەنىۋى تەسىرى ئاستىدا يازما ئەدەبىيات راۋاجلىنىپ ، كۆپلىگەن يازغۇچى ، شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك بەدىئىي ماھارىتىنى كۆرسىتىپ مەيدانغا چىقتى .

زوھورىدىن بەگ ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان 20 يىلدەك نىسپىي مۇقىملىق مەزگىلىدە ، ئۇنىڭ بىۋاسىتە تاپشۇرۇقى ۋە دالالىتى بىلەن : « خەمسە نازارى » ، « دورىلناجات » ( « نىجاتلىق ئۈنچىلىرى » ) ، « ماقالات » ، « دىۋان سەبۇرى » ، « كىتاب غېرىب » ، « مەھزون ئەلۋاھىزىن » ( « مۇڭلۇق ۋەزىلەر » ) قاتارلىق ئۆلمەس ئەسەرلەر يارىتىلىپ ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ خاقانىيە ئەدەبىياتى دەۋرى ۋە ئەلىشىر ناۋائى دەۋرىدىن كېيىنكى ئۈچىنچى قېتىملىق ئالتۇن دەۋرىنى باشتىن كەچۈردى . ئابدۇرېھىم نىزارى ، ئىمىر ھۈسىين سەبۇرى ، تۇردى نازىمى ( غېرىبى ) ، نورۇز ئاخۇن كاتىپ ( زىيائى ) ، مۇھەممەت سادىق قەشقىرى قاتارلىق يازغۇچى ئالىملار شۇ دەۋردىكى ئەدەبىياتنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىللىرى ئىدى .

## شائىر سىيىت مۇھەممەت ۋە « شەرھى شىكەستە »

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ 19 ـ ئەسىرگە تەئەللۇق مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن بىرى بولغان « شەرھى شىكەستە » ( قايغۇ ـ ھەسرەتلەر بايانى ) داستانى غۇلجىلىق شائىر سىيىت مۇھەممەت ھېيىت مۇھەممەت ئوغلى تەرىپىدىن 1882 ـ يىللىرى ئۇيغۇرلار- نىڭ قەدىمكى يۇرتلىرىدىن بولغان يەتتە سۇ رايونىدا يېزىلغان .

ئەسەردە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھەم چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ زۇلمى ۋە مەشھۇر « كۆچ ـ كۆچ » ۋە- قەسىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى خەلقنىڭ زۇلمەتلىك تۇرمۇشى ، زالىملارنىڭ قىرغىنچىلىقلىرى ۋە بۇنىڭغا قارشى خەلق قوزغى- لىشىغى بايان قىلىنغان .

بۇ ئەسەرنىڭ قولىيازمىسى مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدىلا ، ن . ن . پانتسوۋنىڭ قولىغا چۈشكەن بولۇپ ، ئۇ ، « شەرھى شىكەستە » نىڭ قول يازمىسىنى رۇس تىلىغا ئەينەن تەرجىمە قىلىپ ، ئۇيغۇرچە نۇسخىسى بىلەن بىللە 1909 ـ يىلى قازان دا- رىلفۇنىنىڭ نەشرىياتىدا نەشر قىلغان . بىراق ھازىرغىچە بۇ قىم- مەتلىك تارىخىي ئەسەرنىڭ ئاپتورى بولغان سىيىت مۇھەممەت- نىڭ تەرجىمە ئەھۋالى توغرىسىدا ئېنىق ماتېرىيال يوق . ئە- سەرگە مۇراجىئەت قىلغىنىمىزدا ، شائىر سىيىت مۇھەممەتنىڭ ئىلى قاش يېزىسىنىڭ ئالتۇن ئۆستەڭ دېگەن يېرىدە ( ئەسەردە ئۆزىنى پېقىر ، مەھەللىداشلىرىنى ئالتۇن ئۆستەڭلىكلەر دەپ تەسۋىرلەيدۇ ) كەمبەغەل ئائىلىسىدە تۇغۇلغانلىقى مەلۇم . ئۇ بۇ ئەسىرىنى 1882 ـ يىللىرى ـــ 60 ياش چاغلىرىدا ( ئەسەردە « يېشىمىز 60 تىن ئۆتتى ئەمدى بولساق شادلىق » دېگەن سۆز بار ) ئەسلى يەتتە سۇلۇق ئۇيغۇرلارنىڭ يېنىغا كۆچۈپ بارغان- دىن كېيىن يازغانلىقى ئېنىق .

ئەسەرنىڭ تىل ئۇسلۇبى ۋە باشتىن ـ ئاخىر مۇخەممەس

شەكلى بىلەن يېزىلغانلىقىغا قارىغاندا مۇئەللىپنى شەرق ئەدەبىـ ياتى بىلەن خېلى بۇرۇنلا پۇختا تونۇشقان دېيىشكە بولىدۇ. شۇ دەۋرنىــڭ مەدەنىيەتلىك ۋە يۇقىرى مەلۇماتلىق زىيالىيلىرىدىن ئىكەنلىكىنى، جۈملىدىن ئۇنىڭ يازمىلىرى يالغۇزلا «شەرھى شىكەستە» ئەمەس دېگەن قارىشىمىزنى مۇقىملاشتۇردى. داسـ تانىدىكى تەسەۋۋۇردىن قارىغاندا، شائىر ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى يـۇرتى يەتتە سۇدا ۋاپات بولغان. ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكى ناھا- يىتى ئۇستىلىن بولۇپ، قۇرۇلمىسى پۇختا، راۋان، ۋەقە رېئال با- يـان قىلىنغان. شائىر خەلقنىڭ قايغۇ ــ ھەسرىتىگە ئورتاق بو- لـۇپ، ناھەقچىلىكلەرگە خالىس، ئىللا تۇرۇپ جاۋاب بەرگەن. شـۇڭا شائىرنىڭ سىنىپىي ۋە دېموكراتىك مەيدانىنى ئىنتايىن روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## مۇقامشۇناس ھۇسىينخان پەيزى ۋە ئۇنىڭ مۇقام ۋارىسلىرى

1820 ــ يىللار ئەتراپىدا قەشقەرنىڭ ھاكىم بېگى، تۇر- پانلىق ۋاڭ ئەۋلادى ئەبۇلھادى قەشقەرخانئېرىق جامەسىنىڭ خاتىپى ۋە خان مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى، مۇقام ئۇستازى ھۇ- سىينخان (پەيزى) نىڭ ئىلىم ــ سەنئەت، مۇزىكا ــ مۇقامچىـ لــىقتىكى داڭقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى قەشقەرگە ئائىلىسى بىلەن كۆچۈرۈپ كەلگەن. ئۇنى دەسلەپتە كەنجازا مەدرىسىگە، كېيىن ساقىيە مەدرىسىگە مۇدەررىس قىلىپ تەيىنلىگەن. ھۇسىينخان پەيزى قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن، ئىلىم تــەھسىل قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، مۇزىكا ــ مۇقامشۇناسلىقتا داڭق چىقىرىپ، قەشقەرنىڭ ئالدىنقى ئەسىردىكى مۇقامچىسى بولۇپ قالغان.

ئەبۇلھادى ھېكىم بەگ ھۇسىينخان پەيزىنىڭ ئىلىم ــ بىلىمدىكى تالانتىغا قايىل بولۇپ، ئۇنى ئۇستاز تۇتقان ۋە يېقىن

مەسلىھەتچىسى قىلغان .
ھۈسىيىنخان پەيزى ھېكىم بەگ ھوزۇرىدا بولغان كۈنـ
لەردە ئۇنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇچتۇرپان ، كۇچا ، تۇرپان ۋاڭـ
لىرى ئەۋەتكەن ئوردا مۇقامچىلىرى ۋە قەشقەرنىڭ ئاتاقلىق مۇـ
قامچىسى بايىز موللا ( خەلق بايىز ساتار دەپ ئاتايدۇ ) ، ئۆز
ئوغۇللىرىدىن ھېلىم ساتار ، سېلىم داپەندە قاتارلىق كىشىلەرگە
مۇقام ئۇستازى بولغان ، شۇنداقلا خەلق ئاغزىدا ئېيتىلىپ يۈرـ
گەن مۇقاملارنى قېلىپلاشتۇرغان . مۇقامغا سېلىنغان غوجايىز ،
شىراز ، ئەدىھەم ، سۇفى ئاللايار ، خوجائەخمەت يەسىۋىلەرنىڭ
تەركى دۇنيالىق تەرغىپ قىلىنغان شېئىرلىرى ئورنىغا ئىسلام
ئەقىدىسى بىلەن تولغان مۇھەببەتنامىلەر ۋە مەشرەپ شېئىرلىـ
رىنى سېلىپ ، مۇزىكا ساداسى بىلەن شېئىرنىڭ ئىلتىجاسىنى
بىرلەشتۈرۈپ ، مۇقامنى كىشىنىڭ روھىي دۇنياسىغا تەسىر
كۆرسىتەلەيدىغان دەرىجىگە يەتكۈزگەن .
1828 ـ يىلى جاھانگىر خوجا قوزغىلىڭى بېسىقتۇرۇلغانـ
دىن كېيىن ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جايلاردىكى ۋاڭ ـ
گۇڭلارنى بىر قېتىم ئالماشتۇرغان . بۇ چاغدا ئەبۇلھادى ھۈسىـ
يىنخان پەيزى ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ھېلىم ، سېلىمنى بىللە
ئېلىپ كېتىپ ، كۇچا ، تۇرپان ، ئىلى قاتارلىق جايلاردا بىر
نەچچە يىل بىللە تۇرغان . مۇشۇ جەرياندا ھۈسىيىنخان پەيزى
كۇچا ئوردا مۇقامچىلىرىغا ئۇستاز بولغان ، تۇرپاندا ھەسەنبالا ،
ئابدۇلبالا ، غوجەك سۇنايلارغا سۇناي ، داپ بىلەن ئورۇندايدىـ
غان مۇقامنى ساتار بىلەن ئورۇنداشنى ئۆگەتكەن ، ۋاڭ ـ
گۇڭلارغا توقۇلغان مەدھىيە تېكىستلىرىنى ئومۇملاشقان تېـ
كىستلەرگە ئۆزگەرتىپ ئېيتىشنى قېلىپلاشتۇرغان . 1836 ـ
يىللاردا ، گۇناھىنى يۇيۇپ قايتا غۇلجىغا ھاكىم بەگ بولغان
خالزاتخان ( خالزاتخان غۇلجىدىن خاتالىشىپ مەنسىپى ئېلىنىپ
تۇرپانغا ئەۋەتىلگەن ) ئەبۇلھادى ۋاڭ بولغاندىن كېيىن ھۈسىـ

يىنخان پەيزىنى بالىلىرى بىلەن غۇلجىغا ئېلىپ چىققان . ھۆسە-
يىنخان پەيزى شۇنىڭدىن كېيىن ئىلىغا 12 مۇقامنى سىستېمىلىق
تارقاتقۇچى تۇنجى مۇقام ئۇستازى بولغان . 1840 ــ يىللىرى
ھۆسەيىنخان پەيزى مۇزات يولى بىلەن قەشقەرگە قايتىپ كې-
لىپ ، ئۇزاق ئۆتمەي قېرىلىق ۋە كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن
ئۆتكەن . ئۇنىڭ جەسىتى سېيىت جالاۋىدۇن باغدات بىلەن ئاق-
مازار گۇمبىزى ئارىلىقىغا دەپنە قىلىنغان .

ھۆسەيىنخان پەيزى ۋاپات بولغاندا ئۇنىڭ ئوغۇللىرى
ھېلىم ، سېلىم كامالەتكە يەتكەن مۇقامچىلاردىن بولۇپ يېتىلگە-
نىدى .

1865 ــ يىلى بەدۆلەت ( ياقۇپ بەگ ) قەشقەردە ھاكىمى-
يەت قۇرغاندىن كېيىن ، ئوردا ئوركېستىرى قۇرۇلغان . بەدۆلەت
جايلاردىن تاللاپ ئېلىپ كېلىنگەن سازەندە ، مۇقامچىلارنى
ياراتمىغان . شۇ كۈنلەردە ھۆسەيىنخان پەيزىدىن تەلىم ئالغان
بايىز موللا ئوردىغا ئېلىپ كېلىنگەن . لېكىن ئەينى ۋاقىتتا قېرىپ
قالغان بايىز موللا ئۇنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالمىغان . شۇڭا ئۇ
ئۇستازىنىڭ ئوغلى ھېلىم ، سېلىمنى ئوردىغا تونۇشتۇرغان .
ئۇلار ئوردىدا تۇرۇش جەريانىدا بەدۆلەتنىڭ سىرداشلىرىدىن
بولۇپ قالغان . بەدۆلەت شىمالغا يۈرۈش قىلغاندا ھېلىم خەل-
پەت ، سېلىم خەلپەتلەرمۇ بىللە بولغان . بەدۆلەت ئاقسۇدىن
ئۆتكەندە ، كۇچا ، ئۇچتۇرپان ۋە شايار بەگلىرىنىڭ بىرلەشمە
ھۇجۇمىغا دۇچ كېلىپ ، 30 مىڭ ئەسكىرىدىن ئايرىلىپ قالغان .
بۇ زور چىقىمدىن خۇرسىنغان بەدۆلەت ئۈچ كۈن گەپ قىلماي
يۈرگەن . بۇ چاغدا مۇقامچىلار مۇقام ئېيتقان . بەدۆلەت مۇقامنى
قايتۇرۇپ ئېيتىشنى ئۈچ قېتىم تەلەپ قىلغان ۋە ئۇلارغا ئىنئام
بەرگەن . ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي بەدۆلەت ئۇلارنى يەنە مۇقام
ئېيتىشقا بۇيرۇغان . لېكىن ئۇلارنىڭ ئاۋازى پۈتۈپ قېلىپ
ياخشى ئېيتالمىغان ، بۇنىڭغا ئاچچىقلانغان زالىم بەدۆلەت مېھ-

مانلىرىم ئالدىدا يۈزۈمنى چۈشۈردى دەپ ، ھلىنىم ، سىلىمنى ئۆ-
لۈمگە ھۆكۈم قىلغان .

## ئابدۇقادىر داموللا

ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇۋارىس قەشقىرى ، قەشقەرلىك ( 1862 ــ 1924 ــ يىل ) مەشھۇر فىقىھ ، تەرەققىپەرۋەر ئەدىب ھەم مەرىپەتچى دېموكرات زات ، دىنىي ئىسلاھاتچى . ئۇنىڭ ياشلىق دەۋرى بۇخارا ، قازان ، ھىندىستان ، مىسىر ۋە تۈركىيە قاتارلىق جايلاردا ئۆگىنىش ، تەكشۈرۈش ، تەتقىق قىلىش بىلەن ئۆتكەن . ئۇ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، بىر تەرەپتىن ، دىنىي مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش ، يېڭى مەكتەپ ئېچىش ، جۇغراپىيە ، تارىخ ، ئەدەبىيات ، ھېساب قاتارلىق يېڭى پەنلەرنى ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلىپ ، كونىلىقا ، جاھالەتپەرەسلىككە قارشى كۈرەش ئېلىپ بارغان . يەنە بىر تەرەپتىن ، يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ، قىسقىغىنە ھاياتىدا « ھىدايىتى نەھرى » ، « ئىبادەت ئىسلامىيە » ، « نەسىھەتى ئاممە » ، « خۇفتاھىل ئۆلۈم » ، « ئاقايىت زورورىيە » ، « جاۋاھىرول ئىقات » ، « ئىرشادىل موسامەيىن » قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى . ئۇنىڭ بەزى ئەسەرلىرى مىسىر ، قازان ، تاشكەنت قاتارلىق جايلاردا نەشر قىلىنىپ ئەينى زاماندا زور تەسىر قوزغىغان . ئۇ 1924 ــ يىلى قەشقەردىكى چەت ئەللىكلەرنىڭ قۇترىتىشى ۋە مۇتەئەسسىپ قارا كۈچلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا سۇيىقەست بىلەن پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلگەن .

## تاش ئاخۇن ( تاشۋاي )

تاش ئاخۇن ( 1851 ــ 1937 ) ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەر شەھىرىدە ئاتاقلىق ئاتا مىراس تۆت باي

ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى باقى ئاخۇن (تورغاي)، ئۇ قانچە پۇلدار بولسىمۇ، لېكىن ئاددىي ــ ساددىي يۈرۈيدىغان، چوڭ سورۇنلاردا ئۆزىنى كۆرسىتىشنى خالىمايدىغان پەزىلەتلىك كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ تاش ئاخۇن ئىسىملىك بىر بالىسى بار ئىدى.

تاش ئاخۇن ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىن، قەشقەردىكى مەدرىسىدە دىنىي بىلىم ئالىدۇ ۋە ساۋاقداشلىرى ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئىلىم ئىگىسى بولۇپ يېتىلىدۇ.

تاش ئاخۇن ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىلا شوخ ۋە ئەركە ئۆسكەن بالا بولۇپ، كىچىكىدىن باشلاپ مەرت ۋە پالۋان (نوچى) بولۇپ يېتىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇ چاغلاردا راۋاب چالالايدىغان ۋە ناخشا ئوقۇشنى بىلىدىغان بولۇش ــ مەرتلىك ــ نوچىلىقنىڭ بىر شەرتى بولغاچقا، ئۇ بۇ شەرتنى ھازىرلاش ئۈچۈن، قەشقەر قارقۇ (قارقى) دەرۋازىسىدا ناۋايلىق قىلىدىغان تاھىر ئۇستامغا ھەق تۆلەپ، راۋابچىلىق ۋە ناۋايچىلىقنى ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ مەخسۇمچە بايۋەچچىلىك ھايات يولىنى ئۆزگەرتىپ، راۋابنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىدۇ، مەدرىسلەرگىمۇ راۋابنى كۆتۈرۈپ بارىدۇ. بۇنداق ھالەتنى ياقتۇرمىغان مەدرىس مولللىسى تاشۋاينى مەسخىرە قىلىپ:

ــ ئىلمى تالىپ بولساڭچۇ، ئابدال راۋابچى بولغۇچە،

نان سېتىپ تەۋەڭدە، بازاردا ۋەيران بولغۇچە، ــ دەيدۇ.

تاش ئاخۇن ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا:

ــ ئىشلەپ يىمەي ئەلدىن كۆتۈش كوللۇم ھارام،

قوي دۇئانى، ئىشلەسەنمۇ، ماڭا ۋەزدان بولغىچە، ــ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، خەلپەت ۋە مۇدەررىسلەر تاش ئاخۇنغا باشقىچە قارايدۇ. تاش ئاخۇننىڭ ئاتا ــ ئانىسىمۇ ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى ياقتۇرمايدۇ. لېكىن نائىلاجلىقتىن بۇ

يالغۇز ئوغلىنىڭ رايىغا باقىدۇ.

مەدرىستىن قالغان تاش ئاخۇن قەشقەرنىڭ توت دەرۋا- زىسىدا توت ناۋايخانا ۋە پاناھسىزلارغا ئاتاپ بىر ساماۋەرخانا ئاچىدۇ. ئۆزى ھەرقايسى چوڭ سورۇنلارغا بىرىپ راۋاب ئاڭلاپ، قىتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، ئۇزاق ئۆتمەي راۋاب چېلىشتا داڭلىق چىقىرىدۇ. ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە ئەزاندىن ئىلگىرى راۋاب چېلىپ شەھەر كوچىسىنى ئايلىنىپ داۋاملىق مەشق قى- لىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، مۇزىكا ئىجاد قىلىشقا كىرىشىدۇ.

تاش ئاخۇن كامالەتكە يىتىپ، قەشقەر شەھىرىدىكى راۋابچىلاردىن ئۆتۈپ كىتىدۇ. كىيىن ئۇ ئەنجاندا مەتەك ئاقسا- قال دىگەن قەشقەر ئاۋاتلىق داڭلىق راۋابچىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، ئەنجانغا چىقىپ، بەسلىشىپ شۆھرەت قازىنىدۇ. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا بولغان چاغلىرىدا ياقۇپبەگ ھاكىمىيتى ئاغدۇ- رۇلۇپ، چىڭ خاندانلىقى ھاكىمىيتى قايتىدىن تىكلىنىدۇ. زوزۇڭتاڭ قەشقەردە بىر مەزگىل بۇلاڭ ــ تالاڭچىلىق ۋە قىر- غىنچىلىق ئىلىپ بارىدۇ. شۇ قىتىملىق تۇتقۇندا باشقىلار قاتارىدا تاش ئاخۇننىڭ دادىسىمۇ قاماققا ئىلىنىدۇ.

تاش ئاخۇن قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كىيىن، بىر مەزگىل ناۋايلىق قىلىش بىلەن دادىسىنى باقىدۇ. ئۇ چاغلاردا گۇناھكارلارنى ھەر جۈمە كۈنى يامۇل ئالدىغا ئىلىپ چىقىپ مەجبۇرى تىلەمچىلىك قىلغۇزىدىغان ئادەت بار ئىدى. تاش ئاخۇن گۇندىپايلارنىڭ قەبىھلىكلىرى گۇناھكارلارنىڭ نالە ــ زارلىرىغا ئاساسەن «گۇندىپاي»، «نالەش»، «پىغان»، «ئاق قۇشقاچمۇ دان يەيدۇ» قاتارلىق پەدە (مۇزىكا) لارنى ئىجاد قىلىدۇ. بۇ مۇزىكىلاردا كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئاھ ــ زارلىرىنى ئىپادىلەنگەنىدى. كىيىن تۈرمىگە ئوت كىتىپ كۆپ- لىگەن كىشلەر قاتارىدا تاش ئاخۇننىڭ دادىسىمۇ كۆيۈپ كى- تىدۇ. بۇ چاغدا تاش ئاخۇن تىوت ئۆزگىرىشلىك «ئانەش»،

« ئوت » دېگەن مۇزىكا ( پەدە ) ئىجاد قىلىدۇ . بۇ مۇزىكىدىن تەسىرلەنگەن كىشىلەر ئۇنىڭغا قايىل بولغان هالدا : بۇ ھەقىقەتەن « ھال » پەدە ئىكەن ( مۇڭلۇق دېمەكچى ) ، « تاش ئاخۇننىڭ ئىلىمگە بەرمىگەن دىلىنى ئۆلتۈرۈپ ، ئىشقىۋاز قولىنى ئېلىپ قالسا بولىدىكەن » دېيىشكەنىدى .

تاش ئاخۇن ھاياتىدا ئالتە شەھەر ( جەنۇبى شىنجاڭ ) ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيادا داڭلىق مۇقامچى بولغانىدىن تاشقىرى ، « گۇندىپاي » ، « نالەش » ، « پىغان » ، ( « نالەش » ، « پىغان » مۇزىكىلىرى 40 ـ يىللارغىچە سەھنىدە ئورۇندالغانىدى ) ، « ئاق قۇشقاچمۇ دان يەيدۇ » ، « ئاتەش » ، « توي » ، « هازا » ، « تورغاي » ، « تومۇچۇق » ، « قارلىغاچ » قاتارلىق جانۋارلار سايرىشىنى تەقلىد قىلىدىغان مۇزىكىلارنى ، « ئوردام » ، « سۇلتان » ، « ئىشانمۇسىز ، موللاممۇ يا ؟ » قاتارلىق ساتىرىك ناخشىلارنى ھەمدە زامانىمىزغىچە شۆھرەت قازانغان « تاشۋاي » قاتارلىق ئاجايىپ جۇشقۇن ۋە مۇڭلۇق مۇزىكىلارنى ، يەنە كۆپلىگەن خەلق ناخشىلىرىنى كۆپ خىل ئۆزگىرىشلىك قىلىپ ، رەتلەپ قېلىپلاشتۇرۇپ چىققتى .

تاش ئاخۇن راۋاب بىلەن ھەرقانداق پەدىنى ئورۇنداشتىن بۇرۇن ئۇنى مۇقامنىڭ چوڭ نەغمىسى بىلەن باشلاپ ، مۇقام روھىنى ئۆزىنىڭ مۇزىكا ئىجادىغا تەدبىقلاش جەھەتتە ئۆلگىلىك رول ئوينىغان .

ئۇنىڭ يەنە بەزى جەڭگىۋار تېكىستلاردىنمۇ ئىجاد قىلىغانلىقى مەلۇم . تاش ئاخۇننىڭ بايلىقنى تەرك ئېتىپ ، شەھەر كوچىلىرىنى ئارىلاپ راۋاب چېلىپ يۈرگەنلىكى شۇ زامانىنىڭ بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ قازى ـ كالانلىرى ۋە بايلىرىنىڭ كۆڭلىگە ياقمىغاچقا ، ئۇنى مەسخىرە قىلىشقان . شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردىن دىلى رەنجىگەن تاش ئاخۇن مەككە ـ مەدىنىنى تاۋاپ قىلىش قارارىغا كەلگەن . بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئۇنىڭ دوست ـ

بۇرادەرلىرى ، راۋاب ئاشىقلىرى جەم بولۇشۇپ ، ئۇنى قەشقەر شەھىرىدىن يېڭىسارغىچە ئۇزىتىپ بارغان .

تاش ئاخۇن قەشقەردىن ئايرىلىش ۋاقتىدا ، « كېلەر-مەنمۇ » ، « ئەلۋىدا » ، « توققۇز بۇلاق » مۇزىكىلىرىنى ئورۇنداپ ئەل بىلەن خوشلاشقان . كەڭ خەلق تاش ئاخۇننىڭ نامىنى ھەمىشە ياد ئېتىپ تۇرۇش ئۈچۈن ، ئۇنىڭ « توققۇز بۇلاق » مۇزىكىسىنى « تاشۋاي » دەپ ئاتاپ كەلمەكتە .

تاش ئاخۇن ھەج قىلغاندىن كېيىن ، شۇ يەردە قېلىپ ھەرەمدە ناۋايلىق قىلغان تۇنجى ئۇيغۇرلاردىن بولۇپ قالدۇ .

1937 ـ يىلى قەشقەرلىك ئۆمەرباي ھەرەمدىن قايتىپ كەلگەندە ، تاش ئاخۇننىڭ يۇرتداشلارغا بولغان سېغىنىشى ۋە خەيرىخاھلىقىنى سۆزلەش بىلەن ئۇنىڭ 86 يېشىدا ھەرەمدە ۋا-پات بولغانلىقىنى قەشقەر خەلقىگە يەتكۈزىدۇ .

تاشۋاي پۈتۈن ھاياتىنى راۋاب چېلىش ، مۇقام ئوقۇش ۋە مۇزىكا ئىجاد قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈپ ، خەلقنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالىدۇ .

## قۇتلۇق ھاجى شەۋقى

قۇتلۇق ھاجى شەۋقى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى-نىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىدىن بىرى ، ئاتاقلىق مەتبۇ-ئاتچى ۋە جامائەت ئەربابى .

ئۇ 1876 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىدىكى بىر مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن . دەسلەپكى مەلۇماتىنى قەشقەر مەد-رىسلىرىدە ئالغاندىن كېيىن ، 1908 ـ يىللىرىدىن باشلاپ قاھى-رەدىكى ئەزھەر دارىلفۇنۇنىدا ، ئىستانبولدىكى ئالىي ئوقۇش يۇرتلىرىدا ۋە بۇخارا مەدرىسلىرىدە ئوقۇپ ، ئۇزاق مۇددەت بىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن ئۆز دەۋرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى مۆتى-ۋەر ئالىملىرىدىن بىرى بولۇپ يېتىشكەن .

ئۇ ئوقۇشنى تۈگىتىپ، ئىستانبولدىن قەشقەرگە قايتىشىدا «تۈركى تىللار دىۋانى»نىڭ 1917 — 1919 - يىللىرى تۈركىيىنىڭ كىلىس ۋىلايىتىدە مۇئەللىم رىپئەت تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان نۇسخىسىنى ئېلىپ كېلىپ، مەمتىلى (تەۋپىق) ئەپەندى بىلەن بىرلىكتە تەرجىمە قىلىشقا كىرىشىدۇ ۋە چەت ئەللەردىكى سەپىرى جەريانىدا كۆرگەن ھەرخىل ئەھۋاللار، ئوقۇش ھاياتىدىكى تەسىراتلار قوشۇلۇپ، ياش قۇتلۇق ھاجىنىڭ ئىدىيىسىدە تەرەققىيپەرۋەرلىك روھىنى شەكىللەندۈرگەندى. سىنىپىي ۋە مىللىي زۇلۇم ئاستىدا ئەل - يۇرتىنىڭ خانىۋەيرانچىلىقى، نادانلىق ۋە خۇراپاتلىق كىشەنلىرىگە چىرمالغان خەلقنىڭ داد - پەريادى ئۇنىڭدا غەپلەت ئاستىدا قالغان خەلقنى ئويغىتىش ۋە ئاقارتىش ئارزۇسىنى كۈچەيتىپ، «شەۋقى» تەخەللۇسى بىلەن شېئىر ۋە ماقالىلارنى يېزىشقا باشلايدۇ.

ئىلىم - مەرىپەتنى خەلقنى ئويغىتىش ۋە قوزغىتىشنىڭ ياخشى قورالى دەپ ھېسابلىغان شائىر 1933 - يىلىدىن باشلاپ «ئەركىن ھايات» ناملىق گېزىت نەشر قىلىپ، ئىلغار تەشۋىقاتچىلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. گەرچە بۇ گېزىت يۇرتتىكى توپىلاڭ ۋە ئاغدۇرمىچىلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقى بىلەن ۋاقىتلىق توختىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن 1934 - يىلى 23 - ئاۋغۇستتىن باشلاپ، «يېڭى ھايات» نامى بىلەن چىقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭدا ھەرخىل سىياسىي - ئىجتىمائىي مەزمۇندىكى ماقالىلار، يەرلىك خەۋەرلەر، خەلقئارا خەۋەرلەر ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر، تارىخىي ماقالىلار بېسىلىش بىلەن تىراژى شۇ دەۋردىكى يۇقىرى چەككە يەتكەندى.

قۇتلۇق ھاجى شەۋقى «يېڭى ھايات» گېزىتنى چىقىرىش جەريانىدا تارىخىي ئەسەر «ۋاقىئى قەشقەر» ناملىق كىتابىنى يېزىپ قالدۇردى. 1937 - يىلى قولغا ئېلىنىپ شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە 61 يېشىدا پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلدى.

## مەمتىلى تەۋپىق

ئۇيغۇر يېڭى زامان مائارىپىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولغان مەمتىلى ئەپەندى توختاجى ئوغلى، 1901 ـ يىلى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ بويامەت يېزىسىدىكى بىر مىللىي تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ خەت ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن، 1914 ـ يىلى ئېكساق يېزىسىدىكى پەننى مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇغان. ئوقۇش جەريانىدا ساز، ناخشا ۋە شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن.

1920 ـ يىلى تىرىكچىلىك مەقسىتىدە دادىسى بىلەن بورتالا، غۇلجا، چۆچەك قاتارلىق جايلارغا بارىدۇ. شائىر بۇ سەپەردە فېئوداللىق جاھالەت ئىسكەنجىسىدە ئىڭراپ ياتقان خەلقنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك ھاياتى بىلەن كەڭ تونۇردە ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭ قەلبىدە ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك، مىللىي زۇلۇم، قالاقلىق ۋە خۇراپاتلىقتا ياشاۋاتقان خەلقنىڭ بۇ خىل ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي پاجىئەسىگە نىسبەتەن چوڭقۇر ئېچىنىش پەيدا بولىدۇ.

1921 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ، مۇسابىر يۇرتداشلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئوقۇش ئىمكانىيىتىنى ئىزدەپ، دەسلەپكى مەزگىللەردە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىدۇ. كېيىنرەك موسكۋاغا بېرىپ، شەرق دارىلفۇنۇنىغا كىرىپ ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. كېيىن تۈركىيىگە بېرىپ ئىستامبول شەھىرىدىكى ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش مەكتىپىنىڭ قارا خىزمەتچىسى بولۇپ ئورۇنلىشىدۇ. كېيىنرەك ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنىپ، ئەلا نەتىجە بىلەن مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بىر مەزگىل شەھەر ئەتراپىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ.

30 ـ يىللار شىنجاڭدا قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلاپ، ناھايىتى تىزلىكتە شىنجاڭغا يامراپ، جىن شۇرېن ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. يېڭى مەكتەپ-

لەرنى ئېچىش ، يېڭى مەكتەپلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش ، زامانىۋى ئىلىم - پەن بىلەن ئۆز خەلقىنى قۇراللاندۇرۇش ، مىللەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى يۇكسەلدۇرۇشنى ئۆزىنىڭ ياشاش مەقسىتى قىلغان ئوت يۈرەك شائىر مەمتىلى ئەپەندى ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن 1932 - يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى . 1933 - يىلدىن باشلاپ ئاتۇشتا يېڭى مەكتەپلەرنى ئېچىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش بىلەن قىسقىغىنە بىر يىل ۋاقىت ئىچىدە ئاتۇش ۋە قەشقەر مائارىپىنىڭ ئەھۋالىدا يېڭى بىر ۋەزىيەت ياراتتى . ئۇنىڭ تەربىيىسى ئاستىدا ئىلغار پىكىرلىك بىر قىسىم ياش زىيالىيلار يېتىشىپ چىقىپ ، ياش ئەۋلادلارغا ئىلىم - پەن تارقىتىشقا باشلىدى .

1936 - يىلى مەمتىلى ئەپەندى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ ، قەشقەر تۈرمىسىدە پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلدى . پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئىشىغا بېرىلگەن ئوت يۈرەك شائىر تەۋپىق ئۇيغۇر يېڭى زامان ئەدەبىيات تارىخىدىن ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇن تۇتىدۇ .

## تەجەللى

سەييىد ھۈسەيىنخان تەجەللى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى . ئاتاقلىق شائىر ، خىمىك ۋە تىبابەت ئالىمى .

ئۇ 1850 - يىلى قاغىلىقتا تىۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا ئۆز ئاتىسىدىن دەرس ئالغان . كېيىن ئاتىسى ئۇنى ھىندىستانغا ئېلىپ بېرىپ ، دېھلى مەدرىسىدە ئوقۇتقان . شائىر ئەرەب ، پارس ، ھىندى تىللىرى بويىچە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ۋە تىببىي ئىلىم بىلەن خىمىيە ئۆگەنگەن .

تەجەللى دېھلى ، كابۇل قاتارلىق جايلاردا خېلى ئۇزۇن

مۇددەت ئوقۇغاندىن كېيىن ، ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ، قاغىلىقتا تىۋىپلىق قىلغان . خىمىيە ئىلمىي بويىچە تەتقىقات ـ تەجرىبە ئېلىپ بارغان ، مۇدەررىسلىك قىلغان ھەم ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان .

شائىر ياش چېغىدىلا ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلغان بولۇپ ، ھىندىستاندا تۇرغان چاغلىرىدا ئەرەب ، پارس ، ھىندى ، ئافغان ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي ھەم مەشھۇر ۋەكىللىرىنى تەتقىق قىلىپ ئۆگەنگەن . ۋەتەنگە قايتىشتىن ئالدىن ۋە كېيىن ئەرەب ، پارس ، ئۇيغۇر ۋە ھىندى تىللىرىدا نۇرغۇن لىرىك شېئىر ۋە قەسىدىلەرنى يازغان . ئۇنىڭ يۇقىرىقى تۆت خىل تىلدىكى شېئىرلىرىنىڭ دەسلەپكى توپلىمى « بەرق تەجەللى ۋە سەبەق مۇجەللى » نامى بىلەن تاش مەتبەئەدە بېسىلغان . خەلق قولىدا ساقلىنىپ قالغان ئەسەرلىرىدىن « دىۋان تەجەللى » 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇلغارىيىدە ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان . يەنە بىر قىسىم شېئىرلار مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان « باياز »لاردا بېسىلغان ۋە شىنجاڭ مەكتەپلىرىدە ئەدەبىيات دەرسلىكى قىلىپ ئوقۇلغان .

تەجەللى 1930 ـ يىلى قاغىلىقتا ۋاپات بولغان . ئۇنىڭ شېئىرلىرى چوڭقۇر پىكىر ۋە چىرايلىق بەدىئىي ئىپادىگە ئىگە بولۇپ ، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مۇنەۋۋەر نەمۇنىسىدۇر . باشقا تىللاردا يازغان قەسىدە ۋە غەزەللىرىمۇ شۇ تىللارغا مەنسۇپ بولغان شېئىرىيەتنىڭ ئاجايىپ گۈزەل ئۆلگىلىرىدۇر .

## نەمەت خەلپەت

نەمەت خەلپەت ( كەمى ) 1888 ـ يىلى ھازىرقى پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن رايونىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . ئائىلە تەربىيىسىنى ئالغاندىن كېيىن ، لۈكچۈندىكى مەدرىستە ئەلا

ئوقـۇپ ، 20 يېشىدىلا شۇ مەدرىسىنە خەلپەت ( ئوقۇتقۇچى ) بول-غان .

نەمەت خەلپەت كىچىكىدىنلا زېرەك ، تېتىك ۋە ئىشچان بـولۇپ ، ئوقۇش جەريانىدا پارىس ، ئەرەب ، تۈركىي تىللارنى پىششىق ئۆگەنگەن .

شائىر نەمەت خەلپەت بىر تەرەپتىن ئوقۇتقۇچىلىق قىل-سـا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، خەلق تۇرمۇشىنى ئۆگىنىدۇ . ئۇ زالىم ئەمـەلدارلارنىڭ ، ۋاڭ ــ بەگلەرنىڭ ۋە باشقا يۇقىرى تەبىقىلەر-نىڭ ئەيش ــ ئىشرەتلىك چىرىك تۇرمۇشىدىن ، ئۇلارنىڭ ئاچ-كۆزلۈكىدىن ، زالىملىقىدىن قاتتىق نەپرەتلىنىدۇ ــ دە ، هايات ۋە جەمئىيەتنى چۈشىنىشكە باشلايدۇ . ئىجتىمائىي تۇرمۇش رېئال-لىقى ئۇنىڭدا ئازادلىق ، ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە ئارزۇسىنى قوزغايدۇ . قەلەمنى قورال قىلىپ ، زالىم ئەمەلدارلار ، جاهىل روهانىيلارنى پاش قىلىپ ، كونىلىق ، مۇستەبىتلىك ، خۇراپىي نـادانلىق ، تەقدىرچىلىكنى سۆكىدىغان كۆپلىگەن شېئىر ، قو-شاق ، لەتىپىلەرنى يېزىپ خەلقنى ئويغىتىدۇ .

1912 ــ يىلى تۇرپاندا ، 1931 ــ يىلى قۇمۇلدا دېهقانلار قوزغىلاڭلىرى كۆتۈرۈلگەندە ، نەمەت خەلپەت « بارىكاللا » دې-گەن داستانىنى يېزىپ ، دېهقانلار قوزغىلىڭىنى مەدهىيىلىگەن . خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن « بارىكاللا » داستانى توي ــ تۆكۈن ، بەزمە ــ مەشرەپلەردە ئېغىزدىن ــ ئې-غىزغا كۆچۈپ يادلىنىدۇ . 1931 ــ يىلى 9 ــ ئاينىڭ 6 ــ كۈنى ياڭ زېڭشىن تۆمۈر خەلپە بىلەن تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەه-بەرلىرىدىن مۇيدىن ئاخۇنۇمنى پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈپ ، قوز-غىلاڭنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىدۇ . بۇ قوزغىلاڭلار مەغلۇپ بول-غـاندىن كېيىن ، شائىر نەمەت خەلپەت « پۇشايمان » ، « هەس-رەت » ناملىق شېئىرلارنى يېزىش بىلەن قوزغىلاڭچىلارغا تەزىيە بىلدۈرۈپ مەرسىيە ئوقۇيدۇ . ئىنقىلابىي خەلقنى داۋاملىق ئىن-

قىلاپ قىلىشقا دالالەت قىلىدۇ .

1930 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ، تۇرپان دېھقانلىرىنىڭ قوزغىلىڭىنىڭ ھازىرلىقى بولىدۇ . بۇ چاغدا ، نەمەت خەلپەت مەسچىت ـ مەدرىسلەردە ، خەلق سورۇنلىرىدا تەشۋىقاتچىلىق قىلىدۇ .

1931 ـ يىلى قۇمۇل دېھقانلىرى خوجانىياز ھاجى باشچىلىقىدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە نەمەت خەلپەت ، خوجانىياز ھاجىغا مەسئۇل كاتىپ ۋە مەسلىھەتچى بولىدۇ . 1937 ـ يىلدىن 1944 ـ يىلغىچە شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە ياتىدۇ . 1947 ـ يىلى گومىنداڭنىڭ چىدىماسلىق قىلىشى بىلەن 11 ماددىلىق بېتىم بۇزۇلغاندا ، نەمەت خەلپەت ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئىلىغا بارىدۇ . ئۇ ، 1948 ـ يىلى قۇرۇلغان شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىلىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ سايلىنىدۇ .

شائىر نەمەت خەلپەت ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ، ھۆكۈمەت ۋە خەلقنىڭ ئالاھىدە قەدىرلىشىگە مۇيەسسەر بولۇپ ، 1962 ـ يىلى كېسەل بىلەن قازا قىلغانغا قەدەر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ ئىشلىدى .

شائىر نەمەت خەلپەتنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ئەسەرلىرى شېڭ شىسەي قولىدا نابۇت بولغان بولسا ، ئازادلىقتىن كېيىن يازغانلىرى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ۋەيران بولدى . ھازىر قولىمىزدا ئۇنىڭ 1947 ـ يىلدىن ئازادلىققىچە بولغان ئارىلىقتا ئىلىدا يېزىپ ، ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلغان بىر قىسىم شېئىرلىرى بار . ئۇنىڭ كۆپلىگەن لەتىپە ، يۇمۇر ، چاقچاقلىرى خەلق ئارىسىغا تارالغان . بىز شائىر تۇغۇلغانلىقىغا 108 يىل توشۇۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە ، شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىنى تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ دەپ تونۇيمىز .

# پايدىلىق

نەمەت خەلپەت

مېۋىسىز باغ ــ بوستاندىن چۆل ــ باياۋان پايدىلىق ،
مەنپەئەتسىز ئادەمدىن تىلسىز هايۋان پايدىلىق .
بىلمىسە ئۆز قىممىتىنى ، بىلدۈرگىلى بولماس ئاگا ،
ئۆزىنىڭ ئىنسانلىقىنى بىلسە ئىنسان پايدىلىق .
هېچ كىشى دۇنيادا هەرگىز بولمىسۇن زىندانغا بەند ،
پىتنىخورغا ۋە لېكىن شۇبۇ زىندان پايدىلىق .
سەن يىلاننى تاش بىلەن ئۇرغان يامان دەپ تۇرمىغىن ،
گەر قولۇڭدا بولسا تاش ۋاقتىدا ئۇرغان پايدىلىق .
قالما پىنهان ئاغرىقىڭ بولسا تېۋىپ هازىققا بار ،
قىلسا ئۆز ۋاقتىدا دوختۇر دورا ــ دەرمان پايدىلىق .
خارلىنىپ هەم زارلىنىپ قۇللۇقتا يۈرگەندىن هايات ،
ئاتلىنىپ بولساڭ مەگەر مەيداندا قۇربان پايدىلىق .
قىستىغان كەش كىيگىنىڭدىن ئاغرىتىپ جانىڭنى سەن ،
يۈرگىنىڭ يالاڭ ئاياغ بەكمۇ پاراۋان ، پايدىلىق .
سۆيمىگەن ئۆز خەلقىنى مۆمىن ، پەقرلەردىن پەقەت ،
كۆپ ئۈچۈن كۈي ــ كۈيلىگەن بۇلبۇل ــ خەندان پايدىلىق .
تېز پۈكۈپ ئالتۇن تاۋاققا تاما قىلغاندىن كۆرە ،
ئۆز كۈچۈڭدىن تېپىپ يېگەن بىر پارچە نان پايدىلىق .
كۆپچىلىككە كەلسە ناگاھ قايغۇلۇق بىر هادىسە ،
قەهرىمان هەم پالۋان ، هەم شىرى ــ غازان پايدىلىق .
دەم غەنىمەت ، ۋاقىت ، پۇرسەتنى قولۇڭدىن بەرمىگىل ،
ئەيلىسەڭ هەر ئىشنى سەن ۋاقتىدا چەندان پايدىلىق ،
مەن ۋەتەن خىزمەتچىسى دەرسەن ئۆزۈڭنى ئەي كەمى ،
هەرنەپەس خەلقىڭ ئۈچۈن تاپساڭ شەرەپ ــ شان پايدىلىق .

1995.2.10

# مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن

تۇردى ئاخۇن 1881 ـ يىلى 5 ـ ئايدا يېڭىسار ناھىيىسىدىكى بىر سازەندە ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 75 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، 1956 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى قەشقەردە ۋاپات بولدى. تۇردى ئاخۇن كىچىكىدىن تارتىپ مۇزىكىنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. 12 يېشىدىلا دادىسى تەۋەككۇلدىن «ئون ئىككى مۇقام» نى ئۆگىنىشكە باشلىدى (ئۇنىڭ دادىسى جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە مەشھۇر خەلق سەنئەتكارى ئىدى) ۋە دادىسىنىڭ چىڭ تەربىيىسى ئاستىدا جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداشلىق بېرىپ، ياخشى چېنىقىپ، ئاقىۋەت 20 يېشىغا يەتكەندە «ئون ئىككى مۇقام» نى تولۇق ئۆگىنىپ بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەر، يەكەن ۋە خوتەن قاتارلىق جايلىرىدا ئەللىك نەچچە يىل ناخشا ۋە سازەندىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، كەڭ خەلق ئاممىسى قىزغىن سۆيىدىغان ۋە بىلىدىغان سەنئەتچىگە ئايلىنىپ قالدى.

تۇردى ئاخۇن سەنئەت ئىشلىرىغا جىددىي قارايتتى. ناخشا ئوقۇغان ۋاقتىدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سازغا بېرىلەتتى. ئۇنىڭ ناخشىسىمۇ ئۆزىگە خاس گۈزەل ئۇسلۇبقا ئىگە بولۇپ، كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان كۈچكە ئىگە ئىدى. ئۇزۇن يىللار داۋامىدا سازەندىلىك بىلەن ھايات كەچۈرگەنلىكىدىن ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىلىرىغا ئىنتايىن باي ئىدى. ئۇ يېقىنقى زامان ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىسىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى ۋە تۆگەپ كېتىشكە ئازلا قالغان كونا خەلق ناخشىلىرىنى ياخشى بىلەتتى. لېكىن كونا جەمئىيەتتە تۇردى ئاخۇننىڭ تالانتى ئېتىۋارغا ئېلىنمىدى. ئۇ ئۆز ھاياتىنى ساتارى بىلەن ناخشا ئوقۇپ، سەرگەردانچىلىقتا ئۆتكۈزدى.

شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، تۇردى ئاخۇن ئۆزىنىڭ

سەرگەردانلىق ھاياتىنى ئاياغلاشتۇردى ۋە پارتىيە بىلەن خەلق-نىڭ ئالاھىدە ئېتىۋارىغا ئىگە بولدى. 1952 ـ يىلى يەكەن سەن-ئەت ئۆمىكىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىدى. 1955 ـ يىلى قەشقەر سەنئەت ئۆمىكىدىمۇ شۇ خىز-مەتنى ئىشلىدى.

1951 ـ ۋە 1954 ـ يىللىرى ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىنىپ، «ئون ئىككى مۇقام»نى رەتلەش خىزمىتىگە قاتناشقانىدى. ئۇ چەكسىز قىزغىنلىقى ۋە پىداكارانە ئەمگەك روھى بىلەن «ئون ئىككى مۇقام» نى قىلچىمۇ قالدۇرماستىن سىمغا ئالدۇردى. شۇنداق قىلىپ، تۇردى ئاخۇن قىممەتلىك مىللىي مۇزىكا مىراسى بولغان «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ساقلىنىپ قېلىشىغا زور تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن خەلقىمىزنىڭ ئالىيجاناب ھۆرمى-تىگە ئىگە بولۇپ، 1954 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون-لۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

## خەنزۇ كلاسسىك تىياتىرىدىكى ماھىر ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى

مانجۇ ھاكىمىيىتى شىنجاڭنى قايتا بىرلىككە كەلتۈرگەن-دىن كېيىن، يەرلىق خەلقلەردىن زور كۆلەمدە چېرىك تۈتتى. چېرىكلىككە تۇتۇلغان بۇ ئۇيغۇرلار مانجۇ ۋە خەنزۇ ئەمەلدارلى-رىنىڭ خىزمىتىدە ئات باققۇچى، ئارقا سەپتە تەمىنات يەتكۈزۈپ بەرگۈچى بولۇپ ئىشلىدى. زور بىر تۈركۈمى شىمالىي شىن-جاڭغا ئاساسەن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىندى. ئۈرۈمچىگە كەل-گەن ئۇيغۇر چېرىكلىرى ئۆز يۇرت ـ ماكانلىرىنى، ئەل ـ ئاغى-نە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ياد ئېتىپ، ۋاقىت تاپسىلا راۋاب، دۇتتار، داپ، غېجەكلىرىنى چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ ئىچ پۇشقىنى چىقىراتتى. ھۆكۈمەت ئارمىيىسىدە يەنە ئىچكى ئۆلكىلەردىن چېرىكلىككە تۇتۇلغان خەنزۇلارمۇ ئاز ئە-

مەس ئىدى. ئۇلار ئاساسەن خوچىن ( غىجەك ) بىلەن ئۆز يۇرتلىرىنىڭ كلاسسىك چاكچىلە ناخشىلىرىنى ئېيتاتتى. بەزىدە ئۇيغۇر چېرىكلىرى بىلەن خەنزۇ چېرىكلىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ قالغاندا، بىر - بىرلىرىنىڭ ناخشا - مۇزىكىلىرىنى ئاڭلىشاتتى. بىر قانچە يىل بىللە ياشاش جەريانىدا بىر قىسىم ئۇيغۇر چېرىكلىرى خەنزۇلارنىڭ ناخشىلىرىنى ئۆگىنىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە خەنزۇ ناخشىلىرىنى پۇختا ئىگىلەپ ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ ئېسىدە ساقلانغانلىرى باقى ئاخۇن راۋاب، ئابدۇللا سۇناي ( ئابدۇگۇلنىڭ ئۇستىسى )، مۇھەممەت غىجەك قاتارلىقلار خەنزۇ ناخشا - مۇزىكىلىرىنى پۇختا ئۆگىنىۋالغانىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇلار خەنزۇ كلاسسىك مۇزىكىسىنىڭ ئۇستىلىرى بولۇپ قالدۇ. ئەينى چاغلاردا ئۇلار چالغان خەنزۇچە مۇزىكىلارغا خەنزۇلارمۇ ھەيران قىلىپ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي قالىدۇ. بۇ خەنزۇچە مۇزىكا چالىدىغان نەغمىچى ئۇيغۇر ماھىرلار يېڭى يىل، چاغان، پانۇس ئويۇنى، بۇتخانا سەيلىسى، تاۋۇز چاغىنى قاتارلىق خاتىرە كۈنلەردە راۋاب، داپ، دۇتار، غىجەك، سۇنايلارنى تەڭكەش قىلىپ، خەنزۇ مۇزىكىسىنى خەنزۇ نەغمىچىلەردىنمۇ ياخشىراق ئورۇندايدۇ. بۇلار چالغان خەنزۇ مۇزىكىسى كىشىلەرنىڭ قۇلاقلىرىغا يېقىپ، نەزەرگە سىڭىپ، سەيلىگاھلاردا دۇمباق، چاڭ تەڭكەش قىلىنغان خەنزۇچە مۇزىكىلىرىنى ئۇيغۇر سازلىرى ئارقىلىق ئورۇنداش بارغانسېرى ئومۇملىشىدۇ. بۇ ئادەت تاكى 30 - يىللارغىچە ئورۇمچىدە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەنىدى.

پېشقەدەملەرنىڭ ئەسلىشىچە، شىنجاڭغا يېڭىدىن كەلگەن خەنزۇ ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلار ۋە سودىگەرلەر ئۇيغۇرلار ئورۇنلىغان خەنزۇچە مۇزىكا ئاھاڭلىرىنى ئاڭلاپ، « بۇلار قايسى ئۆلكىدىن كەلگەن ؟ ( ئىچكىرى ئۆلكە، خەنزۇ رايونلىرىنى دېمەكچى ) — دەپ سورىغان. ئۇ چالغۇچىلار

« ئۇيغۇر » دېسە ، ئۇلار ھاڭ ــ تاڭ بولۇپ قېلىشقان .

1870 ــ يىلى ياقۇپ بەگ ئۈرۈمچىگە باستۇرۇپ كەلگەندە ، چىڭ خاندانلىقى ھەربىي سىستېمىسىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر چېرىكلىرىنى ھەربىي سەپتىن بوشاتقان . بوشانغان چېرىكلەر ئىچىدە باقى ئاخۇن ، مەممەت دولان ، ئابلا سوناي ، ئىبراھىم قاتارلىق سازەندىلەر بولۇپ ، ئۇلار بىر سەنئەت گۇرۇپپىسى بولۇپ تەشكىللىنىپ سەييارە ئويۇن قويۇپ يۈرگەن . ئۇلار ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇيغۇرچە ناخشا ــ مۇزىكا نومۇرلىرىنى ئورۇندىسا ، خەنزۇلار ئارىسىدا چىڭچاڭ ، جىڭجۈي ، يۆجۈي ، خېنەن باڭزا قاتارلىق تىياتىرلاردىن ئارىيەلەرنى ئورۇندىغان . بۇنى ئاڭلىغان خەنزۇلار ئۇلارنى داۋاملىق خەنزۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى يىغىلىش سورۇنلىرىغا تەكلىپ قىلىپ ، ئۇلارنىڭ نومۇرلىرىنى ھەۋەس بىلەن كۆرۈشكەن .

خەنزۇچە ناخشا ــ مۇزىكا ئورۇندايدىغان ماھىر ئۇيغۇر ئۇستىلاردىن بىر نەچچىسىنى تۆۋەندىكىچە تونۇشتۇرىمىز :

## قەشقەرلىك ئەيسا موللا ( غېجەكچى )

ئۇ خۇنەنلىك خەنزۇلار بىلەن بىللە تۇرغانلىقى ئۈچۈن خۇنەن شىۋىسىدە ناھايىتى راۋان سۆزلەپلا قالماستىن ، بەلكى خۇنەننىڭ يەرلىك پۈرىقىدىكى ناخشا ــ مۇزىكىلارنى ياخشى ئورۇندايتتى . شۇڭا ئۇنى خەنزۇلارمۇ ، ئۇيغۇرلارمۇ « ئەيسا خۇنەن » دەپ ئاتايتتى . ئۇنىڭ ئوغلى توختىمۇ خۇنەنلىك خەنزۇ چېرىكلىرىنىڭ باللىرى بىلەن ئويناپ چوڭ بولغاچقا ، « توختى خۇنەن » دەپ ئاتالغان .

توختى دادىسىدىن خۇنەننىڭ خۇاگو تىياتىرىنىڭ ئارىيەلىرىنى ياخشى ئۆگىنىۋالدۇ . ئۇ دادىسىدىن كېيىن قالغاندا ئۈرۈمچىدە خۇنەننىڭ خۇاگۇ تىياتىرىنى ئويناپ پۇل تېپىپ ، جاھاندارچىلىق قىلدۇ . كېيىن توختى خۇنەنلىك بىر خەنزۇ

بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئويۇن قويىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ يەنە بىر قانچە ئۆلكىلەرنىڭ يەرلىك شىۋىلىرىنى ئۆگىنىۋالىدۇ. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى «خەنزۇلارنىڭ 32 خىل زىۋانىنىنى بىلىدۇ» دەپ تەرىپلىشىدۇ. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، ئۇ گەنسۇ، چىڭخەي، شەنشىنىڭ ھەرقانداق جايلىرى ۋە خۇنەن، سىچۈەن، تيەنجىن، بېيجىڭغىچە بارىدۇ.

شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن توختى شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، بىر ئۆمۈر ئويۇن قويۇش بىلەن ئۆتىدۇ.

## روزى ئاخۇن راۋاب

ياڭ زېڭشىن تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەي، قەشقەردە راۋاب بىلەن خەنزۇ مۇزىكىلىرىنى ئورۇندايدىغان بىر ئۇيغۇر سازەندىنىڭ داڭقىنى ئاڭلايدۇ. بۇ كىشى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر سازەندىسى روزى ئاخۇن راۋابچى ئىدى. ياڭ زېڭشىن ئۇنى كۆرۈشكە ۋە ئۇنىڭ نەغمىسىنى ئاڭلاشقا خۇشتار بولىدۇ. شۇڭا ئۇ مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، قەشقەردىن راۋابچى روزى ئاخۇننى ئۈرۈمچىگە ئالدۇرۇپ كېلىدۇ. روزى ئاخۇن ئەسلىدە مانجۇلارنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق يېشىل تۇغلۇق يېڭى باتاليو-نىدا چېرىك بولۇپ، ئالتە يىل ئات باقىدۇ. ئۇ تۇرغان يېشىل تۇغلۇقلار يېڭى ئارىلاشما باتاليون بولۇپ، ئۇلار ئون نەچچە ئۆلكىنىڭ ئادەملىرىدىن تەركىب تاپقانىدى. ئۇلار ھېيت ـ ئايەم ۋە سەيلە ـ ساياھەت كۈنلىرىدە غېجەك بىلەن ئۆزلىرىنىڭ يەر-لىك ناخشىلىرىنى ئېيتىشاتتى. بۇلارنى ئاڭلىغان زېرەك روزى ئاخۇن جىڭجۈي، چىڭچاڭ، خۇنەن، خۇاگۇ تىياتىرى، يۆ-جۈي قاتارلىق خەنزۇ تىياتىرلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئۆگى-نىپ، ئۇنى راۋاب بىلەن چېلىپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىگە سازا-ۋەر بولىدۇ، ھەمدە ئۆزى تۇرغان باتاليوننىڭ سازەندىسى بولۇپ قالىدۇ.

شۇ چاغلاردا قەشقەردە سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. ئۇ تۇرغان باتالىيون (يىلى) تارقىتىۋېتىلىدۇ. روزى ئاخۇن چېرىكلىكتىن بوشاپ يۇرتىغا قايتىپ كېتىدۇ. لېكىن ئۇ ئىشسىز، ماكانسىز بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇ، قەشقەر ھېيتكار ناغرىخانىسىدا رامىزان ۋاقتىدا 30 كۈنگىچە مۇقامغا تەڭكەش قىلىپ ناغرا چېلىپ (ئۇ ئەسلىدە راۋاب بىلەن «ئون ئىككى مۇقام» چېلىپ خېلى ۋايىغا يەتكەنىدى) ناغرىچىلىق قىلىدۇ. شۇ چاغلاردا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق سەيلىدە سازەندىلەر نەغمە قىلىشتا بىر ـ بىرسى بىلەن بەشلىشىپ قالىدۇ. بەسلىشىشتە روزى ئاخۇن بىر قانچە يۇرتنىڭ راۋابچىلىرىنى يېڭىپ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئارقىدىن يەنە ئۇ راۋاب بىلەن خەنزۇچە بىر قانچە پەدىگە چالىدۇ. بۇ چاغدا ئەتراپتا شىشىخال ئوينىۋاتقان خەنزۇلار بۇ خەنزۇچە ئاھاڭلارنى ئاڭلاپ، ئوينىۋاتقان شىشىخاللىرىنى تاشلىۋېتىپ توپقا كېلىپ «خو، خو!» دېيىشىپ باش بارمىقىنى چىقىرىشىدۇ ۋە خۇشلۇقىدا روزى ئاخۇنغا 20 سەرلەپ كۈمۈش تەڭگە ئىنئام قىلىشىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن روزى ئاخۇن قەشقەردىكى خەنزۇ ھەربىي ـ مەمۇرىي ئەمەلدار ۋە سودىگەر، گۆرەكەشلەرنىڭمۇ سازەندىسىگە ئايلىنىدۇ. توي ـ تۆكۈن، چاغان ۋە باشقا يىغىلىشلار روزى ئاخۇنسىز قىزىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نامى ئۈرۈمچىگە يېتىپ بارىدۇ. روزى ئاخۇن ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن بارلىق تالانتىنى ئىشقا سېلىپ، خەنزۇ مۇزىكىلىرىنى ناھايىتى ئۇستاتلىق بىلەن چالىدۇ. ياڭ زېڭشىن ۋە باشقا ئەمەلدارلار ئۇنىڭ قابىلىيىتىگە بەكمۇ قايىل بولىدۇ. ياڭ زېڭشىن ئۇنى «سىز ھەقىقەتەن باشى (ماھىر) ئىكەنسىز» دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن روزى ئاخۇن — روزى باشى، روزەك باشى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئادەم بىر ئۆمۈر مۇقامغا ناغرا، راۋاب چېلىپ، ھەم خەنزۇ كلاسسىك مۇزىكىلىرىنىڭ باشىسى بولۇپ، 1933 ـ يىلى

ىنىڭ ئاخىرىدا قەشقەردە ۋاپات بولىدۇ . ( بۇ نام ئازادلىقتىن كېيىن قەشقەر سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلىگەن روزى ئاخۇنىنىڭ سازغا بولغان ماھىرلىقىغا قارىتامۇ قوللىنىلغان )

## داۋۇت

ئەينى يىللاردا ، ئۈرۈمچىدىكى « تىڭشاۋەن » بۇتخانىسىدا دائىم جىڭجۇي تىياتىرى قويۇلاتتى . بۇ ئويۇندا داۋۇت ئىسىملىك بىر كىشى ئاساسلىق رول ئالاتتى . كىشىلەر ئويۇن كۆرۈشكە بېرىشتىن بۇرۇن جىڭجۇي چامباشچىسى ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئارتىسى داۋۇتنىڭ شۇ ئويۇندا بار - يوقلۇقى ۋە قايسى رولنى ئالىدىغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلىپ بىلەت ئالاتتى .

داۋۇت ئەسلىدە تۇرپانلىق بولۇپ ، كىچىك ۋاقتىدىلا ئۈرۈمچىگە چىقىپ مەدىكارلىق قىلىپ كۈن ئۆتكۈزگەن . ئۇ زامانىدا ئۈرۈمچىدە « گۇاڭمىڭ » قاتارلىق بىر - ئىككى خەنزۇ چاڭچىلىخانىسىدىن باشقا تىياتىرخانىلار يوق ئىدى . پەقەت چايخانا ، ئاشپۇزۇل ، بەزمە - مەشرەپ سورۇنلىرىدىلا ساز چېلىپ ، ئۇسسۇل ئويناپ كۆڭۈل ئېچىشاتتى .

داۋۇت ئاشۇنداق سورۇنلاردا نەغمە قىلىدىغان ئۇستا سازەندە بولۇپ قالماستىن ، ھەتتا خەنزۇلار باشقۇرغان چاڭچىلىخانىلارغىمۇ بېرىپ ئويۇن كۆرۈش جەريانىدا خەنزۇچە چاڭچىلە ناخشىلىرىنى ئۆگىنىۋالىدۇ .

« گۇاڭمىڭ » تىياتىرخانىسىنىڭ باشلىقى خې جىنشا داۋۇتنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى تالانتىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭغا ئىشەنچ باغلاپ « گۇاڭمىڭ » تىياتىرخانىسىغا ئۇنى تەكلىپ قىلىدۇ . ئۇ مۇشۇ جەرياندا خەنزۇ كلاسسىك تىياتىرلىرىنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ ھەمدە رول ئالىدۇ .

داۋۇت بىر قېتىم « گۇچېڭخۇي » ناملىق تىياتىردا چامباشچىلىق ماھارىتىنى نامايەن قىلىپ ئالقىشقا ئېرىشكەندىن كېـ

يىن ، « ئاقسۇ ساھىلى » دېگەن كلاسسىك تىياتىردا قەھرىمان چىلىڭ مىيەنخۇيىنىڭ رولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپ تېخىمۇ ئالقىشقا ئېرىشىدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن داۋۇت « گۇاڭمىڭ » تىياتىر ئۆمىكىنىڭ ئاساسلىق ئارتىسى بولۇپ قالىدۇ .

داۋۇت « لوياڭنى ئېلىش » ، « سېرىق تۇرنا بىناسى » ، « سەككىز ئەۋلىيا بۇتخانىسى » ، « زەنجىرسىمان سەپ » قاتارلىق ئون نەچچە تىياتىردا ئاساسلىق روللارنى ئېلىشتىن تاشقىرى ، « قاتىللىق يۈز بەرگەن بىنا » دېگەن تىياتىردا ، مالاي قىزنىڭ رولىنى ئېلىپ چىقىدۇ . بىر ئۇيغۇر يىگىتنىڭ كونا جۇڭگودىكى بىر ياش خەنزۇ ئايالنىڭ يەلپۈگۈچ تۇتۇپ ، يىنىك دەسسەپ ، مۆرە ئوينىتىپ ، تەبەسسۇم چىراي بىلەن نەپىس ئۇسسۇل ئويناپ ، كىشىلەرنى شۇنچىلىك جەلپ قىلىشىغا زور قابىلىيەت تەلەپ قىلاتتى ، ئەلۋەتتە . داۋۇت 18 يېشىدىن تارتىپ 40 نەچچە يىلغىچە خەنزۇ تىياتىرلىرىدا ئاساسلىق رول ئېلىش بىلەنلا قالماي ، يەنە نۇرغۇن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ .

شىنجاڭدا گومىنداڭنىڭ پىرقىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن « گۇاڭمىڭ » تىياتىر ئۆمىكى تاقىلىدۇ . داۋۇت تىياتىر ئۆمىكىدىكى باشقا خەنزۇلار بىلەن بىللە ، ئالتاي ، ئىلى قاتارلىق جايلارغا تارقىلىپ ئويۇن قويىدۇ . ئازادلىقتىن كېيىن داۋۇت قۇتۇبىدىكى خەنزۇ تىياتىر ئۆمىكىدە ئىشلەيدۇ . ئۇ ، 1963 ــ يىلى پېنسىيىگە چىقىدۇ .

## جاپپار

ئۈرۈمچىدىكى « تىيانشان » ، « يۈەنشىن » قاتارلىق چىڭچاڭ تىياتىر ئۆمەكلىرىدە چىڭچاڭ « ئەر خۇاڭ » ناخشىلىرىنى ئېيتىپ جامائەتچىلىككە تونۇلغان . ئۇيغۇر ئارتىسى جاپپار ئەسلىدە قاسساپ ئىدى . ئۇ ، كۈندۈزى قاسساپلىق قىلىپ كەچتە ئويۇن قوياتتى . ئۇ ، گۆش ساتقاندا پىچاق بىلەن بىلەي

ۋە جىلىڭ پەللىسىنى مۇزىكا ئۇرنىدا چېلىپ ، خەنزۇلارنىڭ كلاسسىك مۇزىكىلىرىنى قوشاققا قوشۇپ ئوقۇش بىلەن خېرىدارلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى . ئۇ ، شىنجاڭ خەنزۇلىرىنىڭ يەرلىك ناخشىلىرىنىمۇ ئوبدان ئېيتىپ قالماستىن ، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ناخشىلىرىنىمۇ ئوبدان ئېيتالايتتى ھەمدە خەنزۇ تىياتىرلىرىدا باش رول ئالاتتى . ئۇ « سۇ سېتىش » ، « خۇمدان » ، « سارايغا كىرىش » ، « خۇاشەننى سېتىش »، « ئايالنى ئازاد قىلىش » قاتارلىق خەنزۇ كلاسسىك تىياتىرلىرىدا ئاساسلىق روللارنى ئوينىغان . ئۇ « قېرى بىلەن ياشنىڭ خوتۇن ئالماشتۇرۇشى » دېگەن تىياتىردا قېرى خوتۇننىڭ رولىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ چىققان . جاپپار جاڭچىلە ناخشىلىرىنى ئېيتىش ، كلاسسىك تىياتىرلاردا باش روللارنى ئېلىشتىن تاشقىرى ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللانغان . ئۇ ، خەنزۇ تىياتىر ئۆمەكلىرى ئۈچۈن بىر قانچە كومېدىيىلىك ئەسەرلەرنىمۇ ئىجاد قىلىپ بەرگەن ھەم خەنزۇچە ــ ئۇيغۇرچە قاپىيە ئارىلاشتۇرۇلۇپ بىر قانچە قىزىقارلىق ناخشا ئىجاد قىلغان . بۇ ناخشىلار ئەينى چاغلاردا ياشلار ئارىسىغا تېز تارالغان . بەزى پېشقەدەملەر ھازىرغىچە ئۇنى ئەسلەپ ، زوق ــ شوخ بىلەن ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلىشىدۇ .

كېيىنكى يىللاردا جاپپار كۆپلىگەن ناخشىچى ۋە تىياتىر ئارتىسلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ . ھازىر خەنزۇ تىياتىر ئۆمەكلىرىدە تەربىيىلىك قىلىۋاتقان نۇرغۇن پېشقەدەم خەنزۇ ئارتىسلار : « بىز جاپپارنىڭ شاگىرتى » دەپ پەخىرلىنىدۇ .

## خەمىت ھەكىمى

خەمىت ھەكىمى ( خەنزۇچە ئىسمى خامىدا ) لۈكچۈنلۈك بولۇپ ، موزدوز ھېكىم ئائىلىسىنىڭ ئائىلىسىدە 1906 ــ يىلى دۇنياغا كەلگەن . ئۇ 10 نەچچە ياشقىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولىدۇ . كې-

يىن ئۈرۈمچىدە خەنزۇ مەكتەپ ( شۆتاڭ ) دا ئوقۇۋاتقان ئاكىسى ئابدۇلئەزىز ھەكىمى ئۇنى خەنزۇچە ئوقۇشقا ئېلىپ كېلىدۇ . نەتىجىدە ئۇ 1922 ـ يىلى خەنزۇ مەكتىپىگە كىرىپ، جىن شۇ-رېن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان يىلى مەكتەپ پۈتتۈرىدۇ . ئۇ چاغدا ئاكىسى ئابدۇلئەزىز ھەكىمى چۆچەكتە مۇھىتوۋلارنىڭ تەرجىمانى ۋە خىزمەتچىسى ئىدى . ئۇ ، خەمىت ھەكىمنى چۆچەككە چاقىرتىپ چۆچەك « توران » مەكتىپىگە ئوقۇشقا بېرىدۇ . زېرەك ۋە تىرىشچان خەمىت مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرىدۇ .

ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن چۆچەكتىكى « بىزنىڭ تاۋۇش » گېزىتى ۋە چۆچەك ھاكىمى مەنسۇرغا تەرجىمان بولۇپ ئىشلەيدۇ . 34 ـ يىلى ئۇ ، تاتار قىزى پەرىدە ئەلىيىۋا بىلەن تۇرمۇش قۇرىدۇ .

1936 ـ يىلى ، شىڭ شىسەي نامىدىن يېزىلغان بۇيرۇق بىلەن ئۇ ئائىلىسى بىلەن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېلىدۇ ـ دە ، « شىنجاڭ گېزىتى » دە تەرجىمان ، « جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئويۇشما » نىڭ نەشر ئەفكارى ، « جاھانگىرلىككە قارشى سەپ » نىڭ تەرجىمانى ۋە تەھرىرى ، شېڭ شىسەينىڭ پەلسەپە تەرجىمانى①، سىياسي كۇرسى تەرجىمان بۆلۈم باشلىقى ۋە دەرس تەرجىمانى ، كېيىن چېن تەنچيۇ ، ماۋ زېمىن ۋە لىن جىلۇلارنىڭ تەرجىمانى ، قوشۇمچە مەركىزىي ئۇيغۇر ئويۇشما ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەش بىلەن مەدەنىي ما-ئارىپ ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان .

كېيىن ئۇ ، شېڭ شىسەي يازغان « ھۆكۈمەت ئالدىدىكى مۇھىم ۋەزىپىلەر » دېگەن كىتابنى تەرجىمە قىلغان .

خەمىت ھەكىمى چۆچەك « بىزنىڭ تاۋۇش » گېزىتىدە ئىشلىگەندە ، گېزىت مۇھەررىرى نىياز ئىسھاقى بىلەن تونۇشىدۇ

① شېڭ شىسەي ئالىي مەكتەپلەرگە پەلسەپە دەرسى بېرەتتى .

ۋە ئۇنىڭدىن ئىلغار ئىدىيىۋى سىستېما ، ماركسىزم ـ لېنىنىزم
تەربىيىسىنى ئالدۇ . ئۇنىڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىن-
غان ھەرخىل سىياسىي كىتابلارنى ئېلىپ ئوقۇيدۇ . مەرىپەتپەر-
ۋەر مەخسۇت مۇھىتى بىلەن ئۇچرىشىپ ( چۆچەكتە ) ئۇنىڭدىن
سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى سوراپ بىلىدۇ . نەتىجىدە
ئۇنىڭدا مىللەتنى ئويغىتىش ئارزۇسى بارلىققا كېلىدۇ .

1935 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەينىڭ تەكلى-
پىگە ئاساسەن ۋاڭ شۇچىڭ ( يۈي شۇسۇڭ ) ، ۋەن شەنتىڭ
( جاڭ يىفەن ) ، ۋاڭ باۋجيەن ( جاۋشى ) ، جىڭ يى جۈن
( رېن بويى ) ، ليۇ شەنچىڭ ، لۈەن باۋتىڭ ( جى جۇ ) ، ۋۇدې-
مىڭ ( جياڭ جىمىڭ ) ، يۈ چىڭفا مەنسۇر ( مەشۇر ) ، ياسىن ،
قادىر ھاجى ، جاۋ يۈرنۇڭ ، ليۇ شۇمىڭ ، گاۋشۇيىڭ ، ۋاڭ يى ،
دىڭ يۆگۈي ، جاۋگوگاڭ ، جاۋگويۈەن ، لى باۋخۇا ، ئەبەي ،
سېيىت ھاجى ، ھاشىم ھاجى ، تۇڭ باۋ قاتارلىق 3 ـ ئىنتېرنات-
سىئونالدا ئىشلەيدىغان 25 نەپەر كوممۇنىستنى شىنجاڭغا ( ئۈرۈم-
چىگە ) كېلىپ خىزمەت ئىشلەشكە ئەۋەتىدۇ . بۇلار شېڭ شى-
سەينىڭ خىزمەت تەقسىماتى بويىچە جاي ـ جايلاردا خىزمەت
قىلىدۇ . بۇلاردىن ئۈچ كوممۇنىست ( ئىسمى ئېنىق ئەمەس )
چۆچەكتە خىزمەت قىلىدۇ . بۇ چاغدا خەمىت ھەكىمى بۇلار بى-
لەن خىزمەت ئۈستىدە تونۇشىدۇ . بۇ ئۈچ خەنزۇ كوممۇنىست-
نىڭ خىزمىتى خەمىت ھەكىمى بىلەن بىرگە بولىدۇ . بۇلار سو-
ۋېت بولشېۋىكلار پارتىيىسى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى
نىزامنامىسى قاتارلىقلاردىن بىلىم ئالىدۇ .

1935 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ، مۇھەممەت ئىبراھىم ئىسىملىك
بىر كىشى چۆچەك ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسى ۋە ئۇيغۇر ئۇ-
يۇشمىسىغا مەسئۇل بولۇپ چۆچەككە بارىدۇ . بۇ كىشى ھېلىقى
ئۈچ نەپەر كوممۇنىست بىلەن مۇناسىۋەتتە بولىدۇ . خەمىت ھە-
كىمى بۇ چاغدا بۇلار بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ ئىش-

لەيدۇ .

1936 ـ يىلى ، خەمىت ھەكىمى شىڭ شىسەينىڭ مەخـ سۇس بۇيرۇقى بويىچە ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېلىدۇ . ئۇ ، ئۈرۈمچىگە كەلگەندە ، كوممۇنىست مەنسۇر ئەپەندى باشلىق بىر قانچىلىغان خەنزۇ كوممۇنىستلار قارشى ئالىدۇ . ئۇ ، ئۈرۈمچىگە كېلىش بىلەن شىنجاڭ گېزىتىگە تەقسىم قىلىنىدۇ . ئۇ چاغدا گېزىتخانا باشلىقى كوممۇنىست ۋاڭ باۋچيەن ئىدى . ھەرقايسى بەتلەرنىڭ مەسئۇل تەھرىرلىرى كوممۇنىستلار ئىدى . ئۇنىڭدىن باشقا خەمىت ئىشلىگەن « جاھانگىرلىككە قارشى سەپ » ژۇرـ نىلى ( خەمىت ھەكىمى مەزكۇر ژۇرنالنىڭ تەرجىمان ۋە تەھـ رىرى ) نىڭ مەسئۇللىرى كوممۇنىستلار ئىدى . كېيىنكى ۋاقىتتا يەنئەن كوممۇنىستلىرى چىن تەنچيۇ ، ماۋزېمىنلار كەلگەندە ئۇلار بىلەن بىللە ئىشلەيدۇ .

1938 ـ يىلى ، شىڭ شىسەي ئىنقىلابتىن يۈز ئۆرۈگەندە ، خەمىت ھەكىمىمۇ جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بىلەن بىرگە قولغا ئېلىنىدۇ .

خەمىت ھەكىمى چۆچەكتە بولغان مەزگىلىدىن باشلاپ ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە سەنئەتكە بېرىلدى . بۇ يولدا كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتتى . ئۇ « چۆچەك گېزىتى » ئىدارىسىنىڭ باشلىقى نىياز ئىسھاقى ۋە داۋۇت ھاجى ، ئەھمەتجان سەيفۇلىن ( تاتار ) قاتارلىق ئىلغارلارنىڭ سەنئەت كۇرژىكى ئۇيۇشتۇرۇشىغا ئارتىس ۋە سازەندە بۇرادىرى ئابدۇكېرىم رازىيۇۋ بىلەن ئالاھىدە ھەمـ كارلاشتى ھەمدە سەنئەت تەشكىلىگە قاتناشتى . ئابدۇللا باسىتى ( ھازىر ئالما ـ ئاتادا ) يازغان « پارىخور شاڭيو » دىرامىسىنى سەھنىلەشتۈرگەندە ئۆزى يىگىت رولىنى ، رەپىقىسى پەرىدە ئىبـ لىيىۋا قىز رولىنى ئويناپ ، تۇنجى دىرامنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىدى . . مۇھەممەت ئىبراھىم ئۇيۇشما خىزمىتىگە مەسئۇل بولغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ باشلامچىلىقىدا رول ئېلىشتىن باشقا

رېژىسسورلۇق قىلىدىغان بولدى . ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن ، ئۇيغۇر ئۇيۇشما ھەيئىتى بولۇش يىلەن سەنئەتكە يېتەكچىلىك قىلدى . ئابدۇراخمان مۇھەنتوۋ ، قادىر ھەسەنوۋ ، ئابلىمىت مەخسۇتوۋ ، قاسىم پەرسايىوۋ ۋە ئابدۇگۇل قاتارلىقلارنى سەپەرۋەر قىلىپ ، ئاياللارنى سەھنىگە ئېلىپ چىقىشقا ھەرىكەتلەندۈردى ( ئىلگىرى ئەرلەر ئايالچە ياسىنىپ رول ئالاتتى )

1936 ــ يىلدىن 1938 ــ يىلغىچە ئۈرۈمچى سەھنىسىدە ئوينالغان 15 كە يېقىن درامىنىڭ رېژىسسورلۇق ۋە بەزى مۇھىم روللارنى ئېلىش ۋەزىپىسىنى ۋە كىنو قويۇلغاندا زېرىكمەي كىنولارنى ئاممىغا چۈشەندۈرۈپ بېرىشنى داۋاملاشتۇردى ۋە ئاتاقلىق كىنو ئارتىسى جاۋدەن قاتارلىقلاردىن سەھنە سىۋېتلەشتۈرۈشنى ئۆگىنىپ ، سىۋېتچىكلىك قىلدى .

1937 ــ يىلى « ئانارگۈل » ناملىق دراما يېزىپ سەھنىلەشتۈردى . 1938 ــ يىلى « نەفسى قۇربانى » ناملىق دراما يېزىپ ئوينىلىش ئالدىدا قولغا ئېلىنىدى ۋە ئۇزاق ئۆتمەيلا تۈرمىدە پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلدى .

## ئاكا ــ ئۇكا مۇسا بايوفلار ۋە ئۇيغۇر يېڭى زامان مائارىپى

ئۇيغۇر يېڭى زامان مائارىپىنىڭ تۇنجى تۆھپىكارلىرى ۋە شىنجاڭ يېقىنقى زامان تەنتەربىيە ھەرىكىتىنىڭ تارقاتقۇچىلىرى بولغان ھۇسەنباي ، باۋۇدۇنبايلار ۋە ئۇلارنىڭ دادىسى مۇسا ھاجى [1]( مۇسابايوۋ ) لار چوڭ دادىسى ئابدۇروسۇل ئاخۇننىڭ مائارىپنى قوللاش پەزىلىتىگە ئىزچىل ۋارىسلىق قىلغان . ئابدۇروسۇل ئاخۇن ئەينى زاماندا ، قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسىنە ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە ئانا مەكتىپىگە ئىزچىل ماددىي ياردەم

[1] مۇسابايوۋ ( مۇساھاجىم ) خانلىق مەدرىسىنى تۈگەتكەن ، كۆپ ئىلىم تەھسىل قىلغان كىتابخان ، تەقۋادار كىشى بولغان . ئۇنىڭ قەشقەر زەگەرلىك كوچىسىدىكى قوروسىدا 3000 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب تىزىلغان مەخسۇس كىتابخانىسى بولغان ، ئۇ ساخاۋەتلىكى نىلەن جامائەتكە تونۇلغان ئىلىم سۆيەر كىشى ئىدى .

بىرىپ ، جامائەتچىلىكنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىدى . ئوغلى مۇسابايمۇ ئوخشاشلا شۇ مەدرىسىنى تۈگەتكەن ۋە 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا كۆپ مىقداردا پۇل چىقىرىپ ، خانلىق مەدرىسىنى بىر قېتىم چوڭ رېمونت قىلدۇرۇپ ، قەشقەر ئاھالىسى ئىچىدە زور ئىززەت ــ ئابروي قازانغان . ئۇنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان مۇھىم بىر ۋەسىقىسىدە : « بايلىقنىڭ بىر قىسمى بىلەن ئۆشرە ــ زاكاتنى مەكتەپ ۋە مەدرىسكە تەسەرۇپ قىلىش زۆرۈر » دەپ قەتئىي تەكىتلەپ ، بۇ ساھەدە ئۆزى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئۈرنەك بولغانلىقى ئىپتىلغان . ئۇنىڭ ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلغان مەرىپەتپەرۋەر ئوغۇللىرى ھۈسەنباي ھاجى ( 1844 ــ 1926 ) ۋە باۋۇدۇن باي ( 1851 ــ 1928 ) ئاتىسى مۇسا ھاجىمنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە مەكتەپ مائارىپىغا ئىزچىل تۆھپە قوشۇشتا تېخىمۇ زور پىداكارلىق كۆرسەتكەن . بۇ تۆھپىكارلارنىڭ پائالىيەتلىرى ئەينى زاماندا ، تارىم ۋادىسىنى جاھالەتنىڭ قاپقارا پەردىسى قاپلاپ تۇرغان ، شۇنداقلا ئەڭ جاھىل ۋە مۇتەئەسسىپ كۈچلەر ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان شارائىتتا ئېلىپ بېرىلدى ؛ فېئودال قارا كۈچلەر ۋە ئىستىبدات ھاكىمىيىتىنىڭ ھەر خىل بېسىم ــ توسالغۇلىرىغا قارىماي ، دادىل ھەرىكەت ئېلىپ بارغان بۇ مەرىپەتپەرۋەر ھەم تەرەققىپەرۋەر ئاكا ــ ئۇكىلارنىڭ قەلبىدە ۋەتەن ، مىللەت ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىك ۋىژدان ئوتى نەقەدەر يالقۇنجىغان ــ ھە !

چەت ئەللەرنىڭ يېڭى مائارىپىدىن تەسىرلەنگەن باۋۇدۇنباي ئۆز ئاكىسى ھۈسەنباينى يېڭى مائارىپنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ئۆزىگە ياردەم بېرىشكە كۆندۈردى . نەتىجىدە ، ئۇلار شەخسىي دارامىتىدىن ئىقتىساد ئاجرىتىپ ئۆز يۇرتى ئىكساقتا 1885 - يىلى يېڭىچە مەكتەپ بىناسى سالدۇردى . يەركەنتىكى تاتار پەنني مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن تەرەققىپەرۋەر زات باۋۇدۇن مۇساباي 1870 - يىلى ئىلىدىكى نوپۇزلۇق ئۆلىما ناسىر

ئەلـەم ئاخۇنۇمنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا بەيتۇللا مەسچىتى يېنىـ
دىكى دىنىي مەكتەپلەردە ھېساب ، ئانا تىل ، ئەدەبىيات ، تارىخ ،
جۇغراپىيە ، تەنتەربىيە ، رەسىم ، شېئىر قاتارلىق دەرسلەرنىڭ
قـوشـۇمچە ئۆتۈلۈشىگە تۈرتكە بولغان .... شۇنداقلا تۆت سىنىپـ
لىق يېڭىچە دەرس ئۆتىلىدىغان مەكتەپ تەسىس قىلغان . شۇ
يـىلى ( 1870 ـ يىل ) باۋۇدۇنباي قەشقەرگە كېلىپ خانلىق مەدـ
رىـستە قوشۇمچە ئۆتۈلۈۋاتقان تارىخ ، جۇغراپىيە ، تىل قاتارلىق
دەرسلەرگە ئەدەبىيات ، تەنتەربىيە قاتارلىق دەرسلەرنى قوشۇپ
ئوقۇتۇشنى يولغا قويغان دېيىلىدۇ .

ئەينى ۋاقىتتا ، مۇتەئەسسىپ كۈچلەر قەشقەر خانلىق
مـەدرىستە پەننىي دەرسلەرنىڭ ئوقۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ .
بـۇ چاغدا ، باۋۇدۇنباي ئاكىسى ھۈسەنباي بىلەن مەسلىھەت قىـ
لىپ ، پەننىي مەكتەپنى ئۆز يۇرتى ئىكساققا يۆتكەيدۇ . بۇ ،
1872 ـ يىلى بولۇپ ، ئۇيغۇر يېڭى زامان مائارىپى تارىخىدا ئۆز
دەۋرىـگە لايىق تۇنجى زامانىۋى بىنا قىلىنغان ( 1885 ـ يىلقى )
ئىكساق پەننىي مەكتەپنىڭ ئاساسى بولىدۇ . بۇ مەكتەپكە ئەينى
يىلدا « ھۈسەيىنىيە » مەكتىپى دېگەن نام بېرىلىدۇ . مەكتەپ
قۇرۇلغاندىن كېيىن ، بىر قەدەر ياخشى ئوقۇغان ئوقۇغۇچىدىن
ئەللىكتىن ئوشۇق كىشىنى روسىيە ، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتـ
لەرگە ئوقۇشقا ( بىلىم ئاشۇرۇشقا ) چىقىرىدۇ . ئۇلار يەنە چەت
ئەلدىن ئوقۇتقۇچىمۇ تەكلىپ قىلىدۇ . مەسىلەن ، تۈركىيىدىن
ئابابەكرى ئەپەندى ، ئەخمەت كامال ، ئابدۇراخمان ئەپەندى ،
مۇكەررەم قارى قاتارلىقلارنى تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىپ ئوقۇتۇش
سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ .

« ھۈسەيىنىيە » مەكتىپى يېڭىچە لايىھىلىنىپ سېلىنغان
بـولۇپ ، ئۇ دەسلەپتە ئۈچ سىنىپلىق بولغان . سىنىپلىرى كەڭ ،
دېرىزىلىك ، دوسكا ، پارتا قاتارلىق سىنىپ جاھازىلىرى مۇكەمـ
مـەل ، سـىنىپلارنىڭ ئىچى ـ تېشى ئاقارتىلغان ، ئوقۇتقۇچىلارـ

نىلىڭ ئىشخانا ئۆيى ، ئوقۇغۇچىلار ئۆچۈن ياتاق ، هاممام ( تاش مۇنچا ) قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىمارەتنى تەركىب تاپقان . مەكتەپ ئەتراپى ئورمانلاشتۇرۇلغان بولۇپ ، ئىسمىغا لايىق يېڭى مەكتەپلىك قىياپىتى نامايەن بولۇپ تۇرغانىدى . كېيىنچە ، « هۆسەيىنىيە » مەكتىپىدە باللار قونۇپ ئوقۇيدىغان بولدى . بۇ چاغدا ، قونۇپ ئوقۇيدىغانلارنى « لەيلى » ، كېلىپ ـ كېتىپ ئوقۇيدىغانلارنى « ناهارى » دەپ ئاتىغان ( « لەيلى » كېچىلىك ، « ناهارى » كۈندۈز دېگەن مەنادا ) .

دەسلەپتە ئوقۇتقۇچىلار بەش نەپەر بولۇپ ، ئۇلار كېرىمخان ( مۇدىر ) ، چوڭ غوجىكام ، سۇلتان مەخمۇت ، ئىدرىس هاجى ، رائىلە بۈۋى مولاچام ( ئايال مۇئەللىملەر ئۇ چاغدا « مولاچام » دەپ ئاتىلاتتى ) قاتارلىقلار ئىدى . بۇ چاغدا مەكتەپتە 105 نەپەر ئوقۇغۇچى بولۇپ ، ئۇلاردىن يىگىرمە بەشى قىز ئىدى . دەرسلەر ئەدەبىيات ، ئەرەب ، پارس تىلى ، جۇغراپىيە ، تارىخ ، ئىلمىي هال ، ئىلمىي تەجۋىد ، تەنتەربىيە قاتارلىق دەرسلەردىن ئىبارەت ئىدى .

دەرس جەدۋىلى بويىچە بىر كۈندە تۆت سائەتلىك دەرس ئۆتۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان . هەر هەپتىدە مەكتەپ مۇدىرى بىر قېتىم پۈتۈن ئوقۇغۇچىلارغا ئەخلاق دەرسى لېكسىيىسى بېرىش مۇنتىزىم تۈزۈم بولۇپ قالغان . ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەشغۇلات ۋاقتى ئالتە سائەت ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەش سائەت قىلىپ بەلگىلەنگەن . بۇنىڭدىن باشقا هەر كۈنى بىر ئوقۇتقۇچى نۆۋەتچى ( دېژورنى ) بولۇش ، سىنىپ مەسئۇلى قويۇش ، نۆۋەتچى مۇئەللىملەر خاتىرە تۇتۇش ۋە ئەهۋالدىن دوكلات قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان .

« هۆسەيىنىيە » مەكتىپىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدىن باشلاپ ئىمتىهان تۈزۈمى يولغا قويۇلغان . ئىمتىهان نەتىجىلىرى تۆت دەرىجىگە ئايرىلغان . مەسىلەن ، ئەلىيولئەلا ( 1 ـ دەرىجە

لىك ) ، ئەلا ( 2 - دەرىجىلىك ) ، ئەۋسەت ( ئوتتۇرا دەرىجىلىك ) ، ئەدنا ( ئۆتەلمەي قالغان نىئوتلار ) دەپ ئايرىلغان .

ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا پۈتۈن كەنت ئاھالىلىرى قاتناشقان ھالدا قىزغىن ، داغدۇغىلىق ئۆتۈلۈپ بېرىلغان بولۇپ ، مەكتەپ مارشلىرىنى جاراڭلىتىپ كۆرەك قىلىنغان . ئوقۇش تۈگەتكەن ئوقۇغۇچىلار تۆت دەرىجە بويىچە مۇكاپات بىلەن تەقدىرلەنگەن . مەسىلەن ، 1 - دەرىجىلىككە « تەھسىننامە » ، 2 - دەرىجىلىككە « ئاپىرىننامە » ، 3 - دەرىجىلىككە « تەقدىرنامە » ، 4 - دەرىجىلىككە « شاھادەتنامە » تارقىتىلىپ بېرىلگەن .

ئوقۇتقۇچىلار جامائەت ئىچىدە يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ ، ئەر ئوقۇتقۇچىلار « ئەپەندىم » ، ئايال ئوقۇتقۇچىلار « موللاچام » دەپ ئاتالغان . ئوقۇتقۇچىلار تەمىناتىنىڭ يۇقىرى بولغانلىقى ئاشۇ ھۆرمەتنى كۈچەيتىپ بەرگەن . مەسىلەن ، 1 - دەرىجىلىك مۇئەللىمگە 400 چارەك ( بىر چارەك ھازىرقى 20 جىڭ ھېسابىدا ) ئاشلىق ، 2 - دەرىجىلىككە 300 چارەك ، 3 - دەرىجىلىككە 200 چارەك ئاشلىق بېرىلەتتى ( بۇ ئاشلىق مائاش يىللىقنى ئاساس قىلغان ) . مۇئەللىملەرنىڭ مۇشۇ تەمىناتىنىڭ بىر قىسمىنى ئاكا - ئۇكا مۇسابايلار بېرەتتى ، قالغان قىسمىنى ئۆشرە - زاكات كىرىمىدىن چىقىرىلاتتى . بۇنىڭ سىرتىدا ، كەمبەغەل ۋە يېتىم ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن « خانەندىلىك » ( ئوقۇش ياردەم پۇلى ) تۈزۈمى يولغا قويۇلغانىكەن . ئۇلارنى كىيىم - كېچەك بىلەن تەمىنلەش ، تاماق راسخوتى ئۈچۈن 1 - دەرىجىلىكلەرگە 15 چارەك ئاشلىق ، 2 - دەرىجىلىكلەرگە 12 چارەك ئاشلىق ، 3 - دەرىجىلىكلەرگە 8 چارەك ئاشلىق بېرىلگەن . مەكتەپكە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تولۇق كېلىشىنى تەمىن قىلىش ئۈچۈن ( ئەلنى خاتىرجەم قىلىش مەقسىتىدە ) جامائەتنىڭ چارۋىلىرىنى توپلاپ باقىدىغان مەخسۇس « پادىچى » ئورۇنلاشتۇرۇلغان . بۇنىڭ بىلەن پادىغا قاراش سەۋەبى بىلەن مەكتەپكە كەلمەسلىك

تۇ گىگەن .

1895 - يىلى مۇساباي ھاجى ۋاپات بولۇش ئالدىدا ، ئوغۇللىرى ھۈسەنباي ، باۋۇدۇنبايغا مەكتەپ دائىرىسىنى كېڭەيتىش ، سىنىپ سانىنى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىشنى تاپىلايدۇ . ئاتىسىنىڭ بۇ ۋەسىيىتى ھۈسەنباي ۋە باۋۇدۇنبايلارنىڭ بۇ ھەقتىكى پىلانلىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ ، ئۇلار 1896 - يىلىلا « ھۈسەيىنىيە » مەكتىپىنىڭ چوڭ قۇرۇلۇشىنى باشلىۋېتىدۇ . نەتىجىدە 1898 - يىلى يېڭى مەكتەپ بىناسى ئىكىنساقتا قەد كۆتۈرىدۇ .

بۇ مەكتەپ كارىدورلۇق ، كۆركەم سېلىنغان بولۇپ ، سەككىز سىنىپلىق ئوقۇتۇش بىناسىدىن باشقا يەنە 32 ئېغىزلىق ئوقۇغۇچىلار ياتىقى ( ھۇجرا ) ، ھۇجرىلارنىڭ شىمال تەرىپىدە بۇنجا - تېرەك ، بوستانلىق ، گۈللۈك ، نەقىشلەنگەن پىشايۋانلىق مەسچىت ؛ بىنا تۆركۈمى ئوتتۇرىسىدا رېشاتكىلىق زال ، ئىككى ئېغىزلىق ئاشخانا ، ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن مەخسۇس مۇلازىمەت دوكان ئۆي ، بەش مو دائىرىسىدە مېۋىلىك باغ ، بەش مو چوڭلۇقتا تەنتەربىيە مەيدانى ، ھاممام ، مەكتەپ ئىچىدە چوڭ ئېرىق ، ئېرىق ئەتراپىغا دەل - دەرەخلەر قويۇلغان ؛ مەكتەپنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا تىياتىر زالى ياسالغان . بۇ مەكتەپ پۈتكەندىن كېيىن چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىققانلار يېتىپ كېلەلمەيدۇ . شۇڭا باۋۇدۇن مۇساباي تۈركىيىدىن مۇئەللىم تەكلىپ قىلىدۇ .

1907 - يىلىغا كەلگەندە ، بۇ مەكتەپ « ھەبىب زادە دارىلمۇئەللىمىن » بولۇپ قۇرۇلۇپ ، ئاتۇش ، ئۈستۈن ئاتۇشتىكى يەتتە كەنت ، قەشقەر ۋە خوتەندىن بولۇپ 40 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ . شۇ چاغدىكى « ھەبىب زادە دارىلمۇئەللىمىن » نىڭ ئاتاقلىق ئوقۇتقۇچىلىرى ھېلىم ئەپەندى ، سۇپى ئەپەندى ، تۇردى ئەپەندى ، ئابلىز ئەپەندى ، ھاجى ئەپەندى ، شەمشىدىن ئەپەندى ، ئابدۇرېھىم شاۋكەت ئەپەندى ، ماھىرا خەلپەت قاتار-

لىقلاردىن ئىبارەت بولغان. ئوقۇلىدىغان دەرسلەرنىڭ تۈرى: شىپاھىيە، ئىملا، ھۆسنخەت، ئەدەبىيات، ھەندىسە (ئالگېبرا)، تارىخ، جۇغراپىيە، ئىلمىي ھال، تەنتەربىيە، غەزەل... ... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بىر يۈرۈش مەشغۇلىيەت تۈزۈمى بولۇش بىلەن تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىمۇ جانلىنىپ كېتىدۇ.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەپتەر — قەلەم، كىيىم — كېچەك ۋە تاماقى ھەقسىز بېرىلىدۇ. مەكتەپ شتاتىدىكى ئوقۇتقۇچىلاردىن باشقا ئىككى ئاشپەز، ئىككى جارۇپكەش (قارا خىزمەتچى) بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەمىناتىمۇ دەرىجىگە بۆلۈپ بېرىلگەن. ئوقۇغۇچىلار ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم مۇنچىغا چۈشۈش تۈزۈمى قىلىپ بېكىتىلگەنىكەن.

«ھەبىب زادە دارىلمۇئەللىمىن» مەكتىپىنىڭ تۇنجى قارارى 1909 - يىلى داغدۇغىلىق ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، 40 نەپەر ئوقۇغۇچىنى تەڭرىتاغنىڭ شىمال ۋە جەنۇبىغا ئەۋەتىدۇ. گۇچۇڭغا شاۋۇدۇن قارى، قۇتۇبىغا ساۋۇت ئەپەندى، كۇچاغا روزى ئەپەندى، خوتەنگە ماھىرا خەلپەت، توققۇزاقتا ئابدۇللا روزى، قاغىلىقتا ئابلىز ئەپەندى، قەشقەرگە ئابدۇرېھىم شاۋكەت ئەپەندى ئەۋەتىلىدۇ. ئاتۇشنىڭ ئۆزىدە بەيساقتا كەنجى ئەپەندى، ئوچاغا تۇردى ئەپەندى، مەمەت نامەتاجىلار، قايراقتا ھېلىم ئەپەندى بىلەن سوپى ئەپەندى، تاقۇتتا ئىمىن ئەپەندى، ئىكىساقتا ھاجى ئەپەندى بىلەن ئىزىز ئەپەندى تەقسىم قىلىنىدۇ. ئۇلار يېڭى مائارىپ ئورۇقىنى جۇڭغارىيە ۋە تارىم ۋادىسىغا چاچىدۇ ۋە يېڭى مائارىپنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەر قوشىدۇ. دېمەك، 1910 - يىللىرىنىڭ ئالدى — كەينىدە يالغۇز ئىكىساقتىلا سەككىز سىنىپلىق بىر چوڭ باشلانغۇچ، بىر دارىلمۇئەللىمىن (ئوتتۇرا تېخنىكوم) مەكتىپى مەرىپەت مەشئىلى بولۇپ نۇر چاچىدۇ.

1910 ـ يىلدىن باشلاپ « مەكتىپى ھۇسەيىنىيە » گە تۈركىيەدىكى ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن تۇرسۇن ئەپەندى مۇدىر بولىدۇ. ئۇ، « ھۇسەيىنىيە » مەكتىپىدە 1910 ـ يىلدىن 1933 ـ يىلغىچە جەمئىي 23 يىل مۇدىرلىق ۋەزىپە-سىنى ئۆتەيدۇ. تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ يېڭى مائارىپقا ئۇل سېلىش يولىدا كۆرسەتكەن تۆھپىسى ناھايىتى زور. تۇرسۇن ئەپەندى ئەسلىدە شىنجاڭلىق ياش بولۇپ، ئۇ تۈركىيەگە ئوقۇشقا چىقىپ قىسقا مۇددەتلىك كۇرسنا ۋە « سۇلتانەم »ناملىق يۇقىرى دەرى-جىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. ئۇ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن نەچچە مىڭ ياشنىڭ قەلبىنى بىلىم بىلەن يورۇتتى.

تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ يەنە بىر تۆھپىسى، يېڭى زامان تەنتەربىيە ھەرىكىتىنى جانلاندۇرۇشتا بولدى. ئېكىساق مائارى-پىدىكى تەنتەربىيە ئېكىساقتا قۇرۇلغان تۇنجى باشلانغۇچ مەك-تەپتە ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈندىلىك مەدەنىي تۇر-مۇشىغا ئايلىنىپ، تەنتەربىيە مەدەنىي تۇرمۇشنى جانلاندۇ-رۇشنىڭ ئاساسىي قىلىنغان. ئاشۇ يىللاردا، تەنتەربىيە مۇساب-قىلىرى كەڭ خەلق ئاممىسى قىزىقىپ كۆرىدىغان ئاممىۋى پائا-لىيەتكە ئايلىنىپ، مەكتەپ بالىلارنىڭ تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنى ئۆيۈشتۇرغاندا ئۇلار يىراق ـ يېقىن دىيەي كېلىپ كۆرۈشەتتى. دېمەك، ئېكىساق مائارىپىنىڭ يولغا قويغان تەنتەربىيىسى مەك-تەپنىڭ نام ـ شەرىپى ۋە داغدۇغىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن، مەكتەپمۇ تەنتەربىيە ماھىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. 1898 ـ يىلى سېلىنغان « ھۇسەيىنىيە » مەكتىپىنىڭ تىياتىر زالىدا، دەسلەپ تەنتەربىيىنىڭ ھەر خىل مەشىقلىرى رول قىلىپ ئورۇنلانغان. بولۇپمۇ مارش، قول قايرىش، چېلى-شىش ۋە باشقىلار نومۇر قىلىپ كۆرسىتىلگەن. شۇ ئاساستا ئاستا ـ ئاستا تىياتىرچىلىق يولغا قويۇلغان.

## مەكتەپنىڭ دەرس جەدۋىلى

| سائەتلەر كۈنلەر | 1 ـ سائەت | 2 ـ سائەت | 3 ـ سائەت | 4 ـ سائەت |
|---|---|---|---|---|
| ھەپتە بېشى | شىپاھىيە ① | ئىملا | غەزەل | ھېساب |
| يەكشەنبە | ئەرەب تىلى | تارىخ | جۇغراپىيە | تەجۋىدە ② |
| دۈشەنبە | رۇس تىلى | ھېساب | كەزمە ③ | رەسىم |
| سەيشەنبە | تەجۋىدە | شىپاھىيە | جۇغراپىيە | |
| چارشەنبە | ئەرەب تىلى | ئىملا | رۇس تىلى | تارىخ |
| پەيشەنبە | پۈتۈن كۈن قۇرئان ئوقۇش | | | |
| جۈمە | دەم ئېلىش | | | |

ئىكساقتا يېڭى مەكتەپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى بولۇپمۇ تۈركىيىدىكى مەكتەپلەردىن تارقالغان يېڭىنقى زامان تەنتەربىيە تۈرلىرى، مەسىلەن: ۋالىبول، ۋاسكېتبول، پۇتبول ئاسانلا قوبۇل قىلىندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە پۇتبول ئالاھىدە ئورۇندا تۇردۇ. ئىكساق مەكتىپىدە يېڭىچە تەنەربىيە تۈرلىرىنى ئاسانلا قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈشىدە مۇنداق ئاساسلار بار ئىدى: ئۇيغۇر خەلقى ئەزەلدىن ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە يەنى چېلىشىش، ئوغلاق تارتىش، ئىلانگۈچ، سارغايدى، ئارقان تارتىش، ئاقسۆڭەك، تاغقا چىقىش، توپ ئويناش (ئۇيغۇر بالىلىرى كىچىك پاختىنا يېپتا توپ ياساپ ئويناپدۇ، ئوغۇللار قوي، ئۆچكە تېرىسىگە ياكى كونا ئاق تۇماقلار-

---

① شىپاھىيە ـــ ساقلىقنى ساقلاش، تىببىي ئىلىم.
② تەجۋىدە ـــ قۇرئان ئوقۇش قائىدىسى (ئەرەب تىلى قائىدىسى).
③ كەزمە ـــ تەنتەربىيە.

نىڭ ئىچىگە پاختىا ياكى سامان تىقىپ توپ قىلىپ ئويناپ كۆن-
گەن ) . بۇ خىل تەنھەرىكەت تۈرلىرىنى يولغا قويۇش بىلەن با-
لىلارنىڭ كىچىكىدىن چېنىقىش ، ساغلام ئۆسۈشىگە كاپالەتلىك
قىلىنغان . شۇڭا ئۇيغۇر خەلقى ھېيت ـ ئايەم ، خاتىرە كۈنلى-
رى ، تويلار ، ھوسۇل بايرىمى ۋە نورۇز كۈنلىرى يۇقىرىدىكى
تۈرلەر بويىچە مۇسابىقىلەر ئېلىپ بارىدۇ . بۇ خىل ئەنئەنىۋى
ئويۇنلارنى ساقلاپ ، قەدىرلەپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقى زامانىۋى
تەنتەربىيىگە ھەقىقەتەن قىزىقىدۇ ۋە ئۇنى تېز ئۆزلەشتۈرىدۇ .
مەكتەپمۇ تەنتەربىيە تۈرلىرىنى يولغا قويغاندا ، ۋاللەي ( تىك-
تاك ) ئويناش ، ئېگىز سەكرەش ، سېرىلىپ ئويناش ، دەرەختكە
چىقىش ، سۇ ئۈزۈش قاتارلىق بالىلارغا ئادەت بولۇپ كېلىۋاتقان
تەنتەربىيە تۈرلىرىدىن باشلايدۇ . ياۋروپا ، ئوتتۇرا شەرق سو-
دىسى بىلەن شۇغۇللانغان ، ھەج تاۋاپ ئۈچۈن چەت ئەللەرنىڭ
كۆپلىگەن چوڭ شەھەرلىرىنى زىيارەت قىلغان ، شۇ-
نونداقلا روسىيە ۋە تۈركىيىگە ئوقۇشقا بارغان ئىلغارلار چەت
ئەللەردە ئوينالغان تەنھەرىكەت تۈرلىرىدىن ۋالىبول ، ۋاسكېت-
بوللارنى كۆرۈپ ، يېڭىلىق دەپ بىلىدۇ . ئەمما پۇتبولنى كۆر-
گەندە ، يەل بېرىلگەن توپتىن ھەيرانلىق ھېس قىلىدۇ . لېكىن
ئويناش ئۇسۇلىغا زادىلا ھەيران بولمايدۇ . چۈنكى ئۇيغۇر ياش-
لىرى كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن قوي ، ئوغلاق تېرىلىرىدىن توپ
ياساپ ، كېسەكلەردىن قەلئە ياساپ ، پۇت توپى ئويناشنى ئادەت
قىلغان . شۇڭا ، ئۇيغۇرلاردىن مەيلى سودىگەر بولسۇن ، مەيلى
ئوقۇغۇچىلار بولسۇن چەت ئەللەردە بولغان مەزگىلدە ، پۇت
توپ ئويناشقا بىمالال قاتنىشىدۇ ھەمدە چەت ئەلنىڭ پۇت توپ
ئويىنىشىدىكى يېڭىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ شىنجاڭغا ئېلىپ كې-
لىدۇ . ئېكىساقتا پۇتبول 1870 ـ يىللاردا باشلىنىپ ، 1890 ـ يىلىغا
كەلگەندە ئومۇملىشىپ كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى . بۇلار
دەسلەپتە پۇتبولنى تۆت كىشىدىن ، كېيىنچە بەش كىشىدىن

بولۇپ ئوينىدى . 1922 ـ يىلىغا كەلگەندە ھازىرقىدەك 11 كىشىدىن بولۇپ ئوينىغانىدى .

ئېنىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا ، ئىكساقتا پۇتبول ئويىنىغۇچىلار ئەزەلدىن يۇمشاق تېرىدىن ياسالغان توپ ئىچىگە پۇۋلەش ئارقىلىق يەل تولدۇرۇپ ياكى تېرە ئىچىگە پاختا ، لاتا ، سامان تىقىپ يالىڭاياق ئويناپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ، كېيىنكى ۋاقىتتا تۇركىيىدىن كەلتۈرۈلگەن قاتتىق يەل بېرىلگەن ۋە چەمدىن ياسالغان توپلارغا يالاڭ پۇت چىداشلىق بېرەلمەيدۇ ، نەتىجىدە ئۇلار كالاچ كىيىپ ئوينايدىغان ، ھاللىقلار كارۋان چورۇقى بىلەن ئوينايدىغان بولىدۇ .

چەت ئەللەرنىڭ ئىلىم ـ پەن ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت كۆپ ئىلگىرىلەشلەرنى كۆرگەن باۋۇدۇنباي ، چەت ئەلدە ئوينىلىۋاتقان پۇتبولنى كۆرگەندىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ بالىلىق ۋاقىتلىرىدا ئويناپ ئادەت قىلغان يۇمشاق تېرە توپلىرىنى ئەسكە ئالىدۇ ، ئۇنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا بەل باغلايدۇ . شۇنداقلا ۋالىبول ، ۋاسكېتبوللارنىمۇ كېڭەيتىشنى باشلايدۇ . ئۇ ، مەكتەپكە تەنتەربىيىگە قىزىقىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە قوبۇل قىلىدۇ ، ھەتتا كېرەم ئاخۇن قاتارلىق ئاتاقلىق ئوقۇتقۇچىلارنى يېڭى زامان تەنھەرىكەت تۈرلىرىنى ۋە باشقا بىلىملەرنى ئۆگىنىپ كېلىش ئۈچۈن قازان دارىلمۇئەللىمىنىگە ئەۋەتىدۇ .

ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن ( 1885 ـ يىللىق ) دەرسلىك جەدۋەللىرىدە يېڭى ئۆزگىرىش بولۇپ ، تەنتەربىيە دەرس ۋاقتى ئۇزارتىلىدۇ ، دەرس مەزمۇنىمۇ مول بولىدۇ . مەسىلەن : پۇتبول ، بالقان ، تامپاش ، ( ۋالىبول ) ، بىلسۇ ، يېنىك ئاتلىتكا ، سىرىلما ، كالتەك ، تاش كەتتى ـ تاش كەلدى ، ئەسىر ئېلىش ، ياغلىق تاشلاش ، ئىلانگۈچ ، چىغىرىق ، تاغقا چىقىش ، تورنىك ، نەيزە ، دىسكا ئېتىش ، قارىغا ئېلىش ، دالا

يۇگۇرۇشى ، يۇرۇش ـ تۇرۇش ( مارش ) ، يىراققا ، ئېگىزگە سەكرەش قاتارلىق تۈرلەر ئۆتۈلىدۇ . ئوقۇغۇچىلارمۇ بۇ ھەرىكەتلەرگە قىزىقىدۇ . تەنتەربىيە دەرسى كىشىلەرنىڭ قىزىقىپ كۆرىدىغان ئويۇنىغا ئايلىنىدۇ . بارا ـ بارا يۇرت ئارىلاپ مۇسابىقە ئېلىپ بېرىلىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن كۆپلىگەن تەنھەرىكەت ماھىرلىرى يېتىشىپ چىقىدۇ . بولۇپمۇ پۇتبولچىلار جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ . چەت ئەللەرنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇللىرى ، سودا ۋاكالەتخانا ، دوختۇرخانا خادىملىرىمۇ ئىكساق پۇتبولچىلىرىغا قىزىقىدۇ .

1906 ـ يىلىغا كەلگەندە ، مەكتەپكە تۈركىيەدىن تەكلىپ قىلىنغان ئاتابەكرى ئەپەندى ، ئەخمەت كامال ، سامى ئەپەندى ، ئەمرۇللا ئەپەندى ۋە مۇكەررەم قارىلار ئوقۇتقۇچىلىق قىلغاندا ، ئوقۇتۇش ۋە تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى تېخىمۇ جانلىنىدۇ .

1910 ـ يىلىغا كەلگەندە باۋۇدۇنباي ئۆز خىراجىتى بىلەن تۈركىيەگە ئوقۇشقا چىقارغان يەرلىك زىيالىلاردىن تۇرسۇن ئەپەندى ، ھەسەن ئەپەندى ، كامىل ئەپەندى ، مەسئۇد ئەپەندى ، جىرجىق ھاجى قاتارلىقلار روسىيە ۋە تۈركىيىنىڭ يېڭى زامان تەنھەرىكەتلىرىنى شىنجاڭغا تارقىتىشقا باشلايدۇ . بۇنىڭدا تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئالاھىدە بولۇپ ، ئۇ مەخسۇس كوماندا تەشكىللەپ ، پۇتبولنى يولغا قويىدۇ .

تۇرسۇن ئەپەندى تەشكىللىگەن پۇتبول كوماندىسى تۆۋەندىكىچە :

تۇرسۇن ئەپەندى ـــ كوماندا باشلىقى ھەم بەگ ( بېك )
ئەنۋەر ئەپەندى ـــ بەگ ( بېك )
ئىبراھىم ئەپەندى ـــ پورۋايىت
غوپۇر ئەپەندى ـــ پورۋايىت
پەخىردىن ئەپەندى ـــ پورۋايىت
تۇرسۇن قارى ـــ ياردەمچى بەگ

كېرەم قارى ــــ ياردەمچى بەگ
مەھەممەت تۆمۈر ــــ پورۋايت
روزى مەھەممەتنىياز ــــ پورۋايت
بېشىر ئاخۇن ــــ قەللىچى
ھاجى ئابدۇللا ــــ قەللىچى .
زاپاس كوماندا ئەزالىرى : قادىر روزى ، مەيدىن مەھەممەت ، ھەيدەر ئىدرىس ، ساۋۇت مىرئەخمەت ، ناسىر مىر خېلىل ، ئابدۇراخمان يۇسۇپلەردىن ئىبارەت ئىدى .
1927 - يىلى ۋەلى خانباي ئەنگلىيە ، شۋېتسىيە ۋە فرانسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلىغا ئىكساق پۇتبول كوماندىسى بىلەن مۇسابىقىلىشىشكە تەكلىپ بېرىدۇ ، چەت ئەللىكلەر مۇسابىقە قىلىشنى قوبۇل قىلىدۇ . شۇ يىلى كۈزدە قەشقەر شەھىرىدىكى ئېنگلىز كونسۇلخانىسى ( ھازىرقى ئاپتوبوس شىركىتىنىڭ ئورنى ) دا مۇسابىقە ئېلىپ بېرىلىدۇ . ئىكساق پۇتبول كوماندىسىدىكىلەر بېشىغا ئاق دوپپا ، ئۇچىسىدا ماتا كۆڭلەك ، بىلىدە بەلباغ ، پۇتىدا مەسە ـ كالاچ ، مەسە ـ كالاچ ئۇستىدىن شوينا باغلانغان ھالدا تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ يېتەكچىلىكىدە :

ئارقاداشلار توپلىنايلى ، جەھلىن ئوينى بۇزغىلى ،
ئەل كۆزى ئالغان قاراڭغۇ ، پەردىلەرنى يىرتقىلى .
ئىنقىرازدىن خەلقىمىزنى قۇتقۇزغۇچى ئىلىمدۇر ،
بىزلەرنىمۇ دەل بۇگۈن ھەم بىلىم ئۆزى قۇتقۇزىدۇ .
دېگەن مارشنى جاراڭلىق ئوقۇپ مەيدانغا كىرىدۇ .
مۇسابىقە خەۋىرى خېلى بۇرۇنلا قەشقەر رايونىغا تارقالغان بولغاچقا ، مۇسابىقە مەيدانى نەچچە مىڭ ئادەم بىلەن تولىدۇ .
مۇسابىقە باشلىنىشتىن ئىلگىرى بارلىق چەت ئەل كونـ

سۇللىرىمۇ ، خادىملىرىمۇ يېتىپ كېلىدۇ . بۇ چاغدا ئېنگلىز كونسۇلى مۇسابىقە ئېلان قىلىپ ، « ئەگەر سىلەر ئۇتتۇۋالساڭلار بىز سىلەرگە كۈمۈش ئىگەر توقۇملۇق ئاتتىن بىرنى بېرىمىز ، بىز ئۇتتۇۋالساق سىلەر نېمە بېرىسىلەر ؟ » دەيدۇ . بۇ چاغدا ئىنكساق كوماندا باشلىقى تۇرسۇن ئەپەندى ئىككىلەنمەستىن : « ئەگەر سىلەر ئۇتتۇۋالساڭلار بىرگە ئىككىنى بېرىمىز » دەپ جاۋاب بېرىدۇ .

مۇسابىقە باشلىنىدۇ . تاماشا كۆرگۈچىلەر ئىنكساق پۇتبول كوماندىسىغا بارىكاللا توۋلاپ ئىلھام بېرىدۇ ۋە غەلىبە تىلەيدۇ . نەتىجىدە ئېنگلىز كوماندىسىنى بىرگە قارشى ئىككى نەتىجە بىلەن ، شۇۋېت كوماندىسىنى نۆلگە قارشى يەتتە نەتىجە بىلەن يېڭىدۇ . ئېنگلىز ئايال كونسۇلى نەتىجە ئېلان قىلىنمايلا پوچتىغا ئولتۇرۇپ كېتىپ قالىدۇ .

ئىنكساق كوماندىسىنىڭ بۇ غەلىبىسى پۈتۈن قەشقەرگە تارقىلىدۇ . سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى بولسا ئىنكساق كوماندىسىنى « غالىب كوماندا » دېگەن نام بىلەن پۇتبول توپى بېرىپ مۇكاپاتلايدۇ . بۇ مۇسابىقە ئۇيغۇرلار تارىخىدا تۇنجى غەيرىي رەسمىي خەلقئارالىق تۈس ئالغان مۇسابىقە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

شۇنىڭدىن كېيىن پۇتبول كوماندىسى پۈتۈن خەلق ھىمايىسىدە بولۇپ ، ھەر تەرەپلىمە ياردەم ، مەدەت بېرىشلەرگە ئېرىشىدۇ . تەنتەربىيە تۈرلىرى شىنجاڭنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدا كەڭ تارقىلىپ ، مىڭلىغان پۇتبولچى تەنھەرىكەت ماھىرلىرى يېتىشىپ چىقىدۇ .

ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن ، شىنجاڭدا يۈز بەرگەن مائارىپتىكى ئۆزگىرىشلەر يەنىلا ئىنكساق يېڭىچە مائارىپى ۋە تەنتەربىيىسىنىڭ تەرەققىيات ئاساسىي بويىچە راۋاجلانغان . 1934 - يىلدىن 1939 - يىلغىچە پۇتبول پائالىيىتى خېلى تەرەققىي

قىلغان بولۇپ غۇلجا ، قەشقەر ، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىكى خەلق ئىچىدە ئومۇملىششقا باشلىدى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەربىيلەر ، ئۈرۈمچى ھەربىي مەكتەپ ، سابىق شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى قاتارلىق مەكتەپ ئورۇنلىرىدا ۋە ھەرقايسى ۋىلايەتلەردە مۇسابىقىلەر ئۆتكۈزۈلدى . بۇ چاغدىكى پۇتبولچىلارنىڭ سانى خېلى كۆپەيگەن بولۇپ ، پۇتبول ئويناش دائىرىسى كېڭەيگەن جايلاردا پۇتبول مەيدانلىرىمۇ ياسالغانىدى . ئازادلىقتىن كېيىن يەنى 1951 ـ يىلى غەربىي شىمال بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن پۇتبول مۇسابىقىسىدە شىنجاڭ كوماندىسى چېمپىيون بولغانىدى . 1952 ـ ۋە 1953 ـ يىللىرىدىكى مۇسابىقىدىمۇ خېلى ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكەن . 1959 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا ، شىنجاڭ كوماندىسى 12 كوماندا ئىچىدە تۆتىنچىلىككە ئېرىشكەنىدى .

1985 ـ يىلى ئېكساق مائارىپىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى . مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاكا ـ ئۇكا ھۈسەنبايى ، باۋۇدۇنبايلارنىڭ مائارىپقا ۋە شىنجاڭ تەنتەربىيىسىگە قوشقان تۆھپىسى ، تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرىدىكى پائالىيىتى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىندى ، ھەمدە مەشئەل ناملىق ژۇرنالغا ئالاھىدە تونۇشتۇرۇلۇپ خاتىرلەندى .

## ئۇيغۇر يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر تېۋىپلار

ئۇيغۇر تىبابىتى — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق يىللىق داۋالاش ، ساقلىقنى ـ ساقلاش ، دورىگەرلىك ئەمەلىيەتلىرىنىڭ يەكۈنى بولغان مىللىي تىبابەتتىن ئىبارەتتۇر .

ئۇيغۇر يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر تېۋىپلاردىن بەزىلىرى يازغان ئەرەب ، پارس تىللىرىدىكى كى-

ئابلار چەت ئەللەرنىڭ تىبابەتچىلىك دارىلفونۇنلىرىدا رەسمىي دەرسلىك قىلىپ ئوقۇتۇلۇپ كەلگەن. مەسىلەن، خوتەن قاراقاش ناھىيە ئاقساراي كەنتىدە تۇغۇلۇپ خوتەندە ئوقۇغان تېۋىپ جامالىدىن ئاقسارايى ئەرەب تىلىدا يازغان «كىتابى تېۋىپ ئاقساراي» مىلادى 1899 - يىلى ھىندىستاننىڭ لاكنو شەھىرىدە رەسمىي نەشر قىلىنغان بولۇپ، ھىندىستاننىڭ مەركىزى دېھلىدىكى ئىسلام تىبابىتى دارىلفونۇنىدا 1929 - يىللاردىمۇ رەسمىي دەرسلىك قىلىپ ئوقۇتۇلۇپ كەلگەن.

قەشقەردە ئۆتكەن مەشھۇر تېۋىپ سوپاخونۇمنىڭ چوڭ ئائىلە شەجەرىسىدىن بىزگە مەلۇم بولۇشىچە، ئۇلاردىن بەش ئەۋلاد تىبابەتچىلىك بىلەن ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ چوڭ بوۋىسى مەھەممەت مىراتبېك ئەلى بېك ئوغلى ھىجرىيە 1150 - (مىلادى 1640 - يىلى) يىلىدا قەشقەر شەھىرىدە «ئەغزاز تىببى» (تىبابەتچىلىك مەقسەتلىرى) ناملىق تىببى ئەسەرنى ئۇيغۇر تىلىدا يازغان. بىز تونۇشتۇرماقچى بولغان مەشھۇر تېۋىپ پەدرىدىن سوپى ئاخۇنۇم 18 — 19 - ئەسىرلەرنىڭ ئارىلىقىدا ياشىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتى ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، تىبابەتچىلىك بىلەن ئۆتكەن. سوپاخونۇم ئەرەبچە، پارىسچە تىللارغا ماھىر بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە) ساھەسىدىمۇ يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولغان. شۇڭا قەدىمكى تىبابەتنىڭ ئانچە قوللىنىلمايدىغان بىر ئۇسۇلى — يۇلتۇزلارنىڭ سامادىكى ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشلىرى ۋە ھەرىكىتىگە ئاساسەن دىئاگنوز قويۇش، دورا بۇيرۇش، ئاقۋىتىگە باھا بېرىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ كېسەل داۋالىغانلىقى ھەققىدە رىۋايەتلەر بار.

سوپى ئاخۇنۇمنىڭ ھىجرىيە 1250 - (مىلادى 1832 - يىلى) يىلىدا قەشقەردە يازغان «شىفائىلقۇلۇپ» ناملىق كىتابى ۋە ئۆز شاگىرتى قەشقەرلىك خۇدا بەردى ئاخۇنغا تېۋىپلىق قىلىش ئىجازەتنامىسى بىلەن يېزىپ بەرگەن 100 خىلدىن ئارتۇق

دورا نۇسخىلىرى ، رېتسىپلىرى ھەم بەزى قول يازمىلىرى ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىدە ساقلانماقتا . بۇنىڭدىن باشقا سوپى ئاخۇنۇم زامانداشلىرىدىن سەئىد مۇختار بۇلاقبەگ ئوغلى ئىسىملىك بىر تېۋىپنىڭ « تىببىي شىفا » نامىدا يازغان كىتابىنىڭ كۆچۈرمىسى ھازىر قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ ، قەدىرلەپ ئوقۇلىدىغان دەستۇرلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى .

17 ــــ 18 - ئەسىردە يۇقىرقى تېۋىپلاردىن تاشقىرى يەنە قەشقەر شەھىرىدىلا موللا سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم ، موللا يۇسۇپ ئاخۇنۇم ، موللا ھېيىت ئاخۇنۇم ، موللا قۇتلۇق ئاخۇنۇم ، ھەيدەر ئاخۇنۇم ، قاسىم ئۆمەر ھاجىم ، مامۇت شەلفە ئاخۇنۇم ؛ بەدۆلەت زامانىدىن كېيىن سوپا ئاخۇنۇم ئوغلى خوجائاخۇن ھاجىم ، تېۋىپ قادىر ھاجىم ، باھاۋۇدۇن ئاخۇنۇم ، ئوغلى موللا ئاخۇن ، مۇسا قارى ئاخۇنۇم ، قاھىر قارى ئىشان ، ھەسەن قازى ئاخۇنملار ؛ بۇلاردىن كېيىن ئۆمەر قارى ھاجىم ، ئىمىن ھاجىم ، زۇنۇن ئاخۇن ، مەھەممەت ھاجىم ، مامۇتخان ھاجىم ، غوجا ئابدۇللاخان ، ئۇلۇغ ئاخۇنۇم ، مۇسا ئاخۇن ، قۇتبىدىن ئاخۇن ، يۇسۇپ ھاجىم قەشقىرى ، مەھەممەت ئىشان ، روزى ھاجىم ، زۇنۇن ئاخۇن ، كېرەم ئاخۇنۇم قاتارلىقلارمۇ مەشھۇر تېۋىپلار ھېسابلىنىپ كەلگەن .

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ھازىرغىچە ئالاھىدە تۆھپىكار بولۇپ كەلگەن تېۋىپلاردىن يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان يۇسۇپ ھاجىم قەشقىرى ، ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسىنىڭ ئاساسىنى قۇرۇشقا قاتناشقان ھەقىزىخان مەخسۇم ، فەتھىدىن مەخسۇم ، زۇنۇن قارىم ، ئارىپ ھاجىم ، ئىسمائىلجان ، مامۇتخان ، ھاشىم ئاخۇن خەلپىتىم ، ئابدۇراخمان كېرىم ( ئاتام ) لار ئۇيغۇر تىبابىتىنى ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن تېۋىپلارنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ .

مەشھۇر شائىر ، ئاتاقلىق تېۋىپ سېيىت ھۇسەيىنخان

قۇتبىدىن شاھ ئوغلى ( تەجەللى ھەزرەت ) ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ زات ھىجرىيە 1272 - ( مىلادى 1856 - يىلى ) يىلدا قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ زوڭلاڭ يېزىسى ئايباغ كەنتىدە دىنىي ئالىم ، مەشھۇر تېۋىپ قۇتبىدىن شاھ ھەزرەت ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇ ، ھاياتىدا ئەرەب ، پارس ، ئوردو تىللىرىنى ئۆگەنگەندىن باشقا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ دېھلى دارىلئۇلوم مەدرىسىدە ، ئىراننىڭ ئىسپاھان دارىلفۇنۇنىدا ، ئاخىرىدا ئافغانىستاننىڭ كابول دارىلفۇنۇنىدا ئىلىم تەھسىل قىلغان . شۇ جەريانىدا ئۇ ئۇيغۇرچە ، پارسچە ، ئەرەبچە ئەدەبىياتلارنى پۇختا ئۆگەنگەن ، كۆپلىگەن ئەسەر يازغان . ئۇ ، تىبابەت ساھەسىدە يۈرەك ، ئۆپكە ، سىل قاتارلىق كېسەللەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك داۋالاشتىن باشقا ، بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا بويىچە داۋاسى تېپىلمىغان راك ( سەرتان ) كېسىلىنى يىلان گۆشى ( زەھىرى ) بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا داۋالاپ ساقايتقان ( قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتخانىسى تۈزگەن « ئۇيغۇر تىبابەت چولپىنى » 55 - بەت ) . تەجەللىنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇغان ، ئۇنىڭدىن تەلىم ئالغان ۋە ياكى ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغانلاردىن يۈسۈپ ھاجىم قەشقىرى ( سۆھبەتدىشى ) ، مۇسائاخۇن تېۋىپ ( شاگىرتى ) ، قاغىلىقتىن يۈسۈپ ئەپەندى ، سەيدىنا ئەپەندى ، سادىق مەخسۇم ؛ گۇمىدىن مامۇت ھاجىم ؛ خوتەندىن پېشقەدەم تېۋىپ تۇردى ھاجىم ۋە باشقىلاردۇر .

تەجەللى ھەزرەتنىڭ ئەدەبىي ۋە تىببىي ئەسەرلىرى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا يوقالغان بولسىمۇ ، ئەمما خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان بىر بۆلۈم ئەسەرلىرى ئالىم ۋە شائىر ئابلىكىم مەخسۇم ھاجىم تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ ، 1984 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن « تەجەللى - مۇجەللى » نامىدا نەشر قىلىندى . يەنە بىر بۆلۈم ئەسەرلىرى ئابلىكىم مەخسۇم ھاجىم ۋە تەجەللى ھەزرەتنىڭ نەۋرىسى شەم-

ئۇلھۇداخان قولىدا ساقلانماقتا .
تەجەللى ھەزرەت 1927 - يىلى 74 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى . ئۇنىڭ قەبرىسى قاغىلىق كاسكى يېزىسىدا ئىدى . بۇ قېتىم خەلق تەرىپىدىن قايتىدىن رېمونت قىلىندى .
يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە كۆپلىگەن مەشھۇر تېۋىپ - ھۆكىمالار ئۆتكەن بولۇپ ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە :
يۇسۇپ ئەپەندىم ، ياسىن ئاخۇن داموللام ، تېگىنقچى ئايال بۇسەيدىخان ، سەپەر ئاخۇن ھاجىم ، روزى ئەزىزوللا ، ۋاھاپ ئاخۇنۇم ، باباخان ھاجىم ، موللا مەھەممەت تۇرسۇن ، سەيپىدىن ئاخۇنۇم ، مەھەممەت ئېلى ئېزىزوللا ، سادىق مەخسۇم ، ئابدۇقادىر روزى ، سايىت ئاخۇن خەلپىتىم ، نۇر مەھەممەت مەخسۇم ، غازى ئاخۇنۇم ، يۇسۇپ ئاخۇن تېۋىپ ( يۇسۇپ تۇردى ) ؛ ئەيسا ئاخۇنۇم ، ئابدۇرېھىم ئەيسا ، توختى بەگ ، ئىسھاق ئاخۇنۇم ، قادىر مەخسۇم ، ئابلا تېۋىپ ، ۋەزىرخان ھەزرىتىم ، سۇپۇرگە نىياز ھاجىم ، مايسىخان ، ئەمەتجان ، يۇسۇپ ئاخۇن تېۋىپ ، نىيازئاخۇن تېۋىپ ، سابىت ئاخۇنۇم ، قاسىم ئاخۇن تېۋىپ ، ئىمىن سۇڭجاڭ ؛ ھازىر ھاياتلار ( ئىشلەۋاتقانلار ) دىن مەھەممەت ھەسەن ، مەھەممەت ھوشۇر ، ئەيسا قارى ، ئاۋۇت ئاخۇن ، ئەمەت نىياز ، ئابدۇكېرىم ماموت ؛ پەيزى مۇھەممەت ھاجىم ، باۋۇدۇن قارى ، ئابدۇراخمان خوجا ، تەخخانباي ، ئاتاۋۇللا ئاخۇن ، ئىبراھىم ئاخۇنۇم ، تۇردى ھاجىم ، ئابلاخان تۇردى ، سىيىت ئەخمەتخان ھاجىم ، ماموت ئاخۇن ، ھاۋاخېنىم سادىقشاھخان ، ياسىن دوختۇر ، مەھەممەت ئىمىن ياسىن ، ئۆمەر بارات ھاجىم ، ئابدۇللا ئاخۇن خەلپىتىم ، سوپى ئاخۇن يىگىت بېشى ، ئىمىن ھاجىم ، ئەيساخان ، سۇپۇرگە ھاجىم ، رۇستەم ھاجىم ، زىياۋۇدۇن قارىم ، ئابدۇرېشىت قارىم ، ئابلەھەتخان مەخسۇم ، ئەخمەت كېرىم ، پاتىمىخان ، كېرىم ھاجىم ، ئەبەيدۇللاخان تۆرەم ، نەمتۇللاخان ، ئېزىز قارىم ؛ ئابدۇللا

قارىم ، مەسۇم ئاخۇن داموللام ، تېۋىپ ئىمىن ھاجىم ، تېۋىپ ئابدۇللا ئاخۇن ئۇستام ، سىدىق ئاخۇن خەلپىتىم ؛ تېۋىپ ياقۇپ ، دوختۇر نەزەر خەلپەم ، چوڭ ئاخۇن موللام ؛ يىگىت بېشى ، ئەركەش ، ساۋۇت داموللام ، توختى موللام ، توختى باقى ، ياسىن ھېلىم ھاجى ، ئىمىن جىلىل ، يۈسۈپ داموللام ، ئابدۇرېھىم توختى ، ھاپىز قارى . تۆۋەندە مەن ئەنە شۇ تىبابەت چولپانلىرىنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان يۈسۈپ ھاجىم قەشقىرى ئۇستىدە ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتىمەن :

يۈسۈپ ھاجىم ــ ھىجرىيە 1298 ـ يىلى ( مىلادىيە 1876 ـ يىلى ) قەشقەر شەھەر ئىچى ئۆستەڭبويى مەھەللە ، ياغاچچى كوچىسىدا ئوقۇمۇشلۇق سودىگەر قادىر ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇ ، ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىن ، ئائىلىدە ۋە مەھەللىدىكى باشلانغۇچ ، دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان .

قادىر ھاجىم ئۆزىمۇ مەرىپەتپەرۋەر كىشى بولغىنى ئۈچۈن ، ئۆز ئوغلى يۈسۈپنىڭ تىرىشىپ ئىلىم ــ ئىرپان ئۆگىنىشىگە مەدەت بېرىپ ، ئۇنى كىچىكىدىنلا زېرەك ، بىلىم سۆيەر قىلىپ تەربىيىلىگەن . شۇڭا يۈسۈپ ھاجىم مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرىغا نىسبەتەن يۇقىرى دەرىجىدە بىلىم ئالغان . ئۇ ، 20 ياشقا تولغان ۋاقىتلىرىدا دىن ، ئەخلاق ، تارىخ ، ئەدەبىيات ، جۇغراپىيە ، ئىلمىي نۇجۇم ( ئاسترونومىيە ) گە ئائىت بىلىملەرنى ئوقۇغان . مۇشۇ خىل بىلىملەرنى ئىگەللەش ئۈچۈن ئەينى زامانىنىڭ ئېھتىياجى مۇقەررەر ھالدا ئەرەب ، پارس تىللىرىنى ئۆگىنىش زۆرۈر ئىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بۇ خىل تىللارنى ئۆگىنىشنى ئۆزىگە مەجبۇرىيەت دەپ بىلىپ ، تىرىشىپ ــ تىرمىشىپ بۇ تىللارنى ئاخىر ئۆگەنگەن . نەتىجىدە ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆزى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان ۋە باشقىلارغا چۈشەندۈرەلەيدىغان بولۇپ يېتىلگەن . شۇ جەرياندا خۇشخەت مەشق قىلىپ بۇ ساھەدىمۇ يېتىلگەن . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قەشقەر شەھىرىدىكى ئا-

تاقلىق مەدرىسلەردە بىلىم ئېلىش بىلەن بىللە، ھەرقايسى دىنىي مۇتالىئە ۋە ئەدەبىيات مۇتالىئەلىرىگە قاتناشقان. ئالىملارنىڭ تەپسىر ـ ئەھكاملىرىنى كۆپ ئاڭلىغان. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىقتىسادىنىڭ يار بېرىش سەۋەبى بىلەن 600 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب سېتىۋېلىپ ئوقۇغان.

يۇسۇپ ھاجىم ھىجرىيە 1327 ـ يىلى (مىلادى 1905 ـ يىلى) ئاتىسى قادىر ھاجىم، تاغىسى تۇردى ھاجىملار بىلەن (بۇ چاغدا 29 ياشتا ئىدى) بىللە ھەج ـ تاۋاپ قىلغىلى بارغان. ئۇ، مۇشۇ جەرياندا روسىيە، تۈركىيە، سۈرىيە، مىسىر، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىكى مۇقەددەس جاي ۋە ساياھەت ئورۇنلىرىنى كۆرگەن. بۇ جايلاردا كۆپلىگەن ئىلىم ئەھلى بىلەن ئۇچراشقان. تۈركىيە ۋە مىسىردىكى مەشھۇر كىتابخانىلارنى زىيارەت قىلغان، بىزگە يېتىپ كەلمىگەن كۆپ كىتابلارنى ئوقۇغان ۋە ئۆز خاتىرىسىگە تەسىرات يېزىپ قالدۇرغان. ھەممىدىن مۇھىمى، بارغان جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى، خەلقلەرنىڭ ئۆرۈپ ـ ئادىتى ۋە مىجەز خۇلقى بىلەن تونۇشقان، جايلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتلىرىدىن مول تەجرىبە ھاسىل قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەسىرلەپ ئىستىبدات، خۇراپاتلىقنىڭ بۇيۇنتۇرۇقى ئاستىدا ئۇخلاپ ياتقان ئۆز ئىلىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى، مىللەتنى قۇتقۇزۇشنىڭ ئاچقۇچى بىلىم ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن. چۈنكى، يۇسۇپ ھاجىمنىڭ ھەرەمگە بارغان ۋاقىتلىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا جان تالىشىپ، بارلىق ۋەھشىيانە سىياسەتلەر بىلەن خەلق ئۇستىدە تۆگەتكۈسىز زۇلۇم ـ زورلۇق قىلىۋاتقان دەۋرى ئىدى.

يۇسۇپ ھاجىم ئاشۇ قانلىق ئۆتمۈشنى ئەسلەپ مۇنداق دېگەنىدى: «ئاشۇ يىللارغىچە قەشقەر شەھىرى ۋە ۋىلايىتىنىڭ بىر قانچە ناھىيىسىدىن باشقا جايىنى كۆرمىگەن بولسامۇ، لېكىن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بولۇۋاتقان زوراۋانلىقتىن خە-

ۋەر تاپتىم . قەشقەر شەھىرىنى ئېلىپ ئېيتقاندا ، مەنچىلىك لويى-
لىرى كوچىغا چىقىپ قالسا كىشىلەر باش قويۇپ تەزىم قىلىشقا
مەجبۇر ئىدى ، چېرىكلىرى چىقسا ۋاژىلداپ قىزىۋاتقان بازار
خۇددى ۋىچىرلاپ سايرىغان قۇشقاچلارنىڭ ئاۋازى بىر چالما
بىلەن جىم بولغاندەك ، بازار ئىچى جىمجىت چۆللۈككە ئايلى-
ناتتى . قېچىپ قۇتۇلالمىغانلارنىڭ مال ـ مۈلكى ھەتتا ئۈستى-
دىكى كىيىملىرى سالدۇرۇۋېلىناتتى . مۇنداق تەسادىپىي زۇلۇمغا
ھېچقانداق ئامال يوق ئىدى . مېنىڭ ئىچىم سىرىلىدىغان بىر
ئىش ، كوچا ـ كوچىلاردا يېتىپ كەتكەن كېسەللەر ، باشلىرى
يىرىڭداپ كەتكەن تاز باللار ، بەدەنلىرى تېشىلىپ ، قان ـ يى-
رىڭ ئېقىپ گۆلەختە ( ھاممام ، ئاشخانىلار كۆلى تۆكۆلىدىغان
جاي بولۇپ ، غېرىبلار ئىسسىق كۆلگە كۆمۈلۈپ ياتاتتى ) ياتقان
مۇساپىرلار ئىدى . چېرىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇنداق كېسەل ، غې-
رىبلار بىلەن كارى يوق ئىدى . بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن
غەرب مىسسىئونېرلىرى بولسا ئاتالمىش داۋالاش پونكىتى بىلەن
جاسۇسلۇق ھەرىكەت ئېلىپ باراتتى . خەلقنى ئىمكان قەدەر
ئىسلام دىنىدىن قايتۇرۇپ خرىستىئان دىنىغا كىرىشكە دەۋەت
قىلاتتى . مۇشۇنداق كۆنلەردە ماڭا چۈشكەن ئىشتىياق تىبابەت-
چىلىكنى ئۆگىنىپ ، كېسەل داۋالاپ خەلقنى قۇتقۇزۇش بولغا-
نىدى . بۇ ئارزۇيۇمنى دادامغا ئېيتقىنىمدا ، دادام بۇ ئارزۇيۇمنى
نەزەردە تۇتۇپ ، تۇرپاندىن مەشھۇر تېۋىپ مۆھىدىن ئاخۇنۇم
دېگەن كىشىنى قەشقەرگە تەكلىپ قىلىپ ، ئۆيىمىزدە ئۈچ يىل
تۇرغۇزۇپ ، ئۇنىڭدىن تىبابەتچىلىكنى ئۆگىنىشىمگە ئىمكانىيەت
يارىتىپ بەرگەنىدى . ئۇ كىشى ماڭا تىبابەتكە ئائىت مۇھىم ئە-
سەرلەردىن 〈 تىببىي ئەكبەر 〉 ، 〈قارابادىن قادىرى 〉 ، 〈 دەستۇ-
رىلئىلاج 〉 قاتارلىق كىتابلارنى دەرس قىلىپ ئۆتۈپ بېرىش بى-
لەن بىرگە يەنە نۇرغۇنلىغان نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى ئۆگەتتى .
مەن نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىي داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈپ خېلى كۆپ

تەجرىبە ھاسىل قىلغانىدىم . كېيىنچە ئۆزلۈم مۇستەقىل كېسەل كۆرۈپ ، دورا ياساپ ئۆگىنىش ئارقىلىق تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدىم . شۇنداق قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي يېقىن ئەتراپتا نامدار تېۋىپ بولۇپ قالدىم . كۈنىگە 70 ـ 80 كىشى كېسەل كۆرسىتىدىغان ، كېچىلەپ ئىشلەيدىغان بولدۇم . قانداقتۇر ئاللاتائاللا كىشلەرنىڭ نەزىرىگە سالدى بولغاي ، كۆپ يىل ئۆتمەيلا شۇ زاماندىكى تېۋىپلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدىم . مېنىڭ بۇنچىلا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشۇمدا ، بىرى ئەستايىدىللىق ، كېسەللەرگە بولغان ئىللىق مۇئامىلەمدىن بولدى ؛ يەنە بىرى ، يېتىم ـ يىسىر ، غېرىپ ـ غۇرۋالارغا ئەرزان ياكى ھەقسىز دورا بېرىش ، يۆتكەشكە بولمايدىغان كېسەللەرنىڭ باي ـ كەمبەغەل ياكى ئۆيىنىڭ يىراق ـ يېقىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، چوقۇم ئۆيگە بېرىپ داۋالاش ئىشىنى ئېلىپ باردىم . كېيىنچە ، يەنى 1910 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۇستازلارنىڭ ئىجازىتى بىلەن ئۆستەڭبويىدا شىپاخانە ئېچىپ ، مۇستەقىل ئىش ئېلىپ باردىم . بۇ يىللاردا دورا ماتېرىياللىرى ۋە ئۆسۈملۈكلىرى ناھايىتى كەم ئىدى . كۆپ ۋاقىتلاردا چەتتىن دورا ـ دەرمەك ئالاتتۇق . مېنىڭ ھەج سەپىرىمدە ھەر قايسى دۆلەت تىبابەتلىرىدىن كۆرگەنلىرىم ، بولۇپمۇ دورا ـ ئۆسۈملۈكلىرى ھەققىدە كۆرگەنلىرىم رەسمىي شىپاخانا ئاچقاندىن كېيىن تازىمۇ لازىم بولدى . تاغ ـ داللار ، باغ ـ ۋارانلار ، چۆل ـ باياۋانلار مېنىڭ دورا ـ ئۆسۈملۈك ئىزلەيدىغان يېرىمگە ئايلاندى . مۇشۇ جەرياندا كۆپلىگەن دورا ـ ئۆسۈملۈك ۋە مېۋە ـ چېۋىلەرنى دورا قىلىپ ئىشلەتتىم . كېيىن تۇرپانلىق نىقى قارىم ھاجىم ، ئابىت داموللام ، قاغىلىقتىن سادىق ئاخۇنۇم ۋە مەھەممەت ئىمىن قارىم ( خوتەنلىك ) قاتارلىق كىشلەرنى تەلەپلىرىگە ئاساسەن شاگىرتلىققا ئېلىپ ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە تىبابەت نەزەرىيىسى ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرىغا كامىل قىلىپ يېتىشتۈردۈم . مېنىڭ دەسلەپكى مۇۋەپپەق-

يەتلىرىم مانا مۇشۇنداق باشلاندى .»

يۈسۈپ ھاجىم يالغۇز تېۋىپ بولۇپلا قالماستىن ، ئۇ ھەم دىنىي ئالىم ، تارىخشۇناس ۋە ۋەتەنپەرۋەر شائىردۇر ( ئۇنىڭ ئەسەرلىرى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا يوقالدى ) . يۈسۈپ ھاجىم ئاق كۆڭۈل ، كىچىك پېئىل ، خۇش تەبىئەت ، ئۆتكۈر زېھنىلىك ، تەپەككۇرى چوڭقۇر ، تىرىشچان ، كىشىلەر بىلەن چىقىشقاق ، يېزىش قابىلىيىتى كاماليەتكە يەتكەن ، ئەستە قالدۇرۇش تالانتى ناھايىتى ئۈستۈن كىشى ئىدى . ئۇنىڭ يازغان شېئىرى ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنى ساقلاپ قالالمىدۇق . ئۇ « تەرىقۇلئىلاج » دېگەن ئىككى توملۇق چوڭ ھەجىمدىكى تىببىي قامۇسنى تەرجىمە قىلغان ۋە ئۇنىڭغا كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ تولۇقلىغان . ئۇيغۇر تىبابىتى دورىگەرلىكىدىكى ئەڭ مۇھىم كىتاب « قارابادىن قادىرى » نى ھەج سەپىرى جەريانىدا چەتتىن ئۆگەنگەن دورىگەرلىك ئىلمىگە ئاساسەن يېزىپ چىققان . ئۇ-نىڭدىن باشقا « سەپەرنامە » ناملىق ئەسىرى بىلەن ئۇستازى ئەمەت ئاخۇن خەلپەم ۋاپات بولغاندا يازغان مەرسىيىسىدىمۇ قىممەتلىك مەزمۇنلار بار . بولۇپمۇ يۈسۈپ ھاجىم ئۆمرىنىڭ ئا-خىرقى يىللىرىدا « قانۇنچە » دېگەن كىتابنى يېزىپ ، ئۇيغۇر تىبابىتىگە پۈتمەس - تۈگىمەس تۆھپە قوشۇش بىلەن بىللە ، ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىغىمۇ ئالاھىدە ھەسسە قوشقان . 1936 - يىللىرى قەشقەردە « دارىلئۇلوم » مەكتىپى قۇرۇلغاندا ، تىبابەت-چىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يۈسۈپ ھاجىم ئۆزىنىڭ يېقىن بۇرادەرلىرىدىن ئوسمان قارى قاتارلىقلارنى باشلاپ « دارىلئۇ-لوم » مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇيدۇ . مەكتەپنى ئەلا پۈتتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن ، مەھەللىسىدىكى يېڭىچە مەكتەپكە مۇئەللىم بولىدۇ . كىشىلەر ئۇنىڭدىن : « ھاجىم ، بىر ئايدا بىر تاغار قو-ناقڤا ئىشلەپ مۇئەللىم بولغاندىن ، كېسەل داۋالىسىلا بولمامدۇ ... » دەپ سورىغاندا ، ئۇ : « مەن پۇل ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى

سەبى باللارنى جاھالەتلىك دۇنيادىكى ئىلىمسىزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن مۇئەللىملىك قىلىۋاتىمەن ، مەن 30 بالا ئوقۇتسام ، كەلگۈسىدە 30 بالا ئوتتۇزدىن ئوقۇتسا ، بىرى مىڭ بولسا ، مىڭى ئون مىڭ بولۇپ ئىلىم ـ بىلىم بىلەن خەلق ئاقارسا ، جاھالەتتىن قۇتۇلسا دەيمەن » دەپ جاۋاب بېرىدۇ .

يۈسۈپ ھاجىم تەدبىرلىك كىشى بولۇپ ، يەرلىك ئوت ـ چۆپلەر ، دورا قىممىتى بار مېۋە ـ چېۋىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان . قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقان قىزىلدۆۋە دېگەن يېرىدىكى بېغىنىڭ بوش جايلىرىغا ھەر خىل دورا ئۆرۈقلىرىنى ئېلىپ كېلىپ ئۆستۈرگەن . يەنە باغدا بولىدىغان قىزىل گۈل ، ئانارگۈلى ، بىيە ، ئالما چېچەكى ، جىگدە چېچەكى ، شاپتۇل چېچىكى قاتارلىق گۈل چېچەكلەر ؛ ئىگىر يىلتىزى ، ئاق لەيلى ( گۈل ۋە يىلتىزى ) ، تال ( ئۈزۈم ) دەرىخىدىن باھاردا ئاقىدىغان سۇ ، ھۆل ۋە قۇرۇق ئەمەن ، ئىت ئۈزۈمى ، ۋاڭ ئۇرۇقى ، قارا سۆگەت چۆجىسى ، بۆرە سۆيمىسى ، بۇيا ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى ھەم جىغان مۇنچاقلىرىنى يىغىپ دورا ياساپ كېسەل داۋالايتتى .

مېۋىلەردىن ئاق ئۈجمە ، شاتۇت ، چېقىر ئۈجمە ، قارا ئۈجمە قاتارلىقلارنى يىغىپ دورا ئورنىدا ئىشلەتكەن .

يۈسۈپ ھاجىم خەلقنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ئىشلىرىغا جان كۆيدۈرۈپ پىداكارلىق بىلەن ئىشلىگەن . 1932 - يىلى مارت ، ئاپرېل ئايلىرىدا قەشقەر شەھىرىدە يۇقۇملۇق « قارا كېزىك » تارقىلىپ ، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئىككى مىڭ نەچچە يۈز كىشى ئۆلىدۇ . ئۆلگۈچىلەر ئاساسەن 40 ياشتىن تۆۋەنلەر ئىدى . كېسەل دەسلەپ تارقالغاندا ، ئىستىبدات جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ مەمۇرلىرى چارە ـ تەدبىر قىلمايدۇ ، كېسەل ئەھۋالى ناھايىتى يامانلىشىدۇ . بۇ چاغدا يۈسۈپ ھاجىم ئوتتۇرىغا چىقىپ شەھەر چوڭلىرىغا مەسلىھەت بېرىپ : « كې-

سەل جاراسىملار ( مىكروبلار ) ئارقىلىق يۇقىدۇ . شۇڭا ، كېسەل بولغان كىشىنى باشقا كىشىلەرگە ئارىلاشتۇرماي ئايرىم قىلساق » دەيدۇ . بۇنى شەھەر چوڭلىرى ۋە جاھان كۆرگەن تەرەققىپەرۋەر ئالىم ـ ئاقىللار قوللايدۇ .

يۈسۈپ ھاجىم كېسەل ( قارا كېزىك ) تارقالغان ئۆيگە بېرىپ ، كېسەلنى ساق كىشىلەردىن ئايرىيدۇ ، ئايرىم ئۆيدە ياتقۇزىدۇ ؛ يوتقان ـ كۆرپە ، قاچا ـ قومۇچلارنى ئايرىم قىلىدۇ ، ئائىلىنىڭ تاماق جابدۇق ، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يۇلغۇن ئوتى بىلەن ئىسلايدۇ . ئاندىن سىركە ( ئۈزۈم سىركىسى ) ، ھاك قوشۇلغان سۇنى چېچىپ دېزىنفېكسىيە قىلىدۇ . كېسەل تەگكەن ئائىلە كىشىلىرىنى تالا ـ تۈزگە چىقارمايدۇ . تاماقلىرىغا خام سامساق ۋە سىركە قوشۇپ يېيىشنى ، ھەركىم ئۆز قاچا ـ قوشۇقىنى ئۈچ ۋاقلىق تاماقتىن كېيىن قازاندا قاينىتىشنى ئادەت قىلغۇزىدۇ . سامساقنى يالىڭاچلاپ ( پوستىنى سويۇپ ) بوينىغا ئېسىشنى ، پات ـ پات پۇراپ تۇرۇشنى ئادەت قىلغۇزىدۇ . نەتىجىدە بۇ تەدبىرلەر بىلەن كېسەلنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ ، خەلق ئاپىرىن ئوقۇيدۇ .

1935 - يىلى ماي ، ئىيون ئايلىرىدا قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىدىكى ئالتە كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان تىكەنبېشى يېزىسىنىڭ خىلۋاب كەنتىدە تائون ( چۇما ) يۈز بېرىدۇ . بۇ كېسەلدىن ئۆلگەن ئادەم ۋە ئىتلارنىڭ ئۆلۈكىنى « ھىلالى ئەھمەر » ( قىزىل يېڭى ئاي جەمئىيىتى ) دوختۇرخانىسى ئاھاك بىلەن كۆمۈشنى ئوقتۇرغان ۋە شۇنداق قىلغاندا ، بەزى مۇتەئەسسىپلەر : « ... مۇسۇلمانىنىڭ جەسىدىنى يۇماي ، نامىزىنى چۈشۈمەي كۆمۈش چوڭ گۇناھ بولىدۇ .... » دەپ قارشىلىق بىلدۈرگەندە ، يۈسۈپ ھاجىم ئوتتۇرىغا چىقىپ : « بۇ تەدبىر ئىنسانىيەتنىڭ ۋە باشقا ساق قالغان ئەل ـ يۇرتنىڭ ئامان ـ ئېسەنلىكى ئۈچۈندۇر ، بۇ مۇۋاپىق تەدبىر .. » دەپ ئۇلارنى ئىلمىي يوسۇندا قايىل قى-

لىدۇ ۋە دوستىيار ـ ئاغىنە ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ توسۇشىغا قارىماي « ھىلالى ئەھمەر » نىڭ داۋالاش ئىشىغا قاتنىشىپ ، تا- ئون ( چۇما ) نى يوقىتىشتا زور ھەسسە قوشىدۇ .
يۇسۇپ ھاجىم « ھىلالى ئەھمەر » گە قاتنىشىپ ئىشلى- گەندە خەدىچە ، مۇزەپپەر ، گويا خان قاتارلىق شەپقەت ـ ھەم- شىرىلەر بىلەن بىرگە يېڭىچە داۋالاش ئىشىنى ئېلىپ بارىدۇ . كېيىن قۇۋاپ سارىيىدا ئەپيۇن ۋە نەشە چېكىدىغانلارنى داۋالاپ ، ئۇلارنى زەھەرلىك چېكىملىكلەردىن قۇتۇلدۇرۇش ئىشى ئېلىپ بېرىلغاندا ، بۇنىڭغا پىداكارلىق بىلەن قاتنىشىپ قەشقەر خەلقىنىڭ ئاپىرىن ئوقۇشىغا سازاۋەر بولىدۇ .
شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا بىگۇناھ خەلقنى قى- رىش ، بۇلاش ، قاماش ئىشىنى ئېلىپ بارغان دەھشەتلىك يىللاردا ، يۇسۇپ ھاجىم كۆپلىگەن بىگۇناھ ئادەملەر بىلەن بىرگە قولغا ئېلىنىدۇ . ئۇنىڭ ئۆيى تەكشۈرۈلۈپ نۇرغۇنلىغان ئېپار ، زەپەر ، مەرۋايىت ، ئەنبەر ، ئاترىلال قاتارلىق ئېسىل دو- رىلارنى ، خەت ـ چەكلەرنى ۋە ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئېلىپ كې- تىدۇ . يۇسۇپ ھاجىم قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن قەشقەر شەھىرى ۋە يېڭى شەھەر تۈرمىسىدە ، كېيىن ئۈرۈمچى 4 ـ تۈرمىدە 1940 ـ يىلغىچە قامىلىدۇ . تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ، قەشقەرگە قاي- تىپ كېلىپ يەنىلا تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ .
1952 ـ يىلى يۇسۇپ ھاجىم پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىغا قويغان مىللىي تىبابەتنى كېڭەي- تىش چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ ، قەشقەر شەھەر- لىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ قوللىشى بىلەن قەشقەر شە- ھىرىدە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان تېۋىپلارغا ئۆز ئۆيىدە كۇرس ئېچىپ ، ئۇلارغا ئۇيغۇر تىبا- بەتچىلىك ئىلمىي نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىي بىلىملىرىگە ئۆز تەجرىبىسىنى بىرلەشتۈرۈپ دەرس ئۆتىدۇ . نەتىجىدە ما-

مۇتىخان ئاكا ، ئىسمائىلجان① ھازىرقى مىللىي شىپاخانىنىڭ باش ۋىراچى تېۋىپ ئابدۇراخمان ئاكا② ھاشىماخۇن خەلپىتىم قاتارلىق داڭلىق تېۋىپلار يېتىشىپ چىقىپ ، نەچچە مىڭ بىمار نىڭ دەردىگە شىپا بولىدۇ . خەلق ئاممىسى يۈسۈپ ھاجىم ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن مىننەتدار بولىدۇ .

1955 - يىلى خەلق ھۆكۈمىتى ۋە سەھىيە تارماقلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن شىنجاڭدا تۇنجى قۇرۇلغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قەشقەر ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى شىپاخانىسى يۈسۈپ ھاجىم، ئىسمائىلجان ، ھەپىزىخان مەخسۇم③ قاتارلىق پېشقەدەم تېۋىپ ۋە باشقا مەمۇرىي خادىملار ( يەتتە نەپەرلا كىشى ) دىن تەشكىللىنىپ قۇرۇلغانىدى .

شىپاخانا قۇرۇلغاندىن كېيىن ، يۈسۈپ ھاجىم ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنى ئۆگىنىشنى ئارزۇ قىلغان جەمئىيەتتىكى ئىلىم سۆيەر ياشلاردىن بىر قانچىسىنى شاگىرتلىققا ئېلىپ ، ئۇلارغا

---

① ئىسمائىلجان ـ قەشقەر شەھەرلىك بولۇپ ، ئۇ 1912 - يىلى تېۋىپ ئۆمەر قارى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . 18 يېشىدا دادىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ ، ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ تىبابەتچىلىكنى داۋاملاشتۇرغان . ئۇ شۇ جەرياندا ئەرەب ، پارىس تىللىرىنى ئۆگىنىپ ، تىبابەت ساھەسىدە مۇستەھكەم نەزەرىيىۋى ئاساسقا ئىگە بولغان . نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش ـ داۋالاش ئاساسىدا كۆپلىگەن ئۈسۇملۈكلەرنى تەتقىق قىلىپ ، ئۇلارنىڭ شىپالىق رولىنى ئېنىقلاپ چىققان . 1958 - يىلى قەشقەر شەھەرلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى شىپاخانىسى قۇرۇلغاندا ، ئاساسلىق كەسپىي خادىم سۈپىتىدە بۇ ئورۇنغا ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇرۇلغان . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ دورا باشقۇرۇش ۋە ئۈسۈملۈكلەر ھەققىدە ئەستايىدىل تەتقىق ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق تاغ زىرىسىنى ئاتىرىلال ( چەتتىن كىرگۈزۈلىدىغان قىممەتلىك دورا ) ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان . ئۇ يەنە دورا ئېزىش ، كومىلاچ قىلىش مەشغۇلاتىدا يېڭىلىق يارىتىپلا قالماي ، بەلكى ئاق كېسەل ، ئاياللار كېسىلى ، باللار كېسىلىنى داۋالاشتا ئۈنۈم ھاسىل قىلغان . ئۇ يەنە كۆپلىگەن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن بولۇپ ، بۇلاردىن ئابدۇرېشىت مەخسۇم ھاجىم ، ئېزىز كەنجى قاتارلىقلار ھازىر ئۇيغۇر شىپاخانىسىنىڭ داڭلىق تېۋىپلىرى بولۇپ قالدى .

② ئابدۇراخمان ئاكا ـ 1905 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە تېۋىپ كېرىم قارى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . كېرىم قارى تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغاندا ، ئابدۇراخمان ئاكا دورىگەرلىك بىلەن شۇغۇللانغان . 1948 - يىلى دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن دادىسىنىڭ كەسپىنى داۋاملاشتۇرغان . 1955 - يىلى ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىغا كىرىپ كېسەل كۆرۈش ، دورا ياساش بىلەن شۇغۇللانغان . 1982 - يىلى ئابدۇراخمان ئاكىغا باش تېۋىپ ئۇنۋانى بېرىلدى . ئابدۇراخمان ئاكا تىبابەتچىلىك جەريانىدا « ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش » ، « ئاشقازان 12 بارماق ئۈچەي يارىسى » ، « سۆزنەك كېسەللىك » ، « سۈيدۈك كەلمەسلىك كېسەللىكى » قاتارلىقلارغا بېرىلىدىغان دورىلارنى تەتقىق قىلىپ ، تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى . ئۇ ھازىر ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ ، لېكىن روھلۇق ، جۇشقۇن ھالدا داۋاملىق ئىزدىنىش ، يېڭىلىق يارىتىش ۋە بىمارلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتىدۇ .

③ ھەپىزىخان مەخسۇم ( ئۆزبېك ) — 1894 - يىلى ئۆزبېكىستان رېسپوبلىكىسىنىڭ « خاكەنت » دېگەن يېرىدە تېۋىپ نەجمىدىن قارى داموللا ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . 20 ياشقىچە يۇرتى ۋە بۇخارادا ئوقۇغان ، 25 يېشىدا دادىسىدىن تېۋىپلىقنى ئۆگىنەنگەن . 1933 - يىلى قەشقەرگە يېنىپ كەلگەن ، 50 يىللىق ئۆمرى تىبابەتچىلىك بىلەن ئۆتكەن . 1955 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر شىپاخانىسى قۇرۇلغاندا بىر يۇرۇش ھويلىسى ۋە دورىخانىسىنى شىپاخانىغا تەقدىم قىلىش بىلەن بىللە ئۆزىمۇ شىپاخانىدا ئىشلىگەن . 1959 - يىلى شىپاخانىدا ياتاق ئاچقاندا ، كۈندۈزى كېسەل كۆرسە كېچىسى باشقا ۋاقىتتا كېسەل داۋالىغان . ئۇ ، ئاشقازان ئۆپكە ، رېماتىزىم ، دېمىسقىلىش قاتارلىق كېسەللەرنى ئاددىي دورا بىلەن داۋالاشتا ئۈنۈم ھاسىل قىلغان . « ئۇيغۇر تىبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىدىغان دورىلار » ، « ئۇيغۇر تىبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان مۇرەككەپ دورىلار قوللانمىسى » قاتارلىق كىتابلارنى يېزىشقا قاتناشقان ، كۆپلىگەن ئىلمىي ئەسەر يازغان ، ماتېرىيال توپلىغان . بۇلار مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا يوقالدى . ئۇ دوختۇرخانىغا تەقدىم قىلغان شىپاھىيە ، ھورمىل شەغىز قاتارلىق دورىلار شىپاخانىنىڭ ئاساسلىق دورىلىرىدىن بولۇپ قالغان . ئۇ يەنە كۆپلىگەن ۋارىسلارنى تەربىيىلىدى . خەلق ئۇنى دائىم ئەسلەيدۇ .

نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن ھەر تەرەپلىمە بىلىم بەردى . نەتىجىدە ئابدۇقادىر مۇھەممەت ، ئابدۇرېشىت غوپۇر ، مۇھەممەت ئېلى مەھمۇدى قاتارلىقلار يېتىشىپ چىقتى . ئۇلار ھازىر شىپاخانىنىڭ ئاساسلىق تىببىي خادىملىرى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ .

قەشقەر ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى ۋاقىتتا ، ئادەم كۈچى ، دورا ماتېرىياللار ۋە جىددىي لازىملىق سايمانلار كەمچىل ئىدى . بۇ ۋاقىتتا يۈسۈپ ھاجىم دەرھال تەدبىر قوللىنىپ ، بارلىق شاگىرت ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ ، ئۇلار بىلەن تاغ ـ دالا ، باغ ـ ۋارانلارنى كېزىپ دورا ـ ئۆسۈملۈكلەر يىغىدۇ ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ياشلارنى دورا ئۆسۈملۈكلەرنى تونۇيدىغان دەرىجىگە كەلتۈرۈپ يېتىشتۈرىدۇ ۋە ئېھتىياجىمۇ قىسمەن قاندۇرۇلىدۇ . يۈسۈپ ھاجىم شىپاخانا قۇرۇلۇپ تاكى ۋاپات بولغىچە ئارلىقتا شۇ زامانىنىڭ داڭدار تېۋىپى زۇنۇن قارىم① قاتارلىقلار بىلەن مەسلىھەتداش بولۇپ ئىش ئېلىپ بېرىپ ، نۇرغۇن كېسەلگە شىپا بولدى .

يۈسۈپ ھاجىم ئۆز ھاياتىدا يەنە كۆپلىگەن دورا ـ ئۆسۈملۈكلەرنى تېرىپ ئۆستۈرۈش جەھەتتە ئىجاتكارلىق رول ئوينىدى . ئۇ ، كاسىنى ، بادىرەنجى بۇيا ، سەتەر ، ئىسپىغول ، لالە ( شاقايقۇنىئىمان ) قاتارلىق 20 خىل دورىنى تېرىپ ئۆستۈرۈپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى . ئىلگىرى « داۋاسىز كېسەل » دەپ قارالغان ئاق كېسەلگە چەتتىن كېلىدىغان « ئاتىرىلال » دېگەن دورا ئىشلىنەتتى . يۈسۈپ ھاجىم بۇ جەھەتتە ئىسمائىلجان قاتارلىقلار بىلەن كۆپ ئىزدىنىپ « كالىزىرە » نى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئاق كېسەلنى داۋالاشتا ئۈنۈم ھاسىل قىلدى .

---

① زۇنۇن قارىم ــ 1901 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىدە كاسىپ ئىمىن قارىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدا قەشقەر شەھىرىدە ھەر دەرىجىلىك دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان . پارس ، ئەرەب تىللىرىنى ئۆگەنگەن . شۇنىڭدىن كېيىن بوۋىسى تېۋىپ ئۆمەر ھاجىمنىڭ ئىزىنى بېسىپ تىبابەتچىلىك كەسپىگە كىرگەن . 1959 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسىغا باش دوختۇر بولۇپ خىزمەتكە كىرگەن . ئۇ رېماتىزىم ، خاپىقان ، ئۆپكە ، يۈرەك ئاجىزلىقى كېسەللىرىگە يەرلىك ئاددىي دورىلارنى ئىشلىتىپ نەتىجە قازانغان . زۇنۇن قارىم 16 يېشىدىن باشلاپ تېۋىپلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ، ئۇيغۇر تىبابىتى ئۈچۈن 70 يىل ئىشلىدى . 2 ـ ئەۋلات تېۋىپلارنى تەربىيىلەشتە زور كۈچ كۆرسەتتى . ئۇ ھازىر 88 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ ، تېنى ساغلام ، ئەقىل ـ ئىدرىكى جايىدا ھايات كەچۈرۈۋاتىدۇ .

نۇرغۇن كېسەللەر ئۈچۈن يېڭى رېتسېپ ، يېڭى نۇسخىلارنى ئىجاد قىلىپ ، شىپاخانىغا تەقدىم قىلغانىدى . ئۇلار « مۇرەككەپ دورا قوللانمىسى » غا كىرگۈزۈلۈپ ھازىرغىچە ئىشلىنىۋاتىدۇ .

يۈسۈپ ھاجىم 1961 - يىلى 85 يېشىدا ۋاپات بولدى .

## تۇنجى ئۇيغۇر ئۇچقۇچىلىرىنىڭ بىرى ئەخمەت

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە ، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدا ھاۋا يولى ئېچىش تەكلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلغان . كېيىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى گېرمانىيىدىكى مەشھۇر رونكى ئاۋىئاتسىيە شىركىتى بىلەن ياۋروپا ــ ئاسىيا ھاۋا يولى ئېچىش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالىغان . 1929 - يىلى بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن قۇمۇل ، ئۈرۈمچى ، چۆچەكلەردە ئايرودروم ياسالغان . 1932 - يىلى ( مىنگونىڭ 21 - يىلى ) 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ، ليۇسى دېگەن ئۇچقۇچى ھەيدىگەن « يونكىر » ماركىلىق يولۇچىلار ئايروپىلانى سىناق تەرىقىسىدە ئۈرۈمچىگە تۇنجى قېتىم قونغان .

شۇنىڭدىن كېيىن جىن شۇرېن ئۇچقۇچى تەربىيىلەش مەقسىتىدە شۇ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۇچقۇچى تەكلىپ قىلىپ ، ئاۋىئاتسىيە مەكتىپى قۇرغان . بۇ مەكتەپكە ئۇيغۇرلاردىن خەنزۇچىنى پۇختا بىلىدىغان ئەخمەت ( خەنزۇچە ئىسمى يۈەنجاڭ ) ئىسىملىك بىرلا بالا قوبۇل قىلىنغان . ئەخمەت ئەسلىدە خوتەنلىك بولۇپ ، 20 - يىللارنىڭ باشلىرىدا دادىسى بىلەن تىجارەت قىلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلگەن ۋە ياڭ زېڭشىن ئاچقان شۆتاڭدا ئوقۇغان . ئۇ ، شۇ جەرياندا خەنزۇچە تىل ـ يېزىقلارنى پۇختا ئىگەللەپلا قالماستىن ، بەلكى شۇ زاماندىكى خەنزۇ خەتتاتلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان . ئەخمەت ئۇچقۇچىلىققا قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن ، تېخنىكىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن ۋە 1936 - يىلى شىنجاڭ خەلقىنىڭ سۈيىۈەن ئالدىنقى سېپىگە

قىلغان ئىئانە ـ ياردەملىرىنى ئايروپىلان بىلەن لەنجۇغا يەتكۈ-
زۈش ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن .
1938 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ
ئۇچقۇچىلار ئەترىتىگە ئەۋەتكەن 43 كۇرسانتلاردىن لۈي لىپىڭ
( ئەسلى ئىسمى لى ۋەنشەن ) باشلىق 25 كىشى ئۇچقۇچىلار
سىنىپىغا كىرگەن . لۈي لىپىڭ سىنىپ مۇدىرى بولغان . ئۇيغۇر
ئۇچقۇچى ئەخمەت بۇ كۇرسانتلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە
بولغان ، ئۇلارغا ئۇچقۇچىلىق تېخنىكىسى ۋە ئۆزىنىڭ ئەمەلىي
تەجرىبىلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن ھەمدە بۇ ھەقتە دەرس ئۆت-
كەن . ئۇ يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن ( ئاۋىئاتسىيە تېخ-
نىكىسىدىن دەرس بېرىدىغان ) ئۇچقۇچىلارنىڭ ياردەمچىسى
بولغان . 1939 - يىل 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى شىنجاڭ خەلقى ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئالدىنقى سېپىگە ئىئانە قىلغان
« شىنجاڭ » ماركىلىك ئايروپىلان ( ئون دانە ) لارنى ئالدىنقى
سەپكە ئېلىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە قاتناشقان .
ئەخمەتنىڭ ئىقتىدارى ۋە جامائەت ئىچىدىكى شۆھرىتى
شېڭ شىسەينى ئۇنى مۇۋاپىق ئىشلىتىشكە مەجبۇر قىلغان . شۇ-
نىڭ بىلەن ئەخمەت توققۇز ئايروپىلان باشقۇرىدىغان ئۇچقۇ-
چىلار چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولغان . ھايات شاھىتلارنىڭ
ئېيتىشىچە ، ئۇ ھەر قېتىم ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەندە ، ئۈرۈمچى ئاس-
مىنىدا بىر قانچە مىنۇت ماھارەت كۆرسىتىپ ، ئاندىن يولغا راۋان
بولىدىكەن .
1939 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى
قېتىملىق ھەربىي مانېۋىردا ئەخمەت ناھايىتى يۇقىرى ماھارەت
كۆرسەتكەن ، ئۇ ، لاچىندەك ئاسمانغا تىك ئۆرلەپ ، يەرگە
قاراپ شۇڭغۇپ ، يەنە ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەندە ، يەردىكى توپلار
قويۇن ئۇچقاندەك يەردىن كۆتۈرۈلگەن . بىردەم جىمجىتلىق
باسقان مەيدان ئەخمەتنىڭ ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ

ھۆررا ساداسىغا تولغان . ئەخمەتنىڭ ماھارىتى ، خەلقنىڭ ھۆررا ئالقىشىدىن شېڭ شىسەي قاتتىق چۆچۈگەن ، شۇنىڭ ئەتىسىلا ئەخمەت قاتارلىق بىر قانچە ئىلغار ئۇچقۇچى « زىيانكەشلىك قىلىش نىيىتى بار » دېگەن باھانە بىلەن قولغا ئېلىنغان .

ئەخمەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى ، ئۇچقۇچىلىرى بىلەن بىللە 1942 - يىلغىچە شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە يېتىپ ، ئاخىر پۈت - قولى كىشەنلەنگەن ھالدا ئېغىر ئازاب ئىچىدە ئۆلتۈرۈلگەن . ھازىر ئەخمەتنىڭ رەپىقىسى ۋە پەرزەنتلىرى بار .

## قارا قۇرۇم تۇمانلىرىنى يېرىپ ئۆتكەن بۈركۈت

1934 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى ، قەشقەر ئاسمىنىدا ئايروپىلان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ . ئۇزاق ئۆتمەي بىر قىرغۇچى بومباردىمانچى ئايروپىلان قەشقەر شەھىرى ئاسمىنىنى بىر قانچە ئايلانغاندىن كېيىن ، قەشقەر شەھىرىدىن تەخمىنەن ئالتە ، يەتتە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئەسكى ھىسار ( قاراخانىيلار دەۋرىدىكى قەدىمكى قورغان ) خارابىسىغا قونىدۇ . بۇ ئىش ھەربىي ، مەمۇرىي ساقچى دائىرىلىرىنى ئالاقزادە قىلىۋېتىدۇ . ھەربىي ، ساقچىلار ئايروپىلاننى قورشايدۇ . ئايروپىلان ئىچىدىن ئۇچقۇچى كىيىمى كىيگەن 27 ياشلىق بىر ئۇيغۇر يىگىت چىقىپ : « سالام يۇرتۇم قەشقەر ، سالام ئېزىز ئانە قەشقەرلىق ... » دەپ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تازىم قىلىدۇ ۋە ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى نەدە ؟ دەپ سورايدۇ .

ئەسلى ۋەقە مۇنداق ئىكەن :

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى قەشقەرلىق بىر قانچە باي ھەجگە ماڭىدۇ . ئۇلار باغداتقا بارغاندا ، مۇھەممەت رېھىم ئاخۇن دېگەن كىشىنىڭ ئوغلى ئابدۇقادىر ۋە ئىبراھىم دېگەن ئىككى ياش ئەنگلىيىنىڭ ئاخبارات ئورۇنلىرى تەرىپىدىن

ئوغرىلاپ كېتىلىدۇ .

ئەنگلىيە ئاخبارات ئورنى ئىبراھىم بىلەن ئابدۇقادىردىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئۇيغۇر بالىسىنى چېركاۋ مۇخلىسى قىلىپ تەربىيىلەيدۇ . كېيىن ئەنگلىيىلىك بىر گېنېرال ئابدۇقادىرنى ئەنگلىيە ئاۋىئاتسىيە مەكتىپىدە ئوقۇتىدۇ . ئابدۇقادىر مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن ، ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان ھىندىستاندا خىزمەت ئۆتەيدۇ . كېيىن ئۇ ، چوڭ ئەترەت باشلىقى بولۇپ ئۆستۈرۈلۈپ ، كاراچىدا ھەربىي خىزمەت ئۆتەيدۇ .

1934 - يىلى 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە بولغان ئۈچ كۈن جەريانىدا ماجۇڭيىڭ قول ئاستىدىكى مافۇيۈەن قەشقەرگە بېسىپ كىرگەندىن كېيىن ، قەشقەر شەھىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ ۋە قىرغىن قىلىدۇ . بۇ قانلىق ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان ئابدۇقادىر تولۇق قوراللانغان ھالدا ، قىساس ئېلىش مەقسىتىدە ، ( قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ سىرى ئېچىلمىغان ، ھاۋا يولى بولمىغان ئاشۇ يىللاردا ) تۇمانلىق قارا قۇرۇم تاغلىرىنى ئېشىپ قەشقەرگە كېلىدۇ .

ئابدۇقادىر قەشقەرگە كەلگەندە ، ماجۇڭيىڭ سوۋېتكە قېچىپ كەتكەن . ماخۇسەن خوتەننى بېسىپ ياتقان ، قەشقەر شىڭ شىسەينىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن ئىدى . شۇڭا ئۇ ، پائالىيەت ئېلىپ بارالمايدۇ . بىراق ئۇ ، ئۆز يۇرتى ۋە ئاتا - ئانا ، قېرىنداش يۇرتداشلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ ، يۇرت ۋە ئەل مېھرىگە قانىدۇ . ئەمما بۇ ئىش ئۇزۇنغا داۋام قىلمايدۇ . ئۈچىنچى كۈنى شىڭ شىسەي ساقچى دائىرلىرى ئۇنى چاقىرتىپ كېتىدۇ . شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ، يۇرتى ، ئاتا - ئانا ھەم ھەممىدىن تەڭلا ئايرىلىدۇ . ئايروپىلانمۇ كۆرۈنمەيدۇ . بۇ ھەقتە ، ھەر خىل سۆزلەر خەلق ئاغزىدا قالىدۇ .

## ئابدۇغېنى ھەسەن

ئابدۇغېنى ھەسەن، ئۆزبېك، 1918 ـ يىلى قىرغىزىستاننىڭ ئوش ئوبلاستىدا دىنىي ئائىلىدە تۇغۇلغان. 1933 ـ يىل ئاتا ـ ئانىسى بىلەن قەشقەرگە كېلىپ ئورۇنلاشقان. 1938 ـ يىلى قەشقەر پىداگوگىكامەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، 1942 ـ يىلغىچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن ۋە يەكەندە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1943 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قەشقەردە ئىنقىلابىي يەر ئاستى خىزمىتىگە قاتناشقان. ئۇ، خىزمەت جەريانىدا قەشقەر، يەكەن، قاغىلىق قاتارلىق جايلاردا ئىلغار ياشلارنى تەشكىللەپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىگە قارشى تەشۋىقات گۇرۇپپىسى، كېيىن مەخسۇس گۇرۇپپىلار ئۇيۇشتۇرۇپ ئىلغار پائالىيەت ئېلىپ بارغان.

1945 ـ يىلى 2 ـ ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق كۈرىشىگە تەييارلىق قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن بىر قىسىم ياشلارنى تەشكىللەپ، ئۆزى باش بولۇپ، قوزغىلاڭچىلارنى مۇھىم ھەربىي ـ سىياسىي ئاخبارات بىلەن تەمىن ئەتكەن ۋە قەشقەر، يەكەن، قاغىلىق قاتارلىق جايلاردا بىر قىسىم ئىلغارلارنى قوراللىق كۈرەشكە تەشكىللەپ يېتىشتۈرگەن.

1947 ـ يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتى تىنچلىق بىتىمىنى بۇزۇپ، ئەسەبىيلەرچە ئادەم تۇتۇش، ئۆلتۈرۈش قاتارلىق ۋەھشىيانە ھەرىكەت ئېلىپ بارغاندا، ئابدۇغېنى ھەسەن خېيىم ـ خەتەرگە قارىماي، گومىنداڭ قەشقەر ۋىلايەتلىك داڭبۇ ئارخىپ بۆلۈمىگە خىزمەتكە ئورۇنلىشىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانغا قەدەر يەر ئاستى تەشكىلاتىنى مۇھىم ئاخبارات بىلەن تەمىن ئېتىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىغا مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاب-

دۇغبنى ھەسەن قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مە-
دەنىي مائارىپ بۆلۈم مەسئۇلى ۋە ھاكىم قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى
ئۆتىگەن.

1953 - يىل ئاخىرى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئۆزبېك سىنى-
پىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، 1957 - يىلىدىن باشلاپ، شىنجاڭ سانا-
ئەت - قاتناش مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش باشقارما باشلىقى بولۇپ
ئىشلىگەن.

مەرھۇم ئابدۇغبنى ھەسەن ئۇزۇن يىل مائارىپ سېپىدە
ئىشلەپ تۆھپە ياراتقان. خىزمەتتە ئەستايىدىل، راستچىل،
تۇرمۇشتا ئاددىي - ساددا، ئاما بىلەن چىقىشقاق، تەلەپچان زى-
يالى ئىدى. ئۇ، ھايات ۋاقتىدا مائارىپ ئىشلىرىنى قېتىقىنىپ
تەتقىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزبېك تارىخى، مەدەنىيىتى،
ئەدەبىيات - سەنئەت، ئۆرپ - ئادەتلىرى قاتارلىقلارنىمۇ تەت-
قىق قىلغان.

1982 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي ئىشلار كومىتېتى
ئۇيۇشتۇرغان بەش كىتاب ئىشخانىسىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن،
شىنجاڭ ئۆزبېك تارىخىنى يېزىپ تاپشۇرغان ۋە «شىنجاڭ ئۆز-
بېك ئەدەبىياتى» ناملىق تارىخىي ئەسەرنى يېزىپ، سىناق
نۇسخىسى تارقاتقان ئىدى. بىراق، 1983 - يىلى 6 - ئاينىڭ 4 -
كۈنى ئورۇمچىدە تۇيۇقسىز قازا قىلىپ، ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى يو-
رۇقلۇققا چىقىپ ئاما بىلەن يۈز كۆرۈشەلمىدى.

## پېشقەدەم زىيالى مەھەممەت ئوسمان ھاجىم

پېشقەدەم زىيالى، جامائەت ئەربابى، تارىخ، ئەدەبىيات
تەتقىقاتچىسى مەھەممەت ئوسمان ھاجىم 1920 - يىلى قەشقەر
شەھىرىدە تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ، ئائىلە تەربى-
يىسىدىن كېيىن قەشقەردە دىنىي - پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ،
ئوتتۇرا مەلۇماتلىق بولۇپ يېتىلگەن. ئۇ، 1943 - يىلىدىن باشلاپ

ئوقـۇتقۇچىلىق قىلغان . شۇ مەزگىلدە ئۆزلىگىدىن غەربچە تىبا-
بەت ئىلمىنى ئۆگىنىپ ، كېيىن دوختۇرلۇق قىلغان . ئۇ ، كۆز-
دۆزى دوختۇرلۇق بىلەن شۇغۇللانسا ، كەچتە ، بوغالتىرلىق
كۇرسىدا ئوقۇپ ياخشى نەتىجە بىلەن بوغالتىر بولۇپ يېتىلگەن .
1946 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك يەرلىك ماللار شىركىتى مەھەم-
مەت ئوسمان ھاجىمنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ ، شىركەت بو-
غالتىرى قىلغان . مەھەممەت ئوسمان ھاجىم بوغالتىرلىق قىلىش
جەريانىدا ، شىركەت تېخنىكلىرىدىن تېرە - ئۈچەي ، يۇڭ ،
پاختا قاتارلىق سانائەت خام ئەشيالىرىدىن پىريوم قىلىشنى ئۆگ-
ىنىۋالغان ۋە قوشۇمچە پىريومنىك بولغان . كېيىن يەرلىك ماللار
شىركىتىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىن مال سېتىۋالغۇچى بولۇپ ئىش-
لىگەن . ئۆزىمۇ قوشۇمچە تىجارەت قىلغان .

1949 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىگە تەكلىپ قىلىنىپ ، مەدەنىيەت ئىدارىسىدە ئىشلىگەن . كېيىن ۋىلايەتلىك كۇتۇپخانا قۇرۇلغان بولۇپ ، كۇتۇپخانىدا 1998 - يىلىغىچە ئىشلىگەن . كۇتۇپخانىدا ئىشلىگەن مەزگىلدە ، ئەدەبىيات ، تارىخ بىلىملىرىگە قىزىقىپ ئۆزلىكىدىن پارس ، ئەرەب ، تۈركى تىللارنى خېلى پىششىق ئۆگەنگەن . شۇنىڭ بىلەن 1956 - يىلىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ « تۇردۇش ئاخۇن غەربىي » ، « ئەبۇ ئەلى ئىبنىسىنا » قاتارلىق تارىخىي شەخسلەر ، « ھەزرىتى موللام ( مەھمۇت قەشقەرى ) مازارى » ، « ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى » ، « كۇتۇپخانىچىلىق ئىلمى توغرىسىدا » ، « ئەخلاق بىغىدىن گۈلدەستىلەر » ، « ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى توغرىسىدا » ، « سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىمادىدىن قەشقەرى بىلەن بولغان سۆھبىتى » ، « مەشھۇر تېۋىپ يۇسۇپ ھاجىم قەشقەرى » قاتارلىق چوڭ ھەجىملىك ئىلمىي ماقالىلارنى ئېلان قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا « گۈلخۇمار » ناملىق پوۋېستىنى يېزىپ ئېلان قىلدى .

مەھەممەت ئوسمان ھاجىم خەلقنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كېلىۋاتقان تارىخ ـ ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ۋە نۇرغۇن تارىخىي ، ئەدەبىي مىراسلارنى يىغىپ ساقلاپ ، جەمئىيەتنى تەمىن ئەتكەن ، يىغىپ ساقلاشتىكى تارىخنىڭ تىرىك شاھىدى . شۇ كۈنلەردە قەشقەردە ئىزدىنىش ئېلىپ بارغۇچىلار ئۇنى ئىزدەيدۇ . مەھەممەت ئوسمان ھاجى ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي بىر تەرەپتىن ، جامائەت ئىشلىرى بىلەن بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، زېرىكمەي ئىزدىنىپ ، ۋەتەن ، مىللەت ئۈچۈن چوڭراق بىر ئىش قىلىپ بېرىش مەقسىتىدە « ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى » ۋە « ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى » ئۈستىدە ئىشلەمەكتە .

## يېتىملارنىڭ غەمگۈزارى ـــ ئەبرا باي

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ۋەتەننى مىللەتنى سۆيىدىغان بىر تۈركۈم تەرەققىپەرۋەر زاتلار يېڭىلىق ۋە ئىلىم ـ ئېرپانغا يۈرۈش قىلىپ ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئۈچۈن پۈتۈن مال ـ مۈلكىنى سەرپ قىلىپ مەكتەپ سېلىپ ، جاھالەت ھۆكۈم سۈرگەن تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇپ ـ شىمالىدا ئىلىم ـ مەرىپەت مەشئىلىنى ياندۇردى .

1933 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ، شىنجاڭ قەشقەردە بىر بۆلۈك يېڭىلىق تەرەپدارلىرىنىڭ باشچىلىقىدا « ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى » قۇرۇلدى .

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەۋقاپ مۇدىرى ( ۋەخپە ئاشلىق باشقۇرغۇچى ) ئەبرا باي قەشقەر شەھىرىنىڭ يارباغ دەرۋازىسى بىلەن تۈمەن دەرياسى ئارىلىقىدىكى گۆركارلار مەھەللىسىدە 12 سىنىپلىق دارىلئېتام مەكتىپى سېلىپ ، سەككىز سىنىپقا يېتىم ئوغۇل باللارنى ، تۆت سىنىپقا يېتىم قىزلارنى قوبۇل قىلىپ ئوقۇش باشلىدى . باللارنىڭ ياتاق ، تاماق ، يوتقان ـ كۆرپە ،

كىيىم ـ كېچەك ، قەغەز ، قەلەم ، دەپتەر ھەتتا تۇرمۇش راسخو-
تىنىمۇ ئۆز يېنىدىن چىقىرىش بىلەن بىرگە مەكتەپ مۇدىرلىقىنى
ئۆز ئۈستىگە ئالدى . ئارقىدىنلا شۇ مەكتەپكە يېقىن جايدىن يەر
سېتىۋېلىپ ئۆز يېرىنى قوشۇپ ، جەمئىي 32 مو يەرگە دارىلئاجى-
زىـن سېلىپ ، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئىگە ـ چاقىسىز ، يېتىم ـ
يېسىر ، قېرى ـ چۆرى ، مېيىپ ـ كېسەل ھەم تىلەمچىلەردىن
300 دىن ئارتۇق ئادەمنى يىغىپ ، بۇ دارىلئاجىزىنغا ئورۇنلاش-
تـۇردى . ئەبرا باي بۇ دارىلئاجىزىنىڭ مەسئۇللىقىنى ئۈستىگە
ئېلىپ ، دارىلئېتام ، دارىلئاجىزىندىكى 1000 غا يېقىن يېتىم ـ
يېسىرلار بىلەن تۇرمۇشتا بىللە بولدى . بۇنى كۆرگەن بەزىلەر :
« ئەبرا باي ساراڭ بوپتۇ ، مۈلكىنى يېتىم ـ يېسىر ، ساراڭ ، ئاق-
ساق ـ چولاق ، مەجنۇن ، ئېلىشىپ قالغانلارغا بېرىپ ، ئۆزىمۇ ئۇ
يەرگە كىرىۋاپتۇ » دېيىشتى . لېكىن ، ئەبرا باي ھېچقانداق ئىك-
كىلەنمەستىن دارلئېتام ، دارىلئاجىزىندىكى بۇ 1000 دىن ئارتۇق
ئىگە ـ چاقىسىزلارنىڭ غەمگۈزارى بولۇپ ئۆتتى .

ئەبــرا باينىڭ بۇ ئەخلاقىي پەزىلىتى ۋە سېخىلىقى نەتى-
جىسىدە ، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى كوچىلاردا ماكانسىز ئۆتىدىغان
غېرىب ـ غۇربا ، يېتىم ـ يېسىرلار ماكانلىق بولدى . شۇنىڭ بى-
لەن جەمئىيەتتە خارۇ ـ زار يۈرىدىغان كىشىلەر ، تىلەمچىلەر
تۈگەپ جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى نىسبەتەن ياخشىلاندى .
كېيىنكى ۋاقىتتا نەزىر قىلغۇچىلار سەدىقىلىرىنى دارىلئاجىزىنغا
بېرىدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى . شۇنىڭدىن كېيىن
دارىلئېتام ، دارىلئاجىزىنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇش-
مىسى ئۆتكۈزۈۋېلىپ ، ۋەخپە زېمىنىدىن كەلگەن كىرىم بىلەن
باشقۇردى . بۇ چاغدا ، ئەبرا باي يەنىلا ئىككى ئورۇننىڭ مۇدىر-
لىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ ، يېتىملار تەربىيىچىسى بولدى . كېيىن
ئەبرا باينىڭ بۇ ئىش ـ پائالىيىتى پۈتۈن شىنجاڭغا تونۇشتۇ-
رۇلدى . شۇنىڭ بىلەن يەكەن ، خوتەن ، ئاقسۇ ، غۇلجا قاتارلىق

جايلاردىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا دارىلئېتام ، دارىلئاجىزىنلار ئارقا ــ ئارقىدىن قۇرۇلدى . شىنجاڭ بويىچە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرى باشقۇرۇشىدىكى دارىلئېتام مەكتەپ 180 سىنىپقا ، دارىلئاجىزىن 12 گە يەتتى !

1935 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ، ئەبرا باي ۋەتەن ۋە خەلققە كۆرسەتكەن تۆھپىسى بەدىلىگە ئاقسۇغا ھاكىم قىلىپ ئۆستۈرۈلدى . ئۇ ھاكىم بولغان مەزگىلدە ئاقسۇنىڭ مەدەنىيەت ــ مائارىپ ئىشلىرىغا ، بولۇپمۇ دارىلئېتام مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلدى . ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاقى ، ئەقلى ۋە جىسمانى جەھەتتىن ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئۇ دارىلئېتام مەكتىپىگە ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىم قىلىپ تەنتەربىيە ۋە مۇزىكا سايمانلىرى ئېلىپ بەردى . مەكتەپ ئىزچىللار ئەترىتى ، تەنتەربىيىچىلەر ۋە مۇزىكانتلارغا ئۆز يېنىدىن چىقىم قىلىپ كىيىم ــ كېچەك تەييارلاپ بەردى . ئۇ ھەر قېتىم ھېيت ــ ئايەملەردە بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا ھېيتلىق بېرىپ تۇراتتى . ئادەتتە بولسا ھەر ئايدا بىر قېتىم تۇرمۇش پۇلى تارقىتىپ بېرىپ تۇراتتى . ئەبرا باينىڭ بۇ خىل ئىنسانپەرۋەر ھەرىكىتى شېڭ شىسەينى ئەندىشىگە سالدى . شۇڭا ، ئۇ « ئەبرا باي يوقسۇللارنى يىغىپ قوزغىلاڭ قىلماقچى » دېگەن بەد نام بىلەن ئۇنى قولغا ئالدى ۋە پۈتۈن مال ــ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلدى . ئائىلىسىدىكىلەر تەقىپ قىلىندى . سوراق جەريانىدا ئەبرا باينىڭ قەشقەردە ئۆتكەن ئاتاقلىق باي نىياز خوجا ھاكىمنىڭ ئوغلى ۋە ئاكىسى مەمتىللا ھاجىم شاگىخەينىڭ ھېلىمۇ چەت ئەلدە ئىكەنلىكى ، ئەبرا باينىڭمۇ روسىيە ، تۈركىيە ۋە ئەرەب ئەللىرىدە سودا قىلغانلىقى مەلۇم بولغاندىن كېيىن ، شېڭ شىسەي ئۇنىڭغا « چەت ئەل جاھانگىرلىرىنىڭ ئىشپىيونى » دېگەن بەد نامنى چاپلاپ ، 1939 - يىلى ئۇنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋەتتى . بۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلەتىن 51 ياشقا كىرگەنىدى .

مەسئۇل مۇھەررىرى : ۋەلى
مەسئۇل كورىكتورى : ياسىن تۇردى
مۇقاۋا لاھىيىلىگۈچى : ماۋ يۇلۇڭ

# شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر

شىرىپ خۇشتار

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 850 × 1168 مىللىمېتىر 32 / 1
باسما تاۋىقى : 13.375 قىستۇرما ۋارىقى : 17
2000 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 3,000 — 1
ISBN7—228—05880—1/K. 834
باھاسى : 28.00 يۈەن